
ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# يىراقتىكى كۆل




شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# يىراقتىكى كۆل

(رومان)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

遥远的神湖 : 维吾尔文 / 阿尔肯·买买提著. — 乌鲁木齐:
新疆人民出版社, 2016.1 (2016.7 重印)
ISBN 978-7-228-19089-8

Ⅰ. ①遥… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代
— 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第018646号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布力米提 |
| 封面设计 | 努尔买买提·艾买尔 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 12 |
| 版　　次 | 2016年2月第1版 |
| 印　　次 | 2016年7月第2次印刷 |
| 印　　数 | 3001 — 6000 |
| 定　　价 | 35.00 元 |



ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# ئاپتور ھەققىدە

شائىر، يازغۇچى ئەركىن مۇھەممەت كامالى 1966 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قاراماي شەھىرىدە ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1973 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە قاراماي شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1984 ـ يىلى قاراماي تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 2000 ـ يىلى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق كەسپى بويىچە ئالىي تېخنىكومنى تاماملىغان. ئۇ ھازىر قاراماي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزىدە مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئەركىن مۇھەممەت كامالى كىچىكىدىنلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان، ئۇنىڭ «دوستۇمغا» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1985 ـ يىلى «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ يەتتە يۈز پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە باشقا ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى، يۈز پارچىغا يېقىن تەرجىمە ئەسىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. شائىرنىڭ «ئىزلىرىم»ناملىق شېئىرلار توپلىمى 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن، «ئۈششۈك تەگكەن مۇھەببەت»، «مېھىرلىك كۆزلەر»ناملىق رومانلىرى 2012 ـ يىلى ۋە 2014 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «نۇرغا

ئايلانغان ئاتا» ناملىق رومانى 2015 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ بىرقىسىم شېئىر، نەسر، ھېكايىلىرى ھەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يۈز ھېكايە»، «گۈلۈم ئۇچۇن ياشايمەن»، «سۆيگۈ نىدالىرى»، «شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ قىرىق يىلى»، «مايبۇلاق ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «ئۆنتۈلماس چاغلار»، «قەشقەردىكى يەر شارى»ناملىق كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ «ئانا يۇرت سۆيگۈسى» ناملىق شېئىرى تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. شائىرنىڭ يەنە «ئۈزۈلمەس نەپەسلەر»، «قەرزدار ئەمەس ئانىلار»، «ئون سونېت» قاتارلىق شېئىرلىرى 7 ـ ، 10ـ ، 16ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

قولىڭىزدىكى بۇ روماننى ئاپتورنىڭ رېئال تېمىدا يېزىلغان يەنە بىر يىرىك ئەسىرىدۇر. ئەسەردە ئازغان بىر ئائىلىنىڭ كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ۋە نەپرىتىنى قوزغايدىغان ئاجايىپ ئەگرى ـ توقاي كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەر جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەخلاق، ۋاپا، ۋىجدان، ساداقەت تېمىلىرىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بەرگەن. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مول، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇپ، سىزگە بەلگىلىك ئىجتىمائىي تەربىيە ۋە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلالايدۇ.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب «شەيتان» بىلەن دوستلىشىش ........................ 1
ئىككىنچى باب بوسۇغىدا قالغان سەبىيلەر ........................ 43
ئۈچىنچى باب قان ـ ياشلىق كۆنلەر ........................ 81
تۆتىنچى باب تۇيۇقسىز يەتكەن ئەجەل ........................ 145
بەشىنچى باب مېھىر تامغان يۈرەكلەر ........................ 185
ئالتىنچى باب تۇندىكى تېڭىرقاش ........................ 221
يەتتىنچى باب ئۆيلىمىغان چاقىرىق ........................ 268
سەككىزىنچى باب خاسىيەتلىك چۈش ........................ 335

## بىرىنچى باب

# «شەيتان» بىلەن دوستلىشىش

يارى ياۋاشنىڭ قازا قىلىپ كەتكىنىگىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىلچە بولۇپ قالدى. توختىگۈل ئۆرۈق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە مەرھۇم ئېرى يارى ياۋاشنىڭ يىل نەزىرىنىمۇ بېرىۋالدى. يارى ياۋاش قازا قىلغاندىن كېيىن، تەشكىل توختىگۈلنىڭ ئۈچ بالا بىلەن تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى زاۋۇت ئورگان بىناسىنىڭ تازىلىقىنى قىلىدىغانغا ئورۇنلاشتۇردى. گەرچە بۇ خىزمەتنىڭ ئىش ھەققى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن تۇجۇپىلەپ ئىشلەتسە ۋاقىتلىق تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا تامامەن يېتەتتى. زاۋۇت يەنە ئۇلارنى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ ھېيت ـ بايراملاردا نەق پۇل، ماي، گۈرۈچ دېگەندەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن يوقلاپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتۈۋاتىدۇ دېيىشكە بولمىسىمۇ، ئەمما تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. سەككىز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان تۇرغانجان «كەمبەغەلنىڭ بالىسى بالدۇر ئىشقا يارايدۇ» دېگەندەك، خېلىلا ئىشقا ياراپ قالغانىدى. ئۇ ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئائىلىنىڭ بىر قىسىم ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

توختىگۈل بالىلارنىڭ كەچلىك تامىقىنى بېرىپ بولۇپ، چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز ئىشىك

چېكىلدى. توختىگۇل قولىنى ئالدىغا تارتىۋالغان پەرتۇقىغا سۇرتكىنىچە ئالمان - تامان كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە چاچلىرىنى كېسىپ بۇدۇر قىلىۋالغان، قوشۇما قاش، ئاقپىشماق، غۇنچە بوي كەلگەن خاسىيەت سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرىپ كەلدى. خاسىيەت تولىمۇ كۇلگۇنچەك چوكان بولۇپ، تال - تال كىرپىكلىرى ئاستىدىكى بۇلاقتەك ئويناقلاپ تۇرىدىغان بىر جۇپ قاپقارا كۆزلىرى ھەرقانداق بىر ئەقلى - ھوشى جايىدا، ھېسسىياتى ئويغاق، كۆزى ساق ئەر كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالالايتتى. يېقىندىن بېرى خاسىيەت توختىگۇلنى پات - پاتلا ئىزدەپ كېلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق مۇڭدىشىپ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھار قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ۋىيەي، بارمۇ سىز ئاداش؟ — دېدى خاسىيەت يۇزىنى توختىگۇلنىڭ يۇزىگە يېقىپ كۆرۈشكەچ، — مەن ئىزدىمىسەم بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىزدەپ قويمايسىز، مېنىڭدەك بىر دوستىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويمىغانسىز - ھە؟

— سىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، خاسىيەت ھەدە، — دېدى توختىگۇل ئۇنى ئۆيگە باشلىغاچ، — ئۆي دېگەننىڭ ئىشى تۈگىمەيدىكەن، ئىشلىمىسەم تېخى بولمىغان، بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام تېخى، بىر قولۇمنى ئىككى قىلالمايلا كېتىۋاتىمەن. يارى رەھمەتلىك ھايات چاغدا يوقنى بار قىلىپ بەرگەچكىمۇ ھېچنېمىدىن غەم قىلماي، خۇددى ئانىسىغا ئەركىلىگەن قوزىدەك ئەركىلەپلا ئۆتۈپتىكەنمەن، ئۇ رەھمەتلىكمۇ نېمە دېسەم ماقۇل دەپ كۆزۈمگە قاراپلا كەپتىكەن، بۇگۇنكى كۇنلۇكتە يالغۇز بىر ئۆينىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ تەس كېلىۋاتىدۇ.

توختىگۇلنىڭ چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېتەكلىرىگە دومىلاپ چۇشتى. دېمىسىمۇ، يارى ياۋاش

ھايات چېغىدا ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك بۇ ئايالنىڭ كۆزىگە قاراپ، دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ كەلگەنىدى. بەزىدە توختىگۈل يالغاندىن «مىجەزىم يوق» دەپ يېتىۋالغان چاغلىرىدا ئۇ ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ، ئۆي ئىچىنى رەتلەپ يىغىشتۇرۇپ قويىاتتى، سىرتتا قىلىدىغان ھەرقانچە مۇھىم ئىشى بولسىمۇ ئايالىنىڭ رايىغا بېقىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى، بېشىنى تۇتۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى مۇجۇپ قويىاتتى. بۇنداق چاغلاردا توختىگۈل ئۆزىنىڭ سەل ئاشۇرىۋېتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، مۇنداق ياخشى ئىمتىيازدىن ۋاز كېچىشكە كۆڭلى ئۇنىماي جىمىمىدە يېتىۋالاتتى، يارى ياۋاشمۇ ئايالىنىڭ قەستەنگە يېتىۋالغىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن «ئۇنىڭ بۇ يەردە مەندىن بۆلەك نېمىسى بار، ئەركىلەيدىغان ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولمىغاندىكىن مەندىن باشقا كىمگە ئەركىلەيدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى ـ دە، ئۇنىڭ رايىغا بېقىشقا مەجبۇر بولاتتى.

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ راست، — دېدى خاسىيەت سافاغا جايلىشالغاندىن كېيىن، — كونىلاردا «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ» دېگەن گەپ بار، ئايال كىشى ھەرقانچە ئىقتىدارلىق، چىداملىق بولغىنى بىلەن ئۆيدە پايتىمىسىنى تەتۇر ئورىسىمۇ بىر ئەر كىشى بولسا يەنە باشقىچە بولىدىكەن. ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ خىزمىتىم بار، مائاشىم بار، گۈلدەك چىرايىم بار دەپ كۆرەڭلەپ، ئۇنىڭ «ھەرھالدا يوتقانغا قاراپ پۇت سوزغىنىمىز ياخشى، ئادەمگەرچىلىكىنىڭمۇ يولى بولىدۇ، ماڭدىم دەپلا مېڭىۋەرگۈلۈك ئەمەس، ئاز ـ تولا ئىقتىساد قىلغاننىڭ زىيىنى يوق» دېگەن گەپلىرىگە قۇلاق سالماي «ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان كىتاب خالتىسى مېنى ئىقتىسادتىن قىستىدىڭ، ئۆزۈم ئىشلەپ تاپقان پۇلنى ئۆزۈمنىڭ خەجلەش ھوقۇقىم يوقمۇ؟» دەپ نارازى بوپتىكەنمەن، ھەتتا بىز ئاجراشماقچى بولۇپ سوتقا بارغان چېغىمىزدا، ئۇ «ئارىمىزدا

گۈلدەك چىرايلىق بىر بالىمىز بار، خوتۇن، كەلگۈسىدە مۇشۇ بالىنى تەربىيەلەشكىمۇ پۇل كېتىدۇ، ئېچىدىغان سوغۇق سۇنىمۇ پۇلغا سېتىۋالىدىغان بۇ شەھەردە پۇل بولمىسا بولمايدۇ، شۇڭا ياخشىسى بالىمىزنى يېتىم قىلماي ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئۆيىمىزنى تۇتايلى» دېگەن شۇنچە گەپلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئاجرىشىپ كېتىپتىكەنمەن. شۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ ئەينى چاغدىكى بەڭباشلىقىمغا پۇشايمان قىلىمەن، ئەمدى بېشىمنى تاشقا ئۇرغىنىم بىلەنمۇ ئۆتكەن كۈنلەر قايتىپ كەلمەيدىكەن. بەزىدە ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا پۈتۈن بەدىنىمگە يىغا ئولىشىدۇ، تۆت تامغا قاراپ قورقۇنچ بېسىپ ئۇخلىيالماي قالىمەن، قەھرىماننىڭ ئەينى چاغدا قىلغان ئاشۇ گەپلىرى پىچاق بولۇپ يۈرىكىمگە سانجىلىدۇ، گاھىدا كونىلارنىڭ «ئايال كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن، تەمسىلىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولۇپمۇ قالىمەن.

قەھرىمان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندا، بۇ شەھەردىن تۇنجى بولۇپ ئالىي مەكتەپكە بارغان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ نېفىت گېئولوگىيە كەسپىنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نېفىت بايلىقىنى گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات ئورنىدا ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. ئاددىي بىر نېفىت ئىشچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان قەھرىمان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە تولىمۇ ئاددىي ـ ساددا، تېجەشلىك ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ خاسىيەت بىلەن توي قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە خاسىيەتنىڭ تۇرمۇشتىكى بەتخەجلىكى، مەمەدانلىقى، دېگىنىنى قىلىدىغان جاھىل مىجەزى كۆزىگە تازا سىغمىغان بولسىمۇ، لېكىن «يېڭى توي قىلغان قىزلارنىڭ دوست ـ دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلغۇسى كېلىدىغان ئوخشايدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئوڭشىلىپ قالار» دېگەنلەرنى ئويلاپ يول قويۇپ كەلدى، قەھرىمان قانچە يول

قويغانسىرى خاسىيەت تىخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئىككىسىنىڭ مائاشىنى ئايمۇئاي يەتكۈزەلمەي ئاتا ـ ئانا، خىزمەتداشلىرىدىن قەرز ئالىدىغان، مائاشى چىققان ھامان باشقىلارغا قەرز تۆلەيدىغان بولۇۋالدى. ئىنىقىنى ئېيتقاندا، خاسىيەت بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان چاغدىمۇ بۇ مىجەزىنى زادىلا تاشلىمىدى. سەۋر ـ قاچىسى توشقان قەھرىمان ئۇنىڭغا ئىقتىسادچىل ياشاش توغرىسىدا گەپ قىلىۋىدى، خاسىيەت ئۇنى «ئەر كىشىمۇ سىنىڭدەك پېتىر ـ پىششىق بولامدۇ، پۇل دېگەننى خەجلەيمەن دەپ تاپمىسا نېمىگە تاپىدۇ، ساڭا ئوخشاش كەچكىچە كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئۆيدىلا ئولتۇرسام بولامتى؟ چىدىمىساڭ خېتىمنى بېرىپ سىزغان سىزىقىڭدىن چىقمايدىغان خوتۇندىن بىرنى ئېلىۋال» دەپ بىشەملىك قىلىپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئايالىنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن قەھرىمان ئاخىرى خاسىيەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ئەھۋاللارنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ خاسىيەتكە نەسىھەت قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. نەتىجىدە خاسىيەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىش توغرىسىدا ئەمدى ئېغىز ئېچىۋىدى، خاسىيەت «ياخشىسى مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا ئارىلاشماڭلار، قانداق ئۆي تۇتۇشنى، قانداق ياشاشنى ئۆزۈم بىلىمەن» دەپ، ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ شىخىغا ئۇرۇۋەتتى. شۇ كۈنى ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا «سەن مېنى ئاتا ـ ئانامغا چېقىشتۇرۇپسەن، نېمە دېسەڭ ماقۇل دەپ كۆزۈڭگە قاراپ ياشىسام بولامتى؟» دەپ، كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان قەھرىماننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئايالىنىڭ يولسىزلىقىغا چىداپ تۇرالمىغان قەھرىمان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنى ئىككى تەستەك ئۇرۇۋەتتى. قەھرىماندىن ئىككى تەستەك يېگەن خاسىيەت ئىشنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ بىر تەرەپتىن يىغلاپ، بىر تەرەپتىن قەھرىماننى ئېغىزىغا كەلگەن سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ بىر تىنىنغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى، قولۇم ـ قوشنىلار كىرىپ بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى

ئاران دېگەندە بېسىقتۇرۇۋالدى. خاسىيەتتىكى بەتخەجلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە مەمەدانلىقنى تۈزەپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمىگەن قەھرىمان ئاخىرى ئۇنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن بالىسىنى يېتىم قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

خاسىيەت چاناقلىرىدىن بىئىختىيار ئېقىپ چىققان ياشلىرىنى سۈرتۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ توختىگۈل ئۇزاتقان لۆڭگىنى قولىغا ئېلىپ كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋەتتى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— خۇددى بۇ يەرگە دەرد تۆككىلى كەلگەندەك سۆزلەپلا كەتتىمغۇ، توختىگۈل، باشقىچە ئويلاپ قالمىغانسىز ـ ھە؟

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، خاسىيەت ھەدە، — دېدى توختىگۈل خاسىيەتنىڭ قولىدىكى لۆڭگىنى ئېلىۋېتىپ، — كونىلاردا «سۇنى سىڭگەن يەرگە سەپ» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ، شۇڭا ئادەم كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلى تارتقان، مۇڭىغا مۇڭ قوشالايدىغان ئادەمگە قىلغۇسى كېلىدۇ، ئۇدۇل كەلگەن ئادەمگە دەۋەرگەن بىلەن سۆز ـ چۆچەك بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— ۋيەي، توختىگۈل، — دېدى خاسىيەت قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بايىقى بىچارە، مىسكىن قىياپىتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى، — گەپ قىلمىسام ئەجەبمۇ ھەدە، ھەدە دەۋەردىڭىز ئادەمنى، ياش پەرقىمىز ئۇنچە چوڭ بولمىغاندىكىن ئاداش دەۋېرىڭا!

خاسىيەت ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان چوكان بولۇپ، توختىگۈلدىن تۆت ـ بەش ياشلار ئەتراپىدا چوڭ كېلەتتى. ئۇ ھەرقاچان قويۇق گىرىم قىلىپ، چىرايلىق ياسىنىپ يۈرىدىغان بولغاچقا قارىماققا توختىگۈلدىن خېلىلا ياشتەك كۆرۈنەتتى.

— سىزنى ئاداش دېيىشكە قانداق تىلىم بارىدۇ خاسىيەت ھەدە، — دېدى توختىگۈل بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ، — قارىماققا

كىچىك قىزلاردەك كۆرۈنگىنىڭىز بىلەن مەندىن خېلىلا چوڭ تۇرسىڭىز، سىزنى ئاداش دەپ چاقىرسام باشقىلار ئاڭلىسىمۇ «ئەجەب ئېغىزى قاتتىق چوكان ئىكەن بۇ، ئۆزىدىن چوڭ ئادەمنى ئاداش دەۋاتقىنىنى قارا» دەپ ئەيىبلىمەمدۇ؟

— ۋىيەي! توختىگۈل، ئەجەب قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ياشىساق باشقىلار ئۈچۈن ياشامتۇق؟! — دېدى خاسىيەت قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — خەق نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، مەن رازى بولغاندىكىن بولدى ئەمەسمۇ، كونىلار «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دەپتىكەن، شۇنداق دېگەنلەرچۇ، قاۋاپ ـ قاۋاپ ئېغىزى تالغاندا توختاپ قالىدۇ، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ مېنى ئاداش دەپ چاقىرىڭ، يەنە ھەدە دەيدىغان بولسىڭىز سىزدىن رەنجىپ قالىمەن!

خاسىيەتنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغان بولۇپ، تەلەپپۇزىمۇ كەسكىن ئىدى، دېگىنىگە كۆنمىسە خاسىيەتنىڭ راستلا رەنجىپ قالىدىغىنىغا كۆزى يەتكەن توختىگۈل خالىمىغان ھالدا بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ئاداش، — دېدى خاسىيەت ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا ئويناپ ئولتۇرغان شاراپەتنى ئەركىلىتىپ قويۇپ، — قايماقلىق قىلىپ ئەتكەنچايدىن بىر دەملىسىڭىز بوپتىكەن، خېلى كۈنلەر بوپتۇ ئەتكەنچېيىڭىزنى ئىچمىگىلى.

— بۈرۈنراق دەپ قويغان بولسىڭىز سۈت ئەكىرىپ قوياركەنمەن، — دېدى توختىگۈل خىجىللىقتىن يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، — سىزنىڭ مۇنداق تاسادىپىي كېلىپ قېلىشىڭىزنى بىلمىگەچكە تەييارلىقسىزلا ئولتۇرۇپتىمەن، بۇ كەم بولغاندا قوشنىلاردىن سورىغىلى بولماس.

— بولدى ئاداش، — دېدى خاسىيەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغىنىڭىزنى بىلىپ بىر بوتۇلكا سۈت ئالغاچ كەلگەنىدىم.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، مېغىز رەڭ قول سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېچىپ كونسېرۋا قۇتىسىغا قاچىلانغان سۇتنى ئېلىپ توختىگۇلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. كىچىككىدىنلا ئەتكەنچاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن توختىگۇلنىڭمۇ ئەتكەنچاي خۇمارى تۇتۇپ قالغان بولۇپ، خاسىيەت بەرگەن بىر قۇتا سۇتنى كۆرۈپ باشقىچىلا ئېچىلىپ كەتتى.

توختىگۇلنىڭ ئەتكەنچېيى خاسىيەتنىڭ ئېغىزىغا قەۋەتلا تېتىدى، ئۇ توختىگۇلنى ئېغىزى ـ ئېغىزىغا تەگمەي ماختاپ ئولتۇرۇپ ئىككى چوڭ چىنە ئەتكەنچاينى كۆرمىدىم دەپلا ئىچىۋەتتى. ئەتكەنچاي ئۇنىڭغا ئىسسىق باستى بولغاي، پېشانىسىدىن ئاققان تەر يۇزىدىكى گىرىملىرىنى بۇزۇپ، ئۇنى ئالىچىپار تاۋۇز شاپىقىغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

خاسىيەت بىلەن توختىگۇل گەپ بىلەن ئولتۇرۇپ بىر چۆگۈن چاينى ئىچىپ تۈگەتتى.

— چېيىڭىز خۇمارىمنى چىقاردى، ئاداش، — دېدى خاسىيەت قول ياغلىقى بىلەن يۇزىدىكى تەرنى ئاۋايلاپ سۇرتۇپ، — چاينىمۇ ئىچتۇق، ئەمدى بۇ دىمىق ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرگىچە سىرتقا چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ كەلمەمدۇق؟ ھېلىمۇ بىر يىلدىن بۇيان تالاغا چىقماي ئۆيدىلا ئولتۇردىڭىز، مەن سىزنى شەھەرنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىغا ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇپ كېلەي.

— مېنىڭغۇ بەكمۇ چىققۇم بار ئىدى، ئاداش، — دېدى توختىگۇل ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — بىراق باللار كىچىك بولغاندىكىن ئۇلارنى تاشلاپ بىر يەرگە چىققىلىمۇ بولمايدىكەن، باللارنىڭ دادىسى بار چاغدىغۇ خالىغان ۋاقىتتا خالىغان يەرگە بېرىپ كېلەلەيتتىم. ئەمدىلىكتە باللارنى تاشلاپ قويۇپ بىر يەرگە بېرىشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

— نېمانداق گەپ قىلىدىغانسىز، جېنىم دوستۇم، — دېدى خاسىيەت سەل نارازى بولغاندەك، — مەنمۇ سىزنى يىراقلارغا

ئېلىپ كېتىمەن دېمىدىم، سىرتقا چىقىپ بىر ەر - يېرىم دەم ئايلىنىپ كىرەيلى دېدىم شۇ. باشقا يەرگە بارمىساقمۇ ئۆيىڭىزنىڭ يېنىدىكى راھەتباغقا كىرىپ بولسىمۇ مۇڭداشقاچ سەيلە قىلىپ چىقايلى. تۇرۇڭا! ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسىمۇ ئادەمنى خىيال بېسىۋالىدۇ، تۇرغانجان سەككىز ياشقا كىرىپ قالغان بالا بولغاندىكىن ئۇكىلىرىغا قاراپ تۇرىدۇ.

توختىگۈل خاسىيەتنىڭ قايتا - قايتا زورلىشى بىلەن كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالدى - دە، تۇرغانجانغا ئۇكىلىرىغا قاراپ تۇرۇشنى قايتا - قايتا تاپىلاپ قويۇپ ئۆيدىن چىقتى.

ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا سائەت يەتتىدىن ئاشقان بولۇپ، كۈيدۈرگۈچ نۇرلىرىنى زېمىنغا تەكشى چېچىۋاتقان قۇياش بۇلۇتسىز ئاسماندا غەربكە قاراپ ئېغىپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە بۇ ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا تېخىچە سوۋۇپ كېتەلمىگەنىدى. كۆپىنچە كىشىلەر كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيىپ، قوللىرىدا يەلپۈگۈچ تۇتقان ھالدا يۈرۈشەتتى. شامالدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق بولۇپ، يول بويىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى خۇددى ماتەمدە تۇرغان ئادەمدەك سۈكۈتكە پېتىشقانىدى.

ئۇلار بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ راھەتباغقا كىرىشتى. راھەتباغ بەك چوڭ دېگۈدەك بولمىسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە ياسىلىشى بىلەن كىشىگە ئۆزگىچە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. دەرۋازىدىن كىرگەندىلا چوڭ بىر يۇمىلاق مەيدان بار بولۇپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆلچەك، كۆلچەك ئىچىگە سۇنئىي تاغ ياسالغان، سۇنئىي تاغنىڭ بىرقانچە يېرىدىن فونتان ئېتىلىپ چىقىپ تۇراتتى. ياز كۈنلىرى بۇ يەردە كىچىلىك تانسا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان بولغاچقا شەھەردىكى چوڭ - كىچىك، ياش - قېرىلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كېلىپ تانسا ئوينايتتى. مەيداندىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە يەنە بىر چوڭ كۆل بار ئىدى، كۆل

ئېچىگە ھەر خىل رەڭدە ئېچىلىدىغان نىلۇپەر گۈلى قويۇلغان بولۇپ، قارىغاي ياغىچىدىن نەقىشلىك قىلىپ ياسالغان كۆۋرۈك ئارقىلىق كۆلنى ساياھەت قىلغىلى بولاتتى، كۆلنىڭ ئەتراپى بۈككىدە ئورمان بىلەن قاپلانغان، ئورمان ئارىسىغا رەت - رېتى، خىل - خىلى بىلەن تېرىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر كىشىگە جەننەت ھۇزۇرىنى ئاتا قىلاتتى.

خاسىيەت بىلەن توختىگۈل نىلۇپەر كۆلىنى تاماشا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر - بىرىدىن رەڭ تالىشىپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەردىن ھۇزۇرلانغاچ باغچىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى - دە، چوڭ بىر توپ دەرەخنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ يەر سىرتقا قارىغاندا بۆلەكچىلا سالقىن ھەم ھاۋالىق ئىدى. بىر يىلدىن بۇيان ئۆي بىلەن ئىدارە ئارىلىقىدىلا قاتراپ يۈرگەن توختىگۈل كۆڭلىنىڭ بۆلەكچىلا ئېچىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، توختىگۈلنىڭ چېھرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس جىلۋىلەنگەن تەبەسسۇمنى كۆرگەن خاسىيەت گېپىنى بوشقىنا قىرىپ قويۇپ سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— مۇشۇ شەھەردىكى ئەرلەرنىڭ كاللىسىنىڭ سۈيى بارمىكىنتاڭ، — دېدى خاسىيەت چىرايىنى بىر قىسما پۇرۇشتۇرگىنىچە زەردە بىلەن، — قاراڭ توختىگۈل! مېنىڭ ھازىر قەھرىمان بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىمگە ساق بەش يىل بولدى، ھازىرغىچە بىرەرسىمۇ سىزنى «ئالاي» دەپ باقمىدى، ئەر كىشى بولغان ئادەم مەن سىزنى ئالاي دېمىسە، مەن سىزگە تېگەي دەپ ئۆيىگە بېرىپ يېتىۋالغىلى بولمايدىكەن. مېنىڭچە، شەھەر دېگەن بەك كىچىك بولۇپ كەتسىمۇ ياخشى ئەمەس ئىكەن، ئالىقانچىلىك بۇ شەھەردە ھەممىلا ئادەم بىر - بىرىنى تونۇيدىغان بولغاچقا بىرسى قويۇپ بەرگەن خوتۇننى يەنە بىرسى ئالغىلى ئۇنىمايدىكەن. مەن نىكاھتىن ئاجرىشىپ بىرەر يىلچە بولغاندا دوستلىرىم، خىزمەتداشلىرىم ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ بويتاق ئەردىن بىرقانچىنى تونۇشتۇرغانمۇ بولدى، لېكىن ئۇلار مەن

بىلەن بىر قېتىم يۈز كۆرۈشۈپلا مېنىڭ قەھرىماندىن ئاجرىشىپ كەتكىنىمنى ئاڭلاپ سۈغا چۈشكەن تاشتەك يوقاپ كېتىشتى، سۈرۈشتۈرسەم ئۇلار نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟ «بۇ دېگەن ئالىقانچىلىك كىچىككىنە شەھەر، بىزنىڭ قەھرىمان بىلەن سالام ـ سەھەتىمىز ياخشى، قەھرىمان قويۇۋەتكەن خوتۇننى ئالساق قانداق بولىدۇ؟ توي ـ تۆكۈن، يىغىلىشلاردا ئۇچرىشىپ قالساقمۇ يۈزىمىزگە سەت ئەمەسمۇ؟» دېيىشىپتۇ. توۋا دەيمەن، ئاڭلىسام باشقا يۇرتلاردا ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ بازىرى شۇنداق ئىتتىك ئىكەن، بىرسى قويۇۋەتكەن خوتۇننى يەنە بىرسى ئېلىپ، مىجەزى كېلىشىپلا قالسا بىر چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ كېتىدىكەن، بىزنىڭ مۇشۇ شەھەردىلا تۇل ئاياللارنىڭ قىممىتى يوق!

خاسىيەت سۆزلىگەنچە چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قىزىللىق تولۇۋاتاتتى، ئېڭەك مۇسكۇللىرى بىلىنەرلىك تىترەپ، قاپقارا قوشۇما قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ قالغانىدى.

— ئەجەب شۇ ۋاقىتتا بالىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئېرىڭىز بىلەن يېنىشىۋالماپتىكەنسىز، — دېدى توختىگۈل ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

توختىگۈلنىڭ سۆزى ئۇنىڭ تېخى ساقىيىپ بولالمىغان كۆڭۈل يارىسىنى تاتلاپ قويىدىمۇ قانداق؟! ئېغىر ـ ئېغىر پۇشۇلداپ تىنىپ ئولتۇرغان خاسىيەتنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپلا كەتتى.

— نېمىسىنى ئېيتاي، سادىغان كېتەي، جېنىم دوستۇم، مەن ئۇ كىتاب خالتىسىنىڭ ئۇنداق تېزلا توي قىلىۋالىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۆزۈمنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئادەمگەرچىلىكىمنىڭ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنمەنچىلىكىمنىڭ خاتالىقىنى بالدۇرراق ھېس قىلالىغان بولسام ئاجرىشىپ نېمە قىلاتتىم؟ ئۆزۈمچە «مېنىڭ قىلغانلىرىم توغرا، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئالدىمغا ئېگىلىپ كېلىدۇ» دەپ چۆچۈرىنى

خام ساناپ يۈرۈپتىمەن. بىز ئاجرىشىپ يېرىم يىل بولغاندا «قەھرىمان تويى قىلىدىكەن» دېگەن مىش - مىش گەپلەر تارقالدى، بۇنى ئاڭلاپ بېشىمدىن كىرگەن تىترەك تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى، كېچىچە بۇ ئىش كاللامغا كىرىۋېلىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، ئۇخلىيالمىغانچە «سېنىڭ ئاشۇ پىششىقلىقىڭ بولسىلا ئۇ خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇپ كېتەلىشىڭمۇ تايىنلىق، ئۇمۇ تۆت كۈن بولمايلا خېتىنى ئالمىغىنىنى كۆرەي» دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلىدىم. راست دېگەندەك ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ تويى بولدى، ئۇ كۈنى ئىچىمگە چاشقان كىرىۋالغاندەك بىئارام بولۇپ ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم، مەرىكە زالىغا بېرىپ راسا بىر جېدەل چىقىرىپ قايتىپ كېلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ «خاسىيەت ئېرىنىڭ تويى قىلغىنىغا چىدىماي قاپتۇ، چىدىمايدىغان ئادەم ئۆز ۋاقتىدا ئاجرىشىمەن دەپ جېدەل قىلغۇچە ئۆيىنى تۇتسا بولماسمىدى» دەپ، سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قورقۇپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

— ھازىرمۇ شۇ خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، ئۇ خوتۇندىن بىر قىز پەرزەنتلىك بولدى. تېخى يېقىندىلا ئۇ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ بازارغا چىقىپتىكەن، ئۇدۇلمۇئۇدۇل دوقۇرۇشۇپ قالدۇق، قىزى ئىككى ياشلارغا كىرگەندەك قىلىدۇ، قارىسام دادىسىغا سويۇپ چاپلاپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەن. ئۇلارنى كۆرۈپ يۈرىكىم گېلىمغا كەپلىشىپ قالغىلى تاس - تاماس قالدى. ئاجراشقاندىن بېرى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، سەمرىپ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قاپتۇ. توۋا! بەزىدە ئادەم ئاجايىپ بولۇپ قالىدىكەن، ئۇلارنى كۆرۈپ يا ئالدىمغا يا كەينىمگە مېڭىشىمنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتىمەن، ئوغلۇم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ «ئاپا، ئاپا» دەپ پاچىقىمغا ئېسىلغاندىلا ئېسىمگە كەپتىمەن، ئوغلۇمنى

كۆرمىگىلىمۇ ئۇزاق بوپتىكەن، ئۇنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ يىغلاپ كېتىپتىمەن.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە خاسىيەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئامال قىلالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ يىغلىغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن فونتاندەك ئۇقچۇپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى يېنىدا ئولتۇرغان توختىگۈل سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئۇنىڭ بۇ كۆز ياشلىرىغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز پۇشايمان، ئىچىنى ئۆرتەپ ئازابلاۋاتقان ھەسەت ۋە كۈنداشلىق ئارىلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

توختىگۈل بىلەن خاسىيەت ئۇزاقتىن بۇيان يۈرىكىدە ساقلاپ يۈرگەن سىرلىرىنى، ئىچىنى ئاداپ كېلىۋاتقان ئازابلىرىنى بىر - بىرىگە تۆكۈشۈپ گاھ كۈلۈپ، گاھ يىغلاپ، كۈن ئولتۇرۇپ ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىغان مەزگىلدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بۇ جەرياندا توختىگۈلمۇ خاسىيەتكە ئۆزىنىڭ تۇنجى سۆيگىنى دولقۇن بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، دولقۇننىڭ ئۆزىنى تۇنجى قېتىم سۆيۈۋالغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى، قانداقلارچە يارى ياۋاشقا ياتلىق بولۇپ بۇ ناتونۇش شەھەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىرمۇ - بىر بايان قىلىپ بېرىشكە ئۈلگۈرگەنىدى.

ئىلگىرى بىر - بىرىنى تونۇسىمۇ ئانچە بېرىش - كېلىش قىلىشمايدىغان بۇ ئىككى ئايال مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئايرىلماس يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئىككىسى نەگە بارسا بىللە بارىدىغان، بىر - بىرىنى بىر كۈن كۆرمىسە چىداشمايدىغان، بىر يەرگە كېلىپ قالسا كۈسۈرلىشىپ گېپى تۈگىمەيدىغان، ھەتتا بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇپ قېلىشىدىغان بولۇپ كېتىشتى. بەزىدە توختىگۈل باللىرىنى قېيىنئاپىسى زورىخاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كۈن - كۈن، ھەپتە - ھەپتىلەپ باللىرى بىلەن كارى بولماي يوقاپ كېتىدىغان، باللىرى يادىغا يەتكەندە ئەكېلىۋېلىپ بىر - ئىككى

ئاخشام يېنىدا قوندۇرۇپ ئاندىن يەنە ئاپىرىپ قويىدىغان بولۇۋالدى. دەسلەپتە زورىخان ئانا توختىگۈلنىڭ بۇ ئىشىدىن بىر ئاز نارازى بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇنىڭغىمۇ ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۈچۈن توختىگۈل بولسىمۇ - بولمىسىمۇ ئوخشاش بولۇپ قالغانىدى. ئوغلى قازا قىلغاندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ دەردىدە روھى چۈشۈپ كېسەلچان بولۇپ قالغان زورىخان ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، نەۋرىلىرىنىڭ ئۆز ئەتراپىدا چۇرقىرىشىپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق ئاتا قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

— ۋيەي، سادىغاڭ كېتەي، دوستۇم! نېمانداق چىرايلىق بولۇپ كەتكەنسىز؟ — دېدى خاسىيەت ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان توختىگۈلگە ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلگىنىچە چىرايىنى بىر قىسما پۈرۈشتۈرۈپ، — خۇددى پەرىشتىنىڭ ئۆزىلىغۇ سىز، ئاينى خىجىل قىلغۇدەك مۇشۇنداق گۈزەل چىرايىڭىز، مەجنۇنتالدەك زىلۋا، ئەۋرىشىم بويىڭىز تۇرۇپ ئۆي خوتۇنلىرىدەك لاپچىيىپ يۈرگۈچە بالدۇرراق مۇشۇنداق ياسىنىپ يۈرسىڭىز بولماسمىدى، سىزگە بەرگەن مۇشۇ چىراي بىلەن بويىنى ماڭا بەرگەن بولسا، پاھ ... پاھ ... پاھ ... مانا مەن دېگەن يىگىتلەرنى كەينىمدىن چىقالمايدىغان قىلىۋېتەتتىم.

توختىگۈل خاسىيەتنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىدىن بىر ئاز خىجىللىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خۇشاللىقتىن يۈرىكى ئويناقلاپ كەتتى. ئۇ ئەينەككە قارىغانچە قارىغۇسى كېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنراق مۇشۇنداق ياسىنىپ يۈرمىگىنىگە كۆڭلىدە ئۆزىگە نارازى بولۇۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، توختىگۈل يارى ياۋاش تۈگەپ كەتكەن بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان ھە دېسىلا خىزمەت، بالا دەپ ئۆي بىلەن ئىدارىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، ھەتتا بەك مۇھىم ئىشى بولمىسا قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيىگىمۇ

كەمدىن ـ كەم كىرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ جانجىگەر دوستى خاسىيەت تولا سۆزلەپ يۈرۈپ، ئۇنى باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

توختىگۈلنىڭ بۈگۈنكىدەك چېچىنى كەستۈرۈپ بۇدۇر قىلىشى، قاش ـ قاپاقلىرىنى چەكتۈرۈپ ئالاھىدە گىرىم قىلىشىمۇ خاسىيەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغانىدى. چۈنكى، خاسىيەت بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئېغىزىنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ كەتكۈچە سۆزلەپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىندا تونۇشۇپ قالغان تىجارەتچى ئەر دوستى ئورۇنلاشتۇرغان سورۇنغا بىللە بېرىپ ئولتۇرۇپ بېرىشكە تەسلىكتە كۆندۈرگەنىدى.

— ھە، راست ئاداش! ئۇ سورۇندا ئەر دوستىڭىزدىن باشقا ئادەم يوقتۇ ـ ھە؟ — سورىدى توختىگۈل سەل جىددىيلەشكەن ھالدا.

— نېمانداق ئىش كۆرمىگەن كىچىك بالىدەكلا گەپ قىلىدىغانسىز ئاداش، — دېدى خاسىيەت سەل رەنجىگەندەك بولۇپ، شۇنچىۋالا سورۇننى راسلىغان ئادەم بىرەر دوستىنى بىللە ئېلىپ كەلمىسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇ دوستىنىمۇ مەن كۆرگەن، قاش ـ كۆزى جايىدا، خېلى قاملاشقان بالا ئۇ، بىزنىڭ ماھىرجان بىلەن بىللە تىجارەت قىلىدۇ. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ماھىرجان يالغۇز ئولتۇرسا قانداق بولىدۇ، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك دوستىڭىزدىن بىرنى باشلىۋېلىڭ دېگەن. خاتىرجەم بولۇڭ، ئادىشىم، ئۇ يەردە تۆتىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق!

توختىگۈل بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، دوستىنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

بۇ ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ قالغانىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان، كەچلىك تاماقتىن كېيىن كوچىلاردا سەيلە قىلىدىغانلارمۇ ئازىيىپ قالغانىدى. توختىگۈل بىلەن خاسىيەت

راھەتباغنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، كۈمۈش رەڭلىك «سانتانا» ماركىلىق پىكاپ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى. بۇ يىللاردا مۇنداق پىكاپنى زاۋۇت ـ كارخانىلاردىلا ئىشلىتىدىغان بولۇپ، شەخسلەردە بار دېگەن تەقدىردىمۇ ساناقلىقلا ئىدى. ئەزەلدىن مۇنداق ئېسىل ماشىنىدا ئولتۇرۇپ باقمىغان توختىگۈل ھودۇققىنىچە ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى ـ دە، قورۇنۇپقىنا ماشىنىغا چىقتى. پىكاپ ئورنىدىن يېنىك قوزغىلىپ چوڭ يولغا چىقتى ـ دە، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ماشىنا شەھەردىن چىقىپ ئون بەش مىنۇتلارچە ماڭغاندىن كېيىن، توختىگۈل ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر يەرگە كېلىپ توختىدى. بۇ يەر «توققۇز كىلومېتىر» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار ـ قاتار ئاشپۇزۇل ۋە مېھمانخانىلار بار ئىدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ ۋېۋىسكىسىغا «ما ئۇستام ئاشخانىسى» دېگەن خەت يېزىلغان ئاشپۇزۇلغا كىردى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن بېشىغا ئاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق خالات كىيگەن، دوغىلاققىنا كەلگەن غوجايىن «ئەييا! ما لوبەن نى لەيلا، زامىياڭدې فېڭ بانى چۈي لەيلا؟» (ھوي ما غوجايىن كەپتۇغۇ، سىزنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟) دەپ، ھىجايغىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈرگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئاشخانىنىڭ ئىچكىرەك جايلاشقان ئايرىمخانىغا باشلاپ كىردى. ئايرىمخانا ئىچى ئادەتتىكىچە بېزەلگەن بولۇپ، يۇمىلاق ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغا تۆت ئورۇندۇق، تۆت كىشىلىك تاماق قاچىسى قويۇلغانىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈستەل خىلمۇخىل قورۇمىلار بىلەن توشقۇزۇۋېتىلدى. ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، سېمىزرەك كەلگەن، قاپقارا، توم قاشلىرى ئاستىدىكى قوڭۇر رەڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان ماھىر ئىسىملىك يىگىت ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ رومكىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى، ئاندىن بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراقنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى ـ

دە، ئالدىدىكى ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قۇيغاندىن كېيىن ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغان خاسىيەتنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇگۈن بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى خاسىيەتلىك بىر كۈن بولدى، — دېدى ماھىر ئورنىدىن تۇرۇپ گېلىنى بوشقىنا قىرىپ قويۇپ، — نېمىشقا مۇنداق دەيسىز دېگەندە، بىرىنچىدىن، يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئىككىنچىدىن، سودىمىز ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ قولدىكى مالنى پاكىز بىر تەرەپ قىلىۋەتتۇق، مۇشۇ قوش خۇشاللىق ئۈچۈن كەڭ - كۇشادە ئېچىلىپ - يېيىلىپ بىر ئولتۇرايلى! مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى، ئاندىن بۇ ھەمشىرىكىمنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، نۇرنىسامۇ بۇ چىرايلىق خانىمنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويسۇن! ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي، مېنىڭ ئىسمىم ماھىرجان، بۇ دوستۇمنىڭ ئىسمى مۇختەرجان، گەرچە ئىككىمىز بىر يەردىن بولمىساقمۇ مىجەزىمىز كېلىشىپ قالغاچقا شېرىكلىشىپ سودا قىلىۋاتقىلى ئۇزاق يىللار بولدى. بۇ دوستۇم دۇتار دېگەننى چېلىپ ناخشا ئوقۇيدىغان بولسا مەن - مەن دېگەن ناخشىچى - سازەندىلەر ھەيرانلىقتىن ئېغىزىنى ئېچىپلا قالىدۇ.

ماھىرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن خاسىيەت لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، لىققىدە قىزىل ھاراق قۇيۇلغان ئىستاكاننى قولىغا ئالدى - دە، ئولتۇرغانلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— مەنمۇ ئالدى بىلەن سىلەرگە بۇ ئەزىز دوستۇمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، بۇ دوستۇمنىڭ ئىسمى گۈلپىيە، ئۆزى نېفىت ئېلىش زاۋۇتىنىڭ ئورگان بىناسىدا ئىشلەيدۇ، توي قىلىپ يېرىم يىل بولماي تۇرۇپلا يولدىشى خىزمەت ئۈستىدە تۈگەپ كەتكەن. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۈچ ئېغىزلىق بىنا ئۆيدە يالغۇز تۇرىدۇ. ئەمدى ئۆزۈمنى تونۇشتۇرسام ئىسمىم نۇرنىسا، نېفىتلىك قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەيمەن، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن

ماھىر ئىككىمىز بۇ ھاراقنى ئىچىۋېتەيلى ! — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، قولىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈپلا تىنماي ئىچىۋەتتى.

توختىگۈل خاسىيەتنىڭ ئولتۇرغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى خاتا تونۇشتۇرغانلىقىنى، بىر ئىستاكان قىزىل ھاراقنى تىنمايلا ئىچىۋەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئەزەلدىن مۇنداق سورۇنلارغا بېرىپ باقمىغان توختىگۈل خاسىيەتنىڭ نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بىرقانچە يىلدىن بۇيان، مۇنداق سورۇنلاردا تولا ئولتۇرۇپ پىشىپ كەتكەن خاسىيەت كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، قانداق كىشىلەرگە راست گەپ قىلىشنى، قانداق كىشىلەرگە يالغان سۆزلەشنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالغانىدى. بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ قانداق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى يوشۇرۇپ يۈرىدىغان، مۇشۇنداق رەڭلىك ئولتۇرۇشلاردا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان مۇنداق كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئىسمىنىڭ راست بولۇشىنىڭ ناتايىنلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلەتتى. خاسىيەت قولىدىكى رومكىنى بىكارلاپ بولۇپ، ئۇدۇلىدا ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان توختىگۈلگە قاراپ چاندۇرماي كۆزىنى قىسىپ قويدى، گەرچە توختىگۈل دوستىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ جىم ئولتۇردى. توختىگۈلنىڭ تولىمۇ راستچىل، سەمىمىيلىكىنى ئوبدانلا چۈشىنىپ قالغان خاسىيەت ئۇنىڭ ئۇقۇشماي ئۆزىنىڭ راست ئىسمىنى ئاتاپ سېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلغانىدى.

ماھىر بىكار بولغان رومكا بىلەن ئىستاكانغا ئايرىم ـ ئايرىم ئاق ھاراق ۋە قىزىل ھاراق قۇيغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاق ھاراق رومكىسىنى دوستىغا، قىزىل ھاراق رومكىسىنى توختىگۈلگە تەڭلىدى.

— بۈگۈن گۈلپىيە خانىم بىلەن ناھايىتى ياخشى تونۇشۇپ

قالدۇق، كونىلاردا «دوستى كۆپنىڭ يولى كۆپ» دەيدىغان گەپ بار، بىزمۇ ياقا يۇرتتىن بۇ ناتونۇش شەھەرگە كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتىمىز، تىجارەتچى دېگەننىڭ دوستى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولىدىكەن، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتەيلى، دوستۇم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ رىزقى قوشۇلۇپ قالسا، ئەر ـ خوتۇن بولۇپ قالامسىلەر تېخى.

ماھىرنىڭ ئاخىرقى گېپىدىن توختىگۈلنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ، خۇددى قوقاسقا دەسسىۋالغان ئادەمدەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. توختىگۈل ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن هاراق ئىچىپ باقمىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ زورلىماسلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «تۇنجى تونۇشقان كۈنىلا قولىمىزنى رەت قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ، نۇرنىسا ئىچكەن يەردە سىز ئىچمىسىڭىز سەت تۇرمامدۇ، بۇنىڭ سوغۇق ئىچىملىكتىن پەرقى يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنى ئانچە ـ مۇنچە ئىچىپ بەرسىڭىز قاننى راۋانلاشتۇرۇپ، تېرىڭىزنى ياخشىلايدۇ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن زورلاپ تۇرۇۋالدى. خاسىيەتنىڭ «زورلىماڭلار! ئىچمىسە مەيلى» دېگەن گېپىمۇ زادىلا كار قىلمىدى. ھەرقانچە جاھىللىق قىلىپمۇ بۇ ئىككىيلەننى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن توختىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپلا سورۇندىن چىقىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، چىقىپ كەتسە ئۆيىنى تېپىپ بارالىشىغا كۆزى يەتمەي جىم بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ خاسىيەتنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ يەرگە كەلگىنىگە مىڭبىر پۇشايمان قىلغان توختىگۈل «باشقىلار ئىچكەننى مەن ئىچسەم نېمە بوپتۇ، بۇ يەرگە كەلمىسەم بوپتىكەن، كەلگەنىكەنمەن بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، ماھىرنىڭ قولىدىكى ئىستاكاننى ئېلىپ مۇختەرجاننىڭ قەدەھ سوقۇشتۇرۇشىغىمۇ قاراپ ئولتۇرماي كۆزىنى يۇمۇپلا گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئولتۇرغانلار: «يارايسىز، گۈلپىيە!» دېگىنىچە چاۋاك چېلىشتى.

كەينى ـ كەينىدىن ئىككى ئىستاكان قىزىل هاراقنى ئىچىۋەتكەن توختىگۈلنىڭ چىرايى ھۆپپىدە قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشقىلى، باياتىن بىرى تۇتۇلۇپ ئولتۇرغان يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرگىلى تۇردى. ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باقمىغان توختىگۈلگە ھاراق خېلىلا تېز تەسىر قىلدى بولغاي، نۆۋىتىنىڭ بىرىنىمۇ ئۆتكۈزمەي ئولتۇرغانلار بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشكە باشلىدى. توختىگۈلنىڭ ئىچىۋالسا مۇنداق شوخلىشىپ كېتىشىنى خىيالىغا كىرگۈزۈپمۇ باقمىغان خاسىيەت ئۇنىڭ سىرنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈشكە باشلىدى. ناۋادا ئۇ كەيپچىلىكتە خاسىيەتنىڭ راست ئىسمىنى چاقىرىپ سالىدىغانلا بولسا، خاسىيەتنىڭ بۇ بايۋەچچىلەردىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش پىلانى يوققا چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزى شالاققىدە تۆكۈلۈپ، كۆتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان ئاھانەتكە قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

خاسىيەت بۇ بايۋەچچىلەر بىلەن ئىلگىرى بىرقانچە قېتىم سورۇنداش بولغان، ئۇلارنىڭ قانداق سودا قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ كەتمىسىمۇ، خېلىلا پۇلدار كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇلارغا بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلىدىغان، ھەرقانچە ئورۇنسىز شەرتلەرنى قويسىمۇ ياق دېمەيلا بەجانىدىل ئورۇنلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ناۋادا خاسىيەتنىڭ باشلاپ كەلگەن قىز ـ چوكانلىرى ئۇلارغا ياراپلا قالسا، بىرقانچە يۈز سومنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قوياتتى. بىر كېچىدىلا بىر ئاي ئىشلىسىمۇ مۇنچە كۆپ پۇل تاپالمايدىغان خاسىيەت دەسمايە سالماي ئاسانلا پۇل تاپقىلى بولىدىغان بۇ تىجارەتكە ئۆگىنىپ قالدى، ھەتتا ماھىرجاننى بىرقانچە قېتىم ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، شەيتانىنىمۇ ئوسسۇلغا سالىدىغان ناز ـ كەرەشمىسى، تاتلىق ئەركىلەشلىرى بىلەن ھەميانىنى ئوبدانلا تومىلىۋالدى. بۇ نۆۋەت ئۇ توختىگۈلنى ئاشۇنداق سۆڭەكى يوق پۇل تېپىشقا يەمچۈك قىلغان بولۇپ،

جەمئىيەتنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپ، ئىنچىكە تەرەپلىرىنى چۈشىنىپ كەتمەيدىغان تۇغما ساددا دېھقان قىزى بۇنىڭدىن چورتلا خەۋەرسىز ئىدى.

— ماھىرجان بايا: «دوستۇم دۇتار چېلىپ ناخشا ئوقۇيدىغان بولسا مەن ـ مەن دېگەن سازەندە ـ ناخشىچىلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قالىدۇ» دەۋاتاتتى، — دېدى توختىگۈل ئەسكى قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، — مۇختەرجاننىڭ بىر ناخشا ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلسام تەلىپىمنى رەت قىلمايدىغاندۇ ـ ھە؟

— سىزدەك چىرايلىق چوكاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلغىلى بولامدىغان، — دېدى ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق، ئىنچىكە بۇرۇتى يادىڭغۇ يۈزلىرىگە تولىمۇ ياراشقان مۇختەرجان قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى بىلەن توختىگۈلگە شەھۋانىيلارچە تىكىلىپ، — ئەگەر ئوقۇغان ناخشام ياراپ قالسا ماڭا بېرىدىغان مۇكاپاتىڭىز باردۇ؟

— مۇكاپات دېگەن سىزدىن ئايلانسۇن ! — دېدى توختىگۈل خۇمارلىشىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — سىزگە قانداق مۇكاپات لازىم ئىدى؟

— قانداق مۇكاپات لازىملىقىنى مەن دېمىسەممۇ ئۆزىڭىز بىلەرسىز، سوراپ ئالغاندىن كۆرە ئۆز ئىختىيارلىقىڭىز بىلەن بەرگىنىڭىز ياخشىدۇ؟

— مۇكاپاتنى ئۆزۈم بېرىمەن، بەرمەمدىغان !

توختىگۈلنىڭ مۇختەرجاننىڭ نىيمىتىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا ساددىلارچە بەرگەن جاۋابى سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى، توختىگۈل سورۇندىكىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ نىيىتىنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. شۇ ئەسنادا مۇختەرجان «بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىش كۆرمىگەن پاكىز مال ئىكەن، بۈگۈن بۇ مالنى ھەرگىزمۇ قولدىن

چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئۈلگۈرگەندى.

بىر ھازا كۆلكىدىن كېيىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتكەن ماھىرجان ماشىنىسىدا ھەرقاچان ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان، پىل چىشىدىن نەقىش قويۇلغان دۇتارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مۇختەرجانغا تۇتقۇزدى. مۇختەرجان دۇتارنى قولىغا ئېلىپ تەڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتتى ـ دە، چېلىشنى باشلىۋەتتى.

يۈرىكىم ئالما ئەمەس،
سەن ئۈزۈپ ئوينايدىغان.
خالىساڭ چىشلەپ قويۇپ،
خالىمىساڭ تاشلايدىغان.

ئاھ ! كەتتى يار كۆڭلى قارا،
كېتەمسەن يارىم دېمىدى.
چىنىگە چاينى قۇيۇپ،
ئىچەمسەن يارىم دېمىدى.

تۇرپانيۈزىنى دەيمۇ،
جېلىلىيۈزىنى دەيمۇ؟
ئاق ئالما ئۆزۈڭ تۇرساڭ،
ئۆزگىدىن تىلەپ يەيمۇ؟

مۇختەرجاننىڭ ئاۋازى تولىمۇ يېقىشلىق ھەم لەرزان بولۇپ، ئۇ ناخشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنىمۇ كۆچمەيلا ئالاتتى. مۇختەرجان ناخشىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى ئېڭىكىنى يۆلەپ، ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغان توختىگۈلنىڭ

كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ ئېيتتى. مۇختەرجاننىڭ ئېقىشلىرى شۇقەدەر مۇڭلۇق ھەم سېھىرلىك بولۇپ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىللىق سېزىم توختىگۈلنىڭ يۈرىكىگە تۇيدۇرماي ئېقىپ كىرىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پارتلاش يۈرستى تاپالماي يوشۇرۇنۇپ ياتقان سۆيگۈ ھۇجەيرىلىرىنى ئويغىتىۋەتتى. خېلىدىن بېرى بۇنداق لىرىك تۇيغۇدا بولۇپ باقمىغان توختىگۈلنىڭ ھالسىزلىنىشقا باشلىغان زىلۋا تېنى يېنىك تىترەپ، كۆز چاناقلىرىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ياش ئەگىدى. توختىگۈلدىكى ھېسسىي ئۆزگىرىشنى دەرھاللا بايقىغان مۇختەرجان پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى ـ دە، بايىقى ناخشىنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا پەدىنى «قاپقارا قوي كۆزلۈكىم» گە يۆتكىدى.

قاپقارا قوي كۆزلۈكىم،
جانىم پىدا بولسۇن ساڭا.
جانىدىن كەچكەن مۇختىرىڭ،
ئاشىنا بولسۇن ساڭا.
يار سېنىڭ، ئاھ دەردىڭ، دەردىڭ، ئاھ، يامان.

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك،
قاشلىرىڭدىن ئۆرگۈلەي.
ناخشا ئېيتسام گۈلپىيە،
مۇڭلانغىنىڭدىن ئۆرگۈلەي.
يار سېنىڭ، ئاھ دەردىڭ، دەردىڭ، ئاھ، يامان.

مۇختەرجان ناخشا ئېيتقان چاغدا مۇھىتقا قاراپ ناخشا تېكىستىنى ئۆزگەرتىشكە بولىمۇ ماھىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان بۇ ناخشىسى كەيپىنىڭ كۆچىدە مۇڭلىنىپ ئاران ئولتۇرغان توختىگۈلنى تېخىمۇ مەست قىلىۋەتتى. سورۇننى ھەم

ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇشقا باشلىغان توختىگۈل ھە دېگەندە نازلىق ئەركىلەپ مۇختەرجانغا يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىشىنىڭ پۈتكىنىنى دەرھاللا پەملىگەن خاسىيەت يېنىدا ئولتۇرغان ماھىرجاننىڭ پېشىدىن ئاستا تارتىپ «يەنە ئولتۇرۇۋېرىشىنىڭ ئورنى قالمىدى، ئەمدى ماڭايلى» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىلدى. خاسىيەتنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ماھىرجان ئاخىرقى بىر رومكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ خۇلاسە سۆزى قىلدى ـ دە، سورۇننى ئاخىرلاشتۇردى. توختىگۈل خۇددى شۇ گەپنى ساقلاپ تۇرغاندەك گەپ ئاياغلىششى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئۆزىنى تەڭشىيەلمەي يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى، دەرھال ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالغان مۇختەرجان ئۇنى يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ ماشىنىغا سالدى. بۇ چاغدا كېچە سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقان بولۇپ، ئەتراپتا ئۇلاردىن باشقا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

توختىگۈل ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى ئۇستىگە قۇم خالتىسى قويۇپ قويغاندەك ئېغىر بولۇپ، بەئەينى بولقا بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتاتتى، ئۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى مىڭ تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۆيدە ئەمەس، مېھمانسارايدا ياتقىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇختەرجان ئانىدىن تۇغما ھالەتتە يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇ بۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى ـ دە، ئۆزىنىڭمۇ ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئەمدىلا قايرىغان يوتقاننى دەرھاللا يېپىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ يا يىغلىشىنى يا كۈلۈشىنى ياكى ئۆزىنى ئاشۇ سورۇنغا باشلاپ بارغان جانجىگەر دوستى خاسىيەتنى تىللىشىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. ئۇ يوتقانغا مەھكەم ئورىنىپ كۆزلىرىنى يۇمدى، ھەرقانچە ئويلىسىمۇ ئۆزىنىڭ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى، قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى. پەقەت ئۆزىنىڭ يات بىر ئەر كىشى بىلەن

بىر ياتاقتا ئانىدىن توغما ھالەتتە ياتقىنىنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزگەندىلا، جىنسىي ئەزاسىنىڭ سەل ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى. توختىگۈل كۆز چاناقلىرىدا شۇ ئان پەيدا بولغان ياشنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ «ھەي ! خاسىيەت، ھەي ! خاسىيەت، سېنىڭ بىلەن دوست بولۇپ كۆرگەن كۈنۈم مۇشۇ بولدىمۇ مېنىڭ؟ نېمىشقا مېنى ئاشۇ يەرگە باشلاپ بارغان ئادەم ئۆزۈڭ بىللە بىلەن ئېلىپ كەتمەي يات بىر ئەرگە تۇتۇپ بېرىسەن، سېنىڭدىن كەلگەن ۋاپا شۇمۇ؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ خاسىيەتكە راستىلا ئاچچىقى كەلگەنىدى، ئۇ خاسىيەتنى ئۇچرىتىپ قالسا يۈزىگە تۈكۈرۈپ رەسۋا قىلىۋېتىشنى، ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكتى ـ يۇ، ناۋادا شۇنداق قىلسا خاسىيەتنىڭمۇ بوش كەلمەيدىغانلىقىنى، گېپىزى كەلسە بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا داۋراڭ سېلىپ ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ كەتتى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، خاسىيەتنىڭ ئاشۇ ھازازۇل، بىشەم مىجەزى بىلەن شۇنداق قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى.

تولا ئويلاپ بېشى تېخىمۇ ئاغرىشقا باشلىغان توختىگۈل بويىنى سوغا سېلىۋېلىپ تويدۇرماي ئۆيگە قايتىۋېلىشنى، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا قېيىنئاپىسىنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغان بىر ـ بىرىدىن ئومىاق ئۈچ بالىسىنى ئەكېلىۋېلىشنى خىيال قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، لەپپىدە كۆزىنى ئاچقان مۇختەرجان چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى، چۆچۈپ كەتكەن توختىگۈل «ئاپا !» دەپ توۋلىۋەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى.

— نەگە بارىسىز، جېنىم؟ — دېدى مۇختەرجان ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، — كۈن تېخى بالدۇر تۇرسا، نەگە ئالدىرايسىز؟ ئاخشام كەيپچىلىكتە تۈزۈكرەك مۇڭدىشالمىدۇق، ئەمدى بولسىمۇ

قانغۇدەك مۇڭدىشايلى.

قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى نومۇس كۈچىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر توختىگۈلنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىلىنەرلىك تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— توڭلىغان ئوخشىمامسىز ئامرىقىم؟ — دېدى مۇختەرجان ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ چىڭ تارتىپ، — توڭلىغان بولسىڭىز ئۆزۈم ئىسسىتىپ قويىمەن، قوزام. بىلەمسىز، سىزدەك ئاق كۆڭۈل، سادا، ئۇياتچان چوكاننى ئۇچراتمىغىلى ئۇزاق يىللار بوپتىكەن، ئاخشام سىزنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بىقارار بولۇپ قالدىم، ناۋادا سىزلا خالىسىڭىز سىزدەك لەۋەن سۆز، ئاي يۈزلۈك پەرىشتە بىلەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ئۆتكۈم بار، مېنى مۇھەببىتىڭىزدىن ھەرگىز مەھرۇم قىلماڭ، سۆيۈملۈكۈم !

مۇختەرجان تىركىشىپ تۇرغان توختىگۈلنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن تارتتى، پېشانىسىدىن چېپىلداپ تەر چىقىشقا باشلىغان توختىگۈل ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن مۇختەرجاننىڭ ئامبۇردەك كۈچلۈك ئالىقانلىرىدىن بوشىنىپ چىقىپ كېتىشكە ماجالى يەتمىدى.

مۇختەرجان «قوزام، ئامرىقىم، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، كۆزۈمنىڭ قارىسى» دېگىنىچە ئۇنىڭ يۈزلىرىگە، بويۇنلىرىغا، تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان ماڭلايلىرىغا سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ توختىگۈلنىڭ يۇمران بەدەنلىرىنى سىلاۋاتقان ئالىقانلىرى شۇ قەدەر يۇمشاق، تىنىقلىرى شۇ قەدەر ئوتلۇق ئىدىكى، تىنىمسىز سۆيۈشلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن توختىگۈلنىڭ تېنى ئاستا ـ ئاستا بوشاشقا، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭ ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈشىگە ماسلىشىشقا باشلىدى ...

بىر ـ بىرىگە مەھكەم گىرەلەشكەن تەنلەر ئۆز سەزگۈلىرىنى تامامەن يوقاتتى. ئاشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە پۈتكۈل دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئادىمىيلىك ئېڭىنىڭ نازۇك سەزگۈ ھۇجەيرىلىرى، باقىي دۇنيانىڭ بارلىق ۋەھىملىرى، كىشىلىك قىممەت

دەستۇرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مىزانلىرى، تومۇردىكى قىپقىزىل قانلارنىڭ ئىسيانىي شاۋقۇنلىرى، چىڭ يېپىلغان پەردىنىڭ يوچۇقلىرىدىن شەمشەردەك ئۇچۇپ كىرىۋاتقان قۇياش نۇرى، دەرغەزەپكە كەلگەنلىكتىن ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشتىن توختىغان زېمىننىڭ غەزەپلىك تىترەشلىرى ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىدىن تامامەن يۇيۇلۇپ كەتكەندى.

— راستىلا ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالارسىزمۇ، مۇختەرجان؟ — دېدى توختىگۈل مۇختەرجاننىڭ ئۇششاق تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان يۇڭلۇق مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئەركىلىگەن ھالدا. مۇختەرجاننىڭ يۈرەك سوقۇشى تېخىچە ئەسلىگە كەلمىگەن بولۇپ، توختىگۈل تېز - تېز سوقۇۋاتقان يۈرەكنىڭ دۈپۈلدەشلىرى ئارىسىدىن ئۆزى مەمنۇن بولغۇدەك بىر جاۋاب ئىزدەۋاتقاندەك، بىر قولىدا مۇختەرجاننىڭ دولقۇنسىمان بۇدۇر چاچلىرىنى، يەنە بىر قولىدا ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن سارغۇچ تۈكلىرىنى ئوينىغىنىچە تىمتاس ياتاتتى. ئاشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە يېرىم يۆلىنىپ ياتقان مۇختەرجان رەقىبىنى يەڭگەن باتۇردەك ئۆزىنى تولىمۇ مەغرۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ قويىنىدا ئەركىلەپ ياتقان بۇ نازىنىننىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، يېرىمى چېكىلىپ بولغان تاماكىسىنى كۈچەپ بىر قانچىنى شورىۋېلىپ كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تۇمبۇچكا ئۈستىگە قويۇلغان كۈلدانغا باستى - دە، توختىگۈلنىڭ بوينىغا سېلىنغان سول قولى بىلەن ئۇنىڭ تەردىن نەملىشىپ كەتكەن يالىڭاچ مۈرىسىگە بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويدى.

— تاشلاپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەۋاتامسىز، ئامرىقىم؟ — دېدى مۇختەرجان توختىگۈلنىڭ بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرىنى پۇراپ قويۇپ، — ئەگەر سىزلا مېنى قولىدىن تۈزۈك ئىش كەلمەيدىغان يەككە تىجارەتچى، ماڭا ھەرگىزمۇ ماس كەلمەيدۇ دەپ تۆۋەن كۆرمىسىڭىزلا، مەڭگۈ خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا تەييارمەن،

قوزام. سىزدەك كىچىك پېئىل، پەرىشتىدەك ئاق كۆڭۈل، ساددا نازىنىن بىلەن بىللە ياشاش ھاياتىمدىكى ئەڭ زور بەخت ئەمەسمۇ!

مۇختەرجان بۇ سۆزنى چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتقان بولسۇن ياكى توختىگۈلنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش مەقسىتىدە تىلىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان بولسۇن، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئۇرغۇ، پاساھەت بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى، شېرىن تۇيغۇلار قاينىمىدىن تېخىچىلا چىقىپ كېتەلمەي چالا مەست ئادەمدەك بولۇپ قالغان توختىگۈلنىڭ مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى يۈرىكىنى سۈزۈك سۇ ئاستىدا شادىيانە بەزمە قىلىۋاتقان بېلىقجانلاردەك ئويناقلىتىۋەتتى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەن ئادەمدەك ئەركىن، يېنىك ھېس قىلىۋاتاتتى. توختىگۈلنىڭ مۇختەرجانغا ئۆزىنىڭ ئۇچ بالىسىنىڭ بارلىقىنى، ئىسمىنىڭ گۈلپىيە ئەمەس، توختىگۈل ئىكەنلىكىنى، ئورگان كادىرى بولماستىن ئورگاننىڭ ۋاقىتلىق تازىلىق ئىشچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇسى، شۇ ئارقىلىق مۇختەرجاننىڭ تېخىمۇ ھېسداشلىق قىلىشىغا ئېرىشكۈسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىدىن دەرھاللا يۈز ئۆرۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تىلىنىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قالغان سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئالاھازەل يېرىم سائەتلەرچە يېتىشتى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇسى بولمىسىمۇ، يەنىلا بوينى سۇغا سېلىۋېلىشنى لايىق كۆرۈشتى. توختىگۈل بوينى سۇغا سېلىپ چىققۇچە كىيىنىپ بولغان مۇختەرجان توختىگۈلنىڭ باش تەرىپىدىكى تومپۇچكا ئۇستىگە ئەللىك سوملۇق پۇلدىن بىرقانچىنى قويۇپ قويدى. بۇنى كۆرۈپ بايىقى خۇشاللىقلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن توختىگۈلنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى كىنولاردا كۆرگەن ھېلىقىدەك قىزلارغا

ئوخشاپ قالغاندەك، مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئۇنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى ئىناۋىتى پاك ـ پاكىز يۇيۇلۇپ كېتىدىغاندەك، مۇختەرجاننىڭ بايا ئۆزىنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ دېگەن تاتلىق گەپلىرىنىڭ ھەممىسى يالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچىلا كۆز چاناقلىرىدا پەيدا بولغان ياشلىرىنى قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن سۈرتۈۋەتتى ـ دە، غەزەپلىك كۆزلىرىنى كارىۋات ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ تاماكا چېكىۋاتقان مۇختەرجانغا تىكتى.

—— سىز مېنى كىمگە ئوخشىتىپ قالدىڭىز، مۇختەرجان؟ —— دېدى توختىگۈل ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ، —— سىز مېنى ئۆز تېنىنى، ھېسسىياتىنى، مۇھەببىتىنى، ئادىمىيلىك شان ـ شۆھرىتىنى پۇلغا ساتىدىغان پاھىشە ئاياللارغا ئوخشىتىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز، مېنىڭ غۇرۇرىمنى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا دەپسەندە قىلىشقا يۈزىڭىز قانداق چىدىدى؟

توختىگۈلنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ قىلغان غەزەپلىك سۆزلىرى بەخىرامان ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان مۇختەرجاننى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ خىيالىدا «گۈلپىيە بۇ پۇلنى كۆرسە جەزمەن خۇش بولىدۇ، مېنىڭ شۇ قەدەر سېخىي، مەردلىكىمدىن سۆيۈنۈپ بوينۇمغا ئېسىلىپ يۈزلىرىمگە سۆيۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. مۇختەرجان بۇرۇنمۇ نۇرغۇن قىزلار بىلەن ئارىلاشقان، ئۇلارنىمۇ خۇددى توختىگۈلنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلەتكەن، ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشكە ۋەدىمۇ بەرگەنىدى، لېكىن ئۇلار بۇ گەپلەرگە تىلىنىڭ ئۇچىدا ھە دەپلا قويغىنى بىلەن كارىۋات ياكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان پۇلنى كۆرگىنىدە قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار ھەربىر ئېغىز سۆزىدە «جېنىم» دەپ ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچاقلىرىغا ئېتىشاتتى، ئۇنىڭغا مەڭگۈ سادىق

بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوت دېسە ئوتقا، سۇ دېسە سۇغا كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم بېرىشەتتى. مۇختەرجان بۇنداق پۇلخۇمارلاردىن زېرىككەن چاغلىرىدا «بۇ نۆۋەت قولۇم سەل قىسقا بولۇپ قالدى، كېلەر قېتىم تولۇقلاپ بېرەي» دېگەن سۆزنى بىر - ئىككى قېتىم تەكرارلىسىلا، ئۇلار ئىككىنچىلەپ ئۆزىنى كۆرسەتمەس بولاتتى. مۇنداق چاغلاردا مۇختەرجان ئۆزىنىڭ «قۇتۇلۇش تاكتىكىسى» نىڭ ئۈنۈمىدىن پەخىرلىنىپ كۈلۈپ قوياتتى.

— مەن ھېچقاچان ئۇنداق ئويلىغىنىم يوق، — دېدى مۇختەرجان قېيىدىغان ھالدا تەتۈر قاراپ ئولتۇرغان توختىگۈلنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە مەجبۇرىي قارىتىپ، — مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى تولۇق چۈشىنىمەن، گۈلپىيە، ئۈچ بالا بىلەن تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىۋاتقانلىقىڭىزنىمۇ ياخشى بىلىمەن، ھەتتا ئىسمىڭىز گۈلپىيە ئەمەس، توختىگۈل ئىكەنلىكىنى، ئېرىڭىزنىڭ قاچان، قانداق سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىڭىزنىڭ نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. شۇڭا، گەرچە بۇ پۇل كۆپ بولمىسىمۇ تۇرمۇشىڭىزغا ئاز - تولا ياردىمى بولۇپ قالار دېگەن ئويدا قويۇپ قويغانىدىم، سىزنىڭ مېنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلۈمنى خاتا چۈشىنىپ مۇنچىۋالا رەنجىشىڭىزنى زادىلا ئويلىماپتىمەن.

مۇختەرجاننىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئاتا - ئانىسىدىن كەچۈرۈم سوراۋاتقان كىچىك بالىلاردەك، چىرايىنى غەلىتە تۇسكە كىرگۈزۈپ قىلغان سۆزلىرى دەرھاللا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. توختىگۈلنىڭ بايىقى غەزەپلىرى شامالدىكى توزغاقتەك ھەش - پەش دېگۈچىلا ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەيرانلىق ئالماشقانىدى. ئەمدىلىكتە «مۇختەرجان بۇ ئىشلاردىن قانداق خەۋەردار بولغاندۇ؟ بۇ خاسىيەتنىڭ قەستەن ئويناۋاتقان ئويۇنىمىدۇ؟» دېگەن سوئال ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى.

— سىز بۇ ئىشلاردىن قانداق خەۋەر تاپتىڭىز؟ — سورىدى چىرايى خىجىللىقتىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن توختىگۈل، — خاسىيەتمۇ، مەنمۇ سىلەرگە بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىغان تۇرساق.

توختىگۈل دىققەتسىزلىكتىن ئۆزىنىڭ خاسىيەتنىڭ ئەسلىي ئىسمىنىمۇ ئاشكارىلاپ قويغىنىدىن ھودۇقۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— كېرەك يوق، — دېدى مۇختەرجان دەرھاللا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — بىز ئۇنىڭ باشتىلا بىزگە راست گەپ قىلمىغىنىنى بىلگەن، بىزدەك يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغانلار راست بىلەن يالغاننى ئايرىۋالالمىساق قانداقمۇ تىجارەت قىلالايمىز؟ تىجارەت قىلىدىغان ئادەم ھوشيار بولمىسا ماڭدامدا بىر زىيانغا ئۇچرىمامدۇ؟

— ئەمىسە مېنىڭ ئەھۋالىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ — سورىدى توختىگۈل ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

— ئاخشام ئۆزىڭىز دەپ بەردىڭىز، توختىگۈل، — دېدى مۇختەرجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ مۇشۇ سەممىمىي، ئاق كۆڭۈللۈكىڭىز ئاخشاملا مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە سىزگە ئوخشاش راستچىل، ئوچۇق سۆز قىزلارنى ئۇچراتماق ھەقىقەتەنمۇ تەس، شۇڭا سىزگە ئامراقلىقىم كېلىدۇ، سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن.

توختىگۈل مۇختەرجاننىڭ سۆزلىرىگە چىن يۈرىكىدىن ئىشەندى، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىر ياستۇققا باش قويۇپ، ئۆمرىنى بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزەلەيدىغىنىغا كۆزى يەتتى. شۇڭا، ئۇ ئاخشام كەيپچىلىكتە كونا - يېڭى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇختەرجانغا بىرمۇبىر دەۋەتكىنىگە، ئېرى تۇگەپ كەتكەندىن بۇيان پاك تۇتۇپ كەلگەن تېنىگە مۇختەرجاننىڭ

سانسىزلىغان لەۋ، بارماق ئىزلىرىنى قالدۇرغىنىغا قىلچىمۇ پۇشايمان قىلمىدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە مۇختەرجان بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ قالسا مەڭگۈ ئۇنىڭغا سادىق بولۇشقا، سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىققا قەسەم بەردى.

ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك» دېگەندەك، ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن توختىگۈلنىڭ پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپلا كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىغا «ساقچىلار تەكشۈرۈپ كەلگەنمىدۇ، ناۋادا ئۇلار تۇتۇۋالسا بۇ يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن، ئىدارىدىن بىلىپ قېلىپ ئىشتىن ھەيدىۋەتسە بالىلىرىمنى نېمە بىلەن باقارمەن؟» دېگەن خىياللار كېلىۋېلىپ كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي جىددىيلىشىپ كەتتى.

— كىم؟ — دېدى مۇختەرجان ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— مەن! — سىرتتىن ماھىرجاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — تېخىچىلا ئورنۇڭلاردىن تۇرمىدىڭلارمۇ؟

— تۇردۇق، — مۇختەرجان شۇنداق دېگىنىچە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ياتاقتا ماھىرجان بىلەن خاسىيەت سولياۋ خالتىدا ناشتىلىق كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. خاسىيەتنىڭ چىرايى باشقىچىلا ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ نېمىگە مۇنچە خۇشال ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۆزىلا بىلەتتى.

— قانداق، بۇرادەر؟ — دېدى ماھىرجان مۇختەرجاننىڭ دولىسىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويۇپ، — سىلەرنى ساقلىساق چىقىپ بولالمىدىڭلار، شۇڭا نۇرنىسا ئىككىمىز ناشتا قىلغاچ سىلەرگىمۇ ئالغاچ كەلدۇق، ئىسسىقىدا يەۋېلىڭلار! ئىسسىقلىق دېگەننىڭ ھورى قېچىپ كەتسە ياخشى بولمايدۇ.

ماھىرجاننىڭ بۇ چاقچىقىدىن توختىگۈلنىڭ يۈزى شالپەردەك قىزىرىپ كەتتى، شۇ تاپتا «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، ئۆزىنى ئاقلايمەن دېگىنى بىلەنمۇ ئاقلاپ بولالمايدىغانلىقى توختىگۈلگە بەش بارماقتەكلا ئايان

ئىدى.

كۆنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە توختىگۈل ئۆزىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ مۇختەرجانغا شۇ قەدەر ئىچەركىشىپ كەتتىكى، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە چىدىمايدىغان، كېچىلىرى ئۇنى سېغىنىپ كىرپىك قاقماي چىقىدىغان، نەگە دېسە ياق دېمەي ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بالىلىرىنى كۆرمىگىلىمۇ بىر ئايدىن ئېشىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇختەرجاندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ناۋادا مۇختەرجان تىجارەت ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىرقانچە كۈنگىچە كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، ئىشىككە قاراپ كۆزى تېشىلگىدەك بولاتتى، ئۆيدىن تالاغا چىقماي، ھەتتا بىر قاچا تاماق ئېتىپ يېيىشكىمۇ قولى بارماي كۈن ـ كۈنلەپ ئاچ قورساق ئولتۇراتتى. مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇ خىزمىتىنىمۇ تاشلىۋەتتى، زاۋۇتتىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ئۇنى بىرقانچە قېتىم ئىزدەپ كېلىپ دەرھال ئىشقا چىقىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا ھە دەپ قويۇپ خىزمەتكە زادىلا بارمىدى، ئاخىرى زاۋۇت ئۇنى ئىشتىن بىكار قىلىپ ئورنىغا باشقا بىرسىنى ئورۇنلاشتۇردى...

ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز چېكىلىشى چەكسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغان توختىگۈلنى چۆچۈتۈۋەتتى. «مۇختەرجان قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دېگەننى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئۈلگۈرگەن توختىگۈل ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، گۈلدەك ئېچىلغان چىرايى شۇ ئان تۇتۇلۇپ كەتتى.

ـــ چىرايىڭىز تۇتۇلۇپ كەتتىغۇ، دوستەك؟ ـــ دېدى ئۇچىسىغا قارا رەڭلىك نوركا پەلتو، بېشىغا نوركا تۇماق، بويىنىغا بورسۇق تېرىسىدىن شارپا، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق قارا ئۆتۈك كىيىۋالغان خاسىيەت قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ

تۇرۇپ، ــ ئۆيگە كىرىڭمۇ دېمەيسىزغۇ، ئاداش؟ مەندىن ئۇنچىۋالا بىزار بولۇپ كەتمىگەنسىز ـ ھە؟

خاسىيەت شۇنداق دېگىنىچە توختىگۈلنىڭ تەكلىپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى.

توختىگۈل مۇختەرجان بىلەن تونۇشقان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ خاسىيەتنىمۇ كەمدىن ـ كەم ئىزدەيدىغان، خاسىيەت ئورۇنلاشتۇرغان «رەڭلىك ئولتۇرۇش» لارغا بارمايدىغان بولدى. چۈنكى، ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇختەرجاندىن باشقا ھېچقانداق كىشى يوق بولۇپ، ئۇ يوق سورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەنىسىز تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇختەرجان بىلەن توختىگۈل نىكاھ قىلىپ بىر ئۆيگە كىرىۋالغاندىن كېيىنمۇ خاسىيەت ئورۇنلاشتۇرغان ھەرقانداق بىر رەڭلىك سورۇندا مۇختەرجاننىڭ كەم بولمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ يەنە باشقا قىزلار بىلەنمۇ ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقى توختىگۈلنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

نەلەردىن كېلىشىڭىز ئاداش؟ ــ سورىدى سافادا تەكەللۇپسىزلا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان خاسىيەتنىڭ ئۇستىبېشىغا لەپپىدە قاراپ قويغان توختىگۈل، ــ پۈزۈر كىيىنىۋالغىنىڭىزغا قارىغاندا يەنە ئولتۇرۇشقا ماڭغان ئوخشىمامسىز؟

توختىگۈلنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا خاسىيەتنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپلا كەتتى:

ــ ۋىيەي! جېنىم ئاداش، ــ خاسىيەت جايىدا تۇرۇپ بىرنەچچىنى پىرقىرىۋەتتى، ــ بۇ نوركا پەلتويۇم يارىشىپتۇمۇ؟ ئالدىنقى ھەپتە يىغىلىپ قالغان بىرقانچە كۈنلۈك دەم ئېلىشىمنى ئالغانىدىم، بۇ يەردە بىكار يۈرگىچە ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلدىم، قاراڭ، بۇ پەلتونى قانچە پۇلغا ئالدىم،

بىلەمسىز؟
— ياق، بىلمەيدىكەنمەن.
— بۇ پەلتونىڭ باھاسىنى ئاڭلىسىڭىزچۇ چۆچۈپ كېتىسىز، قاراڭ، — دېدى خاسىيەت گىرىم جازىسىنىڭ ئەينىكى ئالدىدا ئۇيان ـ بۇيان تولغىنىپ، — پەلتونى ئوتتۇز مىڭغا، ماۋۇ تۇماقنى ئون ئىككى مىڭغا، شارپىنى سەككىز مىڭغا، ئۆتۈكنى ئۈچ مىڭغا ئالدىم، ئاداش، بۈگۈن كىيىپ كوچىغا شۇنداق چىقىۋىدىم، خەقلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى، ھا ـ ھا ـ ھا ...
خاسىيەت كۈلگەندىمۇ شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. بۇ كۈلكە گەرچە توختىگۈلگە ياقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بولسىمۇ ئەگىشىپ كۈلۈشكە مەجبۇر بولدى.
— بۈگۈنمۇ بىر يەرگە جابدۇنغان ئوخشىمامسىز؟
— شۇنداق، ئاداش، — دېدى خاسىيەت قېشىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ، — بۈگۈن شۇنداق پېچەت بىر سورۇن بار ئىدى دەڭا، شۇنىڭغا سىزنى ئېلىپ بارايمىكىن دەپ كېلىشىم، كەچكىچە يوق ئادەمنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەرمەي، مەن بىلەن بېرىپ كۆڭلىڭىزنى راسا ئېچىپ كېلىڭ. بۈگۈنكى سورۇندىكى كىشىلەر ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس، جۇمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ ـ چوڭ زاۋۇت، شىركەتلەرنىڭ باشلىقلىرى، ئىش ئوڭدىن كېلىپ قالسا بىرەر باشلىققا كاتىپ بولۇپ قالامدۇق، تېخى!
— ئۇنداق كاتىپلىق سىزدەك، مەندەك تولۇقسىزنى ئارانلا پۈتكۈزگەنلەرگە ئاشمايدۇ، ئاداش، — دېدى توختىگۈل خۇشياقمىغاندەك، — بىكاردىن ـ بىكار ئېغىزىمىزنى تاتلىق قىلىغاندىن كۆرە سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ ئۆيىمىزدە ئولتۇرايلىچۇ، بولدى.
— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ئاداش، — دېدى خاسىيەت

بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ، — شۇ كاتىپلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئادەمغۇ، ئۇلار قىلالىغان ئىشنى بىز نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمىز؟ ئەگەر راستلا ئاشۇ كاتىپلىقنى ماڭا بېرىپ باقسۇنچۇ، قېنى، قانداق ئىشلەيدىغانلىقىمنى كۆزىگە كۆرسىتىپ قوياتتىم تازا!

توختىگۇلنىڭ يەنە بىر نېمىلەرنى دېگۈسى بار ئىدى، بىراق ھەرقانچە گەپ قىلغان بىلەنمۇ خاسىيەتنىڭ ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان مىجەزىنى بىلگەچكە ئۇشۇقچە گەپ قىلىشنى ئورۇنسىز كۆردى.

— بىر چىنىدىن ئاچچىق چاي دەملەي، ئاداش، چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى.

— بۇ چاي ئىچمىگەن ئۆي بولمىغاندىكىن بولدى قىلىڭ، ئاداش، — دېدى خاسىيەت ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن توختىگۇلنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، — كىرىپ كېيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ چىقىڭ! دەرھال ماڭمىساق كېچىكىپ قالىمىز، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا يۈز - ئابرۇيى بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان كىشىلەر، كېچىكىپ قالساڭ سەت تۇرىدۇ.

— مەن بارماي، ئاداش، — دېدى توختىگۇل ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، — مۇختەرجاننىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۇ ئەتە قايتىپ كېلەلمىسەممۇ، ئۆگۈنلۈككە سودا پۈتسۈن - پۈتمىسۇن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن دېگەنىدى، ناۋادا ئۇ كەلگەندە ئىشىك تاقاق بولۇپ قالسا ياخشى بولماس، شۇڭا سىزلا بېرىپ كېلىڭ.

— ئۇ كەلگەندە ئىشىك تاقاق بولسا ياتاق ئېچىپ يېتىپ تۇرىدۇ، — دېدى خاسىيەت چىرايىنى بىرقىسما پۈرۈشتۈرۈپ، — سىز بىلەن تونۇشمىغاندىمۇ ياتاقتا يېتىۋاتقان ئۇلار، ئۇ سىزنىڭ قانۇنلۇق تەگكەن ئېرىڭىز بولمىغاندىكىن نېمانچە قىلىپ كېتەتتىڭىز، تۇرۇڭا ئورنىڭىزدىن، چىشىمغا تەگمەي!

— مېنى زورلىماڭ، سادىغاڭ كېتەي دوستۇم، — دېدى

توختىگۇل يىغلىغان قىياپەتتە، — راستىلا مېنىڭ ئۇ يەرگە بارغۇم يوق، بارغان تەقدىردىمۇ ئىچىلىپ ئولتۇرالمايمەن، شۇڭا مېنى زورلىماي ئۆزىڭىز بېرىۋېرىڭ، مەن يەنىلا مۇختەرجاننى ساقلىغاچ ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ تۇراي.

خاسىيەت گاھ چىرايلىق، گاھ قوپال بىر تالاي سۆزلەرنى قىلىپ توختىگۇلنى ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشقا زورلاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جاھىللىق قىلىپ زادىلا ئۇنىمىدى. شۇنچە گەپ قىلىپمۇ گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەن خاسىيەت ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، بوينىنى شاپتۇل قاقىقىنچە خوشمۇ دېمەي ئىشىكنى جالاقلىتىپ ياپقىنىچە چىقىپ كەتتى.

دېمىسىمۇ، مۇختەرجان بىلەن توختىگۇل ھېچقانداق قانۇنلۇق نىكاھ رەسمىيىتى ئۆتمىگەندى. بىر كۈنى ئۇلار كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن ياشقا چوڭراق بىر بوۋاينى ئۆيگە چاقىرىپ، ماھىرجان بىلەن خاسىيەتنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەنلا نىكاھ قىلىۋالدى. توختىگۇل ھەتتا ئېرى يارى ياۋاش تۇگەپ كەتكەندىن بۇيان، ئۆزلىرىگە ئائىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ھەسەن ئاكا بىلەن ئايشەمخان ھەدىنىمۇ بۇ ئىشقا شېرىك قىلمىدى. مۇختەرجان تويلۇق ئۇچۇن توختىگۇلگە ئىككى مىڭ سوم نەق پۇل بەرگەندىن باشقا ھېچقانداق چىقىم قىلمايلا، كۇچىمەيلا تەييار ئۆيگە ۋە تامىقىنى ئېتىپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىدىغان خوتۇنغا ئىگە بولۇۋالدى.

ئۇلار نىكاھ قىلدۇرۇپ بىرەر ئايغىچە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىشىپ ناھايىتىمۇ ئىناق ئۆتتى. شۇ تاپتا توختىگۇل ئۆزى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىللە تۇرۇشنىڭ نەقەدەر كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كىنايىلىك سۆزلىرى، ۋارقىراشلىرى، ھەتتا رەنجىشلىرىمۇ شۇقەدەر سۆيۈملۈك، مۇھەببەتلىك تۇيۇلىدىغانلىقىنى تۇنجى

قېتىم ھېس قىلىۋاتقانىدى. دېمىسىمۇ، توختىگۈل يارى ياۋاش بىلەن ئۆي تۇتقان سەككىز يىلدىن بېرى ئۇنى ياخشى كۆرۈشكە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرۈپ كېتەلمىدى. ئۇ يارى ياۋاش ئىشقا چىقىپ كېتىپ ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، تۇنجى سۆيگىنى دولقۇن ئېسىگە كېلىۋېلىپ، ئۇنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن سېغىناتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيالەن مۇڭدىشاتتى، بەزىدە ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان يارى ياۋاش بىلەن تويى قىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچمەنلىك قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا يارى ياۋاشنىڭ پەس ئاۋازدا قىلغان گەپ - سۆزلىرىمۇ قۇلاق تۈۋىدە ئېشەك ھاڭراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، بىردەمدىلا خۇيى تۇتۇپ قالاتتى - دە، «مىجەزىم يوق» دەپ يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالاتتى. ئەزەلدىن ئىككى ئېغىز تاتلىق گەپ قىلىپ ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيدىغان يارى ياۋاش ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگىنىگە قارىماي، قازان بېشىغا ئۆزى ئۆتەتتى. بۇنداق چاغلاردا توختىگۈل خۇش بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن «ئىككى ئېغىز تاتلىق گەپ قىلىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىمۇ بىلمەيدۇ بۇ گاچا، شۇڭىمۇ ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرگۈچە خوتۇن ئالالماي يۈرۈپتىكەن بۇ تىلىنى قاغا چوقۇۋالغان گۆشباش» دەپ، ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇراپ قوياتتى...

كەچلىك غىزادىن كېيىن بېشىنى توختىگۈلنىڭ پۇتىغا قويۇپ سافادا يانپاشلاپ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان مۇختەرجان كۆزىنىڭ قىرىدا توختىگۈلگە لەپپىدە قاراپ قويدى - دە، سۆزگە ئېغىز ئاچتى.

— يېقىندىن بېرى سودا سەل كەينىگە دەسسەپ قېلىۋاتىدۇ، خوتۇن، — دېدى مۇختەرجان توختىگۈلنىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىدىكى قولىغا چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، — ئەسلىدە نىكاھتىن كېيىن ئۇستىبېشىڭنى بىر قۇر يېڭىلاپ، ئالتۇن زىبۇ -

زىننەتلىرىڭنى تولۇقلاپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدىم، لېكىن ھازىرغىچە بۇ ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرالمىدىم، شۇڭا مېنىڭدىن ھەرگىزمۇ رەنجىمىگىن، سودا سەللا يۈرۈشۈپ ئالدىغا دەسسىۋالسا، چوقۇم ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرىمەن.

ئېرىنىڭ سۆزلىرىدىن ھاياجانلانغان توختىگۈل مەمنۇنلۇق نەزىرى بىلەن قۇچىقىدا ياتقان ئېرىغا قارىدى. چۈنكى، ئۇ مۇختەرجانغا بەكمۇ ئىشىنەتتى، مۇختەرجان مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدۇ، ماڭا ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ئەمەس، بەلكى چىن مۇھەببىتى كېرەك، مۇھەببەت بولمىسا مال ـ دۇنيانىڭ نېمە لازىمى دەپ ئويلايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەربىر ئېغىز سۆزنى چىن كۆڭلىدىن قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنەتتى.

ــ باللار مومىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىلى ئىككى ئايچە بولۇپ قالدى، ــ دېدى مۇختەرجاننىڭ چاچلىرىنى سۆيۈنۈش ئىلكىدە سىلاپ ئولتۇرغان توختىگۈل پەس ئاۋازدا، ــ مېنىڭچە بولسا باللارنى ئەكېلىۋېلىپ، بىللە تۇرغان بولساق ياخشى بولاتتى، ئۇلار ھازىردىن باشلاپ سىزنى «دادا» دەپ كۆنسە ياخشى ئەمەسمۇ؟

ــ شۇنداق بولغان بولسا مېنىڭچىمۇ ياخشى بولاتتى، ــ دېدى مۇختەرجان ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، ــ بىراق ئىككىمىز ئەر ـ خوتۇن بولۇپ بىر ئۆيگە كىرگىلى ئۇزاق بولمىدى، سودا ئىشلىرى بىلەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىرتتا يۈرۈپ شېرىن ئاينىمۇ كۆلۈڭدىكىدەك ئۆتكۈزەلمىدۇق. يەنە بىرسىگە، بايا دەپ ئۆتكەندەك سودا كەينىگە دەسسىۋېلىپ چاتاق قىلىۋاتىدۇ، باللارنى ئەكەلگىنىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىساق بولىدۇ، شۇڭا يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ تۇرساق بولارمىكىن.

توختىگۈل ئۇنىڭ سۆزىگە قارىتا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، ئوشۇقچە گەپ قىلىشقا پېتىنالماي،

تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ مۇختەرجاننى ئۆيىگە باشلاپ كەلگەن تۇنجى ئاخشىمى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بالىلىرى توغرۇلۇق گەپ قىلغىنىدا ئۇنىڭ ئىككىلەنمەي تۇرۇپلا «خاتىرجەم بولۇڭ، قوزام! سىزنىڭ بالىڭىز مېنىڭ بالام، خاتىرجەم بىر ئۆيگە كىرىۋالساقلا، بالىلارنى ياندۇرۇپ كېلىمىز. مەن ئۇلارنى تۇمشۇقى بارغا چوقۇتماي، تىرنىقى بارغا تاتىلاتماي بىر قوللۇق بېقىپ چوڭ قىلىمەن» دەپ بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ قۇرۇق ۋەدىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئىلگىرىمۇ بۇ توغرۇلۇق گەپ بولسىلا گەپنى باشقا تەرەپكە ئېلىپ قېچىپ زادىلا تۇتۇق بەرمىگەنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار نىكاھ قىلىۋالغان ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، مۇختەرجان ئۇنىڭغا تويلۇق ئۇچۇن بەرگەن ئاشۇ ئىككى مىڭ سومدىن باشقا بىر تىيىنمۇ پۇل بەرمىدى. ئۆيدە ئۇن، گۈرۈچ، ياغ دېگەندەك نەرسىلەر بارمۇ ـ يوق؟ كۆكتاتلارنى نېمىگە ئېلىۋاتىدۇ؟ دېگەنلەر بىلەن ئەسلا كارى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ توختىگۈل «قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولسىلا بولمىدىمۇ، نېمىمۇ قىلارمەن ئۇ بىچارىنى مۇنچە خىجالەت قىلىپ» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئۇ بىر كويلۇق ناندىن ئىككىنى سېتىۋالغىدەكمۇ پۇلى يوق قىينالغان چاغلىرىدا، ئىلاجسىزلىقتىن پۇلنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالسا، مۇختەرجان «سودا كەينىگە دەسسىۋالدى، پايدىدىن كۆپرەك زىيان چىقىۋاتىدۇ، ھازىرچە ماڭا پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ خىجالەت قىلما» دەپ ئۇنى ئىككىنچىلەپ ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قوياتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك گەپ قىلدىن قىيىق كېتىپ قالسىلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھەيۋە قىلىدىغان، ھە دېسىلا مۇشتىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا يۈگۈرىدىغان بولۇۋالغانىدى.

ئەڭ ئەقەللىي تەلىپىمۇ رەت قىلىنغان توختىگۈلنىڭ كۆڭلى چىۋىن يەۋالغان ئادەمدەك بىئارام بولۇپ، كۆز چاناقلىرىدا

ئۈشتۈمتۈت پەيدا بولغان ياش تۇغاننى بۇزغان دەريا سۈيىدەك مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ ئېتىكىگە دومىلاپ چۈشتى. توختىگۈلنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تاماشا قىلىشقا ئۈلگۈرگەن مۇختەرجان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، تاماكىسىنى چەككىنىچە بەخىرامان ئولتۇرۇۋەردى.

كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان توختىگۈل ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇيقۇسىنى تاپالمىدى. ئەينى چاغدا يېقىن دوستى خاسىيەتنىڭ «ئۆزىڭىزنى بەك ئۇرۇپ كەتمىسىڭىز بولاتتى، دوستۇم، مۇنداق كىشىلەر سىزگە ھەرگىز ئاش بولمايدۇ، ياخشىسى سىنىڭ راست دەپ يالغاندىن ئەركىلەپ قويۇپ، پۇلىنى خەجلەڭ، ئىنس ـ جىن بىلمەيدىغان بۇنداق يوشۇرۇن تىجارەت قىلىدىغانلارنىڭ بۇگۈنى بۇ يەردە يۈرگىنى بىلەن ئەتىسى قەيەردە يۈرىدىغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەگەر گېپىمگە كىرمەي نىكاھ ئوقۇتۇپ ئۆيىڭىزگە ئەكىرىۋالسىڭىز ھامان بىر كۈنى سىزنى ئوڭدا قويىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز» دېگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ، دىماقلىرى ئېچىشتى، كۆزلىرىدىن توختاۋسىز ئېقىۋاتقان ياشلىرى ياستۇقنى نەملىدى. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشنى، چىققىلى ئۇنىمىسا ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى ئويلىدى ـ يۇ، يەنىلا بۇ خىيالىدىن يالتىيىپ قالدى. چۈنكى، مۇھەببەت ئوتى پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان يۈرىكى ئۇنىڭدىن بىر يوللا ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىمايتتى. مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئىچىدە قالغان توختىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. تالا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار پۈتۈن ئەتراپقا ئاپپاق لىباس كىيدۈرگەن بولۇپ، يەر بىلەن ئاسمان تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. يېقىن ئەتراپتىكى كاتولدىن گۈركىرەپ چىقىۋاتقان موتور ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن ئەتراپ ئېغىر

سۈكـۈتكە چۆمـگەنـدى. شـۇ تاپـتـا ئـۆزىدىـن بـاشـقا بـارلـىق مەۋجۇداتنىڭ شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چەكسىـز خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولغان توختىگۇل ئۇيـان ئويلاپ، بۇيـان ئويلاپ قـانداقتۇر بىـر يېڭى چارە تاپـقـاندەك بولـدى ـ دە، ئـۆز ئەقلىدىن رازى بولغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شـۇ تاپتا ئـۇ مۇختەرجان تىجارەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە بالىلىرىنـى يېنىـغا ئەكېـلىۋېلـىشنى، قـالغان ئـىشلارنى ۋاقـتـى كەلگـەنـدە كۆرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەندى.

# ئىككىنچى باب

# بوسۇغىدا قالغان سەبىيلەر

بۇ يانۋار ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، جاندىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇق سىرتتا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى ئۇچۇرۇۋېتەتتى. قەدىمكى يارىش دالاسىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى چىڭغىس تېغى باغرىغا جايلاشقان بۇ كىچىككىنە زامانىۋى نېفىت شەھىرىنىڭ يازلىقى تىن تارتقىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە ئىسسىق، قىشلىقى تۈكۈرگەن تۈكۈرۈك يەرگە مۇز بولۇپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە سوغۇق بولاتتى. شۇڭا، بۇ يەردىكى كىشىلەر يازدا ئۇچىسىغا ئاسما مايكا، كالتە ئىشتان كىيىپ يۈرۈشسە، قىشلىقى پۇتىغا پىيما، ئۇچىسىغا جۇۋا، بېشىغا قېلىن قۇلاقچىلارنى كىيىپ قىشنى چىقىراتتى. مۇنداق سوغۇق بولغان مەزگىللەردە بۇرغىلاش ئەترەتلىرىمۇ بۇرغىلاشنى توختىتىدىغان بولۇپ، ئىشچىلار دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلەتتى ياكى كەسپىي ئۆگىنىشكە قاتنىشاتتى. ھاراقنى كۆپرەك ئىچىپ قويۇپ ئۆيلىرىگە يېتىپ بارالماي تالادا يېتىپ قالىدىغانلارنىڭ بىردەمدىلا تارىشىدەك قېتىپ قالىدىغانلىقىنى دېمىگەندىمۇ، بىخەستەلىك قىلىپ سىرتقا يېلىڭغىراق چىقىپ قالغانلارنىڭ پۇت - قوللىرى ياكى قۇلاق - بۇرۇنلىرىنىڭ ئۈششۈپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر پات - پات بولۇپ تۇراتتى.

توختىگۈل بالىلىرىنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلىپ بىر ھەپتە بولغاندا، زورىخان ئانا «يالغۇز ئۆيدە زېرىكىپ قالىدىكەنمەن،

نەۋرىلەرنىڭ بىرەرسى بولسىمۇ ماڭا ھەمراھ بولسۇن، ئۇلار يېنىمدا تۇرسا كۆڭلۈم پۇتۇن تۇرىدىكەن» دەپ، چىقىۋاتقان شىۋىرغانغا قارىماي نەۋرىسى شاراپەتنى ئېلىپ كەتكىلى توختىگۈلنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— بۇ شىۋىرغاندا قانداقمۇ كەلگەنلا، ئاپا؟ — دېدى توختىگۈل قار ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغان زورىخان ئانىنىڭ ئۇستىدىكى قارلارنى لۆڭگە بىلەن قاققاچ، — بەك ئالدىراپ كەتكەن بولسىلىمۇ شىۋىرغان توختىغاندىراق كەلسىلىرى بولماسمىدى، يوللار مۇز ھەم تېيىلغاق تۇرسا قورقماي قانداقمۇ ماڭغاندىلا؟

— يۇزۇمگە ياغلىقنى چىڭ ئوراپ، تام ياقىلاپ ئالدىرىماي مېڭىپ كەلدىم، بالام، — دېدى بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە چىققۇچە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ جېنى ئارانلا قالغان زورىخان ئانا ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ، — شۇنچە يولنى بېسىپ كەلگۈچىمۇ مۇنچە چارچىمىغانىدىم، بۇ پەلەمپەيلەردىن چىقىپ بولغۇچە ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاس - تاماس قالدى دېسە، نېمانداق ئېگىز گە چىقىۋالغان بولغىيدىڭلار؟

— ئىلگىرىمۇ تالاي قېتىم كەلگەنىدىلىغۇ، ئانا؟ — دېدى توختىگۈل يىخىلداپ كۈلۈپ، — ئۇ چاغدا ئېگىزلىكى بىلىنمىگەنمىدى سىلىگە؟

— ئۇ چاغلاردا چارچىغاننى ھېس قىلماپتىكەنمەن، بۈگۈن بۇ پەلەمپەيلەر شۇنداق تىك بىلىنىپ كەتتىغۇ تاڭ؟! شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يىل باشقىچە قېرىلىق يېتىپ قالغان ئوخشايدۇ ماڭا.

توختىگۈل زورىخان ئانىنىڭ ئۇزۇن سوكنا پەلتوسى بىلەن تىۋىت شال ياغلىقنى ئېلىۋېلىپ ئىلغۇغا ئىلدى، مومىسىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قىلىشقان باللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىشكىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. بىر ھەپتىدىن بۇيان نەۋرىلىرىنى سېغىنىپ كۆزلىرى

تۆت بولغان زورىخان ئانا ئۇلارنى بىر - بىرلەپ باغرىغا بېسىپ يۈزلىرىگە، پېشانىلىرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتى.

— مېنى سېغىنىدىڭلارمۇ، قوزىلىرىم؟ — دېدى زورىخان ئانا مېھىر نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىنى ئالدىدىكى تايچاقلىرىغا چەكسىز مۇھەببەت بىلەن تىكىپ، — مەن سىلەرنى يوقلاپ كەلمىسەم مومامنى يوقلاپ كېلەيلى دېمەيدىكەنسىلەر - ھە؟

— بىزغۇ بارايلى دېگەنىدۇق، — دېدى تۇرغانجان تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ، — بىراق تالا بەكلا سوغۇق بولغاچقا قورقۇپ چىقالمىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپام كۈن سەل ئىسسىغاندىراق سىلەرنى ئۆزۈم ئاپىراي دېگەنىدى، شۇڭا بارالمىدۇق.

— چېقىشىپ شۇنداق دەپ قويدۇم، باللىرىم، — دېدى زورىخان ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ، — دېمىسىمۇ، تالا بەك سوغۇق بولغاچقا سىلەرنى كېلىمىز دەپ ئاۋارە بولمىسۇن دەپ ئۆزۈم كەلدىم، قوزىلىرىم.

ھايال ئۆتمەيلا توختىگۈل داستىخاننى راسلاپ، زورىخان ئانىنىڭ ئالدىغا چاي قويدى. قاتتىق سوغۇقتا ئىككى كىلومېتىرچە يولنى بېسىپ كەلگۈچە سوغۇق ئىچ - ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن زورىخان ئانا قېنىق قىلىپ دەملەنگەن قىزىق چايدىن بېسىپ ئىككى پىيالە ئىچكەندىن كېيىن بىر ئاز ئىسسىغاندەك بولدى. ئۇ ئالاھازەل بىرەر سائەتچە ئولتۇرغاندىن كېيىن، توختىگۈلنىڭ «سوغۇقتا نەگە بارىلا ئانا، تالادا شىۋىرغان چىقىۋاتسا ماڭىمەن دېگەنلىرى نېمىسى؟ ھېچ بولمىسا بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىپ ئەتە شامال توختىغاندىراق ماڭسىلىمۇ بولىدۇ. ئىككىمىزمۇ قانغۇدەك مۇڭداشمىغىلى خېلى يىللار بولۇپ قاپتۇ، بىر ئاخشام بولسىمۇ مۇڭدىشىپ يېتىۋالايلى» دەپ، شۇنچە تۇتقىنىغا ئۇنىماي قايتىشقا تەمشەلدى.

— ئوبۇلجان بىر ئىشقا چىقىپ كەتسە ھەپتە - ھەپتىلەپ قايتىپ كېلەلمەيدۇ، — دېدى زورىخان ئانا ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — يالغۇز ئۆيدە ئىچىم سىقىلىپ سەل بىئارام بولۇپ قالىدىكەنمەن، ئادەم قېرىغاندا يالغۇزلۇقتىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، بالام. كۈندە قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىۋېرەي دېسەمۇ «بىر بىكارچى ئوننى بىكار قىلىپتۇ، دېگەندەك ئىشى يوقمىدۇ بۇ مەزلۇمنىڭ» دەپ قالامدىكىن دەپ خىجىل بولىدىكەن ئادەم، شۇڭا شاراپەتنىڭ كىيىمنى قېلىنراق كىيدۈرۈپ بەرسىڭىز ئېلىپ كېتەي. بۈگۈن شىۋىرغانغا قارىماي بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى مەقسىتىممۇ شۇ، بالىنى كۆرگىڭىز كەلسە ئارىلىقتا ۋاقىت چىقىرىپ بېرىپ كۆرۈپ كېلەرسىز. ھە راست، بارغان چېغىڭىزدا تۇرغانجان بىلەن غۇلامجاننىمۇ بىللە ئالغاچ بارارسىز قىزىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرسى ئوڭ كۆزۈم بولسا بىرسى سول كۆزۈم، بۈنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى كۆرگۈم كەلسە بۈگۈنكىدەك كېلىپ بولالماسلىقىم مۇمكىن.

زورىخان ئانىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالغان توختىگۈل شاراپەتنىڭ كىيىمنى قېلىن كىيدۈرۈپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى شارپا بىلەن مەھكەم ئورىدى. زورىخان ئانا ئىشىكتىن چىققۇچە تۇرغانجان بىلەن غۇلامجاننىڭ يۈزلىرىگە يېنىش - يېنىش سۆيۈپ، ئۇلارغا ئاپىسىنى قاقشاتماسلىق ھەققىدە بىر تالاي نەسىھەتلەرنى قىلدى - دە، شاراپەتنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئۆيدىن چىقتى. گەرچە تۇرغانجان بىلەن غۇلامجاننىڭمۇ مومىسى بىلەن بىللە كەتكۈسى بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنى بىھۇدە رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ چىش يېرىپ ئېغىز ئاچالمىدى. شاراپەتمۇ ئۆيدىن چىققۇچە يۈمران يۈرىكى خۇددى بۇ ئۆيگە ئىككىنچىلەپ قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەندەك، ئاپىسى بىلەن ئىككى ئاكىسىنىڭ بوينىغا مەھكەم ئېسىلىپ سۆيۈپ قويدى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، بۇ ئەمدىلا تۆت ياشتىن ئاشقان شاراپەتنىڭ ئاپىسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم

بالىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈشى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بوينىغا گىرە سېلىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغانىدى.

ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئىككى كۈن ئۆن — تىنىسىز يوقاپ كەتكەن مۇختەرجان كۆز باغلىناي دېگەن مەزگىل بولغاندا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى دېگەندەك ياخشى ئەمەس بولۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. يېقىندىن بۇيان، بولۇپمۇ توختىگۈل باللىرىنى ئۆيىگە ياندۇرۇپ ئەكېلىۋالغاندىن بۇيان ئۇنىڭ خۇيى بىراقلا ئۆزگىرىپ، ئىلگىرىكى خۇشخۇيلۇقىدىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا يوقىلاڭ بىر ئىش ئۈچۈنلا «ئون يۇرىكىڭ بارمۇ سېنىڭ، قاچاندىن بېرى ئەر كىشى بىلەن تەڭ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدىڭ، ساڭا ئايىماي بېرىۋاتقان ئاش ـ نان بىلەن توم ـ توم پۇللار بىقىنىڭغا ئۇسۇپ كېتىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ ۋۇي زېدىپەس قېرى قانجۇق» دېگىنىچە، ئۇنى باللارنىڭ ئالدىدىلا بىرمۇنچە دۇمبالاپ چىقىپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن باللار ئاپىسىنىڭ ئۆگەي دادىسىدىن تاياق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئارىغا كىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكار ئاپامنى ئۇرىسەن دېيىشكىمۇ پېتىنالماي بىر ـ بىرنى قۇچاقلاشقىنىچە بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ يىغلاپ تۇرۇشتىن باشقا چارە قىلالمىدى.

— تاماق قىلمىدىڭما؟ — سورىدى مۇختەرجان چاپىنىنى سافانىڭ ئۈستىگە پىرقىرىتىپ تاشلاپ، — ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە قانداقراق ئەھۋالىڭىز دەپ سوراپمۇ قويمايسەنغۇ، ئالا كۆچۈكلىرىڭ تېخىچە كەتمىگەن ئوخشىمامدۇ، قاچانغىچە ئەر كىشىنىڭ ئالدىغا كۆلۈپ چىقىشنى ئۆگىنەلمەيسەن؟

توختىگۈل بېشىدا تۇرۇپ چالۋاقاۋاتقان مۇختەرجانغا لەپپىدە بىر قارىۋەتتى ـ دە، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى. يارى ياۋاش بىلەن سەككىز يىل ئۆي

تۇتۇپ ئۈچ باللىق بولغىچە ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز ھاقارەتلىك سۆزىنى ئاڭلاپ باقمىغان، بىرەر شاپىلاق تايىقىنى يەپ باقمىغان توختىگۈلگە باللىرىنىڭ ئالدىدىلا ھارغىنچە تاياق يېيىش بەكلا ھار كەلگەنىدى. جەمئىيەتنىڭ قانداقلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن، تۇرمۇشنىڭ ھېچقانداق ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزمەي ئەركە ياشاپ كۆنۈپ قالغان بۇ ئايال مۇختەرجاننى قانچە تېز ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا شۇنچە تېزلا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى بىراقلا ئۈزۈپ ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بۇ گەپنى دېيىشكە پېتىنالمىدى. گېپىنى ئوچۇق قىلالماي ئۇن ـ تىنسىز قارشىلىق كۆرسىتىپ بېقىپمۇ ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمەي ئاخىرى «پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، پېشانىگە پۈتۈلگەننى بەندىنىڭ تارتماسلىقىقا نېمە ئامالى؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشكە مەجبۇر بولغان توختىگۈل ئۇنىڭغا قۇللارچە باش ئېگىپ خىزمىتىنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى.

خام قىيمىلاپ ئېتىلگەن ئۈگرە بەكمۇ ئوخشىغان ئىدى. ئىككى چوڭ چىنە ئۈگرىنى ئىچىۋەتكەن مۇختەرجان ئۆزىنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، تاماكىسىنى شورىغىنىچە ئوڭدا ياتتى. ئۆي ئىسسىقمۇ ياكى ئۈگرە ئىسسىق باستىمۇ، پېشانىسىدە مونچاق ـ مونچاق تەرلەر يالتىراپ تۇراتتى.

— ھەي، كۆك ماڭقا! بۇياققا كېلىپ پايپىقىمنى سېلىۋەت! — تۈۋلىدى مۇختەرجان مېھمانخانا ئۆي بىلەن ئاشخانىنىڭ ئارىلىقىدىكى كىچىككىنە كارىدورغا كىچىك ئۈستەلنى قويۇۋېلىپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان تۇرغانجانغا كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، — نېمىگە بىزىرىپ تۇرىسەن ساقلاندى؟ گەپ قىلغاندىكىن گاچچىدە بولمامسەن!

سەككىز ياشتىن ئاشقان تۇرغانجان باشلانغۇچنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بولۇپ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان

بولۇپ قالغانىدى. ئۆگەي دادىسىنىڭ ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق ھاقارەت قىلىشى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى بولغاي، غەزەپلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. مۇختەرجانىنىڭ قوپال توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان توختىگۈل مېھمانخانا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، بىھۇدە جېدەل بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، مۇختەرجانغا مىختەك قادىلىپ تۇرغان ئوغلىغا: «بوپتۇ، بېرىپ پايپىقىنى تارتىپ قوي» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىلدى. ئاپىسىنىڭ قورققىنىدىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ سەل پەسكويغا چۈشكەن تۇرغانجان قولىدىكى قېرىنداشنى ئۈستەل ئۈستىگە تاراققىدە تاشلاپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، مۇختەرجان ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ پايپىقىنى سالدى. ئۇ پايپاقنى كارىۋاتنىڭ ئايىغىغا قويۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىشىغا مۇختەرجان يەنە ۋارقىرىدى:

— پايپاقنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويغىچە ئاۋۇ لالما ئاپاڭغا ئاچىقىپ بەر، يۇيىۋەتسۇن !

تۇرغانجان كەينىگە ئۆرۈلۈپ كارىۋات ئۈستىدىكى پايپاقنى ئالاي دەپ ئېڭىشىپ تۇرۇشىغا تاپ بېسىپلا كىرىپ كەلگەن توختىگۈل چاققانلىق بىلەن پايپاقنى ئالدى ـ دە، ئوغلىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتقىنىچە چىقىپ كەتتى.

مۇختەرجان بىلەن بىر ئۆيدە ياشىغان بىرقانچە ئايدىن بۇيان ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ تىلىنى ئىشتىپ، تايىقىنى يەپ بۇرۇن ـ قۇلىقىغىچە تويۇپ كەتكەن توختىگۈل ئەينى چاغدا خاسىيەتنىڭ «بۇنداق ئادەملەرگە كۆڭۈل بەرگىلى بولمايدۇ، دوستۇم، ئۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولىمەن دېمەي سېنىڭ راست دەپ قويۇپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ پۇلىنى خەجلەڭ، ئۆزىڭىزنى ئۇنچىۋالا ئۇرۇپ كەتكۈدەك ئۇ تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەس» دېگەن گېپىگە بىپەرۋا قارىغىنىغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

— مەن سىزگە دېمىگەنمىدىم، دوستۇم، — دېدى خاسىيەت توختىگۈلنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاينى قويغاچ، — مۇنداق

كىلىشى ئىنىق بولمىغان بىرنىمىلەرگە بەك كۆڭۈل بىرىپ كەتكۈلۈك ئەمەس ئىدى، سەللا ۋاي دەپ قويسا ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان خەق بۇ. سىز دېگەن مەندىن بىرقانچە ياش كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن كۆرگەن سورۇننىڭ يۈزدىن بىرىنى تېخى كۆرگىنىڭىز يوق، ئەينى چاغدا مېنىڭ گېپىمگە كىرگەن بولسىڭىز بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەتكە قالمىغان بولاتتىڭىز.

ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇپ باققان بولسىمۇ مۇختەرجاننىڭ سېلىنۋاتقان ئازابلىرى ئىچىگە سىغمىغان توختىگۈل ئەتىگەن مۇختەرجان ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى ھامان تۇرغانجانىنى مەكتەپكە يولغا سېلىۋېتىپ، غۇلامجانغا ئۆيدە بىردەم تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرۇشنى جېكىلەپ، سەھەرنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان ئاچچىق سوغۇقىغا قارىماي خاسىيەتنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى.

ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزىنىمۇ يۇيۇشقا ئۈلگۈرمىگەن خاسىيەت ئىشىكنىڭ ئەنسىز چېكىلىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئەتىگەندىلا چېكىلىشىنىڭ ھەرگىزمۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، قورقۇمسىراپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى - دە، بوش ئاۋازدا «كىم؟» دەپ تۈۋلىدى، سىرتتىن توختىگۈلنىڭ «مەن» دېگەن تونۇش ئاۋازى ئاڭلانغاندىلا كۆڭلى جايىغا چۈشتى - دە، ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى. تولا خىيال قىلىپ بىر كېچە ئۇخلىمىغاچقىمۇ ياكى تولا يىغلىغاچقىمۇ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن توختىگۈل ئالدىدا ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان خاسىيەتنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، چاناقلىرىنىڭ ئەتراپىدىلا ئەگىپ يۈرگەن ياشلىرى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا زادىلا بويسۇنمىدى. تاسادىپىي بۇ ھادىسىدىن قورقۇپ كەتكەن خاسىيەت تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن يىغا ئاۋازىنى قوشنىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلدى بولغاي، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپلا ئۆيگە ئەكىردى - دە، ئىشىكنى دەرھاللا

يېپىشۋالدى.

خاسىيەتنىڭ سورۇنمۇسورۇن يۈرۈپ ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن كىشىلەر بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئادەم تىلغا ئالسىمۇ تېنى شۈركۈنىدىغان تىجارەت شەكلى بىلەن پۇل تاپىدىغانلىقىنى بۇ كىچىككىنە شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا بىلىپ كەتكەنىدى. شۈكلاشقىمۇ كارىدوردا ئازراقلا شەپە ئاڭلانسا قوشنىلار «يەنە قانداق رەڭدىكى ئادەم كەلگەندۇ؟» دېيىشىپ ئىشىكلىرىنى قىيا ئېچىپ مارايدىغان، بەزىدە ھەتتا خاسىيەتكە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «بىتەرەت يۈرىدىغان بۇزۇقلار بوسۇغىمىزنى تولا دەسسەپ چىرايىمىزمۇ سۆرۈنلىشىپ كەتتى، نېمىشقا مۇشۇنداق بۇزۇقلارغا ئۆلۈم كەلمەيدىغاندۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا ئەزرائىلمۇ بىتەرەتلەرنىڭ يېنىغا يېقىن كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئۇنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق تىللىشاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ ئاياغ تىۋشى ئاڭلانغان ھامان ئوچۇق تۇرغان ئىشىكلىرىنى جالاقشىتىپ يېپىشىدىغان بولۇۋېلىشقانىدى.

خاسىيەتنىڭ ئۆيىمۇ بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى قەۋىتىدە بولغاچقا، كىرىپ - چىققۇچە قوشنىلارنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ھاقارەتلەر دەسلەپتە ئۇنىڭغا خېلىلا ھار كەلدى، ئۆزىنى يالغۇز ئۆيگە سولاپ يىغلاپمۇ باقتى، ئاچچىقى ئىچىگە پاتمىغان چاغلىرىدا كارىدورغا چىقىپ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ: «مەن خەقنىڭ ئاستىدا ياتقاندا ھەرقايسىڭ بېشىمغا ياستۇق بولۇپ بېرىشكەنمىدىڭ؟ ئويۇننى مەن ئوينىسام، سەن خەققە نېمە دەز كەتتى؟ مېنىڭدەك ياشلىقىڭ، مەنچىلىك جەلپكار چىرايىڭ بولسا ئويناشماتتىڭ؟ ! ھە دېسىلا شالىڭنى چېچىشماي ئۆيۈڭدىكى ئەرلىرىڭنى باشقۇرۇش !» دەپ، راسا بىر تىللاپ دەردىنى چىقىرىۋېلىشنى ئويلىدى - يۇ، لېكىن «كونىلار: تەرگىسەڭ تېرىق بولىدۇ، دەپتىكەن، ئۆزۈمنى ئۈپرىتىپ نېمىمۇ قىلاي، سۆزلەپ - سۆزلەپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە

توختاپ قالار» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى ــ دە، پەسكويغا چۈشۈپ قالاتتى. دەسلىپىدە ئۇ كارىدوردىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ ــ چىققان بولسا، ئەمدىلىكتە گىدەيگەن هالدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە گۈس ــ گۈس دەسسەپ ماڭىدىغان، باشقىلارنىڭ هاقارەتلىك تىللىرىنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ يۈرۈۋېرىدىغان بولۇۋالغانىدى. راست دېگەندەك ئۇنى تولا تىللاپ چارچىغان قوشنىلار ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ياكى ئاۋازىنى ئاڭلىغان هامان ئىشىكلىرىنى يېپىۋالىدىغان بولۇپ قېلىشتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆز غەلىبىسىدىن پەخىرلەنگەن هالدا مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى.

پارتلاش مۆھلىتى توشۇپ قالغان قەرەللىك بومبىدەك بىراقلا پارتلىغان توختىگۈل ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى خاسىيەتنىڭ قوينىغا ئېتىپ، خۇددى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغان كىچىك بالىدەك ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ يىغلىغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرى بىردەمدىلا خاسىيەتنىڭ مۈرىسىنى چىلىقىدە ھۆل قىلىۋەتتى. «ئىچى بوشايدىغانلا ئىش بولسا، بوپتۇ قانغۇدەك يىغلىۋالسۇن بىچارە بايقۇش» دېگەنلەرنى ئويلىغان خاسىيەت ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەنىدى.

توختىگۈل خېلىغىچە يىغلىدى. خاسىيەتمۇ ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، دولىسىغا بوشقىنا شاپىلاقلىغىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي يىغىدىن توختىشىنى كۈتۈپ تۇردى. قانغۇدەك يىغلاپ ئىچى بىر ئاز بوشاپ قالغاندەك بولغان توختىگۈل يىغىدىن ئۆزىنى ئاران دېگەندە توختىتىپ، ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتقان هالدا قاراپ تۇرغان خاسىيەتنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. خاسىيەت ئۇشۇقچە گەپ قىلمايلا ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى مېغىز رەڭ سوكنا پەلتوسىنى سالدۇرۇپ ئىلغۇغا ئاسقاندىن

كېيىن، ئۇنى مېھمانخانا ئۆيدىكى نەقىشلىك خۇرۇم سافاغا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتى.

بۇ مەزگىللەردە پۈتۈن شەھەردە ئۆيلىرىنى ھەر خىل پاسوندا بېزەيدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. كۆپىنچە كىشىلەر ئۆيلىرىنى چىرايلىق ئاقارتىپ، ھەر خىل پاسوندىكى كىيىم ئىشكاپلىرى، كىتاب جازىلىرىنى ياغاچچىلارغا ياسىتىپ، ئۇنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان رەڭدە سىرلىتاتتى، بۇ يەردە ئالىي دەرىجىلىك نەقىشلىك خۇرۇم سافالارنى ساتىدىغان بازارمۇ يوق بولۇپ، كىشىلەر سافا، كارىۋات دېگەندەكلەرنىمۇ ياغاچچىلارغا ياسىتىپ، ئۇنى ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان چىرايلىق رەختلەر بىلەن قاپلاپ ئىشلىتىۋېرەتتى.

گەرچە خاسىيەتنىڭ ئۆيىنى بەك چوڭ دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بېزىلىش جەھەتتە باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆي جاھازلىرىنى ياساتماي سېتىۋالغان بولغاچقا، تولىمۇ سۇپەتلىك، سېپتا كۆرۈنەتتى. ئۆيىنىڭ بېزىلىشىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، تامغا بىر مېتىردىن ئېگىزرەك قىلىپ ياغاچتىن زەدىۋال تارتىلغان، ئۆيىنىڭ تورۇسلىرىغا سىرىق زەر يالتىلغان گۈللۈك گەجدىن نەقىش قويۇلغان، ئۆينىڭ پۈتۈن تاملىرىغا ئاچ قىزىل رەڭگە مايىل كېلىدىغان تام قەغىزى چاپلانغانىدى. خاسىيەت ئۆي بېزەيدىغان ئۇستىلارنى ئۈرۈمچىدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن بولۇپ، ئۆي جاھازلىرىنى، ھەتتا ئۆيدە ئىشلىتىدىغان چوكا، قوشۇق دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنىمۇ شۇ يەردىن سېتىۋېلىپ ئەكەلگەنىدى.

ئەلۋەتتە، خاسىيەت ئاز ـ تولا پۇل تاپقان يەككە تىجارەتچى، بايلارغا، قولىدا ئاز ـ تولا ھوقۇقى بار، توغرا يولدىن تايغان بىر قىسىم ئەمەلدارلارغا ئەركىلەپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئورۇنسىز تەلەپلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلىغاندىن سىرت ھېچقانداق دەسمايە كەتمەيدىغان، تۇغۇلۇشىدىلا ئۆزىدە بار بولغان ئاشۇ پۇل تېپىش «ماشىنىسى»غا تايىنىپ تاپقان قوشۇمچە تاپاۋەتتىگە

تايانمىغىنىدا، ئايدا ئالىدىغان تۆت يۈز نەچچە كوي مائاشى بىلەن ئۆيىنى مۇنداق ھەشەمەتلىك بېزىيەلىشى، ئالىي دەرىجىلىك ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋالالىشى، مېھمانخانا ئۆيدىكى دات باسماس پولات بىلەن قىلىن ئەينەكتىن ياسالغان ئۈستەل ئۈستىگە ھەر خىل قۇرۇق يېمىش، پېچىنە ـ پىرەنىك، مېۋە ـ چېۋىلەرنى پىيالە قويغۇدەك يەر قالمىغۇدەك تىزىپ قويالىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

خاسىيەت گاز ئوچاقتا چۆگۈننى قويۇپ گازنى ياندۇرغاندىن كېيىن، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈزىنى يۇيۇپ، بىر قۇر سۈس گىرىم قىلىۋالدى ـ دە، ئاشخانىغا كىرىپ قىزىل مىستىن ياسالغان ئەپچىلگىنە كەلگەن چۆگۈنگە چاي دەملىدى.

ـــ ۋىيەي! دوستۇم، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى بىلگەن بولسام ئەتىگەنرەك تۇرۇپ سۈت ئەكىرىپ قويىدىكەنمەن، ـــ دېدى خاسىيەت قاش ـ كۆزىنى ئوينىتقان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ سىزنىڭ ئەتكەنچايغا ئامراقلىقىڭىزنى بىلەتتىم، شۇغىنىسى كېلىشىڭىزدىن چورتلا خەۋەرسىز بولغاچقا تەييارلىقمۇ قىلماپتىكەنمەن، سىزغۇ ئەتكەنچاينى بەكلا ياخشى ئېتەتتىڭىز، سىزنىڭ ئۆز قولىڭىز بىلەن تەييارلىغان ئەتكەنچېيىڭىزنى سېغىنىپمۇ قالغان ئۆزۈم.

خاسىيەتنىڭ توختىگۈلنى ماختاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەپ تۇرغان بارلىق ئازابلىرىنى يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتكەن مەيىن شامالدەك ئاجايىپ يېقىملىق تۇيغۇ ئاتا قىلدى، كۆڭلى بۆلەكچىلا ئېچىلىپ قالغان توختىگۈل بىلىپ ـ بىلمەي پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

ـــ سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرمىگىنىمگە بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم، ـــ دېدى توختىگۈل بىر چىشلەم ناننى ئېغىزىغا سېلىپ، قىزىق چايدىن بىر ئوتلام ئوتلىۋېلىپ، ـــ ئۇ پېسەندىنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىشىنىپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ تىلى شېكەردەك تاتلىق

بولغىنى بىلەن دىلى زەھەر نەرسە ئىكەن، ئېغىزىدىن چىققان سەت گەپلەرنى ئاڭلاپ، قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنى كۆرىدىغان بولسىڭىز ئىچىڭىز ئېلىشىپلا كېتىدۇ.

توختىگۈل چىرايىنى شۇنداق سەت پۈرۈشتۈردىكى، خاسىيەتنىڭ كۈلگۈسى كېلىپ ئىچىۋاتقان چېيىنى پۈركۈۋەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئۇ ئاران دېگەندە ئېغىزىدىكى چاينى يۇتۇۋەتتى ـ دە، بىقىنلىرى ئاغرىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكۈچە كۈلدى. دېمىسىمۇ، توختىگۈل مۇختەرجاننىڭ گېپىنى قىلغاندا چىرايى خۇددى ئەۋرەزگە دەسسىۋالغان ئادەمدەك پۈرلىشىپ كەتكەندى.

توختىگۈل مۇشۇ قىسقىغىنا بىرقانچە ئاي ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، مۇختەرجاننىڭ قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلغىنىنى، بالىلىرىنى قانداق ھاقارەتلىگەنلىكىنى، بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قانداق دۇمبالىغانلىقىنى، ھەتتا بالىلىرىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندا ئۆزىنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئاران دېگەندە توسۇپ قالغانلىقلىرىنى، گاھىدا كۈلسە، گاھىدا يىغلاپ تۇرۇپ بىرمۇبىر بايان قىلىپ بەردى.

ــ توۋا! «تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ» دېگەندەك ئىش بوپتۇ ـ دە، ئەمىسە، ــ دېدى خاسىيەت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ــ شۇنچىۋالا ئىشلار بولۇپ كەتكۈچە قانداق چىداپ ئولتۇرغانسىز، جېنىم دوستۇم؟ ئەلۋەتتە، سىزمۇ جېنى بار ئادەم بولغاندىكىن ئۇ لامزەللىنىڭ جېنىدىن ئۆتكۈدەك ئىككى ئېغىز گەپ قىلسىڭىز، ھارام تاياق يەپ يۈرگىچە كۈچىڭىز يەتمىگەن تەقدىردىمۇ قولىڭىزغا چىققان نەرسە بىلەن ئۇرۇپ كاللا ـ ماللىلىرىنى يېرىۋەتسىڭىز بولماسمىدى؟ ھېچبولمىغاندا پۇتىڭىز بولغاندىكىن مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن بولسىڭىز ئۆزۈم بېرىپ ئەدىپىنى بەرمەسمىدىم ئۇنىڭ.

توختىگۈل مۇختەرجان بىلەن نىكاھ قىلىپ بىر ئۆيگە كىرىۋالغاندىن كېيىنمۇ خاسىيەت سورۇنلاردا مۇختەرجان بىلەن

پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇردى، ئۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا بەزىبىر گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مۇختەرجاننىڭ بۇ دەرىجىدە زومىگەرلىشىپ كەتكىنىدىن زادىلا خەۋىرى يوق ئىدى. خاسىيەت توختىگۈلنى سورۇنغا باشلاپ بارماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان ھەم ئۇنى ئۇندەككە كەلتۈرەلمەي قېيىداپ چىقىپ كەتكەن ھېلىقى كۈندىن باشلاپ، ئىككىسى بىر ـ بىرىنى زادىلا ئىزدىشىپ باقمىغانىدى.

خاسىيەت مۇختەرجاننىڭ باشقا قىزلار بىلەنمۇ ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى، ھە دېگەندە توختىگۈلگە «سىرتقا تىجارەتكە بارىمەن» دەپ قويۇپ ئاشۇلار بىلەن ياتاق ئېچىپ ياتىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا پۇلنى سۇدەك خەجلەيدىغانلىقىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى. مۇختەرجان سورۇنلاردا قىزلار بىلەن تونۇشۇپ، كۆڭلىگە يارىغان بىرەرسى بىلەن چىقىشىپ ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇپ كەتكەن چاغلىرىدا، خاسىيەت كۆڭلىدە «ھەي توختىگۈل، ھەي توختىگۈل ! سەن نېمىدېگەن ئەخمەق ـ ھە؟ سەن بۇنىڭغا چىن ئىخلاسىڭ بىلەن ئەقىدە قىلىپ، ئىشىككە تەلمۈرۈپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىسەن، لېكىن ئۇ بۇ يەردە ئالاھىدە سورۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ باشقا قىزلار بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىپ كۆڭلىنى ئېچىۋاتىدۇ. نېمىشقا ئويلاپ باقمايدىغانسەن، توختىگۈل؟ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن سىرتتا تىجارەت بىلەن يۈرۈپ كۆنۈپ كەتكەن كىشىلەر بىر يەردە مۇقىم ئۆي تۇتالارمۇ؟ قىسقىسى، ساڭا ئوخشاش ئۈچ بالىسى بار بىر ئايال بىلەن مەڭگۈلۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتەلەرمۇ؟ ئۇلارنىڭ يۇرت ـ يۇرتلاردا ساڭا ئوخشاش ئەخمەق خوتۇنىدىن قانچىسى بارلىقىنى بەلكىم ئۆزلىرىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، توختىگۈلنىڭ ئەخمەق، نادانلىقىغا كۈلگەن ۋە ئۇنىڭ ساددىلىقىغا ئىچ ئاغرىتقانىدى.

— ئۇنىڭ تۇرغان تۇرقىلا ئادەم ئىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى توختىگۈل كۆزلىرىدىكى قالدۇق ياشلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن

سورتۇپ، — ئۇنىڭدىن قانداق قىلسام قۇتۇلالايدىغانلىقىمنى بىلەلمەيلا قېلىۋاتىمەن، دوستۇم. ئاددىي بولسىمۇ بۇرۇنقى خىزمىتىم، بالىلىرىمنى ئەتراپىمغا ئولاشتۇرۇپ بىللە ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلىرىم ھازىرقى ئازابلىق كۈنلىرىمدىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى ئىكەنىدۇق، شۇ تاپتا قانداق قىلىشىمنى بىلىپ بولالماي بېشىمنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپ كېتىۋاتىدۇ.

توختىگۈلنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا ياردەم سوراپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن خاسىيەت تېشىدا پەقەتلا بىلىندۇرمىگەندەك قىلغىنى بىلەن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈنكى، بۇنداق سودىنى قىلىدىغانلارنىڭ قولىدا «ھايت» دېگەندە «ھۇيت» دەپلا تەييار بولىدىغان مۇنداق ماللار قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توختىگۈلنى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئاددىي - ساددا، جەلپكار بولۇپ، ئۇنىڭ تارتىنچاق، كەم سۆزلۈكىگە قاراپ ھېچكىممۇ ئۇنى ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى دېمەيتتى.

— بۇنىڭ ئىشى ئاسان، — دېدى خاسىيەت بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرىنى توختىگۈلگە ئاغدۇرۇپ، — ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىمىز. چىدىغانغا چىقارغان جاھان بۇ، ئۇنىڭ ئويىنىغىنىغا سىز چىدىغان بولغاندىكىن، ئەمدى سىزنىڭ ئويىنىغىنىڭىزغا ئۇمۇ چىدىسۇن، چىدىمىسا بىرىپ ئىشىنى قىلسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇنىڭ بىلەن ئوغرىلىقچە نىكاھ قىلىۋالغان بىلەن قانۇنلۇق ئەر - خوتۇنلاردىن ئەمەس، ئەمدى ئۇ سىزنى يەنە بوزەك قىلىدىغان بولسا ساقچىغا مەلۇم قىلىسىڭىز بولىدۇ.

— مېنىڭغۇ ئەمدى ئاشۇنداق سورۇنلارغا پەقەتلا بارغۇم يوق ئىدى، — دېدى توختىگۈل ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — بىر قېتىم بېرىپ قويۇپ كۆرگەن كۈنۈم بۇ بولدى، يەنە بېرىپ قالسام نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟!

— بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ دۆتلۈكىدىن كۆرۈڭ! — دېدى خاسىيەت

ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنىڭ ئالىقىنىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويۇپ، — جېنىم دوستۇم، ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ، مۇنداق ئادەملەرنى ئۆيگە باشلاشنىڭ ئۆزى بۆرىنى ئۆيگە باشلىغان بىلەن ئوخشاش ئىش دەپ شۇنچە گەپ قىلسام قۇلاق سالمىدىڭىز، مانا ئەمدى ئۇنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ چىقىرالماي بىھۇدە ئاۋارە بولۇۋاتىسىز. ئاشۇ چاغدىلا گېپىمگە كىرىپ مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلغان بولسىڭىز مۇشۇ كۈنگە قالمىغان، ئۆيلىرىڭىزنى ماڭا ئوخشاش جۆندىۋالمىغان تەقدىردىمۇ خېلىلا پۇللۇق بولۇپ قالغان بولاتتىڭىز.

— مەن يەنىلا بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ بىر كىشىلىك خىزمەت تەلەپ قىلىپ باقايمىكىن، — دېدى توختىگۈل بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — بىرەر كىشىلىك خىزمەت بېرىپ قالسا بالىلىرىم بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرسەم دەيمەن، ئۆزۈمنىڭ مائاشىغا تەشكىلنىڭ بالىلار ئۈچۈن سەككىز ياشقا كىرگۈچە بېرىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى قوشسام يېتىپمۇ قالغۇدەك، گەرچە تۇرمۇشىمىز غورىگىل ئۆتسىمۇ ھازىرقىدەك دەككە - دۈككىدە ياشىغاندىن ياخشىراق ئىدى.

— بىر تالاي گەپ قىلسام يەنىلا تاقا - تۇقا گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرىسىزغۇ، جېنىم؟! — دېدى خاسىيەت سەل تېرىككەندەك بولۇپ، — قايسى يۈزىڭىزنى كۆتۈرۈپ تەشكىلنىڭ ئالدىغا بارىسىز ئەمدى؟ ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇ دەلدۈشنىڭ ئىككى ئېغىز ياغلىما گېپىگە ئىشىنىپ بىر ئوبدان خىزمىتىڭىزنى تاشلىۋەتتىڭىز، زاۋۇت رەھبەرلىرى بىرقانچە قېتىم كېلىپ ئىشقا چىقىشىڭىزنى ئېيتقان بولسىمۇ ھە دەپ قويۇپلا بارمىدىڭىز، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىڭىزنى كۆتۈرۈپ بارىسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ھازىر قايسى زاماندا ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ ئۇلار سىزگە خىزمەت بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۈچ بالىنى بېقىپ كېتەلەمسىز؟ ماقۇل، ھازىرغۇ

بالىلار تېخى كىچىك، كىچىك بالا دېگەننىڭ چىقىمىمۇ ئاز بولىدۇ، بىراق بۇ بالىلار چوڭ بولىماي مۇشۇنداق تۇرىۋەرمەيدۇ، بالا چوڭ بولغانچە ئۇلارنىڭ گېلىمۇ، كىيىمىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ چوڭ بولىدىغان گەپ. تاڭنا بەش كۈندە ئالىي مەكتەپكە بارىدۇ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ توي قىلىمەن دەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەينى ـ كەينىدىن ئىككى ئوغۇل بالىنى ئۆيلەيدىغانغا قانچىلىك پۇل كېتىدىغانلىقىنى، خەقنىڭ قىزىنى قۇرۇق «ئامىن» غا ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ ياخشى بىلىسىز. مەنمۇ سىزنى ۋە بالىلىرىڭىزنى ئويلاپ بۇ گەپلەرنى دەۋاتىمەن، ئاڭلىمىسىز ـ ئاڭلىماسىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئىلگىرىمۇ گېپىمگە كىرمەي كۆرگەن كۈنىڭىز مۇشۇ. مەنغۇ دەيدىغاننى دەپ بولدۇم، ئەمدى قانداق قىلىش ئۆزىڭىزدە قالدى.

توختىگۈل خاسىيەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۆزىمۇ چۈشىنىپ بولالمايدىغان گادىرماچ خىياللار چىرمىۋالغان بولۇپ، بۇ چىگىچلەرنى قانداق قىلىپ يېشىشنى زادىلا بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئەمدى تەشكىلنىڭ ئالدىغا «ماڭا خىزمەت بېرىڭلار، ئۈچ بالام بىلەن تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالدىم» دەپ قانداق بارالايدۇ. تەشكىل ئۇنىڭغا خىزمەت بەرمىدى ئەمەس بەردى، ئۇلارنى پات ـ پات يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى، لېكىن توختىگۈل بۇنىڭ قەدرىنى قىلمىدى، ئىشقا چىقىشقا سۇيلەپ كەلگەن كادىرلارنى يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم يولغا سېلىۋەتتى، ئەمدى ئۇ قايسى يۈزىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. توختىگۈلنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر قارارغا كېلەلمەي بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىگەن خاسىيەت گەپكە يەنە ئېغىز ئاچتى:

— يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، — دېدى ئۇ سوزۇپ ئۇھ تارتىۋېلىپ، — ئەينى چاغدا سىز گېپىمگە كىرىپ «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك ئىش

قىلمىغان بولسىڭىز، بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەتكە قالمىغان بولۇشىڭىز، بىر تەرەپتىن خىزمىتىڭىزنى ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇختەرجانغا ئوخشاش تاپقان پۇللىرىنى ئۆيىگە، ھالال جۈپتىگە خەجلىمەي سىرتقا خەجلەيدىغانلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ خېلىلا ھاللىنىپ قالاتتىڭىز.

توختىگۈل كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۇرەككەپ زىددىيەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن كاللىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانچە ئويلىسىمۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدىغانلىقىغا زادىلا كۆزى يەتمەيۋاتاتتى. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۆزى بىلەن خاسىيەتنى بىر ئورۇنغا قويۇپ سېلىشتۇرۇپ باقتى. دېمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەيلى ياش جەھەتتىن ياكى چىراي جەھەتتىن بولسۇن، خاسىيەتتىن قېلىشقىدەك يېرى يوق ئىدى. ئۇ ئاشۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە بىرمۇبىر خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ــ دە، خاسىيەتنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى، مۇختەرجان دېگەن نائەھلىدىن قۇتۇلۇش ۋە ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ ھەش ــ پەش دېگۈچە باھار ئايلىرى يېتىپ كەلدى. ھاۋانىڭ ئاستا ــ ئاستا ئىللىشىغا ئەگىشىپ توڭلار ئېرىشكە باشلىغان، كىچىك ــ كىچىك ئېرىقچىلارنى ھاسىل قىلغان ئەگىز سۇلىرى ئۆزلىرىگە قايتىدىن ئويغىنىش ئاتا قىلغان ئىللىق قۇياشقا تەشەككۈر ئېيتىپ، قىشچە توڭ ئاستىدا ياتقان ئانا تۇپراققا باغرىنى مەھكەم ياقماقتا ئىدى. يازنىڭ ئاياغلىششى بىلەن ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قاياقلارغىدۇر كېتىپ قالغان باھار قارلىغاچلىرى توپ ــ توپى بىلەن ئۇچۇپ كېلىشىپ، قىشچە ئۆيدىن چىقالماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ خۇشاللىقىغا جور بولماقتا ئىدى. بىر كېچىدىلا بىخ يېرىپ يېشىل تون كىيىشكە

ئۆلگۈرگەن دەل ـ دەرەخلەر باھار شاملىنىڭ يېقىملىق سۈيۈشلىرىدىن يېنىك يەلپۈنەتتى. قاپقارا تۇپراقنى يېرىپ چىقىشقا باشلىغان ياۋا ئوت ـ چۆپلەر پۈتكۈل جاھانغا يېشىللىق ئاتا قىلغان بولۇپ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ نەمخۇش پۇرىقى دىللارغا سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بېرەتتى.

خاسىيەت بىلەن توختىگۈل قايتا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. خاسىيەتنىڭ بىر قوللۇق تەربىيەلىشى بىلەن توختىگۈلمۇ باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە قانداق ئۇسۇلدا تاقابىل تۇرۇپ يانچۇقىدىكى پۇللىرىنى سۇغۇرۇۋېلىشنى، قانداق چاغدا يالغان ئەركىلەپ، قانداق چاغلاردا يالغاندىن قېيىداشنى، قانداق سورۇنغا قانداق كىيىنىپ بېرىشنى، قانداق سورۇندا ئاخىرغىچە ئولتۇرۇپ، قانداق سورۇندىن بالدۇرراق كېتىشنى تولۇق ئۆگىنىۋالغانىدى. بۇ جەھەتتە ئىككىسى بىر ـ بىرىگە شۇنداق ماسلىشاتتىكى، بەزىدە ئولتۇرغانلار ئۇلارنىڭ سورۇندىن قانداق چىقىپ كېتىشكىنىنىمۇ سەزمەي قېلىشاتتى. توختىگۈلنىڭ قولى پۇل كۆرگەنچە خاسىيەتنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىلگىرى ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمىگىنىگە، ئۆزىنىڭ «خاسىيەت مۇختەرجان ئىككىمىزنىڭ نىكاھ قىلىپ بىر ئۆيگە كىرگىنىمىزگە ئىچى تارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم بولغان بولسا مۇنچىلىك قىلىپ كەتمىگەن بولاتتى، راستلا قىز بالىنىڭ دوستى يوق ئىكەن» دەپ ئۇنى بىھۇدە ئەيىبلىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئۇ خاسىيەت بىلەن ئۇچراشقان چاغدا بۇ ئىش يادىغا كېلىپ قالسىلا خىجىللىقتىن يۈزلىرى ئوت ئېلىپ كېتەتتى.

خاسىيەت بۇگۈنكى سورۇننى توختىگۈلگە خەۋەر قىلمىدى. چۈنكى، خاسىيەت ماھىرجاندىن مۇختەرجاننىڭ كۈندىلىك يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى بىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇگۈن سىرتقا چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بۇ ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، خاسىيەتتىن ھېچقانداق خەۋەر تاپشۇرۇۋالمىغان توختىگۈل بۈگۈنكى نېمەتتىن ئۆزىنىڭ نېسىۋىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى ـ دە، باللارغا بەنشە ئېتىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ ئۆي ئىچىنى سۈپۈرۈپ ـ تازىلاپ بىرەر قۇر يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، تاماقتا تەييارلىق قىلدى. ئۇ خېمىرنى يۇغۇرۇپ يوملاپ قويۇپ، گۆشنى ئۇششاق توغرىدى، ئالما چوڭلۇقىدىكى پىيازدىن بىر باش ئاقلاپ يۇمشاق چاناپ گۆشكە ئارىلاشتۇردى، ئاندىن ئىلگىرى ئىشلىتىپ ئېشىپ قالغان بىر كاللەك يېسىۋىلەكنىڭ كۆتىكىنى كېسىۋېتىپ، سارغىيىپ قالغان بىرقانچە ياپراقچىسىنى ئېلىۋەتتى ـ دە، ئۇنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ توغرىدى. نېمىشقىكىن، بۈگۈن توختىگۈلنىڭ روھىي كەيپىياتى تولىمۇ يۇقىرى بولۇپ، باشقىچىلا خۇشال ئىدى. غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە قىيما قىلىۋاتقان توختىگۈل مۇختەرجاننىڭ قاچانلاردا ئۆيگە كىرگىنىنىمۇ بىلمەيلا قالدى.

— بۈگۈن باشقىچە خۇشالغۇ سەن؟ — دېدى ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدا قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇرغان مۇختەرجان قوپاللىق بىلەن، — بىر يەردىن ئالتۇن توشقان تۇتۇۋالغان ئوخشىمامسەن؟

بۇ تۇيۇقسىز ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن توختىگۈل كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ مۇز ھەيكەلدەك تۇرغان مۇختەرجانغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى ـ دە، ناخشىسىنى غىڭشىغىنىچە ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى.

ئىلگىرى مۇختەرجان سىرتقا ماڭغاندا «ئاللاغا ئامانەت، سودىڭىز ئوڭۇشلۇق بولغاي، كۆڭلىڭىز نېمە تاماق تارتىدۇ؟ سىز كەلگۈچە تەييارلىق قىلغاچ تۇراي» دەپ ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىدىغان، ئىشىكتىن كىرىپ بولغىچە خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارىدىغان، چاپانلىرىنى سالدۇرۇپ ئىلغۇغا ئېسىپ يۈزىگە

تاتلىققىنا سۆيۈپ قويىدىغان توختىگۈل هازىر ئۇنىڭ كىرىپ ـ چىقىۋاتقىنى بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغان، هە دېگەندىلا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ جاۋىلدىشىدىغان بولۇۋالغانىدى. مۇختەرجان توختىگۈلنىڭ ئۆزاقتىن بېرى ئىزدەشمىگەن خاسىيەت بىلەن قايتىدىن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىدىغان يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانلىقىنى، خاسىيەتنىڭ ئۇنى ئۆزى سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلادا «رەڭلىك ئولتۇرۇش» لارغا بىللە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاز ـ تولا ئاڭلاپ قالغان بولسىمۇ، قولغا چىققۇدەك دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغاچقا چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيۋاتاتتى.

توختىگۈل بەنشىنىڭ قىيمىسىنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، تۇرغانجان تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە ئىشلىتىدىغان كىچىك ئۈستەلنى كارىدورغا قويىدى، ئاندىن يۇغۇرۇپ تەييار قىلىۋالغان خېمىر بىلەن قىيمىنى ئېلىپ چىقىپ ئۈستەلگە قويىدى ـ دە، باياتىن بېرى ئاقلاپ تاشلىۋەتكەن يېسىۋېلەك شۆپۈكىنى ئەخلەت سېلىنغان سولياۋ خالتىغا سېلىپ تىلېۋىزور كۆرۈۋاتقان كىچىك ئوغلى غۇلامجاننى چاقىردى:

— غۇلامجان بالام، بۇ ئەخلەتلەرنى ئاچىقىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ كىرسەڭ بوپتىكەن!

— ماقۇل ئاپا، — غۇلامجان ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇردى. غۇلامجان يەتتە ياشقا كىرىپ قالاي دېگەن بولۇپ، خېلىلا ئىشقا ياراپ قالغانىدى. ئۇ چوڭ ئىشلارغا ياردەملىشەلمىسىمۇ ئاپىسىغا يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلىشىپ بېرىدىغانغا يارايتتى.

— توختا! — دېدى ياتاق ئۆيدىن چىققان مۇختەرجان ئەخلەتلەرنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىشقا تەمشىلىۋاتقان غۇلامجانغا قاراپ، — ئەكېلە قولۇڭدىكى ئەخلەت خالتىسىغا قاراپ باقاي، بايۇەچچە ئاپاڭ يەنە قانداق نەرسىلەرنى تاشلىدىكىن؟

غۇلامجان بىر ئاپىسىغا، بىر مۇختەرجانغا قارىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە كېلىپ قولىدىكى ئەخلەت خالتىسىنى ئۇنىڭغا بەردى، مۇختەرجان خالتىنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋالدى ـ دە، ئۇنى توختىگۈلنىڭ ئالدىغا پاققىدە تاشلىدى.

— مېنى پۇلنى كوچىدىن سۈپۈرۈۋالىدۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى مۇختەرجان نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قاراپ تۇرغان توختىگۈلنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، — ماۋۇ ئەخەتلەر ئىچىدىكى يېسىۋېلەك كۆتىكى بىلەن يېسىۋېلەك ياپراقچىلىرىنى ئالە!

— نېمە قىلىسىز ئۇنى؟ — دېدى ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن توختىگۈل.

— قولۇڭغا ئالساڭ نېمە قىلىدىغىنىمنى دەپ بېرىمەن، — دېدى مۇختەرجان زەردە بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

مۇختەرجاننىڭ مۇز يېغىپ تۇرغان ئەلپازىغا قاراپ ئارتۇقچە زاكونلىشىشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى، بىرنەچچە ئېغىز گەپتىن قالمىسا يەنە جېدەل چىقىدىغانلىقىنى پەملىگەن توختىگۈل ئەخلەت خالتىسى ئىچىدىكى يېسىۋېلەك كۆتىكى بىلەن يېسىۋېلەك ياپراقچىلىرىنى تېرىپ ئالدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە باشتىن ـ ئاياغ دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان مۇختەرجان:

— يېسىۋېلەك ياپراقچىلىرىنىڭ سارغىيىپ قالغان ئۇچىنى كېسىۋەت، ئاندىن يېسىۋېلەك كۆتىكىنى ئاقلاپ ئۇششاق توغراپ ئىككىسىنى قوشۇپ قىيما قىلىپ بەنشە تۈگ ! — دېدى مەسخىرە تەلەپپۇزدا، — ئاندىن مەن ساڭا ئۇنى يېگىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

مۇختەرجاننىڭ قەستەنگە قىلىۋاتقان زومىگەرلىكىگە غەزىپى ئۆرلەپ يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان توختىگۈل قولىدىكى يېسىۋېلەك كۆتىكى بىلەن يېسىۋېلەك ياپراقچىلىرىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىپ راسا بىر ئۇرۇشۇشنى ئويلىدى ـ يۇ، يەنىلا

ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. مېھمانخانا ئۆيدىن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ چىققان مۇختەرجان ئورۇندۇقنى ئاشخانا ئىشىكى ئالدىغا قويۇپ توختىگۇلنىڭ پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ ئولتۇردى. بەنشىلەر تۈگۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، يېسسىۋېلەك كۆتىكىدىن تۈگۈلگەن بەنشىنى ئايرىم پىشۇرۇشقا بۇيرۇدى. مۇختەرجاننىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن توختىگۇل بەنشىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى لېگەنگە سۇزۇپ ئۈستەلگە ئېلىپ تۇرۇشىغا مەكتەپتىن يانغان تۇرغانجان سالام قىلغىنىچە ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ ياخشى بولۇپ، خۇشاللىقتىن ئېغىزى قۇلىقىغا يېتەيلا دەپ قالغانىدى.

— ئاپا، ئاپا، — دېدى تۇرغانجان ئىشىكتىن كىرىپلا، — تۈنجى قېتىملىق سىناق ئىمتىھاندا ئەدەبىياتتىن توقسان سەككىز نومۇر، ماتېماتىكىدىن توقسان بەش نومۇر ئاپتىمەن!

— ياخشى بوپتۇ بالام، — دېدى توختىگۇل ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، — مۇشۇنداقلا ياخشى ئوقۇيدىغان بولساڭ چوقۇم ئالىي مەكتەپكە بارالايسەن، ھەرگىز مەغرۇرلىنىپ كەتمەي تېخىمۇ ياخشى ئوقۇغىن، بولامدۇ؟

— ماقۇل ئاپا، چوقۇم ياخشى ئوقۇيمەن.

— مەنمۇ ئاكامغا ئوخشاش ياخشى ئوقۇيمەن، — دېدى غۇلامجان ئاپىسىنىڭ مەمنۇنىيەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە.

— سېنىڭمۇ چوقۇم ياخشى ئوقۇيدىغىنىڭغا ئىشىنىمەن قوزام، — دېدى توختىگۇل بىگىز قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن ئەركىلىتىپ.

تۇرغانجان قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە سومكىسىنى ئىشىك كەينىدىكى ئىلغۇغا ئاستى ـ دە، قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن تازىلىق ئۆيىگە ماڭدى. ئوغلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە بوي تارتىۋاتقىنىغا، شۇنىڭغا يارىشا ئەقلىنىڭمۇ تەڭ يېتىلىۋاتقىنىغا

مەستلىكى كەلگەن توختىگۈلنىڭ قەلبىگە ئۆزىمۇ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ئىللىق بىر سېزىم تارىدى.

— قېنى بۇ يېسسىۋېلەك كۆتىكىدە تۈگكەن بەنشىرىڭنى يەپ باققىنا، قانداق بولدىكىن! — دېدى مۇختەرجان توختىگۈلنىڭ ئالدىدىكى كىچىك تەخسىگە بەنشىدىن بىرقانچىنى سېلىپ.

توختىگۈل بەنشىدىن بىرنى ئېلىپ ئېغىزىغا سالدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان مۇختەرجان سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، سورىدى:

— قانداق ئىكەن، يېگىلى بولامدىكەن؟

— ھېچقانداق ئەمەسقۇ، — دېدى توختىگۈل پەرۋاسىزلا.

— يېگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم نېمىشقا تاشلايسەن ئۇنى؟! — دېدى مۇختەرجان تەرىنى بۇزۇپ، — بىكارغا ئوڭدا يېتىپ يەيدىغان، ئالدىڭغا ئەكېلىپ بەرگەننى خالىغانچە بۇزۇپ، خالىغانچە چاچىدىغان قايسى بايۋەچچىنىڭ قىزى ئىدىڭ سەن؟ سەن تەييارتاپنى باققاننى ئاز دېگەندەك ماۋۇ ھارامتاماقلىرىڭنى بېقىۋاتىمەن. ئۆزۈڭچە مېنى پۇلنى ئاسانلا تاپىدۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ئېسىڭدە بولسۇن قانجۇق! مەنمۇ بۇ پۇللارنى جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ تېپىۋاتىمەن، بىلدىڭمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇن! ناندىن باشقا ھەرقانداق نەرسە سېتىۋالساڭ ئۆلچەملىك تالون ئالىسەن، ئۆلچەملىك تالون بولمىسا ئاق تالون ئالىسەن، سېتىۋالغان نەرسىلىرىڭنىڭ ھېسابىنى چىقىرىپ بېرەلمىسەڭ كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرىسەن!

باياتىن بېرى مۇختەرجاننىڭ بىھۇدە ھاقارەتلىرى، كەمسىتىشلىرىگە چىداپ چىشىنى چىشلەپ ئولتۇرغان توختىگۈلنىڭ ئەمدىلىكتە سەۋر قاچىسى توشقان ئىدى. يەرگە قارىغىنىچە لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ، لاغىلداپ تىترەپ ئولتۇرغان توختىگۈل ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى تۈگىشىگىلا ئالدىدىكى تەخسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى.

ئۆزىنىڭ تالاي قېتىم تايىقىنى يەپمۇ بۇ قەدەر غەزەپلىنىپ باقمىغان توختىگۈلنىڭ مۇنداق قاراملىق قىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان مۇختەرجان ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ بولغىچە ئۇچۇپ كەلگەن تەخسە ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەگدى ـ دە، پېشانىسىدىن جىرقىراپ قان چىقىشقا باشلىدى. توختىگۈل ئاستىدىكى ئورۇندۇقنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى، ئۇنىڭغىچە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن مۇختەرجان توختىگۈلنىڭ قولىدىكى ئورۇندۇقنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى ـ دە، ئاچ بىقىنىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى، تېپىك زەربىسىدىن ئۆزىنى كونترول قىلالمىغان توختىگۈل ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ يىقىلىپ چۈشكەن توختىگۈلنى تەپمەكچى بولۇۋېدى، ئۇنىڭغىچە «ئاپامنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟» دەپ توۋلىغىنىچە ئېتىلىپ كەلگەن تۇرغانجان بىلەن غۇلامجان ئۇنىڭ پۇتىغا، چاپىنىنىڭ پېشىغا ئېسىلدى. غالجىرلىقى تۇتقان مۇختەرجان ئىككىلىسىنىڭ پاتىڭىدىن قامالاپ تۇتقىنىچە دارقىرىتىپ سۆرەپ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى پۇتى بىلەن ئېچىپ «كۆزۈمدىن يوقىلىش هاراملىقلار!» دەپ تىللىغىنىچە ئۇلارنى كارىدورغا پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى ـ دە، ئىشىكنى جالاقىدە يېپىۋەتتى.

ئۆي ئىچىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. توختىگۈل كىشى ئېغىزىغا ئېلىشقىمۇ ئەيمىنىدىغان سەت گەپلەر بىلەن مۇختەرجاننى تىللايتتى، تۈكۈرەتتى. مۇختەرجان بولسا «ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ دېگەندەك ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسام ماڭا يېنىۋاتىسىنا پاسكىنا قانجۇق، ئەر كىشىگە يانسا قانداق بولىدىغانلىقىنى راسا كۆرسىتىپ قوياي ساڭا !» دېگىنىچە توختىگۈلنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ، تېپەتتى. توختىگۈلنىڭ تاياققا چىدىماي «ئادەم ئۆلدى، قۇتقۇزۇڭلار !» دېگەن چىرقىراق ئاۋازى پۈتۈن كارىدورنى، ياق پۈتۈن بىنانى كۆتۈرۈۋەتكىلى ئاز قالغان بولسىمۇ، لېكىن قوشنىلارنىڭ

بىرەرسىمۇ ئۆيلىرىدىن چىقىپ قويماي دېيىشمىدى.

توختىگۈل مۇختەرجان بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ بىر مەزگىلگىچە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈشتى. ئارىدىن ئۇزاق مەزگىل ئۆتمەيلا مىجەزلىرىنىڭ كېلىشمەسلىكىدىنمۇ ياكى توختىگۈلنىڭ مۇختەرجاننى دەرىجىدىن تاشقىرى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىق سەۋەبىدىن قىلغان كۈنداشلىقىدىنمۇ ياكى «ھەسەلنى يەۋەرسەڭ ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەندەك، خوتۇن ئالماشتۇرۇپ كۆنۈپ قالغان مۇختەرجان ۋاقىت ئۇزارغانچە ئۇنىڭدىن بىزار بولدىمۇ ۋە ياكى توختىگۈلنىڭ ئۈچ بالىسىنى بېقىش مۇختەرجانغا ئېغىر كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە كۈندە دېگۈدەك جېدەل قۇرۇمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ جېدىلىنى تولا ئايرىپ زېرىككەن قوشنىلار ئەمدىلىكتە ئۆيلىرىنى ئۆرۈۋېتىشسىمۇ كارى بولمايدىغان، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ قۇلىقىنى يوپۇرۇشۇپ ئولتۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قېلىشتى. يەنە بىرىگە «شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق» دېگەندەك، توختىگۈل توغرىسىدىكى مىش ـ مىش پاراڭلار خېلىلا ئاۋۇپ قوشنىلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ بولغانىدى. دەسلەپىدە بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاسىيەت بىلەن ھە دېگەندىلا بىللە يۈرگىنىنى، توختىگۈلنىڭ ياسىنىشى، كىيىنىشىنىڭمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ قالدى.

— كونىلاردا «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، ئاشۇ خاسىيەت شالتاق بىلەن بىللە يۈرگەن ئادەمنى تۈز يولدا ماڭىدۇ دېگىلى بولارمۇ؟

— يۈزى تۆۋەن بىر ئوبدانلا چوكان ئىدى ئۇ، قانداقلارچە ئادەم تاپالمىغاندەك ئاشۇ شالتاق بىلەن ئارىلىشىپ قالغاندۇ؟

— نېمىسىنى دەيسىلەر سادىغان كېتەيلەر! ھېچقانداق ئىقتىسادىي كىرىمى يوق تۇل خوتۇن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۈچ

بالىنى باقماق ئوڭايمۇ، بەلكىم ئاشۇ پۇل دېگەن نەرسە ئۇ بىچارە
بايقۇشنى ئاشۇ يولغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلىپ قويغاندۇ؟
— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن تەشكىل بىر ئوبدان خىزمەت
بەرسە شۇنىمۇ ئىشلىمەي تاشلىۋەتتىغۇ ئەنە، ئاڭلىسام ھازىرقى
ئېرى بىلەن ئاشۇنداق سورۇندا تونۇشۇپ قالغانىكەن.
— خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن بولسا تەشكىلمۇ قاراپ
تۇرماس بولغىيدى، گەرچە ئالىدىغان مائاشى ئاز بولسىمۇ
تەشكىلنىڭ بالىلىرىغا ئايدا بېرىدىغان ياردەم پۇلى بىلەن يەنە
خاتىرجەم ياشىغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ.
— ئۇنى دەيمىز، بۇنى دەيمىز، گەپ يەنىلا ئاشۇ خوتۇننىڭ
ئۆزىدە، ئەگەر ئىنسابى، ئەقلى بار خوتۇن بولغان بولسا
بالىلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ قويۇپ يۈرمىگەن،
ئىككى تەڭگە پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتىدىغان ئىشنى قىلمىغان
بولاتتى.
— توۋا! يارى ياۋاش رەھمەتلىك ھايات چېغىدا بۇ خوتۇننى
بېشىدا كۆتۈرمىسىمۇ ئۇنىڭدىن بۇيانقىنى قىلاتتى، يوقىلاڭ
ئىشلار ئۈچۈن تېرىكىپ قالغان چاغلىرىدا «كىچىك ئەمەسمۇ،
ئەركىلەپ شۇنداق قىلىدۇ» دەپ كۈلۈپلا ئۆتكۈزىۋېتەتتى.
— دېمىسىمۇ رەھمەتلىك بەكلا ئاق كۆڭۈل، قوينىڭ
قوزىسىدەك ياۋاش ئادەم ئىدى.
— ھە ... ي، شۇ رەھمەتلىكنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدىغان
بولدى ـ دە!
تونۇش ـ بىلىش، قولۇم ـ قوشنىلار بىر يەرگە يىغىلىپ
قالغان چاغلىرىدا مانا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشىپ
ئەپسۇسلىناتتى، بەزىلىرى غەزەپ قىلسا، بەزىلىرى ئىچ
ئاغرىتاتتى، ئاخىرىدا يەنىلا توختىگۈلگە نەپرەت ياغدۇرىدىغانلىرى
كۆپرەك بولاتتى.
توختىگۈلنىڭ خاسىيىتىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ يامان يولغا
كىرىپ قالغانلىقىنى بىلگەن قوشنىلار بارا ـ بارا ئۇنىڭدىن

يىراقلىشىشقا باشلىدى. يىراقتىن ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن
هامان ئايلىنىپ ماڭىدىغان، ئۇنى - بۇنى باهانە قىلىپ
ئۆزلىرىنى قاچۇرىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە كارىدوردا يۈزمۇيۈز
ئۇچرىشىپ قالغاندىمۇ سوغۇقلا كۈلۈپ قويۇپ ئۆيلىرىگە كىرىپ
كېتىشەتتى. بۇنىڭدىن توختىگۈلنىڭ كۆڭلى بىر ئاز يېرىم
بولسىمۇ، لېكىن «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى»
دېگەندەك ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ يۈرۈۋەرگەنىدى...

تۇرغانجان بىلەن غۇلامجان يىغلاپ تۇرۇپ «ئاپا، ئاپا،
ئىشىكنى تېزرەك ئېچىڭ! ئەسكى لۈكچەك ئاپامنى ئۇرما ! نېمە
گۇناھ قىلغىنىغا ئۇرسەن ئۇنى؟ !» دېگىنىچە ئىشىكنى كۈچەپ
تېپەتتى، ئاۋازلىرىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرايتتى، يۇم - يۇم
يىغلايتتى.

ئىككى گۆدەكنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرىشكە
تاقىتى قالمىغان ھەسەن ئاكا ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇردى -
دە، يۈگۈرۈپ كارىدورغا چىقتى. ئۇ يامغۇردەك ياش تۆكۈۋاتقان
باللارنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، ئالىقانلىرى بىلەن ياشلىرىنى
سۈرتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپلا چىققان
ئايشەمخان ھەدىنى باللارنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىشكە
بۇيرۇدى - دە، پۈتىدىكى ساپما كەشنى سېلىۋېتىپ جېنىنىڭ
بارىچە ئىشىكنى تەپكىلى تۇردى.

— ئېچىشە ئىشىكنى، نائەھلىلەر! ئۇرۇشساڭ ئىككىڭ
ئۇرۇشتۇڭ، نېمە دەپ بۇ نارەسىدە باللارنى ئۆيدىن قوغلاپ
چىقىرىشىسەن؟ ۋۇي ئادەم بولمايدىغان مۇناپىقلار!

ئاچچىقى ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقان ھەسەن ئاكا غال - غال
تىترەيتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ
قالغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ
كېتىۋاتاتتى. ھەسەن ئاكا توختىگۈلنىڭ ناشايان ئىشلارنى قىلىپ
يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ
كەتكەچكىمۇ ھەر ئىككىلىسىنى تەڭلا قوشۇپ تىللاۋاتاتتى.

ئىشىكنىڭ ئەنسىز تېپىلىشىدىن چۆچۈگەن مۇختەرجان ئۆرۈشتىن توختىدى. توختىگۈلنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن چىققان قان ئۇنىڭ يېڭىلا سېتىۋالغان ئالىي دەرىجىلىك مايسا رەڭ كوپتىسىنى قىپقىزىل بوياۋەتكەنىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن يىغلاپ، بىر تەرەپتىن تىللايتتى، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان قاننى مۇختەرجاننىڭ يۈزىگە تۈكۈرەتتى. ھەسەن ئاكىنىڭ ئىشىكنى غەزەپ بىلەن تېپىشىدىن ھوشىغا كەلگەن مۇختەرجان: «ئەمدى بولدى قىل، ئەمدى بولدى دەيمەن!» دەپ ئاگاھلاندۇرغانسېرى توختىگۈل تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى. كۆزلىرىدىن قان تەپچىپ تۇرغان مۇختەرجان توختىگۈلنىڭ چېچىدىن قاماللاپ تۇتۇپ داۋاملىق يېنىغا ئېسىپ يۈرىدىغان، سېپىغا پىل چىشىدىن نەقىش قويۇلغان پىچىقىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋالدى - دە، توختىگۈلنىڭ گېلىغىلا تەڭلىدى.

— يەنە ئۇنىڭغا چىقىرىدىغان بولساڭ مۇشۇ يەردىلا بوغۇزلىۋېتىمەن، قېرى قانجۇق! خىيالىڭدا يىغلاپ قورقىتىمەن دەپ قالما! ئادەم بۇ دۇنياغا تۇغۇلغان ئىكەن بالدۇر ئۆلسىمۇ ئۆلىدۇ، كېيىن ئۆلسىمۇ ئۆلىدۇ، سېنىڭدەك بىر پېسەندىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق!

گېلىغا ئۆتكۈر پىچاق تەڭلەنگەن توختىگۈل خۇددى قايناۋاتقان قازانغا بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك شۈككىدە بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە ئۆزىنى بېسىۋالمىسا ئۇنىڭ قولىدىن تىرىك قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىگەن ئىدى.

— ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ، مۇختەرجان، — دېدى توختىگۈل غال - غال تىترەپ تۇرۇپ، — مېنى ئۆلتۈرىۋەتسىڭىز سىزمۇ تىرىك قالمايسىز، بۈگۈن خاتالىق مەندىن ئۆتۈپتۇ، ئويلاپ باقسام سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزمۇ توغرا ئىكەنىدۇق، مەن سىزدىن كەچۈرۈم سوراي، ھەرگىز ئۇنداق قارامىلىق قىلماڭ!

توختىگۈلنىڭ بايىقى تەلۋىلىكىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە پىلىكتەك يۇمشاپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ شۇقەدەر بىچارە ئىدىكى، ئۆزىنى خۇددى قاسساپنىڭ ئالدىدا تۇياقلىرى باغلانغان قوزىدەكلا ھېس قىلىۋاتاتتى.

توختىگۈلنىڭ يېلىنىشلىرىدىن مۇختەرجاننىڭ تاشتەك قاتقان يۈرىكى بىر ئاز ئېرىدى بولغاي، غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىر ھازا تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېچىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ـ دە، دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە تازىلىق ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. توختىگۈل يۈزىنى سوغۇق سۇ بىلەنلا يۇيۇۋېتىپ ئەينەككە قارىۋىدى، كالپۇكلىرىنىڭ ئىششىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنىڭ خۇددى مۇشۇكئېيىقنىڭ كۆزىدەك كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

ئىشىكنى تولا ئۇرۇپ چارچاپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان ھەسەن ئاكا پېشانىسىدىكى تەرنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، توختىگۈللەرنىڭ ئىشىكىگە قارىتىپ كۈچەپ بىرنى تۈكۈردى ـ دە، قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكىگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

تۇرغانجان بىلەن غۇلامجان چۈشلۈك تامىقىنى ھەسەن ئاكىنىڭ ئۆيىدە يېدى، ئۇلار تامىقىنى يەپ بولغىچە تۇرغانجاننىڭ مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقتىمۇ توشۇپ قالغانىدى. ھەسەن ئاكىنىڭ ئۆيىدىن ئالدىراپ ـ تېنەپ چىققان تۇرغانجان بوغچىسىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئىشىكنى چەكتى.

— ئاپا، ئىشىكنى ئېچىڭ! بوغچامنى ئېلىۋالاي!

تۇرغانجان ئاپىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئىشىكنى شۇنچە ئۇرغان بولسىمۇ، ئۆيدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئۆيدىن شەپە چىقمىغانچە دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغان تۇرغانجان ئىنىسى غۇلامجانغا ئۆزى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگۈچە ھەسەن ئاكىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تۇرۇشنى، ئىشىك ئېچىلغان ھامان ئۆيگە كىرىپ بوغچىسىنى ئاچىقىپ قويۇشنى تاپىلىدى ـ دە، ئالدىراپ ـ

تېنەپلا مەكتەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئېنىقىنى ئېيتقاندا، خۇددى غالجىر ئىتلاردەك تالىشىپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك بولۇپ كېتىشكەن بۇ نائەھلىلەرنىڭ ئاربىدىن بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتمەي تۇرۇپلا تۈنجى قېتىم ۋىسال تەمىنى تېتىشقا مۇيەسسەر بولۇپ دۇنيانىڭ بارلىق رىيالىرىنى، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشكەن ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك بىر ـ بىرىگە مەھكەم گىرەلەشكەن ھالدا جاھاندىكى بارلىق گۈزەل سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن بىر ـ بىرىنى سۆيەتلىشىپ ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كېتىشكىنىنى ئېغىزىدىن سۆت ھىدى پۇراپ تۇرغان بۇ نارەسىدىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇشۇ ھېكايەتلەرنى قىزىقىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ، بايىقى دەھشەتلىك جەڭ مەيدانىدىكى قورقۇنچلۇق قىيا ـ چىيا، چىرقىراشلارنى، گۈپ ـ گۈپ قىلغان تېپىك ئاۋازى بىلەن چاڭىلدىغان تەستەك ئاۋازىنى، ياقىلارنىڭ يىرتىلغان چاغدىكى جارتىلدىغان ئاۋازىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ھەسەن ئاكا بىلەن ئايشەمخان ھەدىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ يىراقلىقتا ئىدى.

— تۇرغانجان ئىشىكنى ئۈرۈۋاتىدۇ، جېنىم، — دېدى مۇختەرجاننىڭ ئاستىدا ئىگراپ ياتقان توختىگۈل پەس ئاۋازدا، — ئۇنىڭ بوغچىسى ئۆيدە ئىدى، بوغچىسى بولمىسا مەكتەپكە قانداق بارار؟

— بىرەر قېتىم بوغچا ئاپارمىغانغا ھېچنېمە بولمايدۇ، پەرىشتەم، — دېدى مۇختەرجان ھاسىراپ تۇرۇپ، — ھازىر ئىشىكنى ئاچمىز دېگەن بىلەنمۇ ئاچالمايمىز، شۇڭا ئۇنىڭغا چىقارماي جىم يات!

— ھەممىنى قىلغان سىز، — دېدى پېشانىسىدە مارجاندەك تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان توختىگۈل ئەركىلىگەن قىياپەتتە.

— ئەر ـ خوتۇندارچىلىقتا ئانچە ـ مۇنچە ئۇرۇش ـ تالاشلار

بولۇپ تۇرمىسىمۇ بولمايدۇ، ئالتۇنۇم، — دېدى مۇختەرجان ھەرىكىتىنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرۈپ، — ھېچقانداق دولقۇنى، شاۋقۇنى بولمىغان كۆل سۈيىدەك تىنچ تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى بولىدۇ دەيسەن، ئاپپىقىم.

— باشقا ۋاقىت بولغان بولسىغۇ مەيلى ئىدى، — دېدى توختىگۈل سەل ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە، — بالىلارنىڭ ئالدىدا بەكلا سەتلەشتۇق، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئۇنتۇلغۇسىز داغ قالدىغان بولدى - دە.

— كىچىك بالا دېگەن ھېلى بولغان ئىشنى ھېلىلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، مېنىڭچە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنىمۇ ياخشى بولدى، ئانچە - مۇنچە يۈرىكى سىرقىراپ، تەپ تارتىدىغان بولمىسا تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالىدۇ ئۇلار.

— باھانە - سەۋەب كۆرسىتىشكە ئۇستىغۇ سىز، — دېدى توختىگۈل مۇختەرجاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئۇلار چوڭ بولغاندا بۇ ئىشلار خىيالىغا كېلىۋېلىپ «ئۆچ ئالىمىز» دەم تۇرۇۋالمىسىلا بولاتتىغۇ!؟

— ئەنسىرىشىم يوق، بىر تال گۈلۈم، — دېدى مۇختەرجان كۆرەڭلىگەن ھالدا، — ئۇ چاغدا يېنىمدا يەنىلا سەن بار ئەمەسمۇ، سەن تۇرغان يەردە يەنە نېمىدىن قورقاتتىم؟ !

— قېلىن !

سىرتتا تۇرغانجاننىڭ ئۇكىسىغا نېمىنىدۇر بىرنېمىلەرنى تاپىلاپ قويۇپ، پەلەمپەيدىن گۈپۈرلەپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. تولۇق خاتىرجەم بولغان مۇختەرجان بىلەن توختىگۈل ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى. مۇختەرجان يەنىلا توختىگۈلنىڭ ئاۋازىنىڭ قاتتىقراق چىقىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئېغىزى بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىۋالدى.

مەكتەپتىن بالدۇرلا قايتىپ كەلگەن تۇرغانجان ئىشىكنى

خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇرغان بولسىمۇ ئىشىكنى ئاچىدىغان ئادەم چىقمىدى، ئاخىرى ئۇ قۇلىقىنى ئىشىككە چاپلاپ ئۆينىڭ ئىچىنى تىڭشاپ كۆردى، ئۆينىڭ ئىچىدە ئاپىسى بىلەن ئۆگەي دادىسىنىڭ پەس ئاۋازدا پاراڭلاشقىنى، ساپما كەشنىڭ شىپىلداپ ماڭغان تىۋىشى ئاڭلاندى.

تۇرغانجاننىڭ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى پەملىگەن مۇختەرجان ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇۋىدى، توختىگۇل ئۇنى توسۇپ قويدى.

— ئىشىكنى ئاچماڭ! بالىلار مېنىڭ بۇ ئەپتىمنى كۆرسە قورقۇپ كېتىدۇ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالا مۇنداق ئېغىر زەربىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ، ھە دېسىلا بۇ ئىش كاللىسىغا كىرىۋالسا دەرستىن چېكىنىپ كېتىدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— ئەنسىرىمەڭ، ئىشىكنى ئاچمىساقلا بىردەم ئۇرۇپ بېقىپ مومىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ، چىرايىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم بېرىپ ئەكېلىۋالىمەن.

— بۇ چارەڭمۇ بولغۇدەك، قوزام، دېمىسىمۇ ھازىرقى تۇرقۇڭنى ئۇلارنىڭ كۆرگىنىدىن كۆرمىگىنى ياخشىراقتەك قىلىدۇ.

راست دېگەندەك تۇرغانجان ئۆيدىكى ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كۇسۇرلاشلىرىنى ئاڭلاپ بىرئاز خاتىرجەم بولدى. ئۇ بۈگۈنچە مومىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ تۇرۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ بوغچىسىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىدى ـ دە، ھەسەن ئاكا، ئايشەمخان ھەدە بىلەن خوشلىشىپ ئىنىسى غۇلامجاننى يېتىلىگىنىچە مومىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. گەرچە ئۇ ئاپىسىدىن خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ ئۆيدە بار تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىگە ئىشىكنى ئېچىپ بەرمىگىنىگە قورسىقى كۆيۈپ قالغانىدى. ئۇ «بۇ ئاپامنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ، ئۆيدە يوق بولسىغۇ مەيلى، ئۆيدە بار تۇرۇپمۇ

ئىشىكنى نېمىشقا ئېچىپ بەرمەيدۇ؟ بىزدىن زېرىككەن بولسا، موماتىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇشلار دېسە بولماسمىدى؟» دېگەنلەرنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ كۆز چاناقلىرىدا پەيدا بولغان ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈۋەتتى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە: «خەپ، توختاپتۇر لوكچەك! سېنىڭ بېزنى ئۇرغىنىڭنى، ئېغىزىڭنى بۇزۇپ ئەسكى گەپلەر بىلەن تىللىغىنىڭنى ئوبول ئاكامغا چېقىشتۇرۇپ ئەدىپىڭنى بەرگۈزمەيدىغان بولسام» دەپ پىچىرلىدى.

راست دېگەندەك، ئوبول قارام ئەتىسى ئەتىگەندىلا تۇرغانجاننى ئەگەشتۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى. ئەزەلدىنلا چىرايى قارامتۇل كەلگەن ئوبۇلنىڭ غەزەپتىن چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن بولۇپ، ھەربىرى بىر ئاتنىڭ تۇيىقىچىلىك كېلىدىغان مۇشتى بازغاندەك چىڭ تۈگۈلگەنىدى. سەل دوقا كەلگەن ماڭلىيى ئاستىدىكى قاپىقى تۈرۈلگەن بولۇپ، قوڭۇر رەڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

مەرھۇم يارى ياۋاش بىلەن ئوبۇل قارام گەرچە بىر دادا بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداشلار بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ خۇي ـ مىجەزى ئىككى دۇنيا ئىدى. ئوبۇل قارامنىڭ مىجەزى ناھايىتى چۇس، تېرىككەك بولۇپ، بىرەر ئىش قىلدىن قىيىق كەتسىلا چاپان سېلىپ چىقاتتى. شۇڭا، زورىخان ئانا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ دەككە ـ دۈككىدىلا يۈرەتتى. ئاخشام تۇرغانجان ئىنىسى غۇلامجاننى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە بارغاندا ئوبۇل ئۆيدە يوق بولۇپ، دوستىنىڭ توي مۇراسىمىغا قاتناشقىلى كەتكەنىدى. تويدا كۆپرەك ئىچىپ قويغان ئوبۇل يېرىم كېچە بولغاندا قايتىپ كەلدى ـ دە، كىيىملىرىنى سېلىشقىمۇ ئۇلگۈرمەي ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى.

ئەتىگەندە زورىخان ئانىنىڭ «جېنىم بالام ئورنۇڭدىن تۇر، ئىشقا بارىدىغان ۋاقىت بولۇپ كەتتى» دەپ، قايتا ـ قايتا زورلىشى بىلەن غۇدۇراپ يۈرۈپ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرغان

ئوبۇل ناشتا قىلىپ ئولتۇرغان تۇرغانجاننى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ۋوي! سەن قاچانلاردا كېلىۋالدىڭ بۇ ئۆيگە؟ — سورىدى ئوبۇل ھەيران بولۇپ، — ئۇكاڭچۇ، ئۇكاڭنى بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭمۇ؟

— ئۇكاممۇ مۇشۇ ئۆيدىغۇ، ئۇ مومام ياتىدىغان ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ.

— موماڭلارنى سېغىنىپسىلەر - دە، كاساپەتلەر، — دېدى ئوبۇل تۇرغانجاننىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ ئەركىلىتىپ، — ئەسلىدە شەنبە كۈنلىرى كېلەتتىڭلار، قانداقلارچە مۇنداق كۈندە كېلىپ قالدىڭلار؟

تۇرغانجان نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بېشىنى قاشلاپ بىر هازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تۈنۈگۈن ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى. بۇلارنى ئاڭلاپ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ئوبۇل: «ئاناڭنى... ئىتنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن هاراملىق، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ جىيەنلىرىمنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغۇدەك بوپتۇما، تېخى؟ لاتا غىلاپ هەزىلەكنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ ئىچىگە سامان تىقمايدىغان بولسام، ئوبۇل قارام دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن !» دەپ توۋلىغىنىچە ئالدىدىكى ئورۇندۇقنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتتى - دە، ئۆيدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئىچىۋاتقان چېيىنى جايىغىلا تاشلاپ قويغان تۇرغانجان «ئاكا توختا! بوغچام ئاشۇ ئۆيدە قالغان، سەن بىلەن بىللە بېرىپ بوغچامنى ئېلىۋالاي» دېگىنىچە كەينىدىن ئەگەشتى.

قاۋۇل، بەستلىك كەلگەن ئوبۇل قارام پەلەمپەينى تېشىۋەتكۈدەك دەرىجىدە گۈس - گۈس دەسسىگىنىچە بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە چىقتى - دە، ئىشىك ئالدىدا توختاپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن، مۇشتى بىلەن ئىشىكنى كۈچەپ ئۇردى.

— ئاچە ئىشىكنى لاتا غىلاپ! ئادەمنى قانداق ئۇرىدىغاننى مەن ساڭا كۆرسىتىپ قوياي، ۋۇي ئاناڭنى ... خوتۇن كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان لالما، ئىشىكنى ئاچ دەيمەن ! يەنە ئاچمىساڭ ئىشىكنى چېقىۋېتىمەن، بىلدىڭمۇ؟

ئوبۇل قارام ئىشىكنى شۇنچە ئۇرغان بولسىمۇ، ئىشىكنى ھېچكىم ئاچمىدى. دەرغەزەپ بولغان ئوبۇل قارام كەينىگە ئىككى قەدەم داجىپ، بارلىق كۈچىنى پۇتىغا يىغىپ بىر تېپىۋىدى، ئىشىك جالاققىدە ئېچىلىپ كەتتى، ئىشىكنىڭ مۇنداق ئاسان ئېچىلىپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئوبۇل ئۆزىنى كونترول قىلالماي يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

ئۆينىڭ ئىچى پاك - پاكىز تازىلانغان بولۇپ، ھەممە نەرسىلەر جايى - جايىدا رەتلىك تىزىقلىق تۇراتتى. ئوبۇل قارام ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇپ چىقتى، ھەتتا بالكونلارنىمۇ ئالا قويمىدى، لېكىن ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، ھەسەن ئاكا بىلەن ئايشەمخان ھەدە كىرىپ كەلدى، ئوبۇل ئۇلارنى كۆرۈپ زورىغا كۈلۈپ تىنچلىق سوراشتى.

— بۇلار نەگە كەتكەندۇ ئاكا؟

— بىزمۇ ئۇلار ئۆيدە بار ئوخشايدۇ دەپتۇق، — دېدى ھەسەن ئاكا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — نەگە كەتكىنىنى، ئۆيدىن قاچاندا، قانداق چىقىپ كەتكىنىنى بىزمۇ بىلمىدۇق.

— رەھمەتلىك يارىجان ھايات چاغلاردا خۇددى بىر قورساق قېرىنداشلاردەك سىنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەي ئېجىل - ئىناق ئۆتۈپتىكەنمىز، — دېدى ئايشەمخان ھەدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — مۇشۇ بالىلارنىمۇ قولمۇقول بېقىپ چوڭ قىلغانىدۇق، ئاشۇ رەھمەتلىك تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئۆيدىن تىنچلىق، خاتىرجەملىك يوقالدى، ئىلگىرى بۇ ئۆي كۆزىمىزگە ئىسسىق كۆرۈنگەن بولسا، ھازىر دوزاخ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇكام.

ھەسەن ئاكا ئايالىنىڭ سۆزىنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ بولۇپ بىردەمدە ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ يۈرۈۋېرىدىكەن، بىراق بار بولغۇلۇق مۇشۇ بىچارە نارەسىدىلەرگە بولىدىكەن، ئۇلار مومىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى بىر كۈنمۇ خاتىرجەم ياشاپ باقمىدى. سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا، ئۇكام. راستىنى ئېيتقاندا بۇلارنىڭ جېدىلىنى تولا ئايرىپ ئاخىرى بىزمۇ زېرىكتۇق، ھازىر ئۇلارنىڭ جېدىلىنى كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە، ئاڭلىساقمۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇق.

ئوبۇل قارام ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ بەس - بەستە قىلغان شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ غەزىپى تېخىمۇ ئۇرلىدى، ئۇ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي بېلىنى تۇتقىنىچە ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتلىرى بىلەن تاملارغا ئۇراتتى. ناۋادا مۇشۇ پەيتىنىڭ ئۆزىدە مۇختەرجان ئۆيگە كېلىپ قالغان بولسا ئىدى، ئوبۇل قارام خۇددى مۇشۇك چاشقاننى بوغقاندەك بوغۇپ، ئۇنىڭ ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا تويغۇزۇۋەتكەن بولاتتى.

تۇرغانجان ئۆيگە كىرىپ ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىنى كۆردى - دە، ئىشىكنىڭ كەينىدىكى ئىلغۇغا ئىلىپ قويغان بوغچىسىنى ئالدى.

— مەكتەپتىن قايتىپ ئۇدۇل موماڭنىڭ ئۆيىگە بار، جۇمۇ!

— ماقۇل، ئاكا.

ئاچچىقىدا ئۆزىنىڭ ئىشقا چىقىدىغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئوبۇل قارام مۇختەرجان بىلەن توختىگۈلنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ خېلىغىچە ئولتۇرۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قايتىپ كەلمىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆيگە ھەسەن ئاكىلارنىڭ بىردەم قاراپ تۇرۇشىنى ئېيتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ

كەتتى. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە ياغاچچىدىن ئىككىنى باشلاپ كېلىپ چېقىلغان ئىشىكنى رېمونت قىلدۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. كېيىنچە ئۇ بۇ ئۆيگە مۇختەرجاننى ئىزدەپ بىرقانچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى زادىلا ئالالمىدى.

## ئۈچىنچى باب

# قان - ياشلىق كۈنلەر

توختىگۈلنىڭ مۇختەرجانغا ئەگىشىپ يۇرت - يۇرتلارنى ئارىلاپ ئىككى يىلچە سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئەزەلدىن ناتونۇش بولغان بۇ چەت يېزىغا كېلىپ قالغىنىغا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئۈچ يىلدىن ئېشىپ قالدى. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇنىڭ كۆرمىگەن كۈنى، تارتمىغان جاپاسى، يىغلىمىغان يىغىسى قالمىدى. تاغدەك ئىشىنىپ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن مۇختەرجاننىڭ ۋىجدانسىزلىقى، ۋاپاسىزلىقى ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە، دىشۋارچىلىققا دۇچار قىلدى. ئۇ مۇختەرجاننىڭ قىماردا «دەتتىكام» دەپ ئاتقان بىر قېتىملىق ئوشۇقى بىلەن باشقىلارغا خوتۇن بولۇپ هارغىچە دەرد تارتقىنىنى ئاز دېگەندەك، يەنە باشقىلارغا بالا تۇغۇپ بېرىدىغان ماشىنىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ ئازابلارنى تارتقاندىن كۆرە ئۆلۈپلا تۈگىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇددى جىنايەتچىگە ئوخشاش قاتتىق نەزەربەند قىلىنىپ ئۆلۈۋېلىش هوقۇقىدىنمۇ مەهرۇم قالدى.

— كۆڭلۈم سەل ئۆيۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى بويىنى ئەمدىلا سۇغا سېلىپ چىققان مۇختەرجان چېچىنى قۇرۇق لۆڭگە بىلەن سۈرتكەچ، — خۇددى بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك، ئەزرائىل «ئامانەتنى ئالىمەن» دەپ هازىرلا ئىشىكتىن كىرىپ كېلىدىغاندەك بىر تۇيغۇ كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىۋاتىدۇ،

نىمىشقىكىن سەل قورقۇپ قېلىۋاتىمەن.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، — دېدى گىرىم ئىشكاپى ئالدىدا ئولتۇرۇپ چېچىنى تاراۋاتقان توختىگۈل كەينىدە ئۆرە تۇرغان مۇختەرجانغا يالتتىدە بىر قارىۋېتىپ، — ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق نېمىشقا بۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىڭىز؟ بىر ئوبدان تۇرمايمىزمۇ مانا.

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغانسەن، خوتۇن، — دېدى مۇختەرجان سەل تېرىكىپ، — بۈگۈن مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي بالىلارغا قاتتىق تېگىپ قويدۇم، ئۇلار مومىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا بۇ ئىشلارنى دېمەي قالمايدۇ، ھېلىقى ئوبۇل قارامنىڭ مىجەزىنى سەن مەندىنمۇ ياخشىراق بىلىسەن. ناۋادا ئۇ مېنىڭ بالىلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغىنىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا بۇ يەرگە باستۇرۇپ كېلىشتىن يانمايدۇ، ئىككى يولۋاس تۇتۇشۇپ قالسا ھامان بىرسىنىڭ ھالاك بولۇشى تۇرغانلا گەپ، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا چوقۇم ئىككىمىزنىڭ بىرسىنى پالاكەت باسىدۇ.

مۇختەرجان بۇ سۆزلەرنى تولىمۇ جىددىي، كەسكىن تەلەپپۇزدا دېدىكى، بۇنى ئاڭلاپ توختىگۈلنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكىلى ئاز قالدى. ئۇنىڭ تاياق زەربىسىدىن كۆكىرىپ، ئىششىپ كەتكەن چىرايى شۇ ئان تاتىرىپ كەتتى. دېمىسىمۇ، ئوبۇل قارامنىڭ مىجەزى ئۇنىڭغا بەش بارماقتەكلا ئايان ئىدى، ناۋادا ئۇ كېلىپ قالىدىغان بولسا مۇختەرجاننى چۈجىنى قاماللىغاندەك قامالالاپ بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىن تاشلىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. مۇشۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن توختىگۈل خۇددى ئوبۇل قارام چىرايىدىن بوران ئۇچۇرغىنىچە پەلەمپەيدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك، مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ مۇختەرجاننى بالكوندىن تاشلىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى.

— سىز ئەسكەرتمىسىڭىز بۇلار خىيالىمغىمۇ كەلمەپتۇ، — دېدى توختىگۈل ئەندىككەن هالدا، — ئەمدى قانداق قىلىمىز، بۇنىڭغا ياخشىراق ئامالىڭىز بارمۇ؟

بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغان مۇختەرجان ئۆزىنى سافاغا تاشلىغىنىچە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ پەرىشان بولۇپ، بىر هازا ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، چېكىپ بولاي دەپ قالغان تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ شىرە ئۈستىدىكى كۈلدانغا باستى - دە، ئۆزىگە تەلمۈرۈش ئىلكىدە تىكىلىپ تۇرغان توختىگۈلگە نەزىرىنى ئاغدۇردى.

— مېنىڭچە، بۇ شەهەردە ئەمدى تۇرغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، — ياخشى - يامان ئۆتتۇشكەن بولساقمۇ بىر يىلغا يېقىن ئەر - خوتۇن بوپتۇق، سېنى خۇشال قىلغان كۈنلىرىمگە قارىغاندا رەنجىتكەن، دىلىڭغا ئازار بەرگەن يەرلىرىم كۆپ بولدى، شۇڭا مېنى كەچۈرۈۋېتىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەسلىدىغۇ سېنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولغۇم يوق ئىدى، لېكىن «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالدى، هازىرقى ئەهۋالدىن قارىغاندا كەتمىسەم زادىلا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

مۇختەرجان شۇ قەدەر بىچارە هالەتتە ئىدىكى، خۇددى يۈزى ئېچىلمىغان تارتىنچاق قىزلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. هەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭ چاناقلىرى ئەتراپىدا پەيدا بولغان ياشلار هازىرلا مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشىدىغاندەك لىغىرلاپ تۇراتتى.

— كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن كېتىمەن دەپلا كەتكىلى بولماس، مېنىڭچە، ئىشلار سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق مۇرەككەپ بولۇپ كەتمەس، — دېدى مۇختەرجاننىڭ هالىتىنى كۆرۈپ يۈرىكى بىر قىسما بولۇپ قېلىۋاتقان توختىگۈل تولىمۇ مىسكىن ئاهاڭدا، — ئىشلار بېسىققىچە ئۆزىڭىزنى بىر مەزگىل دالدىغا ئېلىپراق يۈرسىڭىزلا بولىدىمۇ، بەلكىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى

بىلەن بۇ ئىشلارمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتەر بولغىيدى.

توختىگۈلنىڭ «ئۆزىڭىزنى بىر مەزگىل دالدىغا ئېلىپ يۈرسىڭىزلا بولمىدىمۇ» دېگەن بىر ئېغىز گېپى جاھانكەزدىلىك بىلەن ياشاپ، نى ـ نى ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇختەرجاننىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تەگدىمۇ ياكى ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ، بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ توختىگۈلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

— مېنى نېمىگە ئوخشىتىپ قېلىۋاتىسەن، توختىگۈل؟ — دېدى مۇختەرجان چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتى بىلەن سافا بىرنى ئۇرۇپ، — مەنمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق مەيدىسىدە تۈكى بار ئەر كىشى جۇمۇ، ناۋادا بۇ يۇرت ئۆزۈمنىڭ بولغان بولسا بىر بېشى، ئىككى بىلىكى بار ھەرقانداق ئادەمدىن قورقۇپ قالماس ئىدىم. ھېلىمۇ ھېچكىمدىن قورقۇشۇم يوق، پەقەتلا ساڭا ئىش تېرىپ بەرمەي دەپ ئويلىغانلا يېرىم بار. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ يەردە مېنىڭ سېنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يېقىنىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بىر ئايال كىشى، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا يىغلاپ قاراپ تۇرغاندىن باشقا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيسەن، ئويلاپ باقسام ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالغۇدەك، شۇڭا بۇ يەردە تۇرغاندىن يەنىلا كېتىپلا قۇتۇلاي دەۋاتىمەن.

مۇختەرجاننىڭ ئويلىمايلا «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» دېگەن گېپى توختىگۈلگە سەل ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جەزمەن كېتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ يىغلىدى، كۆز ياشلىرى ئەمدىلا گىرىم قىلغان يۈزلىرىنى بىردەمدىلا ئەسلىي ھالىتىگە ئەكېلىپ قويدى. ئەسلىدە ئۇ تايىقىنى تولا يەپ، تىلىنى تولا ئىشىتكەن بۇ كىشىنىڭ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولغان بولسا بولاتتى،

لېكىن ئۇ خۇش بولۇشنىڭ ئورنىغا قايغۇردى، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى بىرسى بۇلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئاھ ئۇردى. قەلبىگە بىر مەھەل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۆچمەنلىكنىڭ ئورنىغا قايتىدىن مۇھەببەت ئالمىشىپ، ئاجايىپ سېھىرلىك بىر پارچە ئوت ئىچىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك بىئارام بولدى. شۇ تاپتا ئۇ «بىر كۆنلۈك ئەر ـ خوتۇننىڭ يۈز كۈنلۈك مېھرى بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولۇۋاتاتتى.

— نەگە باراي دەيسىز؟

— ھازىرچە نەگە بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ باقسام بىر گەپ بولار، بەلكىم ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرەرمەن ياكى بولمىسا يۇرتۇمغا بېرىپ دېھقانچىلىقىمنى قىلارمەن. ئىشقىلىپ، بېشىم بويىنۇمدا، جېنىم تېنىمدىلا بولسا ياشىغىدەك ماكان تېپىلىپ قالار، مەيلى نەگىلا باراي، يېنىمدا سەن بولغان بولساڭ بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى. بولدىلا! بۇ گەپنى دەپ سېنىمۇ خىجالەت قىلىپ يۈرمەي، ئېغىر كۆرمىسەڭ كىيىملىرىمنى چامادانغا سېلىپ بەرسەڭ قاراڭغۇ چۈشكىچە بىرەر ماكان تېپىۋالاي.

مۇختەرجاننىڭ تولىمۇ بىچارە قىياپەتتە ئېيتىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەن توختىگۈل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ھازىرلا يولغا چىقماقچىمۇ سىز؟

— شۇنداق، كونىلاردا «يىگىت سۆزىدىن يانماس، يولۋاس ئىزىدىن» دەيدىغان گەپ بار، مېڭىشنى قارار قىلغانىكەنمەن، چوقۇم مېڭىشىم كېرەك، باياتىن بېرى دەيدىغاننى دەپ بولدۇم، يەنە ئوشۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق.

توختىگۈلنىڭ روھى تېنىدىن چىقىپ كەتكەندەك پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ، ئورۇندۇققا قايتىدىن لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالغان بولۇپ، ئاشۇ دەقىقىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلىپ

بولالمايتتى.

— بولدى، ھېلىمۇ سېنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، مۇشۇ قېتىم بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم قىلاي، بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن سېنى ئاۋارە قىلىدىغانمۇ پۇرسەت بولماس، — دېدى مۇختەرجان ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— توختاڭ ! — دېدى توختىگۈل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مەنمۇ سىز بىلەن بىللە ماڭىمەن، ئەر نەدە بولسا ئايال شۇ يەردە بولىدۇ، سىزنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇپ قانداق خاتىرجەم يۈرەلەيمەن؟

خىيالىدا «مۇختەرجان ئۆزى يالغۇز كېتىپ قالسا ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارسام ئۇزاققا قالمايلا ئۇنى ياندۇرۇپ كېلىمەن» دېگەنلەرنى ئويلىغان توختىگۈل بۇ سۆلەرنىڭ قانداق بىر سېھرىي كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. مۇختەرجانمۇ دەل ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈۋاتقان بولۇپ، ئۇنى زورلاپ ئېلىپ ماڭغىنىدىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئېلىپ كەتكىنى ياخشى ئىدى. دەرھاللا تېشىغا تېپىپ چىققان خۇشاللىقىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغان مۇختەرجان مىيىقىدا پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى - دە، چىرايىغا دەرھاللا جىددىي تۈس كىرگۈزدى.

— چاقچاق قىلما، توختىگۈل، — دېدى مۇختەرجان كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بۇ ھەرگىز ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. مەنغۇ سېنىڭ بىللە كېتىشىڭگە ھەرگىز قارشى تۇرمايمەن، لېكىن سېنىڭ ئۈچ بالاڭ بار ئادەم، بالىلىرىڭنى تاشلاپ قويۇپ مەن بىلەن كەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ مېڭىشىمدا نەگە بېرىپ نەدە توختىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مەن بىلەن ماڭساڭ ساڭا جاپا تارتماقتىن باشقا ئىش يوق، شۇڭا ئۆزۈڭگە ھاي بېرىپ تۇرۇپ قال !

— بالىلار ھازىر خېلى چوڭ بولۇپ قالدى، — دېدى توختىگۈل ئىككىلىنىپ تۇرمايلا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ

هالىدىن خەۋەر ئالىدىغان مومىسى بار، مەن يارى رەھمەتلىككە ياتلىق بولۇپ بۇ شەھەرگە كەلگەن ئون يىلدىن بۇيان ئۆي، بالا دەپ ھېچ يەرگە بېرىپ باقماپتىمەن، مۇشۇ باھانىدە بولسىمۇ چىقىپ يۇرت كۆرۈپ كەلسەم كۆڭلۇم ئېچىلىپ قالار.

ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئالدىدا تۇرغان مۇختەرجان ئۆزىگە ئۇمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغان توختىگۈلنى ھاياجان بىلەن باغرىغا بېسىۋىدى، ئۇ «ۋايجان» دېگىنىچە ۋارقىرىۋەتتى، چۆچۈپ كەتكەن مۇختەرجان ئۇنى ئىتتىكلا قويىۋەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، قوزام؟

— نېمە بولغىنىنى ئۆزىڭىز بىلمەمتىڭىز، — دېدى توختىگۈل قېيىدىغان ھالدا.

دەرھاللا ئېسىگە كەلگەن مۇختەرجان ئوڭايسىزلانغان ھالدا زورىغا ھىجايدى - دە، ئۇنى باغرىغا بوشقىنا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. مۇختەرجاننىڭ چىرايلىق سۆزلىرىدىن، تاتلىق سۆيۈشىدىن ۋۇجۇدى سۇدەك ئېرىگەن توختىگۈل خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشتى، ئۇنىڭ ساقىلى يېڭىلا قىرىلىپ پارقىرىتىۋېتىلگەن ئېڭەكلىرىگە، بويۇنلىرىغا توختىماي سۆيدى، كونترول قىلغىلى بولمايدىغان كۈچلۈك ئىچكى ھېسسىيات ئۇنى ئەسەبىي قىلىۋەتكەنىدى. بىر پارچە ئوت مېڭىسىدىن كىرىپ تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولغان مۇختەرجان ئۇنى يەردىن لىككىدە كۆتۈرۈپ ئالدى - دە، ياتاق ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كارىۋاتقا قويدى...

ئۇلار بارلىق سەپەر تەييارلىقلىرىنى تاماملاپ ئۆيدىن چىققىنىدا، كۆز باغلانغىدەك ۋاقىت بولغانىدى. كارىدورنىڭ ئىچى جىمجىتلىققا تولغان بولۇپ، بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن چارچاپ ئۆيلىرىگە قايتىشقان قوشنىلار كېچىلىك غىزا يېيىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىشكەنىدى. مۇختەرجان بىلەن توختىگۈل ئىشكنى پەم بىلەن تاقاپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ

پەلەمپەيدىن چۈشۈپ سىرتقا چىقتى. پۈتۈن ئەتراپ تۈن پەردىسى ئىچىگە غەرق بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئىشتىن كەچ قېلىپ ئالدىراش ئۆيلىرىگە مېڭىشقان بىرەر يېرىم كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كوچىدا تۈزۈكرەك ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار كارىدوردىن چىقىپ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋالغاندىن كېيىن، بىنانى ياقىلاپ ماڭغىنىچە چوڭ يولغا چىقىشتى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولۇشتى. بۇ چاغدا مەھەللە چىراغلىرى تېخى يېقىلمىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاياققا مېڭىشقىنىنى ھېچكىم بىلمىدى ...

مۇختەرجان بىلەن توختىگۈلنىڭ بىرقانچە يۇرتنى ئايلىنىپ ئۆيدىن چىققىنىغا ساق ئىككى يىل بولدى دېگەندە، قاراتاغ ۋادىسىنىڭ تىكەنتام دېگەن چەت يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندە پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغان بولۇپ، كوچىلاردا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگەن ئاياللار، ئۇششاق باللاردىن باشقا بىرمۇ ئەر كىشى كۆرۈنمەيتتى. بۇ ماي ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولغاچقا كۈن تونۇردەكلا ئىسسىپ كەتكەنىدى. يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ كېسىپ ئۆتىدىغان شېغىل يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان يېزا بازىرى بەك چوڭ دېگۈدەك بولمىسىمۇ، لېكىن خېلىلا ئاۋات كۆرۈنەتتى. ماڭدامدا بىر كۆزگە چېلىقىدىغان ئادەم غۇلچى يەتمىگۈدەك چوڭلۇقتىكى توغراقلار، قارىياغاچلار، كۆك بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن قاپاق تېرەكلەر، قەدىمكى شەكلىدە دېرىزىسىز سېلىنغان ئۆيلەر، مەسچىتلەر بۇ يۇرتنىڭ ئاز دېگەندىمۇ نەچچە يۈز يىلدىن ئوشۇقراق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

مۇختەرجان بىلەن توختىگۈل ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئوت ـ چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن، ئۆينىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان يان تېمىغا ئىككى تال بادرا ياغاچ يۆلەپ قويۇلغان، ھويلا تېمى قوناق شېخى، ئاپتاپپەرەس غولى دېگەندەكلەر بىلەن تورالغان بىر

يۇرۇش كونا ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قورۇ ئىچى جىمجىت بولۇپ، بىر تەرىپى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن لاپاسنىڭ لىم ياغىچىغا قولاقلىرى سالپايغان تۇم قارا رەڭلىك تايغان باغلاقلىق تۇراتتى. ئىشىك ئالدىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغان ناتونۇش ئىككى ئادەمنى كۆرگەن تايغان ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، بوغۇق ئاۋازدا قاۋاشقا باشلىدى. قورقۇپ كەتكەن توختىگۈل دەرھال كەينىگە بىرنەچچە قەدەم چېكىندى.

— ئابدۇسېلىم، ھەي ئابدۇسېلىم! — دەپ توۋلىدى مۇختەرجان قولىنى كانايچە قىلىپ.

— ئۆيدە يوق ئوخشىمامدۇ؟

— بار، — دېدى مۇختەرجان ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا كەينىدە تۇرغان توختىگۈلگە يالتتىدە بىر قاراپ قويۇپ، — چىڭراق توۋلىمىساڭ ئاڭلىمايدۇ بۇ قارىغۇ پاڭ.

مۇختەرجاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىت تېخىمۇ كۈچەپ قاۋاشقا باشلىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە ئۆينىڭ ئىشىكى ئېرىنچەكلىك بىلەن غىچىرلاپ ئېچىلىپ، ئۆيدىن ئەسنىگىنىچە بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ كىشى ئۇچىسىغا ئاق ماتادىن يەكتەك كىيىۋالغان بولۇپ، قارا پوتا بىلەن بېلىنى باغلىۋالغانىدى، يەكتىكى ئۇزاق مەزگىل يۇيۇلمىغاچقىمۇ كىرلىشىپ كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئورۇقلۇقىدىن قوۋۇرغىلىرى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ قالغان، قاڭشارلىق كەلگەن بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى قاپقارا ئۇزۇن بۇرۇتى بەئەينى قارلىغاچ چاڭگىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى، كۈنىنىڭ ئىسسىق بولغىنىغا قارىماي بېشىغا ئاق رەڭلىك تېرە تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغاچقىمۇ ياداڭغۇ يۈزى قوشۇقتەكلا كۆرۈنەتتى. بىر قاراشتىلا يېشى ئاتمىشلارغا يېقىنلىشىپ، بېلى بىلىنەرلىك مۈكچەيگەن بۇ كىشىنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ قارىچۇقىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، سەل چېقىرراق كەلگەن سول كۆزىنىڭ يالغان كۆز ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس

ئىدى.

مۇختەرجاننىڭ «چىگراق توۋلىمىساڭ ئاڭلىمايدۇ بۇ قارىغۇ پاڭ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى دەماللىقتا چۈشەنگەن توختىگۈلنىڭ تېنى بىردىنلا شۈركۈندى ـ دە، ئۆزىنى مۇختەرجاننىڭ كەينىگە يوشۇردى.

ــ كىمسەن؟ ــ سورىدى چېقىر كۆز قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ.

ــ مەن، تونۇمىدىڭما، قارىغۇ؟ ــ دېدى مۇختەرجان ياغاچلىرى چۇشۇپ كەتكەن دەرۋازىدىن پۇتىنى ئاتلاپ، ــ بىرنەچچە يىل كۆرۈشمىگەنگە مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن، قېرى بەڭگى؟

ھېلىقى كىشى ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ مۇختەرجانغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى تونۇدى ـ دە، ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

ــ پاھ، پاھ، بايۋەچچە، قانداق تەتۈر شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى بۇ يەرگە؟ ــ دېدى ھېلىقى كىشى تېخىچىلا قاۋاقتىن ئىتقا «جىم» دەپ توۋلاپ قويۇپ، ــ تېخى ئاخشاملا چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەنسەن، بۇگۈن كۆرۈشۈپ قېلىشىمىزنى زادىلا ئويلىماپتىمەن دېسە.

ــ چۈش كۆرۈپتىمەن دېسەڭ كىممۇ ئىشىنەر ساڭا، ــ دېدى مۇختەرجان كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ سەن چۈشىسەڭمۇ ئەسكى تام بىلەن چىلىم قاپىقىدىن باشقىنى چۈشىمەيدىغانسەن بەلكىم؟

ــ ھا ـ ھا ـ ھا ... ئاشۇ چىلىم قاپىقىنىڭ يېنىدا سەن بار ئىكەنسەن ئەمەسمۇ، ــ دېدى ھېلىقى كىشى تۇماق ئىچىدە تۇرۇپ تەرلەپ كەتكەن بېشىنى كارتىلدىتىپ تاتىلاپ تۇرۇپ.

ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپلا قىزغىن چاقچاققا چۈشۈپ كېتىشكىنىدىن خېلىلا يېقىن ئۆتۈشكەن بۇرادەرلەردىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان توختىگۈلنىڭ بايىقى قورقۇنچلىرى

بىراقلا تاراپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، ھېلىقى كىشىنىڭ بەرگەن سالىمىغا دەرھاللا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان مۇختەرجانغا پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. ھېلىقى كىشى توختىگۈلنىڭ قولىدىكى چامادانىنى دەرھاللا ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

ئىككى ئېغىزلىق قىلىپ سېلىنغان بۇ ئۆينىڭ ئىچى ئۆينىڭ تېشىدىنمۇ بەتتەر ئاددىي، بىچارە ھالەتتە بولۇپ، ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئوڭ قول تەرەپتە سۇپا بار ئىدى، سۇپىنىڭ ئۈستىگە رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ئىككى پارچە كونا كىگىز سېلىنغان، ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئۇزاق مەزگىل يۆيۈلمىغاچقا كىرلىشىپ ئەسكى تېرىدەك تاراقشىپ كەتكەن يوتقان ـ كۆرپىلەر رەتسىز تىزىلغانىدى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا كىچىككىنە بىر تومپۇچكا قويۇلغان بولۇپ، تومپۇچكا ئۈستىدە چۇۋۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان چىغ چايدان بىلەن بىرقانچە پۇچۇق چىنە تۇراتتى. تېخىچە ئوت يېقىلمىغان كىچىككىنە مەش ئۈستىدە ئىسلىشىپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن چۆگۈن بار بولۇپ، چۆگۈننىڭ تۇتقۇچى سۇنۇپ كەتكەچكە ئۇنىڭغا سىمدىن تۇتقۇچ ياساپ قويۇلغانىدى. ئۆيدىن ئاچچىق موخوركىنىڭ پۇرىقىغا قوشۇلۇپ، دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان قاڭسىق تەر ھىدى پۇراپ تۇراتتى. بۇ پۇراقتىن كۆڭلى ئاينىغان توختىگۈل ياندۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى ئاران دېگەندە تۇتۇۋېلىپ سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ قورۇنۇپقىنا ئولتۇردى. ئىشىكتىن كىرگەندىكى سول قول تەرەپتە يەنە بىر ئېغىزلىق ئۆي بار بولۇپ، ئۆينىڭ ئىشىكى مەھكەم يېپىقلىق تۇراتتى.

— مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى مۇختەرجان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ھېلىقى كىشىگە قاراپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — بۇ مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ، ئىسمى توختىگۈل.

توختىگۈل دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى كىشىگە ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن جايىغا ئولتۇردى، ھېلىقى

كىشىمۇ ئىككى قولىنى قورسىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ساپسېرىق كوماك چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايغىنىچە توختىگۈلنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ ئىگىلدى. مۇختەرجان تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇياق بولسا مېنىڭ قەدىناس بۇرادىرىم ئابدۇسېلىم بولىدۇ، — دېدى مۇختەرجان توختىگۈلگە قاراپ، — ئەينى چاغدا مۇشۇ تىكەنتام يېزىسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن قاراتاغ تەۋەسىدىمۇ خېلى نامى بار بايۋەچچىلەردىن ئىدى، يېزىدىكى خېلى - خېلى چوڭ بايلارمۇ، ھەتتا يېزا - كەنتنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ساڭا دېمىسەممۇ ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن. ئۇنىڭ ھازىر مۇشۇ ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالغان ئۆيىدىن، بىر تېرە - بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغان تېنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يۈرگەن جېنىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. ناۋادا قورۇدىكى ئاشۇ باغلاقلىق تايغىنىنىڭ باغلىقىنى يېشىۋېتىدىغان بولساڭ، ئاشۇ تايغانمۇ بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرماسلىقى مۇمكىن. نېمىسىنى دەيسەن خوتۇن، «ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ» دېگەندەك، بۇ بىچارە بايقۇش بارماق بىلەن سانىغۇدەك بايلارنىڭ بىرسى ئىدى، ئەمدىلىكتە كۆرۈۋاتقان كۈنى مۇشۇ شۇ. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇندىن يەتتە بالىسى بولىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ باللار دادىسىنىڭ دۆلىتىنى راسا كۆرگەن، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق يۈز - ئابرۇيلۇق دادىسىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ بېشىنى تىك تۇتۇپ ياشاپ كەلگەنىدى، لېكىن ئۇلار بۇ بىچارە بايقۇش ئاشۇ قېتىملىق پالاكەتكە يولۇقۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىراقلا يۈز ئۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق دادىسىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى، ھازىر ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى «دادا، ھالىڭ نېچۈك؟» دەپ سوراپمۇ قويمايدۇ.

دېمىسىمۇ، ئابدۇسېلىم يەرلەرنى دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىش

سىياسىتى يولغا قويۇلغان مەزگىلدە مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھېچكىم ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىككى يۈز مودىن ئوشۇقراق تاشلاندۇق يەرنى ھۆددىگە ئالدى. بۇ يەرنىڭ تەركىبىدىكى شورنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولغاندىن سىرت قۇم تەركىبىمۇ خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئەزەلدىنلا سۇ قىس بولغان بۇ يېزىدا مۇنداق قۇمساڭغۇ، شورتاڭ يەرلەرنى ئېچىش ئۇنچە ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئابدۇسېلىم يەرلەرنىڭ شورىنى ۋە قۇمىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلاپ، ئۆيىدىكى قوي ـ كالىلىرىنى سېتىپ ئېتىزنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىن بىرقانچە قۇدۇق قازدۇردى. تەلىيىگە، قازغان قۇدۇقلىرىنىڭ ئىككىسىدىن سۇ چىقمىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان قۇدۇقلىرىدىن ئادەم بىلىكى توملۇقتا سۇ ئېتىلىپ چىقتى. دېمەك، سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ئابدۇسېلىم ئۈچۈن ئامەتنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ دەسلەپكى ئىككى يىلدا يەرلەرنى قايتا ـ قايتا سۇغىرىپ، ئاغدۇرۇپ شور بىلەن قۇمنى ئېقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۈچىنچى يىلى يەرگە بېدە تېرىدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ بېدىدىن قىلغان كىرىمى نەچچە يىللىق چىقىمىنى كۆتۈرۈپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپىدىن ئالغان قەرزىنى ۋاقتىدا تۆلىۋالدى. ھالال ئەمگەك، جاپالىق ئەجىر قىلىشنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىغان ئابدۇسېلىم يېزىدىكى تېخنىك خادىملارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يەنە بىر يىلى ئىلمىي ئۇسۇلدا سورتلۇق كۆممىقوناق تېرىپ ئۇنىڭدىنمۇ مول ھوسۇل ئالدى. پۇل تاپقانچە تاپقۇسى كېلىدىغان، قانداق قىلسا بىرنى ئىككى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغان ئابدۇسېلىمنىڭ قىسقىغىنا بىرقانچە يىل ئىچىدە ھۆددىگە ئالغان يېرى مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى. يېرى كۆپەيگەنچە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەي قالغان ئابدۇسېلىم باشقىلارنى يىللىق، ئايلىق

ياللاپ ئىشلىتىدىغان چوڭ بايغا ئايلاندى.

شۇنداق، ئابدۇسېلىم باي بولدى. ئىلگىرى كوپېراتىپقا نومۇرغا ئىشلەپ ئائىلىسىنى ئارانلا قامداپ كېلىۋاتقان بۇ نامرات دېھقان مەركەزنىڭ يەرلەرنى دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىشتەك ئۇلۇغ سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە باي بولدى. ئۇ باي بولغانچە ئۇنى ئىزدەيدىغان، ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە تىجارەت قىلىشنى ئويلايدىغانلار كۆندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئوغرى، يانچۇقچى، نەشىكەش، قىمارۋازلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بەس ـ بەس بىلەن سورۇن ھازىرلاپ ئۇنى مېھماندارچىلىققا چاقىراتتى، يېنىغا ناھىيەدىن بىللە ئېلىپ چىققان بەدىنىدىن ئەتىر ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان، ھە دېگەندىلا يېرىمى ئوچۇق كۆكسىنى ئۇنىڭغا سۈركەپ ئەركىلەيدىغان، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تەپ تارتمايلا يۈزلىرىگە سۆيۈپ، قۇچىقىدا ئولتۇرۇۋالىدىغان چىرايلىق قىزلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئۆمرىدە بەدىنىدىن تېزەك ھىدى بىلەن ئاچچىق تەر ھىدى كەتمەيدىغان ئايالىدىن باشقا غەيرىي ئاياللارنىڭ يېنىغا كېلىپ باقمىغان ئابدۇسېلىم مۇنداق چاغلاردا خۇدىنى تامامەن يوقىتىپ ئۇلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتاتتى.

ئەزەلدىنلا كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، ھاياتىدا بىرەر رومكا هاراقمۇ ئىچىپ باقمىغان ئابدۇسېلىم كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارلىق ئىشلارنى باللىرىغا تاشلاپ قويۇپ ئۆزى ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىدىن كەلمەيدىغان، ھاراق ئىچىپ، نەشە چېكىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە ئۇ ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە كۈن ـ كۈنلەپ، ھەپتە ـ ھەپتىلەپ ئۆيىگە قايتماي ئالىي دەرىجىلىك مېھمانسارايلاردا يېتىپ، رېستورانلارنىڭ ھەشەمەتلىك ئايرىمخانىلىرىدىن چىقمايتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئىزچىل ھەمداستىخان بولۇپ كېلىۋاتقان قىمارۋاز بۇرادەرلىرى پۇرسەتنىڭ پىشىپ

يېتىلگەنلىكىنى پەملىدى ـ دە، سورۇندا ئولتۇرۇپ هاراق، نەشىنىڭ كەيپىدىن ئېغىرلىشىپ قالغان ئابدۇسېلىمنى قىمار سورۇنىغا باشلاپ باردى. قىمار سورۇنى پۈتۈن ناهىيەدە خېلىلا داڭقى بار «قارا تۇلپار» رېستورانىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئايرىمخانىلىرى غەربچە پاسوندا ياسالغانىدى. ئايرىمخانىنىڭ تۆت تېمىغا هازىرقى زامان غەرب رەسساملىرى ماي بوياق ۋە سۇ بوياق بىلەن سىزغان غەرب گۈزەللىرىنىڭ تۇغما يالىڭاچ رەسىملىرى ئېسىلغان بولۇپ، ئايرىمخانىنىڭ تورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاۋاز ساندۇقىدىن ساكسوفون بىلەن ئورۇنلانغان لىرىك غەرب مۇزىكىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەردىن ئون سانتىمېتىر كۆتۈرۈپ ياسالغان ياغاچ سۇپا ئۈستىگە چوغدەك قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، بۇ گىلەملەرنىڭ تۈركىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان ئالىي دەرىجىلىك گىلەملەر ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى.

ئابدۇسېلىم بىرقانچە هەمراهى بىلەن ئايرىمخانىغا كىرگەندە، ئايرىمخانىدا ناتونۇش ئۈچ كىشى ئولتۇراتتى. ناتونۇش كىشىلەر ئابدۇسېلىمنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشتى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. يولدا كەلگۈچە كەيپى بىرئاز يېشىلىپ قالغان ئابدۇسېلىم ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ زورلىشى بىلەن تۆردىن ئورۇن ئالدى.

ئابدۇسېلىم ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئايرىمخانىنىڭ ئىشىكى يېنىك چېكىلدى ـ دە، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ئايرىمخانىغا ئۈستىگە نېپىز كۆڭلەك، تار ئىشتان كىيگەن، ساغرىسى قۇيغان ئۆپكىدەك لىغىرلاپ، پۈتۈن بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ ئەتىر هىدى پۇراپ تۇرىدىغان يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز كىچىككىنە دەپتەر بىلەن قەلەمنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— سىلەرگە نېمە لازىمكىن ئەپەندىلەر؟

— بۇرۇنقىدەكلا بولسۇن، — دېدى يېشى ئۇتتۇزلارنىڭ قارىسىنى ئالغان گەۋدىلىك، ئاقپىشماق كەلگەن، قاپقارا تۇم قاشلىرى ئاستىدىكى قوڭۇر رەڭ كۆزلىرىدىن مەغرۇرلۇق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كىشى ئەتراپتىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، — ھەربىرىمىزگە بىر بوتۇلكىدىن XO كەلتۈرۈڭ، قالغان نەرسىلەر ئىلگىرىكىدەكلا چىقىۋەرسۇن!

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، يانچۇقىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن ئىككىنى چىقاردى، ھېلىقى قىزمۇ دەرھال ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ تاتلىق كۈلگىنىچە ئېگىلىشتى، ھېلىقى كىشى بىگىز بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن ئەركىلىتىپ قويدى - دە، پۇلنى ئۇنىڭ لىپتىكىگە قىستۇرۇپ قويدى، قىز «رەھمەت» دەپ كەينىچە ماڭغىنىچە چىقىپ كەتتى.

خېلى چوڭ - چوڭ رېستورانلاردا ئولتۇرۇپ باققان بولسىمۇ، بۇنىڭدەك ئالاھىدە سورۇننى كۆرۈپ باقمىغان ئابدۇسېلىمنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن پارقىراپ بىر ئىزىدا ئولتۇرالماي قالدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بايىقى قىز بىلەن ئوخشاش كىيىنگەن بىرقانچە قىز ھەربىرسى بىردىن كىچىككىنە يۇمىلاق ئۇستەلنى كۆتۈرگىنىچە ئايرىمخانىغا كىرىپ كەلدى - دە، يۇمىلاق ئۇستەلنى ئولتۇرغانلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇپ، ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئەمدىلا ئون توققۇز - يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزلارنىڭ بوي - تۇرقى قىرقىپ قويغاندەكلا تەكشى، تېرىسىنىڭ رەڭگىمۇ ئوخشاش ئاق ھەم سۈزۈك بولۇپ، قىزغۇچ چىراغ نۇرى ئاستىدا كۈلۈپ تۇرغان چىرايى تولىمۇ لاتاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا ھاراق، رومكا، ئۇششاق يېمەكلىكلەر سېلىنغان پەتنۇسلارنى كۆتۈرۈپ كىرگەن بىرقانچە قىز قوللىرىدىكى پەتنۇسلارنى ئۇستەل ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان قىزلارغا ئەدەپ بىلەن تۇتقۇزغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى. قىزلار بوتۇلكىلارنىڭ

ئېغىزىنى پەم بىلەن ئېچىپ رومكىغا هاراق قۇيغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دات باسماس پولاتتىن ياسالغان قىسقۇچ بىلەن ئىككى تالدىن مۇز پارچىسى سالدى ـ دە، ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغانلارغا ئىككى قوللاپ تەڭلىدى.

— بۈگۈن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇ يەرگە يىغىلىپ قاپتۇق، — دېدى ئاقپىشماق كىشى رومكىنى قولىغا ئېلىپ بوش ئايلاندۇرۇپ، — سورۇننىڭ قائىدىسى بويىچە بۇ يەردە بىر ـ بىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز، تونۇشقىسى بارلار سورۇن ئاياغلاشقاندىن كېيىن تونۇشۇۋالسا بولىدۇ، شۇڭا ئەيىبكە بۇيرۇشمىغايلا.

سورۇندىكىلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن يېنىك باش لىڭشىتىشتى، ئابدۇسېلىم بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەنمىسىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ باش لىڭشىتتى.

ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ قىلىشىپ بىرقانچە رومكىدىن ئىچىشكەندىن كېيىن، بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى ـ دە، كەينىگە قويۇپ قويغان ئەپچىلگىنە چامادانلىرىنى ئالدىغا ئېلىشتى.

— قانچە توقماقتىن ئوينايمىز؟ — سورىدى قارا قاش كىشى ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ.

— باشتا بەش توقماقتىن ئويناپ باقايلى، — دېدى باياتىن بېرى ئارتۇق گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرغان، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى قىزىل يۈز، ئورۇق كەلگەن، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چاچلىرى تامامەن چۈشۈپ كەتكەن تاقىر باش كىشى چامادانىدىن ئەللىك سوملۇق پۇلدىن ئون باغلامنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ. قالغانلارمۇ ئۇشۇقچە گەپ قىلىشمايلا ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

شۇ كۈنى قىمار تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. ئۇلار «مەيلى كىمنىڭ ئۇتۇپ كىمنىڭ ئۇتتۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر قىمارنى بامداتقا ئەزان ئېيتىلىشتىن بۇرۇن ئاياغلاشتۇرىمىز»

دەپ، ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە شاراب سورۇنىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئابدۇسېلىمنىڭ مۇنداق چوڭ قىمار سورۇنىغا قاتنىشىپ قالىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ھېچقانداق تەييارلىق قىلىۋالمىغانىدى. بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالغان ئابدۇسېلىم يېنىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈشى، باشقىلارنىڭ ماقۇل بولۇشى بىلەن يېنىدىكى ئۈچ توقماق بىلەنلا مەيدانغا چۈشتى.

قىسقىغىنا بىرقانچە سائەت ئىچىدە ھېچقانداق كۈچىمەيلا ئاتمىش مىڭ سوم ئۇتۇپ، يېنىدىكى ئوتتۇز مىڭ سومنى ھە دېگەندىلا ئىككى قاتلىۋالغان ئابدۇسېلىمنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقىشايلا دەپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ خۇددى «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، قىمارغا باشچىلاپلا كىرىشىپ كەتتى. خوتۇن ـ بالىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان نەسىھەتلىرى قۇلىقىغا كىرىپمۇ چىقمىدى. بەزىدە ئۇ «ھەي، يالاڭ تۆشلەر! پۇلنى مەن ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ تاپقان، قانداق خەجلىسەم ئۆزۈمنىڭ ئىشى، ھەرقايسىڭغا نېمە دەز كەتتى؟ !» دەپ، ئاچچىقلىغىنىچە ئۆزىگە نەسىھەت قىلغانلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، بىر يىلغىمۇ بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئۇ بارلىق تاپقان ـ تەرگىنىنى پاك ـ پاكىز ئۇتتۇرۇپ، ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق بايۋەچچىگە ئايلىنىپ قالدى، ھە دېگەندە «ۋاي ئابدۇسېلىم باي» دېيىشىپ كەينىدىن چىقمايدىغان ھېلىقى بۇرادەرلىرى بىر كېچىدىلا كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

بىر كۈنى ئابدۇسېلىم بىر توپ نەشىكەش بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ نەشىنى بولۇشىغا چېكىپ، ھاراقنىڭ بىر رومكىسىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئىچىپ غەرق مەست ھالدا ئۆيىگە قايتتى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ قانداقتۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ يول بويىدىكى ئازگالغا دومىلاپ چۈشتى ـ دە، ئازگال ئىچىدىكى قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ شېخىنىڭ پۇتىقى سول كۆزىنى

قۇيۇۋەتتى. ئازگالدا بىر كىچە ئىڭراپ ياتقان ئابدۇسېلىم ئەتىسى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە يېزا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلدى، دوختۇرلار ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قۇيۇلۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ دەرھال ناھىيە دوختۇرخانىسىغا بېرىشقا بۇيرۇدى. ناھىيە دوختۇرخانىسىدىكى دوختۇرلار ئۇنىڭغا دەرھال كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتمىسە ساق كۆزىگە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولغاندا ھەر ئىككىلا كۆزىنىڭ ئەما بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆزىنى ئېلىۋەتتى ــ دە، ئورنىغا ئىتتىنىڭ كۆزىنى سېلىپ قويدى.

ئابدۇسېلىم بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن، خوتۇن ــ بالىلىرى ئۇنى ئەينى چاغدا ئۇ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ سالدۇرغان ھەشەمەتلىك ئۆيىگە كىرگۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بىرمۇنچە سەت گەپلەر بىلەن ئىشىك ئالدىدىنلا تىللاپ قوغلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ قىلغىنى ئابدۇسېلىمغا قاتتىق ھار كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي داۋاغا» دېگەندەك، ئوشۇق ــ تۆشۈك گەپ قىلالماي مەرھۇم ئاتا ــ ئانىسىدىن قالغان مۇشۇ تاشلاندۇق ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

ئىلگىرىكى ئابدۇسېلىم باي ھازىر تېرىغۇدەك بىر پارچىمۇ يېرى بولمىغان نامرات دېھقانغا ئايلىنىپ قالدى، يېرى بار دېگەن تەقدىردىمۇ بۇ ھالىتى بىلەن ئۇ يەرلەرنى تېرىپ بولالىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۆيى نەشىكەشلەرنىڭ يىغىلىپ نەشە چېكىدىغان، قىمارۋازلارنىڭ كېچە ــ كېچىلەپ قىمار ئوينايدىغان ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئابدۇسېلىم ئاشۇلارنىڭ ئۆي ھەققى دەپ بەرگەن ئازغىنا پۇلىغا تايىنىپ جاھاندارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

مۇختەرجان ئابدۇسېلىم بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى مەلۇم بىر رېستوراندا تونۇشۇپ قالغانىدى. بۇ ئابدۇسېلىمنىڭ ئۇچۇشۇنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلەلمەي كەيپ ــ ساپا، ئەيش ــ ئىشرەت بىلەن

يۈرگەن مەزگىللىرى بولۇپ، مۇختەرجان مەلۇم تىجارەت ئىشى بىلەن بۇ ناھىيەگە ئىلگىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بىللە جاھانكەزدىلىك قىلغان يېقىن دوستى ماھىرجاننى ئىزدەپ كەلگەنىدى. بىرقانچە يىلدىن بېرى يۈز كۆرۈشمىگەن دوستىنىڭ ئۆزىنى ئالايىتەن ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان ماھىرجان شۇ كۈنىلا ناھىيە بازىرىدىكى ئەڭ داڭلىق رېستوراندىن ئۇستەل زاكاز قىلىپ مۇختەرجاننى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى. بۇ سورۇنغا ئابدۇسېلىممۇ تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، پاراڭلىشىش داۋامىدا مۇختەرجاننىڭ ئوچۇق مىجەزلىكى، خۇش چاقچاقلىقى، كۆپنى كۆرگەنلىكى ئابدۇسېلىمغا خېلىلا ياراپ قالغانىدى. مۇختەرجاننى باشقىچىلا ياقتۇرۇپ قالغان ئابدۇسېلىم ئەتىسى ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغىراق جايلاشقان، ناھىيەدىلا ئەمەس، ۋىلايەتتىمۇ داڭقى بار مېۋىلىك باغقا مەخسۇس مەشرەپ سورۇنى ھازىرلاپ، ئۇنى ئەزىز مېھمان قاتارىدا كۈتۈۋالدى. ئەتىسى ئۇ يەنە مۇختەرجاننىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ باردى ھەمدە يېزىدا خېلى يۈز - ئابرۇيى بار كىشىلەرنى ئۆيىگە چاقىرىپ كاتتا زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار بىر - بىرىنى پات - پات ئىزدىشىپ تۇرىدىغان يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى. مۇختەرجان ئابدۇسېلىمنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەن ھەمدە ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تەسەللىلەرنى بېرىپ قولىغا مىڭ كوي پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئابدۇسېلىم ئۇنى كۆرسە باشقىچە ئېچىلىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرقاچان قول باغلاپ «خوش، خوش» دەپ تۇراتتى...

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، پاڭقاي؟ — دېدى مۇختەرجان ئۈنلۈك ئاۋازدا، — ئۆيۈڭگە مېھمان بولۇپ كەلسەم مۇشۇنداقلا قاراپ تۇرامسەن؟ ھېچ بولمىسا بىرەر پىيالە سوغۇق چېيىڭ بولسىمۇ قۇيمامسەن !

مۇختەرجان ئۇنىڭ ئۆيىدە مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بىر چۆگۈن سۇ قايناتقان بىلەنمۇ سالغىدەك بىر چىمدىم چاي، داستىخانغا قويغۇدەك بىر بۇردا زاغرا نانىنىڭ بولۇشىنىڭ ناتايىنلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ قەستەن ئۇنى ئۇسسۇلغا سېلىۋاتاتتى.

— ھى - ھى - ھى ... ھېلىغۇ چاي ئىكەن، ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل نەرسىلەرنى قۇيۇشقا تەييارمەن بايۋەچچە، — دېدى ئابدۇسېلىم سارغۇچ چىشلىرىنى چىقىرىپ زورىغا ھىجىيىپ، — شۇ تاپتا بولسىغۇ بىر پاقلاننىڭ بېشىنى گاچچىدە كەسكەن بولسامغۇ كارامەت ئىش بولاتتى، بى ... بى ... بىراق شۇ ... شۇ سېنىڭ كېلىشىڭنى بۇرۇنراق بىلمەي قاپتىمەن ئە ... ئە ... ئەمەسمۇ.

مۇختەرجان ئابدۇسېلىمنىڭ ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي قىلىۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ كۈلگەندىمۇ شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، خىجىللىقتىن يۈزلىرىگە دەرھاللا قىزىللىق يۈگۈرگەن ئابدۇسېلىم يا كۈلۈشىنى، يا يىغلىشىنى بىلەلمەي تىرنىقىنى تاتىلاپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.

ناۋادا بۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بايۋەچچە مەزگىللىرى بولغان بولسا ئىدى، ھازىر قىلدەك تىرناق تاتىلاپ تۇرماي ھەش - پەش دېگۈچە بىر قوينىڭ بېشىنى كېسىپ قازانغا سېلىپ بولغان، داستىخاننى تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بىلەن توشتۇرۇپ، يېقىن - يىراقتىكى بايۋەچچىلەرنى مۇختەرجان بىلەن توختىگۈلنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئاجايىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى باشقىلارغا يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويغان بولاتتى. ھازىر ئۇ شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتاتتى.

— بولدى، بولدى، — دېدى مۇختەرجان كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران دېگەندە توختىتىپ، — سەن بېرىپ بازاردىن ئاز - تولا

نەرسە سېتىۋېلىپ كەل، سەن كەلگۈچە توختىگۈل ئۇچىقىڭغا ئوت قالاپ چاي قايناتقاچ تۇرسۇن، پۇت ـ قولۇڭدا بازارغا بېرىپ كەلگۈدەك ماغدۇر باردۇ ـ ھە؟

— يانچۇقىڭدا پۇللا بولىدىغان بولسا ماغدۇر دېگەندە چاتاق يوق، — دەپ ھىجايدى ئابدۇسېلىم يەنە تېرە تۇماق ئىچىدىكى بېشىنى كارتىلدىتىپ تاتىلاپ تۇرۇپ، — شۇغىنىسى يېڭى كېلىن بۇ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم كەلگەندە خىزمەتكە سېلىپ قويىدىغان بولدۇم ـ دە، تازىمۇ بىر سەت ئىش بولىدىغان بولدى.

— قارا بۇ قېرى پاڭنىڭ يالغاندىن تەكەللۇپ قىلىپ كەتكىنىنى ! — دېدى مۇختەرجان توختىگۈلگە لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، — بولدى ئەزمەڭنى ئېزىپ تۇرۇۋەرمەي تېزرەك بېرىپ كەل! — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، يېنىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن ئىككىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى، ئابدۇسېلىم پۇلنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى، — ھە راست، سوپۇن پاراشوكى بىلەن سوپۇندىن ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇما!

— بولىدۇ، — ئابدۇسېلىم شۇنداق دېدى ـ دە، يۈگۈرگەندەك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

توختىگۈللەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ھەپتىچە بولۇپ قالدى. بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە توختىگۈل ئابدۇسېلىمنىڭ ئۆيلىرىنى بىرەر قۇر ئاقارتىپ، كىرلىشىپ كەتكەن يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يۇيۇپ قايتىدىن تىكتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېڭى تور پاختا، يوتقان ـ كۆرپىلىك سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ يېڭى يوتقان ـ كۆرپە تىكتى. قارىماققا بۇ يەرنىڭ كۈندۈزى ئىسسىق بولغىنى بىلەن كېچىسى سوغۇق بولىدىغان بولۇپ، ئادەم يوتقان يېپىنىپ ياتمىسا توڭلايتتى.

ئابدۇسېلىمنىڭ تۇرقىغا قاراپ بىرئاز ئىچى ئاغرىغان توختىگۈل مۇختەرجاننىڭ سەل كونىراشقا باشلىغان ئىشتان ـ كۆڭلەكلىرىدىن بىرنەچچە قۇرنى ئابدۇسېلىمغا بەردى. بۇ كىيىملەرنى كىيىپ باشقىچە تۈس ئېلىپ قالغان ئابدۇسېلىم

ئۆزىنى ئىلگىرىكى بايۋەچچە ھالىتىگە قايتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى.

ئابدۇسېلىمنىڭ ئۆيى مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى قەۋەتلا ئاۋاتلىشىپ كەتتى. مۇختەرجاننىڭ ئىلگىرى تونۇشۇپ قالغان بۇرادەرلىرى، ئۇلپەتلىرى، ھەمشىرىكلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئابدۇسېلىمنىڭ خېلى ۋاقىتتىن بېرى تاماق ئېتىلمەي دات بېسىپ تۇرۇپ قالغان قازىنىدا كۈندە دېگۈدەك گۆش قايناپ تۇرۇۋاتاتتى. گۆش يەپ، شورپا ئىچىپ يۈزلىرىگە باشقىدىن قىزىللىق يۈگۈرۈپ قالغان ئابدۇسېلىم ئوبدانلا تېتىكلىشىپ قالغان بولۇپ، گەپنى چوڭ - چوڭ قىلىدىغان، باشقىلار چاقچاق قىلسا ئىلگىرىكىدەك قىزىرىپ - تاتىرىپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئىككى ئېغىز چاقچىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ قويىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۈچ كۈندىن بېرى ئوينىلىۋاتقان قىمارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلىدىغاندەك قىلمايتتى. قىماردا ئۇتتۇرغانلار قاپاقلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ چىقىپ كېتەتتى - دە، ھايال ئۆتمەيلا خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك پايپاسلاپ كىرىشىپ ئۆزلىرىنى تاۋكانىڭ ئۈستىگە ئېتىشاتتى.

ئىككى كۈندىن بېرى ئۇتۇپ كېلىۋاتقان مۇختەرجاننىڭ نېمىشقىكىن بۈگۈن ئامىتى قاچقانىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ ئاتقان ئوشۇقى چۆ چۈشۈپ، ئىككى كۈندىن بېرى ئۇتقان پۇللىرىنى سېلىپ بەرگەندىن سىرت، يېنىدىكى بارلىق دەسمايىسىنىمۇ سېلىپ بولدى. ئىچىنى مۈشۈك تاتىلىۋالغاندەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقان مۇختەرجان ئابدۇسېلىمغا لىق بىر رومكا ھاراق قۇيغۇزۇپ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سىرتقا چىق دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدى ھەمدە ئولتۇرغانلاردىن «ئەدەپكە چىقىپ كىرەي» دەپ رۇخسەت سوراپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن ھويلىغا چىقتى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ئابدۇسېلىممۇ كەينىدىن تاپ بېسىپلا

چىقىپ كەلدى.

— ماڭا قارا، مەندە پاكىز مال بار ئىدى، خېرىدار تېپىپ بېرەلەمسەن؟ — سورىدى مۇختەرجان ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئابدۇسېلىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— قانداق مالنى دەيسەن بايۋەچچە؟ — سورىدى ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن ئابدۇسېلىم تۇماق ئىچىدىكى بېشىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ تۇرۇپ.

— قانداق مال بولماقچىدى، — دېدى ئۇ سەل تېرىكىپ، — مېنىڭدە يۇز پىرسەنتلىك خېروئىندىن ئىككى يۈز گىرام بار، شۇنىڭغا خېرىدار تېپىپ بېرەلەمسەن دەۋاتىمەن، ئەگەر خېرىدار تېپىپ بېرەلىسەڭ پايدىنىڭ ئون پىرسەنتىنى ساڭا بېرىمەن، ئۇنىڭ ئون پىرسەنتى قانچە پۇل بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ياق، سەن بىلمەيسەن! بىر گىرامنى بەش يۈز سومدىن ساتسام يۈز مىڭ سوم بولىدۇ، بۇنىڭ ئون پىرسەنتى ئون مىڭ سوم دېگەن گەپ، بىلدىڭمۇ؟

خېروئىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتكەن ئابدۇسېلىم نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇ يېزىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ خېروئىنغا خۇمار بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەرسىنىڭ بۇ دەرىجىدە قىممەتلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

— ھەي، گاچچىدە بىر نېمە دېمەي نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟! — دېدى مۇختەرجان بىر نۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالغان ئابدۇسېلىمنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ.

مۇختەرجاننىڭ سىلكىشىدىن ئابدۇسېلىم چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قورققىنىدىن پارقىراپ كەتكەن بولۇپ، تىلى گەپكە كەلمەيلا قېلىۋاتاتتى.

— بۇ ... بۇ يېزىدا ئۇ ... ئۇنچىۋالا قىممەت مالنى سې ...

سىتىۋالغۇدەك ئادەم نى ... نېمە ئىش قىلىدۇ با ... بايۋەچچە، — دېدى ئۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ، — بار دې ... دېگەن تەقدىردىمۇ ئا ... ئارانلا بىر - ئىككى گى ... گىرام سىتىۋالايدىغانلار چى ... چىقىپ قالار شۇ.

— توپ سودا قىلىدىغانلارنى زادىلا تاپقىلى بولماسمۇ؟

— بولۇشىمۇ مۇ ... مۇمكىن، لېكىن مەن ئا ... ئاڭلاپ باقمىدىم.

— بۇ سورۇندىكى پۇلدارلار ئىچىدە بۇ سودىغا قىزىقىدىغانلار بارمىدۇ؟ — دېدى مۇختەرجان ئابدۇسىلىمنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ، — سەن ئۇلار بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتىسەن، بەلكىم ئۇلارنىڭ نېمىگە قىزىقىپ، نېمىگە قىزىقمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن، ناۋادا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسى «مەن ئالاي» دەپلا قالسا بايا ساڭا دېگەن باھادىنمۇ ئەرزان بېرىۋېتىمەن، سۆزلىشىپ باقامسەن؟

مۇختەرجاننىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلىپ بولالماي بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتقان ئابدۇسىلىم تېرە تۇماق ئىچىگە قولىنى تىقىپ ئۇزاق مەزگىل يۇيۇلمىغاچقا كىرلىشىپ قېتىپ كەتكەن بېشىنى كارتىلدىتىپ قاشلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى تولىمۇ ئەنسىز سوقۇۋاتقان بولۇپ، ھازىرلا كۆكرەك قەپىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، قورۇدا دەرھاللا بىر توپ ساقچىلار پەيدا بولۇپ «سەن بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىز قوغلاپ تۇتالماي يۈرگەن خېروئىن ئەتكەسچىسىنىڭ شېرىكى ئىكەنسەن، بىز ھازىر سېنى قولغا ئالىمىز!» دېگىنىچە قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلاپ تۇتۇپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. ئاشۇلار خىيال ئېكرانىدىن «يالت» قىلىپ ئۆتۈشى بىلەن پۇت - قوللىرى بىردىنلا بوشىشىپ كەتكەن ئابدۇسىلىم جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالغىلى تاس - تاماس قالدى.

ئابدۇسېلىمنىڭ ئەلپازىغا قاراپ تولىمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن مۇختەرجان ئېغىر تىنىۋالغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا چىقىرىپ ئوت تۇتاشتۇردى ـ دە، كۆچەپ ـ كۆچەپ بىرقانچىنى شورىدى. شۇ تاپتا كېچە ئاسمىنى خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدەكلا پەرىشان ھەم بۇلۇتلۇق بولۇپ، تاتلىق كۈلۈپ كۆز قىسىشىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلاردىن، ئالتۇن تاۋاقتەك يالتىراپ ئۆز گۈزەللىكىنى پۇتكۈل ئالەمگە نامايان قىلىپ تۇرىدىغان تولۇن ئايدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا قانداق قىلغاندا ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئاشۇ پۇللىرىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئوي يوق بولۇپ، ئويلىغانسېرى بېشى ئېغىرلىشىپ خىياللىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇلار بىزدىن گۇمانلىنىپ قالمىسۇن بايۋەچچە، كىرىپ كېتەمدۇق؟ — دېدى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي قاراپ تۇرغان ئابدۇسېلىم پەس ئاۋازدا.

— سەن كىرىۋەر، مەن يەنە بىردەم تۇراي، — دېدى مۇختەرجان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي.

ئابدۇسېلىم كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇختەرجان يانچۇقىدىن يەنە بىر تال تاماكا چىقاردى ـ دە، ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇردى. كەينى ـ كەينىدىن ئىككى تال تاماكىنى چېكىۋەتكەن مۇختەرجاننىڭ خۇمارى بېسىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە قورۇ ئىچىدە ئايلاندى، خېلى كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇپ قالغان قارا تايغان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ـ دە، ئۇزۇن سوزۇلغان ئالدى پۇتىغا ئېڭىكىنى قويغىنىچە كۆزىنى يۇمدى. قورۇ ئىچىدە ئالاھازەل ئون مىنۇتلارچە ئايلانغان مۇختەرجان پۇتلىرىنىڭ بىلىنەرلىك تىترەپ، بەدىنىنىڭ ئۇيۇشۇۋاتقانلىقىنى، بۇرنىدىن سۇ كېلىپ، چاناقلىرىدا ياش كەلكۈنلىرىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ خېروئىن خۇمارى قوزغىلىشقا باشلىغان

بولۇپ، ئۇ سورۇنغا كىرىشتىن بۇرۇن بىر چېكىم چېكىۋالمىسا چاتاق چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن لاپاسنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان قومۇشلىرى ئارىسىغا بىر پارچە سولياۋغا ئوراپ تىقىپ قويغان ئىشپىرىسنى ئالدى، ئاندىن چاپىنىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن ئالدىنئالا سۇيۇقلاندۇرۇپ كىچىككىنە دورا بوتۇلكىسىغا قاچىلىۋالغان خېروئىن سۇيۇقلۇقىنى ئېلىپ ئۇنى ئىشپىرىسقا قاچىلىدى، ئۇ شىمىنى تىزىغىچە سىيرىپ بىر پارچە خام كېسەكنىڭ ئۇستىدە ئولتۇردى ـ دە، بەل تاسمىسى بىلەن يوتىسىنى چىڭ بوغۇپ سول قولى بىلەن چىڭ بوغۇلغان يوتىسىنىڭ پەس تەرىپىنى سىلاپ چوكىدەك كۆپۈپ چىققان تومۇرىنى تاپقاندىن كېيىن، ئوڭ قولىدىكى ئىشپىرىسنى تومۇرىغا سانجىدى. خېروئىن سۇيۇقلۇقى تومۇرغا كىرگەن ھامان ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئېغىرلىقىنى تامامەن يوقاتقاندەك شۇنداق يېنىكلەپ كەتتىكى، ئۇ ئۆزىنى پايانسىز كۆك قەھرىدە سانسىزلىغان قۇشلار بىلەن تەڭ پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك، رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان، قۇشلار بەس ـ بەس بىلەن سايرىشىپ تۇرىدىغان، ئېرىقلىرىدا زىلال سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان چار باغلاردا ھۆرلەر بىلەن سەيلە قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا خېلى ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئېسىنى يىغقاندا ئىشپىرىس تېخىچىلا يوتىسىغا سانجىقلىق ھالەتتە بولۇپ، ئۇ ئەتراپقا ئالاقزەدىلىك بىلەن قارىۋېتىپ ئىشپىرىسنى تارتىۋەتتى. ئۇ يىڭنە سانجىلغان يەرنى باش بارمىقى بىلەن ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن، شىمىنى كىيىپ ئۇستىبېشىنى بىرەر قۇر قېقىۋەتتى ـ دە، ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

مۇختەرجان بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ دالان ئۆينىڭ دېرىزىسى يېنىغا كەلگەندە، ئەتىگەندىن بېرى مېھمانلارغا تاماق ئېتىپ، چاي قاينىتىپ چارچاپ كېتىپ بالدۇرلا يېتىۋالغان توختىگۈلنىڭ يېنىك يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بارلىق دەسمايىسىنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ دوغا تىككىدەك پۇلنىڭ

غېمىنى قىلالماي بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قېتىپ تۇرغان مۇختەرجان توختىگۇلنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر ئىش ئېسىدىن كەچكەندەك بولدى ـ دە، يېڭىباشتىن جانلىنىپ كەتتى. «بۇ يەرگە مەن سېنى باشلاپ كەلگىنىم يوق توختىگۇل، ئۈچ بالاڭ بولغاندىكىن قېلىپ قالغىن دېسەم ئۇنىماي كەينىمدىن ئەگىشىپ كەلدىڭ، قولۇمدىكى مالنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەلىگەن بولسامغۇ ساڭا مۇنچىۋالا رەھىمسىزلىك قىلمىغان بولاتتىم، توغرا چۈشەن توختىگۇل ! ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇللىرىمنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ سېنى دوغا تىكمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ناۋادا ئاتقان ئوشۇقۇم سىيا چۈشۈپ قالسا تەلىيىڭ، چۇ چۈشۈپ قالسا مەندىن رەنجىمە» دەپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ـ دە، قىمار سورۇنىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— بەكلا ھايال بولۇپ قالدىڭغۇ ئاداش؟ — سورىدى ئالدىغا كاللەك ـ كاللەك پۇللارنى قويۇۋالغان ئوتتۇرا بوي، دوغىلاقراق كەلگەن، چېچىنى چۈشۈرۈپ ئەينەكتەك پارقىرىتىۋالغان بۇرۇتلۇق كىشى چىشلىۋالغان تاماكىسىنىڭ ئۇچىنى ئاسمانغا قاراتقىنىچە سىڭار يان قاراپ، — قانداق، تىققىپ قويغان پۇللىرىڭنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامسەن؟

— پۇل دېگەن كىچىك نەرسە، قېنى ئاتە! — دېدى مۇختەرجان توپىسى ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئەسكى كىگىزنىڭ ئۈستىدە بىر پۇتلاپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ.

— قويە ئالدىڭغا، قويغىنىڭغا ئاتىمەن ! — دېدى ھېلىقى كىشى قولىدىكى ئوشۇقنى ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئۈستىگە تىزىپ ئېتىشقا تەمشىلىپ.

— باشتا سەن ئات! ئۇتتۇرۇۋەتسەم دېگىنىڭنى بېرىمەن، — دېدى مۇختەرجان سەل جىددىيلىشىپ.

— قانداق نېمە ھوي سەن؟ — دېدى يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان گەۋدىلىك، قارامتۇل كەلگەن كىشى ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ، — قىزىتىۋاتقان ئويۇنغا سوغۇق سۇ سەپمەي

تىكىدىغىنىڭنى تىكمەمسەن، ئالدىڭغا پۇل قويمىساڭ زەكىرىڭگە ئاتامدۇ؟!

ھېلىقى كىشىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مۇختەرجان ھېلىقى كىشىنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقىغا قاراپ ئۇشۇقچە گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئەمدى نەق گەپنى قىلماي يەنىلا ئەزمىسىنى ئېزىپ ئولتۇرسا ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ تازا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى پەملىگەن مۇختەرجان گېلىنى بوشقىنا قىرىپ قويۇپ، ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— خوتۇنۇمنى تىكمەن، قانداق، ئاتامسەن؟

بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە بىرنەچچە دەقىقە جىم بولۇپ كېتىشتى.

— ئۆيدە خوتۇنۇم بار تۇرسا، ئۇتۇۋۇالغىنىم بىلەنمۇ نەگە ئاپىرىمەن بۇ خوتۇننى؟ بۇ كىچىككىنە يېزىدا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغىلى بولمىسا يا، — دېدى بۇرۇتلۇق كىشى كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — نەق پۇلۇڭ بولسا قانچىلىك بولسا ئاتىمەن، بولمىسا سورۇننى مالىمان قىلما، ئاداش!

— ئەكېلە ئۇشۇقنى! — دېدى گەۋدىلىك كىشى بۇرۇتلۇق كىشىنىڭ قولىدىكى ئۇشۇقنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ، — مانا مەن ئاتىمەن، ئىككى مىڭ بولسا بولار؟

— ئىككى مىڭغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ، ئاكا؟ — دېدى مۇختەرجان سەل تېرىككەندەك بولۇپ، — بىر ھەپتىلىكىگە ئون مىڭنى تىك، بىراق ئۇشۇقنى ئۆزۈم ئاتىمەن!

— نېمە دەۋاتىسەن، ئۇكا؟ — دېدى گەۋدىلىك كىشى چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ئون مىڭ سومغا تىرناقتا توختىغىدەك قىز ئالغىلى بولىدۇ، تەپ تارتماي بىر ھەپتىلىكىنى ئون مىڭغا ئات دەيسەنغۇ، بوپتۇ مەنمۇ ئەركەكلىك قىلاي، چىدىساڭ بىر ئايلىقى ئۈچ مىڭ، بولمىسا

قىمار ئوينايمەن دېگۈچە چىقىپ ئېشىكىڭنى باق !

گەۋدىلىك كىشىنىڭ قىلغان قوپال سۆزلىرى تىتاڭ تومۇرىغا تەگكەن مۇختەرجاننىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپلا چاپىنىنى سىلىپ چىققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ خەقنىڭ يۇرتىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، گېزى كەلسە ئۆزى ئەڭ يېقىن كۆرىدىغان ئابدۇسېلىمنىڭمۇ ئارا تۇرالماي ئۆلۈكى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، ئۆزىگە ھاي بەردى.

— كونىلاردا «تاشلاپ قاچقۇدەك قىز بار، ئېلىپ قاچقۇدەك جۇۋان» دەيدىغان گەپ بار جۇمۇ جۇماخۇن، — دېدى ئابدۇسېلىم سارغۇچ چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ دېگەن چوڭ شەھەردە ئۆسكەن چوكان، سېنىڭ بۇ سەھرايىڭنىڭ تومپاي قىزلىرىغا ئوخشىمايدۇ.

— قىزىقىپ قالغان بولساڭ ئون مىڭنى تاشلاپ، تەلىيىڭ كەلسە ئۆزۈڭ ئېلىۋالمامسەن، زاغۇن باش پاڭقاي، — دېدى جۇماخۇن ئىسمىلىك گەۋدىلىك كىشى ئۇنىڭ بىسمىللاسىغىلا ياقا يۇرتلۇق بىرسىگە يان باسقىنىدىن نارازى بولۇپ، — چىدىغانغا چىقارغان جاھان بۇ، چىدىسا ئاتسۇن، چىدىمىسا مەيلى.

— بوپتۇ، بەش مىڭ بولسۇن، — دېدى مۇختەرجان لەۋلىرىنى چىشلەپ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مەيدىسىگە مۇشتلاپ، — بىراق ئوشۇقنى مەن ئاتىمەن !

— چىدىساڭ مۇشۇنىڭغا ئات ! — دېدى جۇماخۇن ئالدىدىكى پۇلدىن ئۈچ مىڭنى ئايرىپ سورۇنغا تاشلاپ.

مۇختەرجان بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىپ تۇرۇۋالدى - دە، ئوشۇقنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئوشۇقنى ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئۇستىگە چىرايلىق رەتلەپ تىزغاندىن كېيىن، سول قولىنى ئوڭ كۆكسىنىڭ يېنىغا ئەكېلىۋېلىپ تۇرۇپ پەم بىلەن «يا جەمشت» دەپ ئېتىۋىدى،

ئاتقان ئوشۇقى چۇ چۇشتى. ئاتقان ئوشۇقىنىڭ چۇ چۇشكىنىنى كۆرۈپ قاقىقان قوزۇقتەك قېتىپلا قالغان مۇختەرجاننىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەكلا بولۇپ قالدى.

— بۈگۈن مېنىڭ قىمارىم توشتى، ئاغىنىلەر، — دېدى جۇماخۇن ئالدىدىكى پۇللارنى يىغىپ يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ، — سىلەر ئويۇنىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار، مەن قايتىپ يېڭى خوتۇنىنىڭ پەيزىنى سۈرەي، قالغان گەپ - سۆزلەر بولسا ئەتە - ئۆگۈنگىچە بىر نېمە دېيىشەرمىز.

چارچاپ كەتكەنلىكتىن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن تۇختىگۈل بىرسىنىڭ يوتقاننى قوپاللىق بىلەن قايرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى - دە، يېنىدا ئۆزىگە قاراپ ئاچ كۆزلەرچە ھىجىيىپ تۇرغان جۇماخۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە قىلماقچى سىز؟ — دېدى تۇختىگۈل جۇماخۇننىڭ قولىدىكى يوتقاننى غەزەپ بىلەن تارتىپ، — تۆگىدەك بويى بولغىنى بىلەن نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەنغۇ بۇ؟!

— خېنىم ! — دېدى جۇماخۇن مەنىستىمىگەن قىياپەتتە، — نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم مەن ئەمەس، ئاۋۇ ئېرىڭىز، مەن سىزنى ئېرىڭىزنىڭ قولىدىن ئۈچ مىڭ تەڭگىگە ئۇتۇۋالدىم، بىلەمسىز؟ ھازىردىن باشلاپ بىر ئايغىچە سىز ماڭا تەۋە بولدىڭىز، كېلەر ئاينىڭ دەل مۇشۇ كۈنى سىزنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېرىڭىزغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ئۇنىڭغىچە ماڭا خوتۇن بولىسىز، بىلدىڭىزمۇ؟

جۇماخۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان تۇختىگۈل ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى، دەقىقە ئىچىدىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ گاراڭ ئادەمدەكلا بولۇپ قالدى. جۇماخۇننىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي دېسىمۇ، لېكىن بوسۇغىدا يەرگە قارىغىنىچە تىرنىقىنى تاتىلاپ جىمىمدە تۇرغان مۇختەرجاننى كۆرۈپ، جۇماخۇننىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدى.

توختىگۈل ئۆز ئەقىدىسىنىڭ، غۇرۇرىنىڭ چىن دىلىدىن ئىشەنگەن، بالىلىرىنىڭ ئوتلۇق مېھرىدىن كېچىپ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن مۇشۇنداق بىر لىڭشىتاسما ئەرنىڭ قولىدا نومۇسسىزلارچە دەپسەندە قىلىنىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

— ھەي، مۇختەر! نېمىگە بىزىرىپ تۇرىسەن؟ — دېدى توختىگۈل زەردە بىلەن، — ماۋۇ بەترەڭ چىراي نېمە دەۋاتىدۇ، مەيدىسىدە تۈكى بار ئەركەك بولساڭ كېسىپ بىرنېمە دېمەمسەن؟

مۇختەرجان بېشىنى يەردىن ئاستا كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى ـ دە، يەنە يەرگە قارىۋالدى. گەرچە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەمدى يېنىۋېلىشقا ئامالسىز ئىدى.

— تولا ئەزۋەيلىمەي تۇرە ئورنىڭدىن ! — دېدى جۇماخۇن توختىگۈلنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ، — سەن ھازىر ئۇنىڭ خوتۇنى ئەمەس، مېنىڭ خوتۇنۇم، ئەمدى ئۇنىڭ ساڭا چېشى پاتمايدۇ، ئەگەر يېنىۋالىمەن دېسىمۇ مەيلى، لېكىن ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا ئۈچ مىڭغا يەنە ئۈچ مىڭنى قوشۇپ ئالتە مىڭ قىلىپ ئالدىمغا قويسۇن، ئۇنداق قىلالمىسا سىيىپ كىرىپ ئۇخلىسۇن !

— ھەي، توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن ئەبلەخ ! مۇشۇمۇ سەندىن ماڭا يانغان ياخشىلىق؟! — دېدى توختىگۈل بوسۇغىدا يەرگە قاراپ ئۈن ـ تىنسىز تۇرغان مۇختەرجانغا قولىنى شىلتىپ، — سېنى خېلى ۋىجدانى بار ئەركەكمىكىن دېسەم لاتا ئىكەنسەنغۇ، لاتا! تۇفى ! غۇرۇرىنى ئىت يەپ كەتكەن ھەزىلەك، بىر يىلدىن بېرى سېنىمۇ ئەر كىشى دەپ يۈرۈپتىمەن.

توختىگۈلنىڭ تاشنىمۇ تېشىۋېتىدىغان نەشتەردەك تىللىرى، بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرغان مۇختەرجاننى ئىككى پۈكلىۋەتتى.

جۇماخۇن توختىگۈلنىڭ «مېنى قويۇۋەت، سەن بىلەن ھەرگىزمۇ ماڭمايمەن، بۇ جاندىن تويدۇم، يەنە قويۇۋەتمەيدىغان

بولساڭ ئالدىڭدا ئۆلۈپ بېرىمەن !» دەپ قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە پەرۋامۇ قىلماي، ئۇنى ياتقان يېرىدىن يۆلۈپ ئالدى ــ دە، خۇددى ئەسكى چاپاننى قولتۇقىغا قىسقاندەك قولتۇقىغا قىسىپلا كۆتۈرۈپ ماڭدى. جۇماخۇننىڭ يولۋاسنىڭ ئالىقانلىرىدەك كۈچلۈك قوللىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمىغان توختىگۈلنىڭ پۇت ــ قوللىرى هاۋادا لەيلەپ قالدى. بىر تاقلاپلا ئىشىك ئالدىغا كەلگەن جۇماخۇن تېخىچىلا بوسۇغىدا يەرگە قاراپ تۇرغان مۇختەرجاننىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ: «يولنى توسۇماي ئۆتە بۇياققا!» دەپ تارتتى ــ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. جۇماخۇننىڭ مۇنداقلا تارتىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مۇختەرجان دەلدەڭشىپ بېرىپ مەشكە ئۇسسۇزلۇقىدىن تاس ــ تاماس قالدى. توختىگۈلنىڭ بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ، بىر تەرەپتىن يىغلىغان ئاۋازى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئاستا ــ ئاستا سىڭىپ كەتتى.

توختىگۈل جۇماخۇننىڭ ئۆيىگە مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنگەندىن باشلاپ كۆزىدىن بىر كۈنمۇ ياش قۇرۇمىدى، ئۇ هە دېگەندىلا جۇماخۇننىڭ تايىقىنى يەپ، تىلىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قۇللارچە ئىتائەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. جۇماخۇن سىرتقا چىقىدىغان چاغلىرىدا ئۆيدە يېگۈدەك نەرسىنىڭ بار ــ يوقلۇقى بىلەن كارى بولمايلا ئىشىكنىڭ تېشىدىن قۇلۇپلاپ كېتىپ قالاتتى ــ دە، بىر ــ ئىككى كۈن يوقاپ كېتەتتى. توختىگۈل ئۆيدىن يېگۈدەك بىرەر پارچە نانمۇ تاپالماي قالغان چاغلىرىدا، ئىدىشقا قاچىلاپ قويغان دوغ سۈنى ئىچىپ قورسىقىنى بابلاشقا مەجبۇر بولاتتى. گەرچە ئۇنىڭ يالغۇز ئۆيگە سولانغان چاغلىرى گاهى توق، گاهى ئاچلىقتا ئۆتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇماخۇننىڭ تىل ــ تايىقىدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى بولغىنىغا خۇش بولاتتى. جۇماخۇن ئۆيگە قايتىپ كەلسىلا مەيلى ئۇ قىماردا ئۇتقان بولسۇن ياكى ئۇتتۇرغان بولسۇن يوقىلاڭ باهانىلەرنى تېپىپ ئۇنى ئۇراتتى، ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن يەتمىش پۇشتىنى قوشۇپ تىللايتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ جىم

تۇرماي ئېغىز غېرىچلاپلا قويىدىغان بولسا، جۇماخۇن كالا تېرىسىدىن ياسالغان تاسمىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىن قان چىقىپ كەتكۈچە ئۇراتتى. جۇماخۇننىڭ قولىدا هايۋاندىنمۇ بەتتەر خورلىنىۋاتقان توختىگۈل هەپتە بولمايلا ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا قايتىپ كەلگەن جۇماخۇن قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانسىلا قورقۇپ كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالىدىغان توختىگۈل يەنە قانداق بالايىئاپەتلەرنىڭ بېشىغا ياغىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالماي تۇرغىنىدا، سول يۈزىگە تۈيۈقسىز تەگكەن تەستەكتىن پۈتى يەردىن ئىككى غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ بىرقانچە قەدەم نېرىغا ئۇچۇپ چۈشتى.

— هەي، تېگى پەس، يۈرتىدىن بەزگەن بۇزۇق! ئۆيگە كىم كەلدى؟ گەپ قىلە! — دېدى جۇماخۇن قەپەستىن بوشانغان شىردەك هۆركىرەپ، — مېنىڭ يوقلۇقىمدىن پايدىلىنىپ هېلىقى مۇختەر دېگەن هەزىلەك بىلەن ئوغرىلىقچە ئالاقە قىلىپ يۈرۈۋاتقان ئوخشىمامسەن؟

— ئۇنداق قارىسىغا گەپ قىلمىسىلا جۇماخۇن، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى توختىگۈل هۆڭ ـ هۆڭ يىغلاپ تۇرۇپ، — سىلى سىرتقا چىققاندا ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ قويىدىغان تۇرسىلا مەن نەگىمۇ بارالايمەن؟ بۇ قورۇنىڭ تاملىرى سىلىنىڭ بويلىرىدىنمۇ ئېگىز تۇرسا مېنىڭ سىرتقا چىقالىشىم مۇمكىنمۇ، هېچ گەپتىن ـ هېچ گەپ يوق ئادەمگە قارا چاپلىمىسىلا ئۇنداق؟!

— هەي، لالما قانجۇق! — دېدى جۇماخۇن يۈزىنى تۈتقىنىچە يەردە يىغلاپ ياتقان توختىگۈلنىڭ ساغرىسىغا بىرنى تېپىپ، — خەق بىلەن مۇناسىۋىتىڭ بولمىسا ئىشىك ئالدىدا

ئاياغ ئىزى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ سېنى ئىزدەپ كەلگەن بىرەرسىنىڭ ئايىغىنىڭ ئىزى بولمىسا كىمنىڭ ئاياغ ئىزى؟ گەپ قىلە سوپۇن سۈركىسىمۇ ماغزىپى چىقمايدىغان پاسكىنا!

— ماڭا ئىشەنسىلە جېنىم جۇماخۇن، — دېدى توختىگۈل ئۆمىلەپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ، — ئەزبىرايى خۇدا! سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە كەلگەندىن بۇيان بوسۇغا ئاتلاپ سىرتقا چىقىپ باققىنىم يوق، سىلى تۇر دېسىلىرى تۇرۇۋاتىمەن، ماڭ دېسىلىرى مېڭىۋاتىمەن. بۇ يەردە سىلىدىن باشقا بىرەر ئەركەك قۇشقاچنىمۇ ئۇچرىتىپ باقمىدىم، مەنمۇ خۇدانىڭ ئاجىز بەندىسى، ماڭا ئۇنچە زۇلۇم سالماي رەھىم قىلسىلا جۇماخۇن !

جۇماخۇن ھەر كۈنى سىرتقا چىققاندا ئىشىكنى قۇلۇپلاپ بولۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە دائىم قويۇپ قويىدىغان كىچىككىنە كۆتمەك سۇپۇرگە بىلەن ئىشىك ئالدىدىكى توپىلارنى سۇپۇرۇپ تەكشىلەپ قوياتتى، ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئىشىك ئالدىدىكى تۇزلەنگەن يەردە يات كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرگەن ھامان ئۆيگە كىرىپتىن ئۇزۇلگەن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرەتتى ـ دە، توختىگۈلگە «گەپ قىلە پاسكىنا، بۇگۈن قايسى ئاشنىڭ بىلەن كۆرۈشتىڭ، ئىشىك ئالدىدىكى كىمنىڭ ئاياغ ئىزى؟» دەپ، ئۇرۇپ ـ تىللاپ ئالا ـ توۋىسىنى چىقىرىۋېتەتتى.

توختىگۈل «يەنە ئازراق چىدىسام بۇ دوزاختىن قۇتۇلارمەن، مۇشۇ يەردىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ چىقسامىلا ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي يۇرتۇمغا كەتمەيدىغان بولسام» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ كېلىۋاتقىنىغا ساق يىگىرمە كۈن بولدى دېگەندە، مۇختەرجاننىڭ خېروئىن چېكىپ ئابدۇسېلىمنىڭ ئۆيىدە قېتىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قۇلىقىغا يەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بولۇپ قالغان توختىگۈل كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا

تىككىنىچە ئۇلتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى مۇشۇنداق قاباھەتلىك كۈنلەرگە دۇچار قىلغان، ئاياللىق غۇرۇرىنى، بىغۇبار ئەقىدىسىنى، سەممىي ساداقىتىنى دەپسەندە قىلغان ئاشۇ ئەرنىڭ ئۆلۈمىگە ئانچە ئېچىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ دوزاختىن بۇرۇنراق قۇتۇلۇپ چىقىپ يۈرتىغا، يەنى بالىلىرىنىڭ قېشىغا كېتىۋېلىش ئارزۇسىنىڭ بىراقلا بەربات بولغانلىقىنى ئويلاپ ئەلەملىك ياش تۆكتى.

توختىگۈل مۇختەرجان بىلەن تونۇشۇپ بىر ئۆيدە تۇرغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خېروئىن چېكىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ھەم ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. ئەمدى بولغاندا ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ راستلا ئۆز قۇلىقىغا زادىلا ئىشىنەلمەي قېلىۋاتاتتى.

— ئۇ ئاداش ئۆزى چېكىپلا تۈگىشىپ كەتسە مەيلى ئىدىغۇ، بىراق يەنە ساتىدىكەن ئەمەسمۇ كاساپەت، — دېدى جۇماخۇن سۆيىغا يانپاشلاۋېتىپ، — يېزا ساقچىخانىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ تەكشۈرگىلى كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان ھېلىقى قارا رەڭلىك قول سومكىسىدىن ئىككى يۈز گىرامغا يېقىن خېروئىن چىقىپتۇ، شۇنچىۋالا نەرسىنى يېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەندىكىن يۈرىكىمۇ چوڭ نېمە ئىكەن ئۇنىڭ.

— بۇ گەپلەرنى راست دەۋاتاملا ياكى ئەپقاچتى گەپلەرمۇ بۇ؟ — دېدى توختىگۈل جۇماخۇننىڭ گەپلىرىگە تازا دېگەندەك ئىشىنىپ كېتەلمەي.

— ھەي! گەرچە قىمارۋاز بولساممۇ ئەركەك تۈكى بار ئوغۇل بالا جۇمۇ مەن ! — دېدى جۇماخۇن كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، — ئۆلمىگەن ئادەمنى ئۆلدى دەيدىغانغا ساراڭ بولمىسام، ساقچىلار ئابدۇسېلىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە مەنمۇ بار

ئەمدى شۇ يەردە، ئۇنىڭدا خېروئىن بارلىقىدىن ئابدۇسېلىمنىڭمۇ خەۋىرى بار چېغى، ئۇنىمۇ قوشۇپ بىللە ئېلىپ كەتتى، ئۇ بىچارە پاخشايىنىڭ ئۇ يەردە نېمە كۈنلەرنى كۆرىدىغىنىنى خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ.
ساقچىلارنىڭ ئابدۇسېلىمنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغان توختىگۈل خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ «ئابدۇسېلىم مېنىڭ مۇختەرجان بىلەن بىللە كەلگەنلىكىمنى ساقچىلارغا دەپ قويسا قانداق قىلارمەن؟ ساقچىلار سەنمۇ مۇشۇ خېروئىن سودىگىرى بىلەن شېرىك ئىكەنسەن، بولمىسا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كېلەرمىدىڭ دېسە نېمە دەرمەن؟ مەن ئۇنىڭ ئايالى دەي دېسەم بىزنىڭ ئەر - خوتۇنلۇقىمىزنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئىسپات بولمىسا، بۇ ئىشلاردىن زادىلا خەۋىرىم يوق دېسەم ئۇلارنىڭ ئىشىنىشى مۇمكىنمۇ، ۋاي ئىست! كېيىنكى ئۆمرۈم تۈرمىدە ئۆتۈپ كېتەرمۇ ئەمدى؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بوشىشىپلا كەتتى.
شۇ كۈندىن باشلاپ توختىگۈلنىڭ كۈنلىرى تېخىمۇ دەككە - دۈككىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. سىرتتا سەللا ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولسا ياكى ماشىنا، موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالسا قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالاتتى. ئارىدىن بىر ھەپتىچە ئۆتۈپ جۇماخۇندىن ئابدۇسېلىمنىڭ ساقچىخانىدىن قايتىپ كەلگىنىنى، ئۇنىڭ «بۇ ئىشقا مەزلۇم كىشىنى چېتىۋالماي» دەپ ئويلاپ، توختىگۈلنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگىنىنى ئېيتمىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئەمدىكى خىيالى قانداق قىلغاندا جۇماخۇننىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ساق - سالامەت يۇرتىغا كېتىۋېلىشتا قالغانىدى.
لېكىن، ئىش توختىگۈلنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى.

جۇماخۇن توختىگۈلنى قىماردا ئۇتۇۋالغىنىغا ساق بىر ئاي بولغان كۈنى نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ئۆيگە ئوتتۇز ئىككى ـ ئوتتۇز ئۈچ ياشلار ئەتراپىدىكى ئېگىز بوي، قارامتۇل كەلگەن، ئورۇقلۇقىدىن يۈز سۆڭەكلىرى پۈلتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان، قاپقارا قوشۇما قېشى سۈپۈرگىدەك ئۇزۇن ھەم كەڭ كەلگەن بىر كىشىنى باشلاپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن تولىمۇ خۇشخۇي بولۇپ، توختىگۈل بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ كۈلگىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. توختىگۈل مېھمانغا ئەدەپ بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن، ئوچاقتا ئوتۇن سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتتى ـ دە، ئۇستىگە چۆگۈننى قويۇپ سۈپىغا داستىخان سالدى، ئاندىن جۇماخۇن ئېلىپ كەلگەن ناننى داستىخانغا قويدى.

جۇماخۇن بىلەن مېھمان بىللە ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، جۇماخۇن ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ كەچكى غىزاغا تەييارلىق قىلىۋاتقان توختىگۈلنى ئالدىغا چاقىردى.

— ھوي توختەك، بۇياققا كېلە! ساڭا بۇ مېھماننى تونۇشتۇرۇپ قوياي! — دېدى جۇماخۇن سارغۇچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ.

توختىگۈل قىلىۋاتقان ئىشىنى جايىدىلا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قورۇنۇپقىنا كەلدى.

— بۇ كىشىنىڭ ئىسمى نەجمىدىن بولىدۇ، — دېدى جۇماخۇن گېلىنى بىلىنەرلىك قىرىپ قويۇپ، — ئۇ بىزنىڭ مۇشۇ كەنتنىڭ پېشقەدەم كەنت باشلىقى يۇسۇپ قاسىم دېگەن كىشىنىڭ كۈيئوغلى، يۇسۇپ قاسىم دېگەن كىشى مۇشۇ كەنتتىلا ئەمەس، پۈتۈن يېزىدا خېلىلا يۇقىرى ئابرۇيى بار كىشى. بىزنىڭ بۇ بۇرادىرىمىز ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ئاشۇ كىشىنىڭ تۇغمىغانلىق سەۋەبلىك ئىككى ئەردىن ئاجرىشىپ كەتكەن يالغۇز قىزىنى ئالغانىدى، لېكىن ئۇ خوتۇن بۇ

بۇرادىرىمىزگىمۇ پەرزەنت تۇغۇپ بېرەلمىدى، مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئۇ خوتۇننى قويۇپ بېرەي دېسە قېيىنئاتىسىنىڭ غەزەپ قىلىشىدىن قورقىدىكەن، قويۇۋەتمەي دېسە ئۇنىڭمۇ بۇ ئۆمرىدە پەرزەنت كۆرگىسى بار ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قېتىپ قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

جۇماخۇننىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملىگەن توختىگۇلنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇ گەپنىڭ ئاخىرى تۇگىمەي تۇرۇپلا گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋېتىشنى سەل بىئەپ كۆردى ـ دە، يەرگە قاراپ جىممىدە تۇردى.

— ئەسلىدە بۇگۇن سىنى مۇختەرجاننىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان كۈن ئىدى، لېكىن ئۇ رەھمەتلىك پانىيدىن باقىيغا سەپەر قىلدى. گەرچە قىمارۋاز بولسامۇ خېلى ۋىجدانىم بار كىشىمەن، شۇڭا سىنى بۇ ئۆيدە تۇرغۇزىۋەرسەم باشقىلارنىڭ ئالدىدا نامەرد ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىكەنمەن. يۇرتۇڭغا يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇش مېنىڭ قولۇمدىن تېخىمۇ كەلمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇگۇن مەن نەجمىدىن بىلەن دېيىشىپ سىنى ئۇنىڭغا ئۇچ مىڭ سومغا ئۆتۇنۇپ بەردىم، نەجمىدىن سىنى ئايرىم بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ هالىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ، سىنى هېچقانداق ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارغىمۇ سالمايدۇ، سەن پەقەت ئۇنىڭ پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇسىنى قاندۇرساڭلا بولىدۇ.

توختىگۇل قىماردا دوغا تىكىلىپ نەدىكى بىر داردىن قاچقان ئۆكتەمگە بىر ئاي خوتۇن بولۇپ هارغىچە خورلۇق تارتقاننى ئاز دېگەندەك، ئەمدىلىكتە نەدىكى بىر رودۇپايغا بالا تۇغۇپ بېرىدىغان ئايال بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولدى ـ دە، هەسرىتىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي پاڭڭىدە ئېتىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ يىغلىغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، جۇماخۇننىڭ هەيۋە قىلىپ ۋارقىراشلىرى، هۇرپىيىشلىرىمۇ كار قىلمىدى.

— هەرقانچە يىغلىغىنىڭ بىلەنمۇ بولغۇلۇق بولۇپ بولدى،

مەن نەجمىدىن بىلەن ئەھدىلىشىپ بولدۇم، ئەمدى ھەرگىزمۇ سۆزۈمدىن يېنىۋالالمايمەن، ناۋادا سەن بۇنىڭغا كۆنمىسەڭ مەيلى، لېكىن بىر ئۆمۈر مۇشۇ قورۇدىن چىقىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما ! بۇ يەردە تۇرىۋەرسەڭ مەڭگۇ ئازاب چېكىسەن، ئۇ يەرگە بارساڭ بەگدەك يەپ، بەگدەك ئىچىپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىسەن، ۋەزىپەڭ پەقەت بۇ بۇرادىرىمىزگە بالا تۇغۇپ بېرىش. خاتىرجەم بول، ئۇ ئايالى بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ بولغان، ئايالىمۇ ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلغان، شۇڭا ئايالى بىلىپ قالسا بېشىمغا بالا تېرىۋالارمەنمىكىن دېگەن ئەندىشىدە بولمىساڭمۇ بولىدۇ، پەقەت موللىدىن بىرنى تېپىپ نىكاھىڭلارنى قىلدۇرساڭلارلا بولىدى. سەن ئۇنى پەرزەنتلىك قىلالىساڭلا ئۇ سېنى چىرايلىق رازى قىلىپ يۇرتۇڭغا يولغا سېلىپ قويىدۇ، ساڭا دەيدىغان گەپ مۇشۇ، قانداق قىلىش ئۆزۈڭدە قالدى.

جۇماخۇننىڭ «بۇنىڭغا كۆنمىسەڭ مەيلى، لېكىن بىر ئۆمۈر مۇشۇ قورۇدىن چىقىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان توختىگۇل قايناۋاتقان قازانغا بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇنى قۇيىۋەتكەندەك شۈكلىشىپ كەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ بۇ قىسقىغىنا بىر ئاي ئىچىدە كۆرمىگەننى كۆردى، ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھايۋان سۈپەت بۇ كىشىنىڭ كۈندۈزى تايىقىنى يەپ، تىلىنى ئىشىتىپ، كېچىلىرى ئۇنىڭ ھاۋايى ھەۋىسىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ سەللا قارشىلىق قىلسا «مەن سېنى ئۈچ مىڭ سومغا ئۇتىۋالغان، بىلەمسەن پاسكىنا، بۇزۇق؟! مەن ساڭا ئۈچ مىڭ سوم خەجلەپ بۇ ئۆيگە كۆرۈنۈشكە تىزىپ قويغىلى ئەكەلمىگەن، خوتۇن قىلغىلى ئەكەلگەن !» دەپ تىللايتتى، ھەتتا ئادەت كۆرۈپ قالغان چاغلىرىدىمۇ ئادەم بالىسى قىلمايدىغان بەتقىلىقلارنى قىلىپ غورۇرىغا تېگەتتى. بىر ئاي ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن يىرگىنچلىك ئاشۇ ئىشلارنى چاقماق

تېزلىكىدە خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئۈلگۈرگەن توختىگۈل ئادەمنىڭ ئىچىنىمۇ ـ تېشىنىمۇ تەڭ كۆيدۈرىدىغان بۇ دوزاختىن تېزرەك چىقىپ كېتىشىنى ئويلىدى ـ دە، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بولۇش قارارىغا كەلدى.

نەجمىدىن توختىگۈلنى ياندۇرۇپ كەلگەن كۈنى كەچتە، قوشنا مەھەللىدىكى ئاز ـ تولا ئىلمى بار بىر موللىنى چاقىرىپ كېلىپ يوشۇرۇن نىكاھ ئوقۇتتى. نەجمىدىن توختىگۈلنى ئەپچىللىكىنە كەلگەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۆي ئىچى تولىمۇ رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئىككى مېتىر كەڭلىكتىكى كاڭ ئۈستىگە قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، كاڭنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يېڭىدىن تىكىلگەن يوتقان ـ كۆرپىلەر چىرايلىق تىزىپ قويۇلغانىدى. ئاشخانا ئۆيدىكى جاۋەنگە چىنە، تەخسە دېگەندەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى دەستىلەكلىك تۇراتتى. قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ ئالما دەرىخى بار بولۇپ، ئالما دەرىخىنىڭ بىر تەرىپىگە رەت ـ رېتى بىلەن خىلمۇخىل كۆكتاتلار تېرىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە رەڭگارەڭ گۈللەر ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. قورۇ دەرۋازىسى ئالما، ئۆرۈك ياغىچى بىلەن قوش قاناتلىق قىلىپ يېڭىدىن ياسالغان بولۇپ، تاملىرىمۇ قىزىل كېسەكتە ئادەم قولى يەتمىگىدەك قىلىپ قوپۇرۇلغانىدى. دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدە كىچىككىنە قوتان بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر دانە ئۆچكە ئوغلىقى بىلەن سولاقلىق تۇراتتى.

توختىگۈل ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان بۇ ئۆينى كۆرۈپ كۆڭلى بىرئاز ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ ئىشقا قەتئىي رازىلىقى بولمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئاۋۇ دوزاختەك ئۆيدىن قۇتۇلۇپ چىققىنىغا شۈكۈر قىلىۋاتاتتى.

نەجمىدىن توختىگۈلنى نىكاھىغا ئالغان كۈنى ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى. گەرچە ئۇ توختىگۈلگە كۈندە دېگۈدەك ھەمراھ

بولالمىسىمۇ، لېكىن ئىككى كۈندە بىر كېلىپ قونۇپ كېتەتتى. بەزىدە كۈندۈزى قولى ئىشتىن ئازراقلا بوشاپ قالسا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ ئۆتكەن كونا ـ يېڭى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشاتتى. نەجمىدىن قارىماققا قوپالدەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە تولىمۇ مۇلايىم، ياۋاش كىشى ئىدى. گەرچە ئۇ توختىگۈلنىڭ ئۆزىنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا زورىغا كۆلۈپ قويىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ، دېگىنىنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىمۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ يېنىغا يېقىن كەلمەيتتى.

بىر كۈنى توختىگۈل جۇماخۇننىڭ ئۆزىگە سالغان زۇلۇملىرىنى، قىلغان ھاقارەتلىرىنى، ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ئاشۇ بىر ئاينىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ئۆنتۇلغۇسىز داغ قالدۇرغان بىر ئاي بولغانلىقىنى، زۇلۇمغا چىدىماي بىرقانچە قېتىم ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قېرى قاقباشنىڭ ھەممە ئۆيگە قۇلۇپ سېلىۋېتىپ ئۇنىڭ يېنىدا قەلەمتىراش چاغلىق تىغ قالدۇرمىغانلىقىنى، تامغا ئۇسۇپ ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپ تامغا ئۇسۇپ بېشىنى جاراھەتلەندۈرگەنگە تۇشلۇق ئۆلمىگەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ قايتىپ كەلگەندە «ماڭا بالا تېرىپ بېرەي دېگەنىمىدىڭ قانجۇق، ئۆلگۈڭ كەلسە بۇ ئۆيدىن يوقالغاندىن كېيىن ئۆل!» دەپ، ھارغىچە دۇمبالىغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

توختىگۈلنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسىنى ئاڭلىغان نەجمىدىننىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى، جۇماخۇن دېگەن قارا نىيەتنىڭ بىر ئاجىزەنى شۇ قەدەر خورلىغانلىقىغا، ئاياغ ئاستى قىلغىنىغا ئىچ ـ ئىچىدىن نەپرەت ياغدۇردى،

توختىگۈلنىڭ يامغۇردەك ياش تۆككىنىگە قاراپ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياشنىڭ سىرغىپ چۈشكىنىنىمۇ سەزمەيلا قالدى.

— مېنىڭغۇ سىزنى بۇ يالغۇز ئۆيگە سولاپ قويغۇمغۇ يوق ئىدى، — دېدى نەجمىدىن ئەتىگەندە ناشتىدىن كېيىن ماڭماقچى بولۇپ، — لېكىن ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئىككىمىزدىن بۆلەك ھېچ كىشى بىلمەيدۇ دېگەن بىلەنمۇ جۇماخۇن دېگەن قارا نىيەت بىلىدۇ، ئۇ ئەبلەخنى مەن يوق چاغلاردا كېلىپ سىزنى بوزەك قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ، شۇڭا دەرۋازىنىڭ تېشىدىن قۇلۇپلاپ قويسام باشقىچە ئويلىنىپ قالماسسىز؟

جۇماخۇننىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتكەن توختىگۈل ئۆزىگە سەمىمىيلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان نەجمىدىننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە لەپپىدە بىر قارىۋەتتى - دە، رازىلىق بىلدۈرۈپ بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتىپ قويدى.

توختىگۈل يالغۇز ئۆيدە ھەربىر كۈننى زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتكۈزسىمۇ، لېكىن جۇماخۇننىڭ ئۆيىدە تۇرغىنىدىن يۈز مىڭ ھەسسە ياخشى ئىدى. يالغۇزلۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا يەيدىغىنى، ئىچىدىغىنى، كىيىدىغىنى تەل بولۇپ، نەجمىدىنمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتى. تولا يىغلاپ كۆلۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان توختىگۈل بۇ ئۆيگە كېلىپ بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدىغان، بىردەم ئۇ كۆڭلەكنى، بىر دەم بۇ يوپكىنى كىيىپ ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنى ياسايدىغان بولدى، چىرايىغىمۇ ئاستا - ئاستا ئەت قونۇپ، مەزگىلسىز پەيدا بولغان قورۇقلىرى يوقىلىشقا باشلىغانىدى. ئىچى پۇشۇپ كەتكەن چاغلىرىدا قوتانغا كىرىپ ئوغلاق بىلەن ئوينايتتى، گۈللەرنى سۇغىراتتى، كۆكتاتلىقتا ئۆنۈپ قالغان ياۋا ئوتلارنى ئوتايتتى، ئىشقىلىپ، ئۇ ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا جانلىنىپ قالغانىدى.

توختىگۈل بۇ يەرگە كېلىپ ئۈچ ئايدىن ئاشقاندا، ئۆزىدە غەيرىي بىر سېزىمنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ھېسابلاپ كۆرۈپ ئادەت كېلىدىغان كۈنىنىڭ ئون كۈنچە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە «توۋا خۇدايىم ! راستىلا بويۇمدا قالغان ئوخشىمامدۇ، نەجمىدىن بۇنى بىلسە قانداق بولۇپ كېتەر؟!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى، ئۇ مۇشۇ بالىنى تۇغۇپ بولغاندا يۇرتىغا قايتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باشقىچىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.

— راستىلا بويىڭىزدا قاپتىما؟ — سورىدى نەجمىدىن توختىگۈلنىڭ ئىككى بىلىكىنى چىڭ قامالالاپ تۇرۇپ، — مېنى ئالداۋاتمايدىغانسىز، مەن راستىلا پەرزەنتلىك بولىدىغان بولدۇمما؟

ھاياجاندىن ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالغان نەجمىدىن توختىگۈلنىڭ بېلىدىن قامالالاپ تۇتۇپ لىككىدە كۆتۈردى ـ دە، «مەن بالىلىق بولدۇم، مەن بالىلىق بولدۇم !» دەم تووۋلىغىنىچە ئۆي ئىچىنى نەچچە پىرقىرىۋەتتى، ھەش ـ پەش دېگۈچە چاناقلىرىدا پەيدا بولغان خۇشاللىق يېشى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى شۇ قەدەر تېزلىشىپ كەتكەنىدىكى، خۇددى ھازىرلا يۈرەك قەپىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. نەجمىدىننىڭ بالىلىق چاغلىرىدا مانا مۇشۇنداق خۇشال كۈلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆزىنى مۇنداق قويۇپ بېرىپ كۈلۈپ باقمىغانىدى.

نەجمىدىن نەق يىگىرمە ياشقا كىرگەن يىلى، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قوشنا يېزىدىكى ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ ئايسىمە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلدى. ئايسىمە خېلىلا كېلىشكەن، زىلۋا بوي، قوشۇما قاش، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان قىز بولسىمۇ، لېكىن نەجمىدىن ئەتىسى

ئەتىگەندىلا قىزنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يولغا سېلىۋەتتى. توي كېچىسى ئۆزى ھەق نىكاھلاپ ئالغان ئايالىنىڭ ئىپپىتىنىڭ ئاللىقاچان بۇزۇلغانلىقىنى سەزگەن نەجمىدىن ئەۋرەزگە دەسسىۋالغان ئادەمدەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، سۇرەتتەك چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئىپپەت گۈلىستانىنىڭ ياۋا ئاياغلار ئاستىدا دەسسىلىپ يانجىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ «كېيىك ئوۋلىدىم» دەپ، ياۋا توڭگۇز ئېتىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

دەرغەزەپتىن لاغىلداپ تىترىگەن نەجمىدىن ئايسىمەنى ئۇرماقچى بولۇپ كۆتۈرگەن قولىنى ئاستا چۈشۈرۈۋالدى. ئۇ يۈزىنى ئىككى ئالىقىنى بىلەن مەھكەم ئېتىۋېلىپ ئەلەملىك يىغلاۋاتقان ئايسىمەگە نەپرەتلىك كۆزلىرىنى تىكتى، قارىغانچە ئايسىمە تولىمۇ يىرگىنچلىك، بەتبەشىرە ئالۋاستىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— سەن بىلەن ئارتۇقچە جېدەللىشىپ ئولتۇرغۇم يوق، — دېدى نەجمىدىن بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئۇنى سەنلەپ تۇرۇپ، — ماڭا راست گېپىڭنى قىلساڭ بولدى، ئىپپىتىڭنى كىمگە خالىس ھەدىيە قىلىۋەتكەنىدىڭ؟ بېرىدىغانىنى خەققە بېرىۋېتىپ «ئۇ مەندىن بىرنەچچە ياش كىچىك بولغاندىكىن ئۆتكەلدىن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كېتىمەن» دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

نەجمىدىننىڭ زەھەردەك ئاچچىق سۆزلىرى ئايسىمەنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ يۈرىكىنىڭ بېغىشىغا نەشتەردەك سانجىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك بېشىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئولتۇراتتى. نەجمىدىننىڭ قايتا - قايتا قىستىشى بىلەن ئايسىمە راست گېپىنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

نەجىمىدىنىڭگە قاراشقا پىتىنالمىغان ئايسىمە ناھىيەلىك دېھقانچىلىق مەكتىپىنى پۈتكۈزۈشكە ئىككى ئاي قالغاندا، بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇيدىغان ساۋاقداشلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم قىزلار بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى، ئۇ قىزلارنىڭ «سىلەر دېگەن ئوقۇغۇچى بولغاندىكىن ئىقتىسادىڭلار يار بەرمەيدۇ، شۇڭا بىز سىلەرنى مېھمان قىلايلى» دەپ، بىرقانچە قېتىم رېستورانغا ئاپىرىپ مېھمان قىلغانلىقىنى، بىر كۈنى ئۇلار ئاشۇ قىزلارنىڭ تەكلىپى بىلەن مەلۇم بىر رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىغا بارغانلىقىنى، ئۇلار ئايرىمخانىغا كىرسە ئۇ يەردە پۈزۈر كىيىنگەن سالاپەتلىك بىرقانچە كىشىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى، سورۇن ئاياغلاشقاندىن كېيىن يەنە كېچىلىك بەزمىخانىغا ناخشا ئېيتقىلى بارغانلىقىنى، ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇ يەردە بىر ئىستاكان قىزىل ھاراق ئىچكەنلىكىنى، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بېشى قايغاندەك بولۇپ كۆزلىرىنىڭ ئېلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئەتىگەندە ئويغانسا مېھمانسارايدا ئاخشام ئۆزلىرىنى بەزمىخانىغا باشلاپ بارغان خام سېمىز كىشى بىلەن ئاندىن توغما ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ بەردى.

ئايسىمەنىڭ سۆزلىرىنى تاقەت قىلىپ ئاڭلىغان نەجىمىدىنىنىڭ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى ئۇنى كەچۈرۈشكە يول قويمىدى. شۇ ئەسنادا، ئايسىمەمۇ نەجىمىدىنىنىڭ ئۆزىنىڭ بەختباشلىقتا ئۆتكۈزۈپ قويغان بۇ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى، بىر ئۆمۈر لاياقەتلىك ئايال، كۆيۈمچان ئانا بولۇشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىشىنى چىن دىلىدىن ئۈمىد قىلىۋاتاتتى.

كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەن نەجىمىدىن ئېغىر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن

كېيىن ئورنىدىن ئاستا تۇردى ـ دە، ئايسىمەگە قارىماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئالدىغىنىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىشىنى، ھازىردىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ تامامەن ئۈزۈلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. نەجمىدىننىڭ مۇنداق كەسكىن ھەم تېزلا قارار چىقىرىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئايسىمە نەجمىدىننىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يېلىنىپ يالۋۇرغان بولسىمۇ نەجمىدىن زادىلا قارارىدىن يانمىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئايسىمەنىڭ ئۆيىدىكىلەر نەجمىدىننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئۆزلىرى بېرىشتىن نومۇس قىلىپ يېقىنلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا بىرمۇنچە ناماقۇل بولدى، كەلگەنلەر قىز تەرەپنىڭ بۇ ئىشلارنى مۇنداقلا يوق قىلىۋەتكۈسىنىڭ يوقلۇقىنى، بولسا باللارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆي بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەلچىلەرنىڭ بىرمۇنچە چىرايلىق گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نەجمىدىننىڭ ئانىسى ماقۇل بولۇش تەرىپىگە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن نەجمىدىننىڭ دادىسى «گەرچە بالىنىڭ رازىلىقى بولمىسىمۇ بىز ئۇنى مەجبۇرلاپ بۇ توينى قىلغان، ئەسلىدە كېلىن بولغۇچى ئېسىپتىنى ساقلاپ چىرايلىق ئولتۇرغان بولسا بۇ كۆڭۈلسىزلىكمۇ يۈز بەرمىگەن، قۇدىلار ئارىسىدا خىجالەتچىلىكمۇ بولمىغان بولاتتى. ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئوغلىمىز كىچىك بولسىمۇ خېلى جىگىرى بار ئىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئۆينى تۇتقۇسى بولمىسا بىزمۇ مەجبۇرلىيالمايمىز، مالال كۆرمەي قۇدىلارغا بۇ سۆزىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇشسىلا» دەپ چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويغانىدى...

خۇشاللىقى بويىدىن ئېشىپ كەتكەن نەجمىدىن توختىگۈلنى مىدىرلىماي ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ ئۆز قولى بىلەن چاي دەملىدى، كىچىككىنە تاماق ئۈستىلىنى كاڭنىڭ ئۈستىگە قويۇپ داستىخان

سالدى. ئىككىيلەن پاراڭلاشقاچ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، توختىگۈلنىڭ يادىدىن بىر ئىش كەچكەندەك بولدى ـ دە، نەجمىدىننىڭ كۆزلىرىگە دىلىغۇللۇق بىلەن تىكىلدى.

ـــ ئەجەب باشقىچە قاراپ كەتتىڭىزغۇ؟ ـــ دېدى نەجمىدىن قولىدىكى پىيالىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ـــ سورايدىغان ھەرقانداق گەپ بولسا سورىسىڭىز بولىدۇ، بىرىنىمۇ يوشۇرماي بەجانىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرىمەن.

ـــ ئۆتكەندە جۇماخۇن بىر گەپنى دەۋاتقانىدى، ـــ دېدى توختىگۈل بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ـــ ئۇنىڭ دېگەن ئاشۇ گېپى راستمىدۇ؟

ـــ قايسى گەپنى دەيسىز؟

ـــ ئىككىمىزنىڭ بۇ ئىشىدىن ئائىلىڭىزنىڭ راستلا خەۋىرى بارمىدۇ؟

نەجمىدىن توختىگۈلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، ئۇ كۈلگەندىمۇ شۇنداق تېلىقىپ كۈلدىكى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

ـــ مەن سىزگە چاقچاق قىلىمىدىم، ـــ دېدى توختىگۈل سەل رەنجىگەندەك بولۇپ، ـــ بۇ دېگەن ھەرگىز ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، شۇڭا ئەستايىدىل جاۋاب بەرمىسىڭىز بولمايدۇ.

ـــ ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ـــ دېدى نەجمىدىن كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران دېگەندە توختىتىپ جىددىي تەلەپپۇزدا، ـــ بۇ تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان دەل شۇ خوتۇنۇم، ناۋادا ئۇنىڭ رازىلىقى بولمىسا مۇنداق ئىشنى قىلىشقا بېشىم ئونمۇ مېنىڭ.

ـــ بىز ئائىلىلار بەزىدە كەڭ قورساق بولغىنىمىز بىلەن بەزىدە تولىمۇ شەخسىيەتچى كېلىمىز، ـــ دېدى توختىگۈل ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلام ئوتلىۋېلىپ، ـــ بىر ئايال كىشىنىڭ مۇنداق قارارنى چىقىرالىشى ئاسانغا توختايدىغان ئىش

ئەمەس، شۇنىڭغا قاراپ بۇ گەپنىڭ راستلىقىدىن سەل گۇمان قىلىپ قالدىم.

— ھەر ئىككىلىمىز ئامالسىزلىقتىن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز، — دېدى نەجمىدىن ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، — مەن بىرىنچى ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن بىرقانچە يىل بويتاق يۈردۈم، ئۆيدىكىلەرنىڭ «ئىتتىكرەك تويۇڭنى قىلمامسەن !» دەيدىغانلىغا تىلى كۆيۈپ ئېغىز ئاچالمىدى. ھازىرقى ئايالىم ئاينۇرە بىلەن ئىككىمىز بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، ئۇ مەندىن توپتوغرا ئۈچ ياش كىچىك ئىدى، مەن بىرىنچى ئايالىم بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە يوشۇرۇن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەن بولساقمۇ، كۆڭلىمىزدىكىنى ئىپادىلەشكە ئۇلگۇرمەي تۇرۇپلا ئۆيدىكىلەر مەجبۇرلاپ تويۇمنى قىلىۋەتتى. مېنىڭ تويۇم بولۇپ ئىككى ئايچە بولغاندا ئۇمۇ قوشنا يېزىدىكى قول ئىلكىدە بار بىر باينىڭ ئوغلىغا ياتلىق بولدى، ئۇ توي قىلىپ ئىككى يىلغىچە بويىدا قالمىغاچقا ئېرى ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋەتتى، ئاردىن يېرىم يىل ئۆتۈپ ئۇ ناھىيەلىك چارۋىچىلىق ـ ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان يەنە بىرسىگە ياتلىق بولۇپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىلدىن ئوشۇقراق ئۆي تۇتۇپمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەي ئاجرىشىپ يېنىپ كەلدى. بىز بىر كەنتتىن بولغاچقا پات ـ پات ئۇچرىشىپ قالاتتۇق، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىپ قالغان ھېلىقى يوشۇرۇن كۆيگەن ئوت يالقۇنجاشقا باشلىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا يۈزى تۈۋەن، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل قىز ئىدى، ئۆزىنىڭمۇ ئۈستىخىنى كېلىشكەن، چىرايلىق قىز بولغاچقا كەنتتىكى ياشلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلمايدىغاندىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ دادىسى كەنت باشلىقى، يۇرت ئىچىدىمۇ خېلى يۇقىرى ئىناۋىتى

بولغاچقا ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ ئۆيگە ئەلچى كىرگۈزۈشكە پېتىنالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ باشقا يېزىغا توي قىلىپ كەتكەنىدى. ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك، مەن ئۇنىڭغا بىرقانچە قېتىم توي قىلىش تەكلىپىنى قويساممۇ، لېكىن ئۇ: «نەجمىدىن، سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، مېنىڭمۇ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سەنمۇ ياخشى بىلىسەن، ئەمما مەن تۇغالمىغاچقا ئىككى ئەرگە تېگىپ ئاجراشقان ئايال، ساڭمۇ بالا تۇغۇپ بېرەلمەسلىكىم ئېنىق، ئۇنداق بولغاندا ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشى بەرىبىر تۇرمۇش بولمايدۇ، ئۇ چاغدا ھەر ئىككىلىمىز داغدا قالىمىز، ياخشىسى ئىككىمىز ھازىرقى مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاپ قالايلى» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇ ئۇنىمىغانچە ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئۇلغايدى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشتىم، ئاخىرى ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلدى.

گەپ قىلغاچ ئولتۇرۇپ بىر ئورام موخوركا ئورىغان نەجمىدىن يانچۇقىدىن سەرەڭگىنى چىقىرىپ موخوركىسىغا ئوت تۇتاشتۇرماقچى بولدى ـ يۇ، توختىگۈلنىڭ ئېغىر ئاياغلىقى دەرھاللا يادىغا يېتىپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ سىرتتا تۇرۇپ موخوركىسىنى چېكىپ بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كىردى ـ دە، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مانا ھازىر بىز توي قىلغىلىمۇ بەش يىلدىن ئېشىپ قالدى، بۇ بەش يىل جەريانىدا بىز كۆزىمىز كۆرگەن، قۇلىقىمىز ئاڭلىغان ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ باققان بولساقمۇ يەنىلا بالىلىق بولالمىدۇق، ئۇ ماڭا بىرقانچە قېتىم ئاجرىشىپ كېتىش تەلىپىنى قويدى، لېكىن مەن «پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىسەك بالىدىن بىرنى ئاسىرىۋالايلى» دەپ ئۇنىمىدىم. بىر كۈنى ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ ماڭا: «بالا بېقىۋالساقمۇ

شۇ خەقنىڭ بالىسىنى بېقىۋالىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە سىز تۇغالايدىغان ئايالدىن بىرنى تېپىپ ئۇنىڭدىن بالىلىق بولۇڭ، ئۇ قانداقلىكىن بولسۇن پۇشتىڭىزدىن بولغان بالا بولغاندىكىن ئۆزۈم تۇغقاندەكلا بولىدۇ» دېدى، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەم ھەيران قالدىم ھەم «ئۇ مېنى سىناۋاتقان چېغى» دەپ گۇمان قىلدىم. ئۇ بۇ گەپنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى ھەمدە بۇ ئىشنى ئىككىمىزدىن باشقا ئادەمنىڭ بىلمەسلىكىنى ئۆتۈندى. مەن ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلمىدىم، لېكىن ئۇ «سىزنىڭمۇ ئۆز پۇشتىڭىزدىن پەرزەنتىڭىز بولۇشى كېرەك، ئەگەر سۆزۈمگە كۆنمىسىڭىز سىزدىن مەجبۇرىي ئاجرىشىپ كېتىمەن» دەپ تەھدىت سالدى، ئىلاجسىز ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدۇم. مانا سىز تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينى ئۇ ئۆز قولى بىلەن سەرامجانلاشتۇرغان، مەن ھازىر ئۆيگە بارسام‌لا «بۇ يەردە نېمە بار سىزگە؟ ھە دېسىلا بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كېلىۋالماي توختىگۈلگە ھەمراھ بولۇڭ» دەپ، مېنى سىزنىڭ يېنىڭىزغا قوغلايدۇ. توۋا! ئەر كىشى بىر ۋاقىتتا ئىككى ئايالنىڭ ئارىلىقىدا قالسىمۇ چاتاق ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ!

توختىگۈل ئاينۇرەنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، شەخسىيەتسىز ئايال ئىكەنلىكىگە ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولۇپ قالدى، گەرچە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئايالنىڭ يۈزىگە قاراشقا پېتىنالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىسىمۇ، لېكىن كاللىسىدا ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالغانىدى.

— ئۇ مېنىڭ بويۇمدا قالغانلىقىنى ئاڭلىسا قانداق بولۇپ قالار؟ — سورىدى توختىگۈل نەجمىدىنگە يەر تېگىدىن لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

— ئەگەر ئۇ بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىسا مېنىڭدىنمۇ بەك

خۇش بولۇپ كېتىشى ئېنىق، ئۆزى كېلىپ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالامدۇ تېخى؟!

— توۋا دەڭا ! ئۇ كېلىپ مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغىلى تۇرسا قانداق بولىدۇ؟ ھېلىمۇ خىجالەتچىلىكتە ئاران تۇرۇۋاتسام، ئۇ كېلىدىغان بولسا ئۆلگىنىم شۇ ـ دە، مېنىڭ.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، بۇ ھەر ئىككىلىمىز ئامالسىزلىقتىن قىلىۋاتقان ئىش، شۇ تاپتا بىز سىزنى ئۆزىڭىز خالىمىغان ئىشقا مەجبۇرلىغىنىمىزدىن بەكمۇ خىجالەتچىلىك ھېس قىلىۋاتىمىز.

نەجمىدىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ توختىگۈلنىڭ دەككە ـ دۈككىدە قالغان يۈرىكى خېلىلا جايىغا چۈشۈپ قالغاندەك بولدى.

— بۇ يەردە ئولتۇرىۋەرمەي بۇ خەۋەرنى ئايالىڭىزغا يەتكۈزۈڭ، ئۇمۇ سىزنىڭ بۇ خۇشاللىقىڭىزدىن تەڭ بەھرىمەن بولسۇن!

توختىگۈلنىڭ كەينى ـ كەينىدىن زورلىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرغان نەجمىدىن ھايال بولماي قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ماڭغىچە دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىشنى يەنىلا ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.

ئېرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاينۇرەنىڭ قۇلىقى ئېغىزىغا يەتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى توختىگۈلنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا مەخسۇس بىر ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن سىرنىڭ ئاشكارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاينۇرە كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان، نەجمىدىنىنىڭ مۇھىم ئىشى بولمىسا ئۇ يەرگە بارمايدىغان بولۇپ كېلىشتى.

ئاينۇرە بىلەن توختىگۈل شۇنداق چىقىشىپ كەتتىكى، خۇددى بىر قورساق ئاچا ـ سىڭىللاردەكلا بولۇپ قېلىشتى. ئاينۇرە توختىگۈلنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىۋاتقان قورسىقىغا قاراپ ئۆزىنىڭمۇ بىر ئايال كىشى تۇرۇپ توختىگۈلدەك قورساق

كۆتۈرۈپ بىرەر پەرزەنت تۇغالمىغانلىقىدىن، ئۆزىگە شۇ قەدەر گۈزەل رۇخسار، زىلۋا بەدەن ئاتا قىلغان ئاللانىڭ ئۆزىنى پەرزەنت تۇغۇش ئىمتىيازىدىن تامامەن مەھرۇم قىلغانلىقىنى ئويلىغانچە ئىچى زەردابقا تولۇپ كېتىۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ، توختىگۈلنىڭ ئاي ـ كۈنى توشۇپ، ئۇلارغا ئايدەك چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپ بەردى. توختىگۈلنىڭ ئاي ـ كۈنى توشاي دېگەندە ئاينۇرە توختىگۈلنى نەجمىدىنگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆزى ئىشەكنى هارۋىغا قېتىپ، ئۆزلىرىدىن ئوتتۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇمساي يېزىسىدىكى تۇغۇت ئانىسى مايىسخاننى ئېلىپ كەلدى. چۈنكى، ئۇ «مۇشۇنداق قىلسامىلا بۇ سىر مەڭگۈ ساندۇق ئىچىدە ساقلىنىپ قالىدۇ، باشقىلار بۇ بالىنىڭ قانداق يول بىلەن ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. دېمىسىمۇ، كىشىلەر زىچ توپلىشىپ ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە سىر ساقلىماق تولىمۇ قىيىن بولۇپ، بىرەر ئىشنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپلا قالسا بىرگە ئىككىسى قوشۇلۇپ هەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن كەنتكىلا ئەمەس، پۈتۈن يېزىغا پۇر كېتەتتى، شۇڭا ئاينۇرە بىلەن نەجمىدىن بۇ ئىشنى ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ سىر تۇتۇپ كېلىۋاتقانىدى.

توختىگۈلنىڭ قىرىقى توشۇپ ئورنىدىن تۇرغۇدەك بولدى. ئۇ توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان ئاشۇ ئومىاق قىزىنىڭ تۇغۇلغان چېغىدا ئاۋازىنى ئاڭلىغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىدى. ئۇ نەجمىدىن بىلەن ئاينۇرەگە قىزىنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى، بىر قېتىم بولسىمۇ ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئەمچەك سېلىۋېلىشنى قانچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۈرلۈك باهانىلەرنى كۆرسىتىپ زادىلا كۆرگىلى قويمىدى. ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان نارەسىدىسىنى سېغىنىپ كۆكسىلىرى تاشتەك بولۇپ كېتىدىغان توختىگۈل ئۇلار ئۆيدە يوق چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ كۆكسىنى ئۆزى

سىغىشقا مەجبۇر بولاتتى، بىھۇدە زايە بولۇپ كېتىۋاتقان ئۇغۇز سۇتىگە قاراپ يۇم ـ يۇم يىغلايتتى. پەرزەنتىنى بىر نۆۋەت بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش، ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ بىر قېتىم بولسىمۇ ئېمىتىۋېلىش ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغان خام خىيال ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن توختىگۈل دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بۇ نەس باسقان يەردىن بالدۇرراق كېتىۋېلىش قارارىغا كەلدى.

— كېتىدىغانغا نېمانچە ئالدىرايسىز؟ — دېدى ئاينۇرە توختىگۈلنىڭ ئۆزىنى يولغا سېلىپ قويۇش توغرىسىدىكى سۆزىنى ئاڭلاپ مۇلايىملىق بىلەن قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — تۇغۇتتىن ئەمدىلا تۇردىڭىز، يەنە بىر مەزگىل ئوبدانراق كۈتۈنۈپ، ئاندىن ماڭسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەمدىلا ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ كېتىمەن دېسىڭىز قانداقمۇ خاتىرجەم يولغا سېلىپ قويالايمىز؟

ئاينۇرە ھە دېگەندىلا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن توختىگۈلنىڭ كېتىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچىلا بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ يەنە قانداق غەيرىي خىياللىرىنىڭ بارلىقىنى زادىلا بىلىپ بولالمىغان توختىگۈل پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك گاڭگىراپلا قالدى. ئۇلار ئۆيدە يوق چاغدا «ئاله شەرىگنى» دەپ پېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتەي دېسە دەرۋازا قۇلۇپلاقلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيدىن چىقالىغان تەقدىردىمۇ يېنىدا بىر تىيىن پۇل يوق، يېنىدا بىر تىيىن پۇل بولمىغان ئايال كىشى قانداق قىلىپ يۇرتىغا كېتەلەيدۇ؟ يەنە قانداق ئۇيلىمىغان قىسمەتلەر ئۇنى قايسى ھىجران چۆللىرىگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ؟! بۇلارنى ئويلىغان توختىگۈل خۇددى يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشىشىپ كەتتى. ئۇ يىغلىدى، قاقشىدى، ئۆزىنى مۇشۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلغان مۇختەرجاننىڭ يەتمىش پۇشتىنى قوشۇپ تىللىدى، ئۆزىنىڭ

توغقان بالىسىنى بىر رەت كۆرۈپ بېقىش ھوقۇقىمۇ بولمىغان «بالا تۇغۇش ماشىنىسى»غا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئىچ ــ ئىچىدىن ئۆكۈندى.

ــ سىز بىلەن خۇددى بىر قېرىنددىن چىققان ئاچا ــ سىڭىللاردەكلا بولۇپ قالدۇق، ــ دېدى ئاينۇرە بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، ــ دېگىنىڭىزنى قىلىپ بەرسەك بىزگە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرەلەرسىزمۇ؟

ئۇلارنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى ماڭغۇزماي تۇتۇۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەن توختىگۈل غەزەپتىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ــ نېمانداق ئۆزۈڭلارنى بىلمەيسىلەر؟ ! ــ دېدى توختىگۈل ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئاينۇرەگە مىختەك تىكىپ، ــ سىلەر مېنى بالا تۇغىدىغان ماشىنىغا ئوخشىتىپ قالغان ئوخشىمامسىلەر؟ بالىنى تۇغۇپ ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىش سالاھىيىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن ئادەم يەنە سىلەرگە بالا تۇغۇپ بېرەمدىمەن؟ خېلى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئىكەن، بوپتۇ تۇغۇپ بەرسەم بېرەي دەپ قويسام سىلەر مېنى نېمىگە ئوخشىتىپ قالدىڭلار؟

غەزىپىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغان توختىگۈلنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. كۆز چاناقلىرىغا تۇرۇلۇپ كەلگەن ياشلىرى خۇددى تۇغاننى بۇزغان كەلكۈن سۈيىدەك يامراپ چىقىشقا باشلىدى.

ــ ۋىيەي ! نېماندىاق كايىيدىغانسىز توختىگۈل؟ ــ دېدى ئاينۇرە يەنىلا يۇزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، ــ مەنمۇ سىزگە مەسلىھەت سېلىۋاتىمەنغۇ شۇ، ئەگەر تۇغۇپ بېرىشنى خالىمىسىڭىز بۇمۇ سىزنىڭ ئىختىيارىڭىز، شۇغىنىسى بىز سىزنى جۇماخۇننىڭ قولىدىن ئالغان، سىزنى ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەرمەي ئۆز ئالدىمىزغىلا يولغا سېلىپ قويساق ياخشى بولماس،

بۇگۈن نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى يىغىشتۇرغاچ تۇرۇڭ، ئەتە نەجمىدىن سىزنى جۇماخۇننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويسۇن!

شۇ سۆزلەرنى دېگۇچە چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن ئاينۇرە ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، توختىگۈلنىڭ چىرايىغا مەسخىرىلىك قارىۋەتكەندىن كېيىن تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى. جۇماخۇن دېگەن بەتقىلىق بەتبەختنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ مېڭىسىدىن كىرگەن ئوت تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتكەن توختىگۈل قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

خېلىغىچە ئېسىنى يوقىتىپ قويغان توختىگۈل بىر هازادىن كېيىن ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئۆيدە يالغۇز قالغان بولۇپ، ئاينۇرەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. توختىگۈل ئۆزىنى سۇپىنىڭ ئۇستىگە تاشلىغىنىچە دۇم يېتىپ ئۆزاقتىن ـ ئۆزاق يىغلىدى، ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر بىتەلەي تۇغۇلۇپ قالغانلىقىدىن ئاللاغا نالە قىلىپ ئۆكۈندى، مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆزى بىلەن بىر قېرىن ئاچا ـ سىڭىلدەك يېقىن ئۆتكەن خۇشخۇي، ئاق كۆڭۈل، تولىمۇ كۆيۈمچان ئاينۇرەنىڭ تۇرۇپلا رەهىمسىز، زەهەرخەندە بىر ئايالغا ئايلىنىپ قېلىشى ئۇنى هەيران قالدۇردى. بۇ ناتونۇش يېزىدا ئۆزىگە بىردىنبىر ئىشەنچلىك دەپ قارىغان ئاينۇرەنىڭ كېيىۋالغان ساختىلىق تونىنى بىراقلا سېلىۋېتىشى دىل قەسرىدە ئۈمىد شامى ئەمدىلا پىلىلداپ يېنىشقا باشلىغان توختىگۈلنى توساتتىنلا دوزاخ ئوتىغا چۆشۈپ كەتكەن ئادەمدەك تولغاندۇرۇۋەتتى.

يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۇخلاپ قالغان توختىگۈل ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى بىلەن ئويغاندى. ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئۆيگە قاپاقلىرى ساڭگىلىغان هالدا نەجمىدىن كىرىپ كەلدى. هەر قېتىم توختىگۈلنى كۆرسە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىغان نەجمىدىنمۇ بۇگۈن ئۆزىگە ئوخشىمايدىغانلا بىر

ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغانىدى.

— تېخى ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىغان ئوخشىمامسەن؟ — سورىدى نەجمىدىن يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن توختىگۈلگە لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، — ئالىدىغان نەرسىلىرىڭنى قالدۇرماي تولۇق ئال، ئەتە ئەتىگەندە ناشتىدىن كېيىن سېنى جۇماخۇننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىمەن!

— نېمىشقا ماڭا مۇنچە رەھىمسىزلىك قىلىسىلەر نەجمىدىن؟ — دېدى توختىگۈل چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، — مەن ئەر - خوتۇن ئىككىڭلارغا ھېچقاچان يامانلىق قىلمىغانىدىمغۇ؟ ئۇمىدىڭلارنى يەردە قالدۇرماي سىلەرگە بىر چىرايلىق قىز تۇغۇپ بەردىم، بۇنىڭ بەدىلىگە سىلەردىن ھېچقانداق ئارتۇقچە نەرسە تەلەپ قىلغىنىممۇ يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ماڭا مۇنچە باغرى تاشلىق قىلىسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا ئادەم ئەمەس، بالا تۇغىدىغان ماشىنىغا ئايلىنىپ قالغان ئوخشىمامدىمەن؟

— بىزمۇ ساڭا يامانلىق قىلغىنىمىز يوق، — دېدى نەجمىدىن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — سېنى جۇماخۇن دېگەن بەتنىيەتنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتۇق، بىزگە پەرزەنت تۇغۇپ بېرىدىغان بولدى دەپ ئەر - خوتۇن ئىككىمىز كېچە - كۈندۈز ئەتراپىڭدا پايپېتەك بولۇپ خىزمىتىڭنى قىلدۇق، بەلكىم ئۆز ئۆيۈڭدىمۇ مۇنداق بەگلەرچە ئىمتىيازغا ئېرىشىپ باقمىغان بولغىيدىڭ؟ ساڭا بەكمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپمۇ كەتمىدۇق، ئەجەبا بىرنى تۇغقان يەردە يەنە بىرنى تۇغۇپ بەرسەڭ نېمە بولاتتى؟ بىزمۇ شۇ بىر بالا ھامان يالغۇزلۇق قىلىپ قالىدۇ، ئىككى بولسا بىزدىن كېيىن قالسىمۇ بىر - بىرىگە ھەمراھ بولاتتى دېگەننى ئويلىغان، خالاس. ھېلىمۇ بىزگە بىر بالا تۇغۇپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ساڭا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

نەجمىدىن يانچۇقىدىن موخوركا سالىدىغان قۇتا بىلەن موخوركا قەغىزىنى ئېلىپ موخوركا ئوراپ ئوت تۇتاشتۇردى ـ دە، كۆچەپ بىرقانچىنى شورىدى:

— ناۋادا يەنە جۇماخۇننىڭ ئازابلىشىغا قالماي دېسەڭ بىز دېگەندەك قىل! ئەگەر كۆنمىسەڭ سېنى جۇماخۇننىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكتىن باشقا ئامالىم يوق، ساڭا بىر كېچىلىك ئويلىنىش پۇرسىتى بېرەي، ياخشىراق ئويلىنىپ باق! مەن ئەتە ئەتىگەندە چوقۇم كېلىمەن، مەن كەلگۈچە بىر قارارغا كېلىپ بولمىساڭ بولمايدۇ، ئەگەر يەنىلا جاھىللىق قىلساڭ كېيىن مېنىڭدىن رەنجىمە!

نەجمىدىن دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، توختىگۈلگە قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى.

كېچىچە كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىگەن توختىگۈل ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئۇلارغا يەنە بىر پەرزەنت تۇغۇپ بەرمىسە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، ناۋادا نەجمىدىن ئۇنى جۇماخۇنغا ئاپىرىپ بەرسە تېخىمۇ تەس كۈندە قالىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇ قارا نىيەتنىڭ ئۆزىنى باشقىلارغا ئۇتتۇرۇۋېتىشى ياكى سېتىۋېتىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇشنى، بىراق ماقۇل بولۇشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قولىدىن مەيلى تۇغۇلغان پەرزەنتنىڭ قىز ياكى ئوغۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈن توشقاندا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقى، ئىككىنچىلەپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا تىلخەت يازدۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ توختىگۈل بىر ئوغۇل پەرزەنت تۇغدى. ئىككى پەرزەنت تۇغقىچە مۇشۇ كىچىككىنە قورۇدىن چىقىپ باقمىغان توختىگۈل تۇنجى قېتىم دەرۋازىدىن چىقىپ سىرتلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدى. چۈنكى، ئىككى

پەرزەنتلىك بولۇپ مۇرادىغا يەتكەن نەجمىدىن بىلەن ئاينۇرە ئۇنى داۋاملىق بۇ ئۆيگە سولاپ قويۇۋېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ دەرۋازىنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپ سالمايدىغان بولغانىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، توختىگۈل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتسە ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى ئىش بولاتتى، مۇنداق بولغاندا ئۇلار توختىگۈلنى يولغا سالىدىغان چىقىملاردىن خالاس بولۇپ قالاتتى.

بۇ ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئىشىكىنى تاقاشنىمۇ ئۇنتۇغان توختىگۈل توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان يېزا يوللىرىدا سەھرانىڭ بۇلغانمىغان ساپ ھاۋاسىدىن چوڭقۇر نەپەس ئالغىنىچە تاماشا قىلىۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى كۈزگى يىغىم ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، يول - يوللارغا يېيىۋېتىلگەن كۆممىقوناقلار قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئېتىز - ئېرىقلار مال - چارۋىلارغا تولغان بولۇپ، شاخلىرى ئورۇلۇپ توشۇلۇپ بولغان قوناقلىقلاردا ئەركىن يايلىشىپ يۈرۈشەتتى. بايرام تەنتەنىسىگە چۈمۈلگەن قارىغوجا، ئاق قۇشقاچ، ياۋا كەپتەر دېگەندەك قۇشلار تىنماي سايراشقىنىچە ئېتىزلاردا چېچىلىپ قالغان دانلارنى تېرىپ يېيىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىشكەنىدى.

توختىگۈل بىرەر سائەتچە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۆيدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، كەينىگە ياندى. ئۇ مەھەللە ئىچىنى ئايلىنىپ كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان غول يولغا چىققاندا، كۆممىقوناقلار يېيىتىلغان چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ماشىنىنىڭ توختاقلىق تۇرغانلىقىنى، ناتونۇش ئىككى كىشىنىڭ بىرقانچە دېھقان بىلەن قىزغىن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، يۈرىكى بىر نېمىنى سەزگەندەك بولۇپ، تېز - تېز قەدەملەر

بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى، بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرسى خەنزۇ، يەنە بىرسى ئۇيغۇر ئىدى. توختىگۈل ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ نومۇر تاختىسىغا قارىدى ـ دە، يۈرىكى «قارت» قىلىپ كەتتى. مۇشۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇۋالسىلا يۇرتىغا، يەنى ئۆزىنىڭ ئون يىل تۇتقان ئىللىق ئۆيىگە كېتىۋالالايتتى. خۇشاللىقتىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالغان توختىگۈل دېھقانلار بىلەن قوناق سودىسى قىلىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ يېنىغا يۈگۈرگەندەك كەلدى ـ دە، ھېلىقى ئۇيغۇر كىشىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى.

— ئۇستام بۇ ماشىنا قارامايغا بارامدۇ؟

ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ بەخت ئەلچىلىرىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتتى بولغاي، ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ھېلىقى ئۇيغۇر يىگىت «ھەئە» دېگىنىچە كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، ئۆزىگە تەلمۈرگىنىچە قاراپ تۇرغان توختىگۈلنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپلا قالدى.

ئۇ يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئاقپىشماق، قاڭشارلىق كەلگەن يىگىت بولۇپ، سارغۇچراق كەلگەن بۇدۇر چاچلىرى گەدىنىگە چۈشۈپ تۇراتتى. توختىگۈل ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى كۈلۈپ تۇرىدىغان بىر جۈپ قوي كۆزىگە قاراپ ئۇنى بىرسىگە ئوخشاتقان بولسىمۇ، لېكىن دەماللىققا يادىغا ئالالماي تۇرۇپ قالدى.

— سىز توختىگۈل ھەدەمغۇ؟ — دېدى يىگىت دەرھاللا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — مەن سىلەرنىڭ بىنانىڭ ئۇدۇلىدىكى بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئولتۇرىدىغان مەھمۇتنىڭ چوڭ ئوغلى مۇرات بولىمەن ئەمەسمۇ. سىز قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ ئۇزاق بوپتىكەن كۆرمىگىلى، بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قېلىشىمنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىمەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مۇشۇ يەردە ئوخشىمامدۇ؟

مۇراتنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالغان توختىگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پاكىتىدە ئېتىلىپ يىغلاپ كەتتى. تۇيۇقسىز ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ناتونۇش ئايالنى كۆرگەن كىشىلەر «بۇ كىم؟» دېگەن مەنىدە بىر ـ بىرىگە قاراشتى. دېمىسىمۇ، توختىگۈل بۇ نەس باسقان يەرگە كەلگەن ئۈچ يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان، خۇددى تۇرمىگە قامىلىپ سىرتقا چىقىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان جىنايەتچىدەك سولىنىپلا ياشاپ كەلگەچكە بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى پەقەتلا تونۇمايتتى. مۇراتنىڭ بىر تالاي تەسەللىسى بىلەن يىغىدىن ئاران دېگەندە پەسلىگەن توختىگۈل ئۇنىڭ بىلەن قايتىدىن سالاملىشىپ تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى.

— سىز بۇياققا قانداقلارچە كېلىپ قالدىڭىز؟ — سورىدى توختىگۈل كۆزىدىكى ياش يۇقىنى قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ.

— مەن ھازىر ئىلگىرى رەھمەتلىك يارىكام ئىشلىگەن نېفىت ئېلىش زاۋۇتىدا شوپۇرلۇق قىلىۋاتىمەن، توختىگۈل ھەدە، زاۋۇتىمىزنىڭ توخۇ فېرمىسى بولىدىغان، شۇ فېرمىغا دان ئالغىلى بۇ خەنزۇ يولداشنى ئېلىپ كەلگەن.

— قاچاندىراق ماڭىسىلەر ئۇكام؟

— بۇ دېھقان ئاكىلار بىلەن قوناقنىڭ باھاسى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىمىز، باھادا كېلىشىپ قالساق بۈگۈن قوناقنى ئامال قىلىپ ماشىنىغا بېسىۋالساقلا ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمىز.

— ماشىنىڭىزدا مەن ئولتۇرۇۋالغۇدەك ئورۇن بارمىدۇ؟

— سىز يالغۇزمۇ ياكى باشقا ئادەممۇ بارمۇ؟

— مەن يالغۇز.

— يالغۇز بولسىڭىز چاتاق يوق، كېتىمەن دېسىڭىز ئەتە مەن سىزنى ئالغاچ كېتەي، بىراق سىزنى نەدىن تاپىمەن؟

— مەن تۇرۇۋاتقان يەر بۇ يەرگە يىراق ئەمەس، ئەتە قانداق

ۋاقىتتا ماڭىدىغىنىڭىزنى ئېنىق دەپ بەرسىڭىز مەن مۇشۇ يەرگىلا كېلەي.

— سىز بۇ يەرگە كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭ، توختىگۈل ھەدە، تۇرۇۋاتقان جايىڭىزنى ماڭا كۆرسىتىپ قويسىڭىز مەن ئەتە سىزنى شۇ يەردىن ئېلىپ كېتەي، تەييار ماشىنا تۇرسا بۇ يەرگە كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرەمسىز.

مۇرات شۇنداق دېدى - دە، ھېلىقى خەنزۇ كىشىنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن ماشىنىغا چىقتى، توختىگۈلمۇ ماشىنىغا چىقىپ مۇراتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇردى. ماشىنىنى ئوت ئالدۇرغان مۇرات توختىگۈلنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ماشىنىنى كەينىگە بۇراپ توختىگۈل تۇرۇۋاتقان ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۈستىگە لىققىدە قوناق بېسىلغان «شەرق شاملى» ماركىلىق ماشىنا ئەتىگەن سائەت يەتتىلەردە توختىگۈل ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. خۇشاللىقىدىن كېچىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، تاڭ سوزۇلەي دېگەندە كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان توختىگۈل ماشىنىنىڭ كۈچلۈك سىگنالىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇردى - دە، يىغىشتۇرۇپ تەييار قىلىپ قويغان نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك يېنىك ھەم ئەركىن ھېس قىلىۋاتاتتى.

ماشىنا ئۇزاققا سوزۇلغان ئاسفالت يولدا بىر خىل رىتىمدا كېتىۋاتاتتى. مۇرات ئىككى قولى بىلەن رولنى چىڭ قاماللىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارا رەڭلىك كۆزەينىكى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى ئالدىغا مىختەك تىكىلگەنىدى.

— يەنە قانچىلىك يول قالدى ئۇكام؟ — سورىدى توختىگۈل مۇراتقا لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

— خۇدايىم تىنچلىقنى بەرسە يەنە ئىككى سائەتكە قالماي

يېتىپ بارىمىز، — دېدى مۇرات كۈلۈپ تۇرۇپ، — قانداق، ئۆيىڭىزنى بەكلا سېغىنغان ئوخشىمامسىز؟

مۇراتنىڭ «ئىككى سائەتكە قالماي يېتىپ بارىمىز» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىغان توختىگۈل مۇراتنىڭ كېيىنكى سوئالىغا جاۋاب بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ چەكسىز خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇ ئۆزىنى كېلىن ئەمەس، قىزىدەكلا كۆرۈپ كەلگەن قېيىنئانىسىنى، دادىسىدىن كىچىك تۇرۇپلا يېتىم قالغىنىنى ئاز دەپ، ئانىسىدىنمۇ ئۇزاق يىل ئايرىلغان چۆچۈرىدەك ئۇچ بالىسىنى خىيال قىلىپ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى. چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىقايلا دەپ قالغان ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن بىلىندۇرمەي سۈرتۈۋەتكەن توختىگۈل «سەن ئەمدى قايسى يۈزۈڭ بىلەن ساڭا ئانىلىق مېھرىنى بەرگەن ئاشۇ بىچارە موماينىڭ يۈزىگە قارايسەن توختىگۈل، قايسى يۈزۈڭ بىلەن يا ئاتا مېھرىگە يا ئانا مېھرىگە قانمىغان ئاشۇ سۈتتەك بىغۇبار سەبىيلىرىڭنى بۇلغانغان باغرىڭغا باسالايسەن؟ جۇماخۇندەك پاسكىنا ناكەسلەر سۆيگەن مۇشۇ مەينەت ئېغىزىڭ بىلەن قانداقمۇ ئاشۇ سەبىيلىرىڭنىڭ يۈزىگە، پېشانىسىگە سۆيەلەيسەن؟ سېنىڭ ئۇلارغا ئانا بولۇش سالاھىيىتىڭ بارمۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇلغانغان تېنىنى بۇ يۇرتقا كۆتۈرۈپ كەلگۈچە بارلىق ئازاب، نومۇسسىزلىقلاردىن ئۆلۈپلا قۇتۇلمىغىنىغا ئۆكۈندى.

ماشىنا بىر خىل سۈرئەتتە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. شەھەرگە يېقىنلاشقانچە توختىگۈلنى غەم ھەم ئەندىشە چىرمىۋالغان بولۇپ، ئۇ كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، توختىگۈلنىڭ جىسمى ماشىنىدا بولغىنى بىلەن خىياللىرى يىراق بولمىغان ئۆتمۈشىگە ئۇچۇپ كەتكەندەك بولۇپ، مەرھۇم

ئېرى يارى ياۋاش بىلەن بەختلىك دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بىر ـ بىرىدىن ئوماق ئۈچ بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ئۆتكۈزگەن سەككىز يىللىق باياشات، خاتىرجەم تۇرمۇشى كۆڭۈل ئېكرانىدا پەيدا بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بۇ بەش يىل جەريانىدا جاراھەتلەنگەن يۈرىكىنى تۇز سۇيى سېپىۋەتكەندەك ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى ...

# تۆتىنچى باب

## تۇيۇقسىز يەتكەن ئەجەل

قەدىمكى يارىش دالاسى (جۇڭغار ئويمانلىقى)نىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكى، تاپتاقىر چىڭغىس تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتا كېلىدىغان بۇ زامانىۋى نېفىت شەھىرىنىڭ قىشلىقى دەھشەتلىك سوغۇق، يازلىقى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىسسىق بولاتتى. زىمىستان كۈنلىرى سىرتنىڭ گىرادۇسى نۆلدىن تۆۋەن قىرىق سېلسىيە گىرادۇسقا يېقىنلاشسا، يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى شەھەرنىڭ كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرىسىنىڭ قىرىق سېلسىيە گىرادۇستىن ئېشىپ كېتىشى ئادەتتىكى ئىش ئىدى. بەزى چاغلاردا شۇنداق كۈنلەرمۇ بولاتتىكى، ھەپتە ـ ھەپتىلەپ، ئاي ـ ئايلاپ بىرەر تامچە يامغۇرمۇ ياغماي پۈتۈن شەھەرنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. بۇ چاغلاردا ئائىلىلەردە ھاۋا تەڭشىگۈچ دېگەندەك زامانىۋى ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا كىشىلەر ئىشىكلىرىنى مەھكەم يېپىشىپ، شامالدۇرغۇچنى كېچە ـ كۈندۈز ئېچىپ قويۇپ ئىسسىقتىن پاناھلىنىشاتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەر يازنىڭ ئەنە شۇنداق ئىسسىقى، قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقىدىن ۋايساشسىمۇ، لېكىن يەنىلا نورمال تۇرمۇش ۋە خىزمىتىنى ئاقسىتىپ قويماي داۋام قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

بۇ ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ باشلىرىدىكى يەكشەنبە كۈنى ئىدى. كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا شەھەر ئاسمىنىدا ئاندا ـ

ساندا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىردەمدىلا نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان بىر تامچە يامغۇرغا زارىققان شەھەرلىكلەرنىڭ چىرايىدا جىلۋىلىنىشكە باشلىغان بىر دەملىك خۇشاللىق ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى.

يارى ياۋاش كېچىلىك ئىسمېنىدىن چۈشۈپ ئەتىگەن سائەت توققۇزلار ئەتراپىدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. توختىگۈل تۈنۈگۈن ئېرى بىلەن دېيىشىۋالغىنى بويىچە ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ تامىقىنى تەييارلاپ قويۇپ، ئۈچ بالىسىنى قېيىنئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ يارى ياۋاشنىڭ يېقىن دوستى ۋاھاپنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ بۈگۈن بولىدىغان سۈننەت تويىغا ياردەملەشكىلى كەتكەنىدى.

تامىقىنى يەۋېلىپ كۆزىنى بىردەم يۇمۇۋالغان يارى ياۋاش كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى. گەرچە ئۆيگە شامالدۇرغۇچ قويۇلغان بولسىمۇ، دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىدىن شىددەت بىلەن كىرىۋاتقان كۈچلۈك كۈن نۇرىدا ئۆي ئىچى تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. يارى ياۋاش ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىككە ئېلىپ قويۇلغان لۆڭگە بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتىۋېتىپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ سوغۇق چايدىن بىر چىنە ئىچىۋالدى ـ دە، مۇنچىغا چۈشكەچ ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىنى ئېلىۋېلىشقا تۇتۇندى. چۈنكى، كەچتە يېقىن دوستى ۋاھاپنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ سۈننەت تويى بولىدىغان بولۇپ، بالدۇرراق بېرىپ توينىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرمىسە بولمايتتى.

يارى ياۋاش مۇنچىغا چۈشۈپ، ساقاللىرىنى ئېلىپ چىققاندا سائەت ئۈچ بولاي دېگەنىدى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالدى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيدىن چىقتى.

يارى ياۋاش قىرىق ياشلاردىن ئاشقان ئوتتۇرا بوي، ئاق

سېرىق، قاڭشارلىق، قوي كۆز كەلگەن كىشى بولۇپ، ئىنچىكە قىلىپ قويۇۋالغان سارغۇچ بۇرۇتى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. ئۇ تولىمۇ كەم سۆز، ياۋاش كىشى بولغاچقا، مەيلى ئۇنىڭ دوستلىرى ياكى خىزمەتداشلىرى بولسۇن ھەممىسىلا ئۇنى «يارى ياۋاش» دەپ ئاتىشاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئاپىسىنىڭ تەۋسىيەسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقاندا ئاران دېگەندە ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك توختىگۈلگە ئۆيلەنگەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بار بولۇپ، بالىلارنىڭ چوڭى يەتتە ياشتا، كىچىكى بولسا ئەمدىلا ئۈچ ياشتا ئىدى.

يارى ياۋاش ئۆيدىن چىقىپ تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي بىر ئاز دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ مەرىكە زالىغا بېرىشقا ئالدىراۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما نېمىشقىكىن ئانىسى زورىخان بىلەن كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان، بىر ـ بىرىدىن ئوماق ئۈچ بالىسى خىيالىغا كېلىپ قالغانىدى. بولۇپمۇ ئۆزىگە تېرىسىنى سويۇپ چاپلاپ قويغاندەكلا ئوخشايدىغان، ئەمدىلا ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان يالغۇز قىزى شاراپەتنىڭ چۈچۈك تىللىقى، تاتلىق ئەركىلەشلىرى، كۆلگەن چاغدا مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان بىر جۈپ زىنىخى، ئۆزى بىلەن ئۆزى ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناشلىرى ئۇنىڭ بۆلەكچىلا مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. شاراپەتمۇ دادىسىغا ئاجايىپ ئامراق بولۇپ، دادىسى ئىشتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن چاغلىرىدا ئۇستىگە مىنىۋېلىپ قۇلاقلىرىنى سوزۇپ، يۈزلىرىگە سۆيۈپ ھاردۇقىنى بىراقلا چىقىرىۋېتەتتى. يارى ياۋاشمۇ قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۇ نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرەتتى. قىزى ئۇستىگە مىنىۋېلىپ ئات ئېتىپ ئويىنىسىمۇ، چاچلىرىنى يۇلۇپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىۋەتسىمۇ، يۈزلىرىگە سۆيۈپ شالتاق قىلىۋەتسىمۇ قىلچە خاپا بولمايتتى. بەزىدە يارى ياۋاش خۇددى كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ،

بالىلىرى بىلەن پومىلاقلىشىپ ئويناپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ بۇ چاغدىكى خۇشاللىقىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. يارى ياۋاش ئاشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئانىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

يارى ياۋاش بىلەن ئانىسى زورىخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىرچە كېلەتتى. يارى ياۋاش تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتا تەربىيەگە چۈشكەن تۇنجى يىلى، خۇددى «كەمبەغەلنىڭ ئېغىزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك، دادىسىغا تويۇقسىزلا قازا يېتىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى بىراقلا ئۈزۈلۈپ، ئانىسى بىلەن قېرىنداشلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بالىلارنىڭ تۇنجىسى بولغان يارى ياۋاشنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ زامانلاردا خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بولۇپ، يارى ياۋاشقا ئوخشاش ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشقانلار ئاران دېگەندە ئوتتۇز بىر يۈەن مائاش ئالاتتى، بۇ ئوتتۇز بىر يۈەن مائاش بىلەن ئائىلىدىكى تۆت جاننى بېقىش ئوڭايغا توختايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەزەلدىنلا كۆپ سۆزلەشنى خالىمايدىغان يارى ياۋاش دادىسى قازا قىلغان شۇ كۈندىن باشلاپلا تېخىمۇ كەم سۆز، خىيالچان بولۇپ قالدى. ئولتۇرۇش، يىغىلىش دېگەنلەرگىمۇ كەمدىن - كەم باراتتى، بارغان تەقدىردىمۇ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە كۆپ ئارىلاشمايتتى. يىغىلىشلارغا بارغاندا ئۇمۇ باشقا دوستلىرىغا ئوخشاش يېنىدىن ئىككى يۈەن پۇلنى چىقىرىپ بىرەر بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئىككى قاپ تاماكا ئېلىپ كىرىشنى خىيال قىلاتتى - يۇ، لېكىن سىڭلىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلى ئېسىگە كەلگەن ھامان ئەمەلگە ئاشمايدىغان بۇ خىيالىدىن دەرھال ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى بىلىدىغان دوستلىرىمۇ ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق سېلىق سالمايتتى، ئۇنىڭغا «سەن بىرەر قېتىممۇ

بىزنى مېھمان قىلىپ باقمىدىڭ، قاچانغىچە بىزنىڭكىنىلا يەپ ـ ئىچىپ يۈرىۋېرىسەن» دەپ تاپا ـ تەنىمۇ قىلمايتتى، شۇنداقتىمۇ يارى ياۋاش ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا ئوخشاش مەردلەرچە پۇل خەجلىيەلمىگەنلىكىگە، قورقماي مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئۇلارنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆيىگە ياكى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ مېھمان قىلالمىغانلىقىغا ئۆكۈنەتتى.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ تەشكىل يارى ياۋاشنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى مۇددەتتىن بۇرۇن نېفىت ئېلىش ئىشچىلىقىغا قوبۇل قىلدى ھەمدە دېھقانچىلىق مەيدانىدىن دادىسى ھايات ۋاقتىدا ئىشلىگەن نېفىت ئېلىش زاۋۇتىغا ياندۇرۇپ كىردى. ئۇنىڭ زاۋۇتقا كېلىپ شاگىرت ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن چاغدىكى مائاشى قىرىق ئىككى يۈەنگە ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشى يەنىلا غورىگىل ئىدى. ئوغلىنىڭ تېخى ئون يەتتە ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا بىر ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ يانجىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بالىلىرىنىڭ تېخى دادا مېھرىگە قانماي تۇرۇپلا قارا يېتىمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئويلىغان زورىخان ئانىنىڭ يۈرىكى قوقاس ئىچىدە قالغاندەك پۇچۇلىناتتى. ئۆزىنىڭ قولىدىن تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئۆي تازىلاشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان بولۇمسىز ئانا بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ ئاھ ئۇراتتى. بالىلار ئىشقا ۋە مەكتەپكە كېتىپ ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئۈنىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ قانغۇدەك يىغلىۋالاتتى. ئاخىرىدا ئۇ يەنىلا تەقدىرگە تەن بېرىپ، مېھرىبان ئاللانىڭ غورىگىل بولسىمۇ خاتىرجەم كۈنلەرنى ئاتا قىلغانلىقىغا، باي ـ باياشات ياشاشقا نېسىپ قىلمىسىمۇ ئاچ ـ يالىڭاچ قويمىغانلىقىغا شۈكۈر قىلاتتى.

يارى ياۋاش ئۆيگە كىرگەندە، زورىخان ئانا ئۈچ نەۋرىسىنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئۇلارغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. يېشى يەتمىشكە يېقىنلىشىپ قالغان ئانىنىڭ

تۇچتەك ئاقارغان چاچلىرى، ئاق سىرىق يۈزلىرىدىكى تال ـ تال قورۇقلار ئۇزاق يىل تارتقان جاپالىرىغا شاھىت بولۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ نۇرى قىچىشقا باشلىغان قوي كۆزلىرىدىن ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. دادىسىنىڭ ئۆيگە ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگىنىنى كۆرگەن باللار ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشتى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. يارى ياۋاشنىڭ چوڭ ئوغلى تۇرغانجان يەتتە ياشتا، ئىككىنچى ئوغلى غۇلامجان بەش ياشتا ئىدى. ئىككى ئوغۇل يۈگۈرگەنچە كېلىپ دادىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى، ئۇنىڭغىچە مومىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغان يالغۇز قىزى شاراپەت تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ تايتاڭشىغىنىچە يېتىپ كەلدى. قىزىغا بولەكچىلا كۆيىدىغان يارى ياۋاش ئۇنى يەردىن لىككىدە كۆتۈرۈپ ئالدى ـ دە، يۇمران يۈزىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن بىرقانچىنى سۆيۈۋەتتى.

— كەچتە توي بار دەۋاتاتتىڭ، بالام، — دېدى زورىخان ئانا بېشىدىكى ئاپپاق داكا لېچەكنى تۈزەشتۈرگەچ، — تويۇڭغا بېرىۋەرمەي بۇ ياققا كەپسەنغۇ؟

— تويىنىڭ سەل ۋاقتى بار ئىكەن، شۇڭا سىز بىلەن باللارنى كۆرۈپ كېتەي دەپ كەلدىم، ئانا، — دېدى يارى ياۋاش ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاچ، — ئۆزىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز؟

— خۇداغا شۈكۈر بالام، ھەرھالدا مۇشۇنچىلىك تۇردۇم.

— دادا، دادا، موماممۇ بىزگە بەك قىزىق ھېكايە ئېيتىپ بەيدى، — دېدى شاراپەت ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— مومىڭىز سىزگە قانداق قىزىق ھېكايە ئېيتىپ بەرگەندۇ ئەمدى؟ — سورىدى يارى ياۋاش قىزىنىڭ ئۇچلىنىپ كەتكەن تۇمشۇقىنى بوشقىنا چىمداپ قويۇپ.

— موماممۇ بىزگە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ چۆچىكىنى ئېيتىپ بەردى، — دېدى تۇرغانجان ھاياجان بىلەن، — چىن تۆمۈر دېگەن

بەك يامان ئادەم ئىكەن، يەتتە بېشى بار يالماۋۇزنى قىلىچى بىلەن بىر چاناپلا ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن، مەنمۇ چوڭ بولسام ئاشۇ چىن تۆمۈر باتۇردەك باتۇر بولىمەن.

— مەنمۇ شۇنداق باتۇر بولىمەن، — دېدى غۇلامجانمۇ ئاكىسىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

بالىلىرىنىڭ زوق - شوق بىلەن قىلغان گەپلىرى يارى ياۋاشنى بۆلەكچىلا خۇش قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقان خۇشاللىقى كۆزلىرىدىن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يارى ياۋاش ئانىسى بىلەن خېلىغىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردى. ئەينى يىللىرى بېشىدىن كەچۈرگەن كۈنلىرى، ئاشۇ قىيىنچىلىق چاغلاردا تارتقان جاپالىرى، دادىسىنىڭ تۇرمۇشقا، ئائىلىگە تولىمۇ مەسئۇلىيەتچان ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق پاراڭلاشتى. شۇتاپتا تويىنىڭ باشلىنىدىغان ۋاقتى توشۇپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، نېمىشقىكىن ئۇنىڭ ئانىسى ۋە بالىلىرىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى.

— تويىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى، بالام، — دېدى زورىخان ئانا دېرىزىدىن سىرتقا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — يېقىنلارنىڭ تويىغا بالدۇرراق بېرىپ قارىشىپ بەرمىسەڭ رەنجىپ قالمىسۇن، يېقىن ئۆتۈشىدىغان دوستلار دېگەن مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىر - بىرىگە ھەمدەم بولمىسا بولمايدۇ.

يارى ياۋاش ئانىسىنىڭ قايتا - قايتا دەۋەت قىلىشى بىلەن ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئانىسىغا، بىر - بىرىدىن ئوماق بالىلىرىغا قىيمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى - دە، ئىزىدا توختاپ كەينىگە ئۆرۈلدى. مومىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئولتۇرغان بالىلىرى بەئەينى كېيىك بالىلىرىدەك ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ تېز - تېز قەدەملەر بىلەن كېلىپ، يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئۇلارنى باغرىغا

مەھكەم بېسىپ پېشانىلىرىگە بىرمۇبىر سۆيدى، ئاندىن ئانىسىغا، بالىلىرىغا يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، مېيىقىدا پىسسىڭكىدە كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، بوسۇغىدىن بىر پۇتىنى ئاتلاپ بولۇپ جايىدا چىپپىدە توختاپ كەينىگە ئۆرۈلدى. زورىخان ئانا ئوغلىنىڭ بۇگۇنكى قىلىقىدىن بىرئاز غەيرىيلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا قولى بىلەن «تېزرەك ماڭ» دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدى، يارى بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ بىلىنمەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. زورىخان ئانا ئوغلى بوسۇغىدا تۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارىغان چېغىدا، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا غىل ـ پال يالتىراپ تۇرغان ياشنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىدى.

كۇنىنىڭ ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي توي راسا قىزىپ كەتتى. مەرىكە زالىنىڭ ئىچى ئەر ـ ئايال مېھمانلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، زال ئىچى ئوت دېگىزىغا ئايلىنايلا دەپ قالغانىدى. تەردىن چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى سىرتقا چىقىۋېلىشىپ تاماكىلىرىنى چېكىشكەچ ئۆزلىرىنىڭ تانسىنى قانداق ئويىنىغانلىقى، كىمنىڭ ئۇسسۇلنى چىرايلىق ئوينايدىغانلىقى، ناخشىچى، سازەندىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى دېگەندەك تېمىلار ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا كېچە سائەت ئون بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن توي ئاياغلاشىدىغاندەك قىلمايتتى، ئېلېكترونلۇق رويالغا تەڭكەش بولۇپ چېلىنىۋاتقان تەمبۇر، دۇتار، غېجەكلەرنىڭ ياڭراق ئاۋازى مەرىكە زالىدىن ھالقىپ شەھەر ئاسمىنىنى زىلزىلىگە سالماقتا ئىدى، پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتقان ياش ناخشىچىنىڭ بويۇن تومۇرلىرى چوكىدەك كۆپۈپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن سازەندىلەرنىڭ مۇزىكىنى سەل يۇقىرى باشلىۋالغانلىقىنى

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ئىلگىرى ھەرقانداق توي، يىغىلىشلارغا بارسا ئارتۇقچە گەپ ـ سۆزلەرگە ئارىلاشماي، ھارىقنى ئىچىپ جىمجىمدە ئولتۇرىدىغان يارى ياۋاش بۈگۈن باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ شۇ قەدەر شوخلىشىپ كەتكەنىدىكى، ھە دېگەندە سورۇندىكى ئاياللارغا چاقچاق قىلىپ، ھەربىر مۇزىكىنى بىكارغا ئۆتكۈزىۋەتمەي تانسا ـ ئۇسسۇل ئوينايتتى، باشقىلارنىڭ قولىدىكى رومكىنى تالىشىپ تۇرۇپ ھاراق ئىچەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ بۈگۈن ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ئىشنىڭ ھەممىنى قىلدى، دوستلىرى ئۇنىڭغا «يارى ئاداش، كەيپ بولۇپ قاپسەن، يۈر، بىز سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويايلى» دەپ بىرقانچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «توي ئوينىساڭ بىزدەك ئوينا، ئوينىيالمىساڭ ئۆيۈڭگە بېرىپ بالاڭنى باق !» دەپ زادىلا ماڭغىلى ئۇنىمىدى، ئاخىرى ئۇلارمۇ ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى.

— بۈگۈن نېمە بولدى سىزگە؟ — دېدى توختىگۈل ئۆزىنىڭ بېلىنى مەھكەم قاماللىغىنىچە تانسا ئويناۋاتقان يارى ياۋاشقا رەنجىگەن تەلەپپۇزدا.

— ھى ـ ھى ـ ھى ... ھېچنېمە بولمىدى خوتۇن، — دېدى يارى ياۋاش كەيپىنىڭ كۈچىدىن يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى ئاران دېگەندە ئېچىپ، — بۇ ... بۈگۈن دېگەن توي، توي دېگەندە قانغۇچە ئو ... ئويناش كېرەك، قا ... قانداق، نارازى بولۇۋاتامسەن؟

ئېرىنىڭ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالىيىشىدىن سەل ھودۇقۇپ قالغان توختىگۈل دەرھاللا ئاق سېرىق، يۇمىلاق كەلگەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. چۈنكى، توختىگۈل مەست ئادەم بىلەن تەڭ تۇرۇپ گەپ تالىشىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ناۋادا ئۇ مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە يەنە ئارتۇقچە گەپ قىلىپ قويسا، كەيپىنىڭ كۈچىدە ئاران

تۇرغان يارى ياۋاش شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى سىلىكىۋېتىشى، ھەتتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالسا بىرەر تەستەك ئۇرۇۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. راستىلا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان غۇنچە بوي، قوڭۇر رەڭ كۆزلىرىدىن كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ياش چوكاننىڭ باشقىلار ئالدىدا يۈزىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئېنىق ئىدى. چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن يارى ياۋاش توختىگۈلنىڭ پۇتلىرىغا دەسسەپ، ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا سوقۇلۇپ يۈرۈپ بىرقانچە مەيدان ئايلاندى ـ دە، ئۆزىنى تەڭشىيەلمەي دەلدەڭشىگىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن ئۇنىڭ بىرقانچە بۇرادەرلىرى يۈگۈرۈپ كېلىشكىنىچە ئۇنى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، بەكلا مەست بولۇپ كەتكەن يارى ياۋاش ئۇستەلگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

ــــ ھاراقنى مۇنداق كۆپ ئىچمەيتتى، بۈگۈن نېمە بولغاندۇ بۇنىڭغا؟ ــــ دېدى توختىگۈل يۈزلىرى چوغدەك قىزارغان ھالدا.

ــــ بۈگۈن كەيپىياتى باشقىچە بۇ ئاغىنەمنىڭ، ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقان بىر خۇشاللىقى بار بولسا كېرەك، ــــ دېدى ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق كەلگەن يىگىت يادىكىغۇ يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ــــ ھېچقاچاندا قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلغىلى تۇردىغۇ بۇ؟ ! ــــ دېدى توختىگۈل ئوڭايسىزلانغان ھالدا، ــــ بۇ ھالىتىدە ئۆيگە ئېلىپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ، رەنجىمەي ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىشىپ بەرگەن بولساڭلار ياخشى بولاتتى!

كېچە سائەت ئون بىردىن ئاشقان بولۇپ، تويمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. ھېلىقى ئېگىز بوي يىگىت ئىككى ئاغىنىسىنىڭ ياردىمىدە يارى ياۋاشنى ۋېلسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ۋېلسىپىتنى يېتىلىدى، ئىككى ئاغىنىسى يارى ياۋاشنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ماڭدى. ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمگەن بولۇپ، كېچە ئاسمىنى ئوچۇق ھەم سۈزۈك ئىدى. نازىنىن قىزلارنىڭ

قاشلىرىدەك ئىنچىكە ھىلاي ئاي كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگىدەك دەرىجىدە گۈزەل كۆرۈنەتتى، قاپقارا مەخمەلگە سان ـ ساناقسىز مەرۋايىتلارنى چېچىۋەتكەندەك كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار بىپايان ئاسمان بوشلۇقىدا ئىپار كېيىكىنىڭ كۆزلىرىدەك جىمىرلىشىپ كىشىگە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلاتتى. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان «جۇڭغار يولى» غا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان بولۇپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا يول ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى. مەركىزە زالى بىلەن يارى ياۋاشنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىرچە كېلىدىغان بولۇپ، ئۇچەيلەن توختىگۈلنىڭ يول باشلىشى بىلەن ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ ئاران دېگەندە يارى ياۋاشنىڭ ئولتۇراق بىناسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. كۈن بەك ئىسسىق بولغاچقىمۇ ياكى ۋېلسىپىتنى دۆڭگە سۆرەپ مېڭىش تەس كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشى خۇددى ھازىرلا كاچكۇلدىن چىققاندەك چىلىققىدە ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

— بۇ ئاداشنى تۆتىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىققۇچە ئىش بار دەڭلار تېخى ئاغىنىلەر! — دېدى ئېگىز بوي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈستىگە قارىۋېتىپ.

ئېگىز بوينىڭ گېپىنى ئاڭلىغان توختىگۈلنىڭ يۈزى خىجىللىقتىن ئوت ئېلىپ كەتتى. بۇ تۈن قاراڭغۇسى بولغاچقا باشقىلار ئۇنىڭ ھەش ـ پەش دېگۈچىلا يۈزىگە تېپىپ چىققان قىزىللىقنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. ناۋادا بۇ كۈندۈزى بولۇپ قالغىنىدا ئىدى، توختىگۈل نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ بىر نېمە بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

ئېگىز بوي بىلەن دوستلىرى يارى ياۋاشنى ۋېلسىپىتتىن چۈشۈردى. يارى ياۋاشنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغان بولۇپ، ئېگىز بوي يىگىت دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇنى ھاپاش قىلدى ـ دە، مىڭبىر جاپادا بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە ئېلىپ

چىقتى. ئۆيگە ئالدىنئالا چىقىپ كەتكەن توختىگۈل ئۇلار يارى ياۋاشنى كۆتۈرۈپ چىققۇچە ئىشىكنى ئېچىپ، ئورۇن راسلاشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

— سىلەرنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋەتتىم، كۆڭلۈڭلەرگە ئالمىغايسىلەر، — دېدى توختىگۈل ئەدەپ بىلەن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپ.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز توختىگۈل، — دېدى ئورۇق ئېگىز يۈزلىرىدىكى تەرنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بىز مەست بولۇپ قالغان بولساقمۇ يارى بىزنى مۇشۇنداق جاپالار بىلەن ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ قويغان بولاتتى.

— شۇنداق، — دېدى ئاقپىشماق، ئوتتۇرا بوي كەلگەن يەنە بىر يىگىت دەرھاللا دوستىنىڭ سۆزىنى قوللاپ، — ئۆتكەندە بىر تويدا مەنمۇ شۇنداق مەست بولۇپ كېتىپتىكەنمەن، مۇشۇ يارى ئاغىنەم ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ئەتىسى بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتكەنىدىم.

— هاراقنى ئىچكەندىكىن ئادەمنى هاكىم قىلماي مەست قىلىدىغان گەپ ئىكەن توختىگۈل، — دېدى قارامتۇل، ۋىجىك كەلگەن يەنە بىر يىگىت هاسىراپ تۇرۇپ چاقچاق ئارىلاش، — بۈگۈن بۇ ئاغىنىمىزنىڭ كۆڭلى بەكلا خۇشال بولغاچقا كۆپرەك ئىچىپ قويدى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق دوستى تۇرۇپ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئۇنىڭ مۇنداق ئېچىلغىنىنى، بەلكىم ئۆزىنىڭ تويىدىمۇ بۇنچىلىك ئېچىلمىغان بولغىيدى.

يارى ياۋاشنىڭ دوستلىرىنىڭ ئېغىزى - ئېغىزىغا تەگمەي ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشى توختىگۈلنى بايىقى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن خالاس قىلغاندەك بولدى - دە، يېنىككىنە تىنىۋالدى. يارى ياۋاشنىڭ ئاغىنىلىرى خوشلىشىپ قايتتى.

توختىگۈل ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مېهمانخانا ئۆيدىكى سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى. نەچچە كۈندىن بېرى تويىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك، يۇگۇر -

يېتىم ئىشلىرى بىلەن بولۇپ بەكلا چارچاپ كەتكەچكىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇسى كەلمىگەندىن كېيىن ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇردى ـ دە، چىراغنى ياندۇرۇپ، بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ يارى ياتقان ئۆيگە كىردى. يارى قوش كىشىلىك كارىۋاتتا پۇت ـ قوللىرىنى تاشلىغىنىچە قاتتىق ئۇيقۇدا ياتاتتى. توختىگۇل ئېرىغا بىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يېنىپ چىقىپ سافاغا قىيسايدى، بۇ چاغدا سائەت كېچە ئىككىدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇيقۇ ئۇنىڭدىن يامانلاپ قالغاندەكلا ئىدى. ئۇ پەردىسى قايرىۋېتىلگەن دېرىزىگە كۆزىنى تىكتى. ئەتراپ تۈن قاراڭغۇسىغا غەرق بولغان بولۇپ، ئالتۇن تارغاقتەك يالتىراپ تۇرغان هىلال ئاي خۇددى ئۇنىڭ بىلەن «مۆكمۆكىلەڭ» ئويۇنى ئويناۋاتقاندەك، دېرىزىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. هىلال ئاينى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىشقان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار بولسا، خۇددى «سېنىڭ كۆزۈڭ چىرايلىقمۇ ياكى بىز چىرايلىقمۇ؟» دېگەندەك تىنىمسىز جىمىرلىشاتتى. توختىگۇل كېچىنىڭ دىللارنى مەھلىيا قىلىپ، كىشىنى ياشلىقنىڭ ئەڭ شېرىن، ئەڭ لەززەتلىك چاغلىرىغا باشلاپ بارىدىغان بۇ گۈزەل هەم سېھىرلىك مەنزىرىسىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا ئون ئالتە ياش مەزگىلىدىكى تاتلىق ئەسلىمىلەر قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى ...

بۇ 1982 ـ يىلىدىكى ئىيۇل ئايلىرىنىڭ باشلىرى ئىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتكۈزگەن توختىگۇل يىگىتلەرنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك قىز بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇنىڭ داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئائىلە شارائىتىنىڭ يار بەرمەسلىكى، دادىسىنىڭ «قىز بالا دېگەننىڭ ساۋاتى چىقسىلا بولدى، كۆپ ئوقۇپ كەتسە شەرمى ـ هايا، ئار ـ نومۇستىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ۋاقتىدا

ياتلىق قىلىپ قولاقنى تىنچلاندۇرماق زۆرۈر» دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئوقۇشتىن توختاشقا مەجبۇر بولدى. دېمىسىمۇ، توختىگۈل تۇرۇۋاتقان يېزىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاچقا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلار ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ياتاقلىق مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياش دېگەن قىزلارنىڭ بالاغەتكە يېتىپ، توغاچتەك پىشىدىغان مەزگىلى بولغاچقا، تۇردى قوپالغا ئوخشاش خۇراپىيلىقى كۈچلۈك، مۇتەئەسسىپ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، قىز بالىنى يىراق يەرلەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. تۇردى قوپالنىڭ ئالدىدا توختىگۈلنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرى زادىلا كار قىلمىدى، دادىسىنى ئۇندەككە كەلتۈرۈشكە كۆزى يەتمىگەن توختىگۈل ئاخىرى تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

دېمىسىمۇ، توختىگۈلنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇيمەن دېيىشىدە باشقا سەۋەبمۇ بار ئىدى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! ئون ئالتە ياشقا كىرگەن قىزنىڭ يۈرىكىدە تېخى مۇھەببەت ئۇچقۇنى پەيدا بولمىدى دېسە ئىشىنەمسىز؟ ئەلۋەتتە، ئىشەنمەيسىز، سىزلا ئەمەس مەنمۇ ئىشەنمەيمەن. شۇنداق قىلىپ، توختىگۈل دادىسىنىڭ قارشى تۇرۇشى سەۋەبلىك، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ۋەدىلەشكەن يىگىتى دولقۇن بىلەن داۋاملىق بىللە ئوقۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىدى.

— داداڭنى زادىلا كۆندۈرەلمىدىڭما توختىگۈل؟ — سورىدى دولقۇن ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى ئۇنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىپ، — داداڭغا يەنە دەپ باقساڭ ياكى بولمىسا باشقىلارنى ئىشقا سېلىپ باقساڭ بولماسمۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن دولقۇن، — دېدى توختىگۈل تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — مېنىڭمۇ قىلىشقان ۋەدىمىز بويىچە سەن بىلەن بىللە بېرىپ ئوقۇغۇم بار ئىدى، لېكىن دادام كاجلىق قىلىپ زادىلا ئۇنىمايۋاتسا، قانداق قىلىمەن؟ دادامنىڭ قانداق

ئادەملىكنى سەنمۇ ياخشى بىلسەن، ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ باشقىلارنىڭ گېپىنى يەيدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېغىزىدىن چىقارغان گېپىدىن يېنىۋېلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ.

— داداڭنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگىدەك چارە يوقمىدۇ؟ — دېدى دولقۇن كۆزلىرىنى يىراقلارغا ئاغدۇرۇپ، — بولمىسا ئۆيدىكىلەرگە دەپ كەنت مۇدىرلىرىنى كىرگۈزۈپ باقايمۇ؟ ماقۇل دەپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، دولقۇن، — دېدى توختىگۈل مەڭزىنى بويلاپ چۈشكەن ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — دادام كەنت باشلىقلىرى ئەمەس، يېزا باشلىقلىرىنى كىرگۈزسەڭمۇ «ھەرقايسىلىرى ماڭا بالا بېقىشىپ بەرگەنمىدىلە، ھېلىمۇ بالىنى سەككىزگىچە ئوقۇتۇپ قويدۇم، قىز بالا دېگەن شۇنچىلىك ئوقۇسا بولار، ئەمدى بۇ ئىش ئۈچۈن ماڭا ئېغىز ئېچىشمىسىلا» دەپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى رەت قىلىۋېتىشى، تەرسالىقى تۇتۇپ قالسا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ناۋادا بۇ ئىشنى سىنىڭ ئاتا - ئاناڭنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ قالسا، بىزنىڭ توي قىلىش خىيالىمىزنىڭ سۇغا چىلىشىشى تۇرغانلا گەپ، شۇڭا ئۇنداق قارامىلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

— توۋا دەيمەن توختىگۈل، داداڭ نېمانداق جاھىل ئادەمدۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختىنى، كېلەچىكىنى ئويلىمايدىغاندۇ؟ — دېدى دولقۇن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۆزلىرىنىڭ قايسى زاماندا ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر نېماندىق كۆپ - ھە، بۇ جاھاندا؟

— كونىلار «سۆت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن، دولقۇن، شۇڭا دادامنىڭ بۇ گېجىڭ، جاھىل مىجەزى ئۆلگەندە ئۆزگەرمىسە بۇ دۇنيالىقتا ئۆزگەرمەيدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال يوق، بۇنىڭلىق

ئۇچۇنلا ئاتا - بالىلىقتىن تېنىپ كەتكىلى بولمىسا يا! شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ياشىماقتىن باشقا نېمە ئامال دەيسەن؟

ئارىنى بىر دەملىك سۈكۈت قاپلىدى. بۇ تومۇز ئايلىرى بولغاچقىمۇ، ئاندا - ساندا پەيدا بولۇپ قالىدىغان كېچە شامىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەتراپ تىنچىق ئىدى. ئەمدىلا تولۇشقا باشلىغان ئاي خۇددى ۋىسال، ئارزۇ - ئارمان، كېلەچەك ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتقان بۇ بىر جۈپ ياشقا ئىچ ئاغرىتقاندەك، تۇرۇلۇپ تۇرغان قوڭۇر رەڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىن غەمكىن قاراپ قوياتتى. قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان ياغسىرىغان ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىغا جور بولۇپ ئېيتىلىۋاتقان دېھقان ناخشىسى قاراڭغۇ كېچىنىڭ باغرىنى يېرىپ يىراق - يىراقلارغا تارىماقتا ئىدى. ئىتلارنىڭ ناگان - ناگاندا ئېرىنچەكلىك بىلەن قاۋاپ قويۇشلىرى، كەنتنىڭ غەرب تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئاقتاش دەرياسىنىڭ رىتىملىق شاۋقۇنلىرى، تومۇزغىلارنىڭ تىنچلىقنى بۇزۇپ تىنىمسىز چىرىلداشلىرى، پاقىلارنىڭ باغ ۋە ھويلا - ئارانلاردىن، ئېتىز - سازلىقلاردىن كېلىۋاتقان مىسكىن ئاھاڭدىكى كورۇلداشلىرى، ئاللىقاياقلاردىن ئۇچۇپ كېلىدىغان ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ گاھى - گاھىدا ئاڭلىنىپ قالىدىغان غاقىلداشلىرى چوڭقۇر سۈكۈتكە پاتقان بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك قىلمايتتى.

— مەن ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرالارسەنمۇ توختىگۈل؟ — سورىدى باياتتىن بېرى قوڭۇر رەڭ كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە ئۈن - تىنسىز تۇرغان ئېگىز بوي، قارامتۇل، ئات يۈزلۈك كەلگەن دولقۇن تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىككى تال ئۆرۈم چېچىنى ئوينىغىنىچە چەكسىز خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولغان توختىگۈلگە كۆزىنى ئاغدۇرۇپ.

— بۇنىڭغا مە ... مەنمۇ بىر نېمە دې ... دېيەلمەيمەن، دولقۇن، — دېدى توختىگۈل دۇدۇقلاپ، — دادامنىڭ جاھىل، مۇتەئەسسىپ مىجەزىنى سەنمۇ ياخشى بىلىسەن، ناۋادا، ئۇ ... —

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

توختىگۈلنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەرھاللا ھېس قىلغان دولقۇنىنىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك شۈركۈنۈپ كەتتى، دولقۇنىنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنىمۇ ئۆزى مەكتەپ پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگۈچە توختىگۈلنىڭ توي قىلىۋېلىشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى بىر ئاز قايغاندەك بولدى ـ دە، توختىگۈل يۆلىنىپ تۇرغان سۆگەتنى دەرھاللا تۇتۇۋالدى.

— مەن ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگۈچە داداڭ سېنى باشقىلارغا بېرىۋېتىمەن دېسە راستلا ماقۇل دەرسەنمۇ توختىگۈل؟

— نېمانداق گەپ چۈشەنمەيدىغانسەن دولقۇن! — دېدى توختىگۈل سەل تېرىكىپ، — ئۇ دادا، مەن دېگەن بالا، بالىنىڭ دادىنىڭ سۆزىگە كىرمەسلىكىگە ھەددىمۇ؟ سەنمۇ خۇددى «قارىغۇنى تار يەردە قىستاپتۇ» دېگەندەك مېنىلا قىستىغىنىڭ بىلەن مەن قانداق قىلالايمەن؟ سەن مۇشۇ كېتىشىڭچە ئاز دېگەندىمۇ بەش ـ ئالتە يىلغىچە قايتىپ كېلەلمەيسەن، مەنغۇ سېنى كۈتۈشكە ۋەدە بېرەرمەن، بىراق دادام كۈتۈپ تۇرالامدۇ؟ ئەجەبا ئاشۇ ئوقۇشقا بارمىساڭ زادى بولمامدىكەن؟ سېنىڭ ئۇ ئوقۇشۇڭ ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىدىنمۇ مۇھىممۇ؟ — توختىگۈلنىڭ «مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسەڭ ئوقۇشقا بارمەن دەپ ئەزۋەيلەپ ئولتۇرماي ئۆيۈڭدىكىلەرگە ئېيتىپ ۋاقتىدا ئەلچى كىرگۈزگىن» دېگۈسى بولسىمۇ، لېكىن نومۇس كۈچىدىن ئۇ سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى.

— مەن ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسى مۇھىم، توختىگۈل، — دېدى دولقۇن كەسكىن تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش مەڭگۈ مۇشۇ بىر پارچە يەرنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتكۈم يوق. بىز نەچچە ئەۋلادتىن بېرى مۇشۇ زېمىندا دېھقانچىلىق قىلىپ كۆپ جاپالارنى تارتىپ كەلدۇق، مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ چوڭ

شەھەرلەردە ياشاشنى، خىزمەت قىلىشنى، ئۇلاردەك باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەنىدىم، — ئۇ بىردەم جىممىدە تۇرۇپ قالدى، — ئەجەبا، شەھەر بالىلىرى ئوقۇغان ئاشۇ ئالىي مەكتەپلەردە دېھقاننىڭ بالىلىرى ئوقۇسا بولمامدىكەن؟ شەھەر بالىلىرى ئىشلىگەن زاۋۇت - كارخانىلاردا دېھقان بالىلىرى ئىشلىيەلمەمدىكەن؟ بىزمۇ چوقۇم ئىشلىيەلەيمىز، بىزنىڭمۇ باشقىلاردەك ئازادە تۇرمۇشقا ئېرىشىش ھوقۇقىمىز بار. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەن سېنىڭ مەڭگۈ دېھقان بولۇپ ئېتىز - ئېرىقلاردا، قوي - كالا قوتانلىرىدا تېزەك پۇراپ يۈرۈشۈڭنى خالىمايمەن، سەنمۇ چىرايلىق كىيىنىپ، يارىشىملىق گىرىم قىلىپ يۈرىدىغان بولساڭ ئاشۇ شەھەر قىزلىرىدىن قېلىشمايسەن، بەلكىم سەندە بار گۈزەللىكلەر ئاشۇ ئەركە - نايناق شەھەر قىزلىرىدىن تېپىلماسلىقى مۇمكىن، توختىگۈل، ئەگەر سەن داداڭنى كۆندۈرەلىگەن بولساڭ ئىككىمىز بىر مەكتەپتە، ھەتتا بىر سىنىپتا ئوقۇغان بولاتتۇق، — ئۇ سەل ھاياجانلىنىپ قالدىمۇ، قانداق، ئاۋازى بىلىنەرلىك تىترەپ كەتتى.

دولقۇننىڭ سۆزلىرى توختىگۈلگە تەسىر قىلدى بولغاي، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرىدىن ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دولقۇن غۇۋا ئاي يورۇقىدا توختىگۈلنىڭ مەڭزىدە چاقناپ تۇرغان ياشنى كۆردى، ئۇ يىرىك ئالقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتتى، توختىگۈل ئۆزىنى كونترول قىلالماي بېشىنى دولقۇننىڭ مۈرىسىگە قويغىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

شۇنداق، قايسىبىر ناتىۋان دېھقان قىزىنىڭ شەھەر قىزلىرىدەك ياسىنىپ چىرايلىق يۈرگۈسى يوق، قايسىبىر دېھقان قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ بىلىم ئالغۇسى كەلمەيدۇ، قايسىبىر دېھقان قىزى ئوت ئوتاش، تاماق تاتلاش، باغ باغلاش دېگەندەك تۈگىمەس ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن

ھەپىلەشكەندىن سىرت، قىغ پۇراپ تۇرىدىغان ئېغىللاردا كالا سېغىش، ماللارغا يەم بېرىش، تاماق ئېتىش، كىر - قاتلارنى يۇيۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپلا كۈن ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ؟ توختىگۈلمۇ دولقۇنغا ئوخشاش يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنىڭ شېرىن خىياللىرىنىمۇ سۈرگەنىدى. قىسقىسى، ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئاشۇ چوڭ شەھەردە چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن يىگىتى، بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ، بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشى دولقۇن بىلەن توي قىلىپ بالىلىق بولغانلىقى خىيالىدىن كەچكەندە خىجىللىقتىن يۈزلىرى توغاچتەك قىزىرىپ، مۆكىدىغان يەر تاپالماي قالغان چاغلىرىمۇ بولغانىدى.

— گېپىڭدىن قارىغاندا مۇشۇ كەتكىنىڭچە بۇ يەرگە قايتىپ كەلمەيدىكەنسەن - دە؟ — سورىدى توختىگۈل بېشىنى دولقۇننىڭ مۈرىسىدىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

— باشقا ۋاقىتتا كېلەلمىگىنىم بىلەن تەتىل، ھېيت - بايراملاردا چوقۇم كېلىمەن، قانداقلىكى بولسۇن بۇ دېگەن مېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكەن يۇرت تۇرسا، ئۇنى دېمىگەندىمۇ بۇ يەردە سەن بار تۇرساڭ، توختىگۈل، كەلمەسلىككە كۆڭلۈم ئۇنامدۇ مېنىڭ؟

— مەكتىپىڭدىكى چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندە مەندەك بىر سەھرالىق تومپايىنى ئۇنتۇپ كېتەرسەن بەلكىم؟ — دېدى توختىگۈل بېشىنى دولقۇننىڭ مۈرىسىدىن كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ غۇۋا ئاي يورۇقىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

— مەكتەپتىكى قىزلار ھەرقانچە چىرايلىق، جەلپكار بولغىنى بىلەنمۇ يەنىلا سېنىڭ قولۇڭغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ، ئۇمىقىم. سەن دېگەن مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ چىرايلىق پەرىشتە، — دېدى دولقۇن پەسكە قاراپ تۇرغان توختىگۈلنىڭ ئېڭىكىدىن

كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قارىتىپ، — بەلكىم ساڭا چىدىماي ئوقۇشنى تاشلاپ يېنىپ كېلەمدىم تېخى.

— نەلەردىن ئۆگىنىۋالغانسەن بۇ ياغلىما گەپلەرنى؟ — دېدى توختىگۈل چىرايىنى بىلىنەر - بىلىنمەس پۈرۈشتۈرۈپ. گەرچە ئۇ ئېغىزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن دولقۇننىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا ياغدەكلا ياققانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ توختىگۈل دولقۇننىڭ ئوقۇشقا بارماسلىقىنى، بولسا ۋاقتىدا ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ توي قىلىۋېلىشىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلىغىچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشتى. شۇ كۈنى توختىگۈل ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى، كۆزىنى يۇمسىلا دولقۇننىڭ بايىقى قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ پىشقان ئەرلەرنىڭكىدەك چىقىدىغان توم ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. توختىگۈل مۇشۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن قەلبىدىكى مۇھەببەت ئۇچقۇنىنىڭ تېخىمۇ يالقۇنلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ دولقۇننى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

ئىككى ئاي ۋاقىتمۇ ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۆتۈپ كەتتى. سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا دولقۇن توختىگۈلنىڭ يۈرىكىگە بىر پارچە ئوتنى تاشلاپ قويۇپ ئوقۇشقا كەتتى. توختىگۈل كېچىلىرى ئۇنى سېغىنىپ ئۇخلىيالمايدىغان، ئۇخلىغان تەقدىردىمۇ ئاشىقىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ دولقۇن كېتىشتىن ئىلگىرى «مېنى سېغىنساڭ مۇشۇ سۈرەتكە قارىغىن، قوزام، بۇنى كۆرسەڭ مەن ھەرقاچان يېنىڭدا تۇرغاندەك ھېس قىلىسەن» دەپ، قالدۇرۇپ كەتكەن كىچىككىنە بىر پارچە سۈرەتكە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بەزىدە يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، سۈرەتنى مەيدىسىگە بېسىپ قانغۇچە يىغلايتتى. دولقۇندىن خەت كەلگەنمىدۇ دەپ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا كۈندە نەچچە رەت

قاترايتتى. دولقۇننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۆنلىرى، خۇددى ئەتىلا تويى بولىدىغاندەك قىن ـ قىنىغا پاتماي قالاتتى، ئۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە هويلا ـ ئارانلارنى سۈپۈرۈپ، ئۆستەڭدىن سۇ ئەكېلىپ ئىدىشلارنى توشقۇزۇۋېتەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇ پەقەتلا هارغىنلىق هېس قىلمايتتى. قىسقىسى، دولقۇن كەتكەندىن كېيىن توختىگۈلنىڭ كۈنلىرى زارىقىش، تەلپۈنۈش، سېغىنىش ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ كۈننىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى، دولقۇننىڭ تەتىل ۋاقتىنىڭ بالدۇرراق توشۇپ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانچە، ۋاقىت خۇددى ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى.

ئارىدىن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەكلا بىر ئىش يۈز بەردى. توختىگۈللەرنىڭ ئۆيىنىڭ كەينى تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان زىياۋۇدۇن ئىسىملىك كىشى كۈن پېشىندىن قايرىلغان مەزگىلدە يېشى ئەللىك بەشلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئوتتۇرا بوي، قويۇۋالغان كەكە ساقىلى سېمىزرەك كەلگەن يۈزىگە خويمۇ ياراشقان بىر كىشىنى باشلاپ تۆردى قوپالنىڭ قورۇسىغا تەرەپباللا كىرىپ كەلدى. لاپاستىكى كونا قوناق شاخلىرىنى رەتلەۋاتقان تۆردى قوپال ئالمان ـ تالمان لاپاستىن چۈشۈپ، ئىككىيلەن بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ـ دە، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

ئۇ ئىككىسى ئۆيگە كىرىپ سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان يېكەندازنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى، دۇئادىن كېيىن زىياۋۇدۇن ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن مېهماننى پەگاهتا قول باغلاپ تۇرغان تۆردى قوپال بىلەن ئايالى هۆرنىساخانغا قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى:

— بۇ كىشى مېنىڭ قارامايدىن كەلگەن نەۋرە ئىنىم رەهمىتۇللا بولىدۇ، ئۆزىنىڭ نېفىتلىكتە ئىشلەۋاتقىنىغا يىگىرمە بەش يىللارچە بولدى، بۇ ئىنىمىز بىلەن

كۆرۈشمىگىلىمۇ ئۇزاق يىللار بولغان، بۇ نۆۋەت ئالايىتەن بىزنى يوقلاپ كەپتۇ، — دېدى زىياۋۇدۇن مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چار ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ.

— بەلەن بوپتۇ، — دېدى تۇردى قوپال بوم، گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازدا، — ئۇرۇق ـ تۇغقان دېگەن بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ تۇرمىسا ياتلىشىپ كېتىدىغان گەپ ئىكەن، ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئىزدىشىپ تۇرغانغا يەتمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە تۇردى قوپال جاھىل، گىجىڭ ئادەم بولسىمۇ، لېكىن باشقىلار دېگەندەك ئۇنچە قوپال ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا «قوپال» دېگەن لەقەمنىڭ سىڭىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغىنى ئۇنىڭ گاراڭ ـ گۇرۇڭ، توم چىقىدىغان ئاشۇ ئاۋازى، ھەرقاچان تۇرۇكلۇك ھالەتتە تۇرىدىغان ئاشۇ سۇرلۇك قاپىقى ئىدى. ئۇ قوپال بولمىغىنى بىلەن گىجىڭ، مۇتەئەسسىپ كىشى بولۇپ، قىلىمەن دېگەن ئىشىنى قىلماي قويمايتتى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى رەھمىتۇللا ئورنىدىن سەل ـ پەل قىمىرلاپ قويۇپ.

ھايال ئۆتمەيلا ھۆرنىساخان ئۆلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، بىر چۆگۈن ئەتكەنچاينى كۆتۈرۈپ كىردى. كەينىدىنلا توختىگۈل دەستىلەنگەن ئارا چىنىدىن بىرقانچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئولتۇرغانلارغا ئېگىلىپ سالام قىلدى ـ دە، چىنىلەرنى داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىگە قويۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا زىياۋۇدۇن رەھمىتۇللاغا «مۇشۇ قىز شۇ» دېگەن مەنىدە شەرەت قىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

— تۇمۇچۇقتەك چىرايلىق چوڭ بولغىلى تۇرۇپتۇ بۇ قىز، — دېدى زىياۋۇدۇن توختىگۈل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پەگاھتا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان تۇردى قوپالغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

— خۇدايىم بەختىنى بېرەر قىزىمىنىڭ، — دېدى ئەمدىلا چىنىلەرگە چاي قۇيۇشقا تەمشەلگەن ھۆرنىساخان قورۇق باسقان قارامتۇل، ياداڭغۇ يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

مېھمانلار ئۆيان ـ بۇياندىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بىرەر چىنىدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، زىياۋۇدۇن يېنىدا ئولتۇرغان نەۋرە ئىنىسىغا لەپپىدە بىر قارىۋالدى ـ دە، گېلىنى بوشقىنا قىرىپ قويۇپ سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىغا مۇنداق بىر ئىش بىلەن كېلىپ قالدۇق، — دېدى زىياۋۇدۇن ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ، — كونىلاردا «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەيدىغان گەپ بار. مېنىڭ قارامايدىكى رەھمەتلىك نەۋرە ئاكامنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، ئۇ بالا ھازىر ئىلگىرى رەھمەتلىك نەۋرە ئاكام ئىشلىگەن ئىدارىدا نېفىت ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، گەرچە يېشى ئوتتۇزلاردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ تېخىچە ئۆيلەنمىدى، بۇ قېتىم بۇ ئىنىم ئاشۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بىزنى يوقلىغاچ شۇ بالىنىڭ غېمىنى يەپ كەپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى سىلەرنىڭ ئاشۇ توختىگۈلنى شۇ بالىغا لايىق تاپتىم، گەرچە ئۇ بالىنىڭ يېشى سەل چوڭراق بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى كەم سۆز، ياۋاش بالا، شۇڭا بۈگۈن ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا قېرى يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ كىرىشىم. ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدىغان، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدىغان گەپ ئىكەن. توختىگۈلمۇ ھازىر بويىغا يېتىپ قالدى، مەن دېمىسەممۇ تۇردىئاخۇن ئوبدان بىلىدىلا، بويىغا يېتىپ قالغان قىز بالىنى ئۆيدە ئۇزاق ساقلاشمۇ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ھەرقايسىلىرى بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى يېقىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان قوشنىلاردىن بولغاندىكىن، لەۋزىمنى يەردە قويماس دېگەن ئۈمىدتە ئالدىلىرىغا كىرىشىم.

تاسادىپىي ئېيتىلغان بۇ سۆز تۇردى قوپال بىلەن ھۆرنىساخاننى گاڭگىرىتىپ قويدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۇزاق يىللىق قوشنىسى، كەنت كومىتېتىنىڭ پېشقەدەم مۇدىرى زىياۋۇدۇننىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە قىز سوراپ كىرىشى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش ئىدى. زىياۋۇدۇن بۇ كەنتتە ئۇزاق

يىل مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولۇپ، كەنتتىكى دېھقانلار ئارىسىدا خېلىلا يۈز ـ ئابرۇي تاپقان كىشى ئىدى، ئۇ بەك بايلاردىن ھېسابلانمىسىمۇ تۇردى قوپالغا سېلىشتۇرغاندا ھال ـ كۈنى خېلىلا ياخشى ئىدى. شۇڭىمۇ كەنتتىكى ھەرقانداق بىر دېھقان زىياۋۇدۇن بىر دېسە ئىككى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، ھەتتا ھازىرقى كەنت مۇدىرلىرىمۇ كەنتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇنىڭ پىكرىنى ئالماي قويمايتتى.

تۇردى قوپال بىلەن ھۆرنىساخان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىپ خېلىغىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىشتى. شۇ تاپتا پۈتۈن كەنتتىكى ھەرقانداق بىر ئادەم گېپىنى يىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان زىياۋۇدۇننىڭ ئەلچى بولۇپ كېلىشى ئۇلارنى تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە توختىگۈل ئالتە بالىنىڭ كىچىكى بولغاچقا ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن ئۇنىڭغا باشقىچىلا ئىچ كۆيەرلىك قىلاتتى، توختىگۈلمۇ «ۋاي دادا، ۋاي ئاپا» دەپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلىپ، سىزغان سىزىقىدىن چىقماي، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىش قىلاتتى. شۇڭا، توختىگۈلنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇغۇسى بار بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ «قىز بالا دېگەننىڭ ساۋاتى چىقسىلا بولدى، كۆپ ئوقۇپ كەتسە شەرمى ـ ھايا، ئار ـ نومۇستىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ۋاقتىدا ياتلىق قىلىپ قۇلاقنى تىنچلاندۇرماق زۆرۈر» دېگەن مۇشۇ سۆزىنى يىرىۋېتىشكە ئامالسىز قالغانىدى. ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتىشكەندىن كېيىن، ھۆرنىساخان ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— تەييارلىقسىزلا بولغاچقا ھەرقايسىلىرىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدۇق، بىزنىڭغۇ بۇ ئىشقا ھازىرلا ماقۇل دېگۈمىز بار ئىدى، بىراق توختىگۈل بالىلارنىڭ كىچىكى

بولغاچقا شەھەر ئاتلاپ ياتلىق قىلىشقا ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزنىڭلا كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن، ناۋادا قۇدىلار مۇشۇ ئەتراپتا بولغان بولسا ھەرگىزمۇ سىلەردىن قىز ئايىمىغان بولاتتۇق، شۇڭا ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ خىجىلمىز، — دېدى ھۆرنىساخان ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

ئايالىنىڭ تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن ئەلچىلەرگە بەرگەن جاۋابى تۇردى قوپالغىمۇ ياقتى بولغاي، ئايالىغا يەر تېگىدىن قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. خېلىدىن بېرى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان زىياۋۇدۇن مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە، بۇ ئۆيگە كىرگەندىن بېرى ھېچقانداق گەپ ـ سۆزگە ئارىلاشماي ئولتۇرغان رەھمىتۇللاغا لەپپىدە قارىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق، — دېدى زىياۋۇدۇن كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بالا دېگەننى بېقىپ چوڭ قىلىشنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز، ئۆيدە ئون بالا بولسىمۇ ھەربىر بالىنىڭ مېھرى ئۆزگىچە بولىدىغان گەپ ئىكەن، لېكىن بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ھەرقاچان ئۇلارنىڭ كېلەچەكتىكى بەختىنى ئويلىمىقى زۆرۈر. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، بۇ دۇنياغا ھېچقايسىمىز باقىمەندە ئەمەس، ئاللاغا بۇگۈن ياراپ قالىمىزمۇ، ئەتىمۇ بۇنىسى نامەلۇم! — زىياۋۇدۇن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە نىمىشقىدۇر يۆتىلىپ كەتتى. ئۇ يۆتەلگەندىمۇ شۇنداق قاتتىق يۆتەلدىكى، چىرايى خۇددى قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، قىزىرىپ كەتتى. تۇردى قوپال بىلەن ھۆرنىساخان ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشقىنىچە، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىشتى. زىياۋۇدۇن قاتتىق يۆتەلدىن كېيىن چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەنمۇ ئىككىڭلارنىڭ بۇ كەنجى تېپىڭلارغا باشقىچە كۆيىدىغانلىقىڭلارنى ئوبدان بىلگەچكە مۇشۇ قىزنىڭ

بولسىمۇ بەختى ئېچىلسۇن، بىر ئۆمۈر دېھقان بولۇپ يەرگە باغلىنىپ قالغۇچە چوڭ شەھەرلەردە ياشاپ قولى پۇل كۆرسۇن دېگەنلەرنى ئويلاپ ئالدىلىرىغا كېلىشىم. بىزدە ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان «قىز بالىنىڭ يۇرتى يوق» دەيدىغان گەپ بار، مېنىڭچە قىز بالىنىڭ بەختى قەيەردە ئېچىلسا شۇ يەردە ياشىغىنى ياخشى، دېگەنلىرىمنى ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشقايلا.

زىياۋۇدۇن ئاشۇلارنى دەپ ئەر - ئايال ئىككىسىگە يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

تۇردى قوپال بىلەن ھۆرنىساخان ئەلچىلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىشتى. ھۆرنىساخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى قىزىنى ھازىرلا ئېلىپ كېتىدىغاندەك يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كېتىۋاتاتتى، تۇردى قوپالنىڭمۇ بېشى ساڭگىلاپلا كەتكەنىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆزىمۇ چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بولۇۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن، ئويلىسا كەنجى قىزىنى يۇرت ئاتلاپ ياتلىق قىلىۋېتىشكە كۆزى قىيمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، قىزىنىڭ بەختىنى ئويلىسا زىياۋۇدۇننىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇقتەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ يېشى ھازىر ئاتمىشتىن ئاشتى، بىر ئۆمۈر دېھقانچىلىق بىلەن ياشاپ قولى تۆت تەڭگە پۇل كۆرگىنى يوق. قىسقىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر قېتىم ناھىيە بازىرىغا بېرىپ باققىنىنى ھازىرغىچە ئەسلىيەلمەيدۇ. باشقىسىنى دېمىسىمۇ، ئۇ چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەيدىغان چاغدا تويلۇق ئالغۇدەك ئىككى تەڭگە پۇلنى ھەل قىلالماي، ئاخىرى باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۆزى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان بىر ئۇششاق تىجارەتچىنىڭ ئوغلىغا قىزىنى ياتلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ھەمدە قىزىغا چۈشكەن ئاشۇ تويلۇققا ئاز - تولا قېتىش -

قۇرۇش قىلىپ ئوغلىنى ئۆيلىۋالىدى. ئەمدىلىكتە قىزىنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قوناي دەۋاتىدۇ، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ياق دەپلا رەت قىلىۋەتسە قىزىنىڭ بېشىغا قونۇشقا تەمشەلگەن بەخت قۇشى باشقىلارنىڭ بېشىغا قونۇشى، قىزى مەڭگۈ ئۆزىگە ئوخشاش ئىككى تەڭگىگە زار بولۇپ ئۆتىدىغان جاپاكەش دېھقان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ماقۇل دەي دېسە، قىزىنى يات بىر شەھەرگە ياتلىق قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. بۇلارنى ئويلىغانچە ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپ كېتىۋاتاتتى.

— قانداق قىلىمىز دادىسى؟ — دېدى ھۆرنىساخان كۆز چاناقلىرىدا لىغىلداپ تۇرغان ياشنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىممىدە ئولتۇرماي بىرنېمە دەپ باقمامسىلەر!

تۇردى قوپال مۇرەككەپ زىددىيەتلەر بىلەن ئېغىرلىشىپ كەتكەن كاللىسىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئايالىغا قارىدى، ھۆرنىساخاننىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇراتتى.

— ھەي! — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى تۇردى قوپال، — قانداق قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدىم، ئانىسى، زىياۋۇدۇنلارنىڭمۇ تەكتى يامان ئەمەس كىشىلەردىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتتا ئۆزىگە تۇشلۇق يۈز - ئابرۇيى بار، شۇ ئادەمنىڭ سۆزىنى رەت قىلىۋەتسەك بىرىنچىدىن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سەت، ئىككىنچىدىن قىزىمىزنىڭ بېشىغا قونۇۋاتقان بەخت قۇشىنى ئۈچۈرۈۋەتكەن بولىمىز. قىزىمىزنىڭ بىزگە ئوخشاش دېھقان بولۇپ بىر ئۆمۈر جاپا تارتىدىغانلىقىنى ئويلىسام يۈرىكىم سىرقىرايدۇ، قىز بالا دېگەننى مىڭبىر جاپا بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىدىكەنمىز، لېكىن بويىغا يېتىپ ياتلىق بولغاندىن كېيىن يەنىلا خەقنىڭ ئادىمى بولۇپ كېتىدىكەن.

— ئۇ دېگەنلىرىغۇ راست دادىسى، — دېدى ھۆرنىساخان كالتە يەكتەكنىڭ پېشىغا چاپلىشىپ قالغان كۆلنى قېقىۋېتىپ، — ئادەم دېگەننىڭ رىزقى نەگە چۈشسە شۇ يەردە ياشايدىغان گەپ ئىكەن. ناۋادا توختىگۈلنىڭ رىزقى شۇ يەرگە چۈشكەن بولسا بىزنىڭمۇ ئامالىمىز يوق، سىلى بۇ ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولغاندىكىن ئۆزلىرى ئويلاپ بىر نېمە دېسىلە، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ مەن سىلىنىڭ پىكىرلىرىگە ھۆرمەت قىلىمەن.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن كۆز باغلانغۇدەك چاغ بولغىچە ئۇيان - بۇيان دېيىشىپ، ئاخىرى ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇش قارارىغا كەلدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا تۇردى قوپال ئۆزىنى تاماققا ھەرقانچە زورلاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن گېلىدىن زادىلا غىزا ئۆتمىدى. ئاخىرى ئۇ ھۆرنىساخانغا ئورۇن سالغۇزۇپ بالدۇرلا يېتىۋالدى.

توختىگۈلنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرى تۇردى قوپالغا زادىلا كار قىلمىدى. ھۆرنىساخانمۇ «جېنىم قىزىم، دادىڭىزنىڭ قارارىدىن يانمايدىغان ئادەملىكىنى سىزمۇ ياخشى بىلىسىز، بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق، شۇڭا تەقدىرگە تەن بەرمەي بولمايدۇ، بىزمۇ سىزنىڭ كېلەچەكىڭىزنى، بەختىڭىزنى ئويلاپ شۇنداق قارارغا كەلدۇق» دەپ چىڭ تۇردى. توختىگۈل ئۆزىنىڭ ۋەدىلەشكەن يىگىتىنىڭ بارلىقىنى، ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ «قانداق، قىز بالا دېگەن راستلا كۆپ ئوقۇپ كەتسە شەرمى - ھايا، ئار - نومۇستىن يىراقلىشىپ كېتەمدىكەن؟ نومۇس قىلماي ياخشى كۆرىدىغان يىگىتىم بار دەۋاتقىنىنى بۇنىڭ!» دەپ كايىشى، ھەتتا مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئاتا - بالىلىقتىن كېچىپ كېتىشنىڭمۇ مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ بوشىشىپلا كەتتى.

ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق گەپ يېمەس، بىغەرەز ئادەمنىڭ پۇشتى بولۇپ قالغىنىغىمۇ پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئاخىرى ئۇ «سەن بىغەزەر ئوقۇشقا بارىمەن دەپ تۇرۇۋالماي بۇرۇنراق ئۆيىمىزگە ئەلچى كىرگۈزگەن بولساڭ بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى، دېھقان بولساق نېمە بوپتۇ، دېھقان ئادەم ئەمەسمىكەن؟ تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتسىلا قەيەردە ياشىساق ئوخشاش ئەمەسمىدى، ئەمدى شەھەرلىك بولىمەن دېگەنگە تويدۇڭمۇ مانا؟ ھۇي، شەھەر جىنى چاپلىشىپ قالغان ساراڭ!» دەپ، دولقۇننى بولۇشىغا تىللىدى. ئۆزىدىن ئاز دېگەندىمۇ ئون بەش ـ ئون ئالتە ياش چوڭ بىرسىگە ياتلىق بولىدىغانلىقى خىيالىدىن كەچكەندە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلىدى، قاقشىدى، لېكىن بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلماسلىققا ھېچقانداق چارە تاپالمىدى ...

ياتاق ئۆيدىن ئاڭلانغان خارقىراق خورەك ئاۋازى توختىگۈلنى خىياللار دېڭىزىدىن تارتىپ چىقتى. ئەزەلدىنلا خورەك تارتمايدىغان يارى ياۋاشىنىڭ تۇيۇقسىزلا خورەك تارتىشى توختىگۈلنى بىرئاز ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇ ئورنىدىن ئالمان ـ تالمان تۇرۇپ، يارى ياۋاش ياتقان ئۆيگە كىردى ـ دە، چىراغنى ياندۇردى. يارى ياۋاش پۇت ـ قوللىرىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈمۈپ كەتكەن بولۇپ، ياداڭغۇ يۈزلىرى قېنىنى شورىۋالغاندەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. توختىگۈل ئىشىك تۇتقۇچىغا ئېسىقلىق لۆڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەر تامچىلىرىنى ئاۋايلاپ سۈرتكەچ «مۇشۇ ئىسسىقتا ئادەم جاننى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتسا نېمىمۇ قىلاتتىڭىز مۇنچىۋالا ئىچىپ، كىملا كۆڭلۈم دەپ رومكا تەڭلىسە ئېلىپ ئىچىۋەرگىچە رەت قىلىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويسىڭىز بولاتتىغۇ؟ نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ جېنىغا ئۆزىڭىزنىڭ ئىچى ئاغرىمايدىكىنتاڭ؟!» دەپ غۇدۇراپ

قويدى. گەرچە توختىگۈل يارى ياۋاشنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يېشى ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ ھەم ئۈچ بالىسىنىڭ دادىسى بولغاچقا باشقىچە ھۆرمەت قىلاتتى. يارى ياۋاشمۇ ئايالىنىڭ ئۆزىنى دېگەندەك ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سۆيگىنىنى تېخىچە ئېسىدىن چىقىرالمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋاتاتتى.

بىر كۈنى يارى ياۋاش تۈن يېرىم بولغاندا، ئۆيگە چالا مەست ھالەتتە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇرغانجان ئۈچ ياشتا، ئىككىنچى ئوغلى غۇلامجان بىر ياشتا ئىدى. يارى ياۋاش بالىلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆيگە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىردى ـ دە، چىراغنى پەم بىلەن ياندۇردى. توختىگۈل غۇلامجاننى قوينىغا سېلىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، يارىنىڭ ئۆيگە كىرگىنىنى سەزمىگەنىدى. يارى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋالغاندىن كېيىن، يېشىنىپ توختىگۈلنىڭ يېنىغا سىغدالدى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

تاتلىق ئۇخلاۋاتقان يارى ياۋاش توختىگۈلنىڭ نېمىدۇر بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. بۇ تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان چاغ بولۇپ، يارى ئۆرۈلۈپ يېنىدا ھە دەپ جۆيلۈۋاتقان ئايالىغا قارىدى. توختىگۈلنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى جىددىي تۈسكە كىرگەن بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن يارى ياۋاش ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىغا قىزىقسىنىپ قالدى بولغاي، قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا يېقىن تۇتتى. لېكىن، ئۇ توختىگۈلنىڭ «خەپ دولقۇن، خەپ، ھەممىنى قىلغان سەن» دېگەن گېپىدىن باشقىسىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدى. ئەتىگەن خوراز چىلىلماي تۇرۇپلا، ئايالىنىڭ ئېغىزىدىن يات بىر ئەرنىڭ

ئىسمىنى ئاڭلىغان يارى ياۋاشنىڭ كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كوكۇلىسىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن «دولقۇن» دېگەننىڭ زادى كىملىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى سوراپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىگە هاي بەردى. چۈنكى، توختىگۈل يارى ياۋاشقا ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى كىم بىلەن مۇھەببەتلەشكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يارى ياۋاشقا ئۆز ئىپپىتى بىلەن تەگكەن، يارى ياۋاشقا تەگكەن مۇشۇ سەككىز يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا سەمىمىي، سادىق بولۇپ كېلىۋاتاتتى. يارى ياۋاشمۇ هازىرغىچە باشقىلاردىن ئايالىنىڭ بىرەر ئىغىز يامان گېپىنى ئاڭلاپ باققىنى، ئايالىنىڭ بىرەر قېتىم ئۆيگە كەچ كەلگىنى ياكى ئۇنىڭدىن بىسوراق توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلارغا بېرىپ باققىنى يوق. مۇشۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن يارى ياۋاش ئايالىنىڭ چېچىغا ئۇزارتقان قولىنى تارتىۋالدى - دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان موخوركا قۇتىسى بىلەن موخوركا قەغىزىنى ئېلىپ موخوركا ئورىدى.

چاقماقنىڭ كەينى - كەينىدىن بىرقانچە قېتىم چېقىلىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن توختىگۈل ئۆزىگە دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ موخوركا چېكىۋاتقان يارى ياۋاشنى كۆرۈپ دەرهاللا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەتىگەن تاڭ يورۇماستىنلا تۇرۇۋاپسىزغۇ؟ — دېدى توختىگۈل ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئاران دېگەندە ئېچىپ.

— ئىغىزىڭ بىسىقماي جۆيلۇسەڭ قانداق ئۇخلايمەن؟ — دېدى يارى ياۋاش كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئايالىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزىنىڭ ئىچىگە يالتىدە بىر قارىۋېتىپ.

ئېرىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەماللىقا ئاڭقىرالمىغان توختىگۈل بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، بايا كۆرگەن چۈشى ۋە چۈشىدە تۇنجى سۆيگۈنى دولقۇن بىلەن قىلىشقان دەتالاشلىرى يادىغا كەلدى ـ دە، جىممىدە بولۇپ قالدى. خىجىللىقتىن يۈزلىرى چىمىلداپ، خۇددى هازىرلا ئۇت ئېلىپ كېتىدىغاندەك قىزىرىپ كەتكەن توختىگۈل ئېرىنىڭ يۈزىگە قاراشقىمۇ پېتىنالماي تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. توختىگۈل شۇنىڭدىن باشلاپ خېلى كۈنلەرگىچە ئۆزىنى ئېرىدىن ئېلىپ قېچىپ يۈردى، يارى ياۋاش ئۇنىڭغا گەپ قىلسا گەپ قىلاتتى، گەپ قىلمىسا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى، يارى ياۋاشمۇ ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن ئايالىنى خىجالەتچىلىك ئىچىدە قويغانلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالغانىدى...

ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا بارغان توختىگۈل بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، ئەتراپ ئاۋۋالقىدەكلا تىنچىق بولۇپ، جىمىرلاپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. توختىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى شۇ قەدەر ئىتتىك ھەم كۈچلۈك بولۇپ، يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ياتاق ئۆيگە قۇلاق سالدى، يارى ياۋاشنىڭ بايىقى غەيرىي خورىكىدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئېرى ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇردى. بايا تېخى ئوڭدا يېتىۋېلىپ خورەك تارتىۋاتقان يارى ياۋاش ئەمدىلىكتە دۈم يېتىۋالغانىدى. بېشىغا قويغان ياستۇقى تۇمشۇقىغا كەپلىشىپ قالغان بولۇپ، چىرايى بۆلەكچە قارىداپ،

ئېسىلىپ كەتكەنىدى. توختىگۈل يۈگۈرگەندەك كېلىپ ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا كەپلىشىپ قالغان ياستۇقنى تارتىۋەتتى. ياستۇقنىڭ يېرىمى دېگۈدەك چىلىققىدە ھۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، يارى ياۋاش ئاغزىدىن قان ئارىلاش ئاپپاق كۆپۈك چىققان ھالەتتە مىدىر قىلماي ياتاتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن توختىگۈل ئاران دېگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قولىنىڭ ئالىقىنىنى ئېرىنىڭ تۇمشۇقىغا يېقىن ئەكەلدى. ئۇ ئېرىنىڭ تىنىقىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى بىلىپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى ـ دە، جايىغىلا ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېرىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ سىلكىگىلى تۇردى، لېكىن ھەرقانچە قىلسىمۇ يارى ياۋاشتىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان توختىگۈل بىر ھازاغىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل قوشنىسى ھەسەن ئاخۇن بىلەن ئايشەمخان ھەدە يادىغا كەلدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان كارىدورغا چىقىپ «ھەسەن ئاكا، ھەسەن ئاكا، ئىشىكنى ئېچىڭ !» دەپ، توۋلىغىنىچە ھەسەن ئاكىلارنىڭ ئىشىكىنى قاقتى.

بامدات نامىزىنى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇپ ناشتىلىق تەييارلاشقا تۇتۇنغان ئايشەمخان ھەدە ئىشىكنىڭ ئەنسىز ئۇرۇلۇشىدىن چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئاشخانا ئۆيدىن پايپاسلاپ چىقىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى ـ دە، ئىشىككە قۇلىقىنى ياقتى، بۇ جىددىيچىلىكتىن ئەندىكىپ كەتكەن ھەسەن ئاكىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.

— كىم؟ — سورىدى ھەسەن ئاكا ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— مەن، ھەسەن ئاكا ! — دېدى توختىگۈل بوغۇق ئاۋازدا يىغلاپ تۇرۇپ.

ھەسەن ئاكا توختىگۈلنىڭ ئەتىگەندىلا يىغلاپ ئۆزلىرىنىڭ

ئىشىكنى قاققىنىنى بىلىپ « بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنلار بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان سەككىز يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ زادىلا ئۇرۇش ـ تالاش قىلىپ باققىنىنى ئاڭلىمىغانىدىم، بۈگۈن زادى نېمە بولغاندۇ ئۇلارغا؟ يارى ياۋاشقا تۈيۈقسىزلا مۈڭگۈز چىقىپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟» دېگەننى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ھەسەن ئاكا يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بوي، ئاقپىشماق، سېمىزلىكتىن قورسىقى ئالدىغا تومپىيىپ چىققان، ھەرقاچان چېچىنى پاكىز چۈشۈرۈپ تاقىر باش يۈرىدىغان خۇش چاقچاق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئايشەمخان ھەدە بۇغداي ئۆڭ، غۇنچە بوي ئايال بولۇپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى قاپقارا يوغان مېڭى ياداڭغۇ چىرايىغا قەۋەتلا ياراشمىغان، ئورۇقلۇقىدىن بىر جۈپ كۆزى ھازىرلا چىقىپ كېتىدىغاندەك پۇلتىيىپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى. شۇنداق بولغىنىغا قارىماي ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى شۇ قەدەر چىقىشقاق، مېھماندوست كىشىلەردىن ئىدىكى، يارى ياۋاش بىلەن توختىگۈل ئۇلارغا قوشنا بولغان سەككىز يىلدىن بۇيان خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى. يارى ياۋاش ئەر ـ خوتۇننىڭ ئاغىنە ـ دوستلىرى بىلەن توي ـ تۆكۈن، يىغىلىشلىرى كۆپرەك بولغاچقا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باللىرىنى ئاشۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قوياتتى، بۇ چاغدا ھەسەن ئاكا «پاھ، بىزنىڭ شاھزادىلەر كىرىپتىغۇ» دەپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتەتتى.

ھەسەن ئاكا بىلەن ئايشەمخان ھەدىنىڭ ئىككى قىزى بار بولۇپ، چوڭ قىزى ساجىدە ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا توي قىلىپ چىقىپ كەتتى. ساجىدەنىڭ يولدىشى بۇرغىلاش شىركىتىدە بولغاچقا، ئۇلار شەھەردىن ئوتتۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جەرەنبۇلاق رايونىدا ئولتۇراتتى. ئارىلىقنىڭ يىراق، قاتناشنىڭ قولايسىز بولۇشى، خىزمەتلەرنىڭ ئالدىراشلىقى دېگەندەك

سەۋەبلەر بىلەن ساجىدە ئاتا ـ ئانىسىنى ئايدا بىر ياكى ئىككى قېتىملا يوقلاپ كېلەلەيتتى. كىچىك قىزى سابىرە بولسا، بۈلتۈر شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ نېفىت ئېلىش كەسپىنى تاماملاپ شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىكىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. ئارىلىق يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، سابىرەنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا، مۇنۇ ئەر ـ ئايال ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىرى تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان بولۇپ، يارى ياۋاشنىڭ بالىلىرىنى كۆرسە، خۇددى ئۆز بالىلىرىنى كۆرگەندەك باشقىچە خۇشال بولۇپ كېتىشەتتى.

ھەسەن ئاكا توختىگۈلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئالمان ـ تامان ئاچتى ـ دە، ئۇنىڭ يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئېرىنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپلا چىققان ئايشەمخان «ۋاي، جېنىم سىڭلىم! نېمە بولدى سىزگە؟ يارى بوزەك قىلغان ئوخشىمامدۇ؟ كىچىككىنە بىر قىزنى مۇشۇنداقمۇ يىغلاتقان بارمۇ؟» دېگىنىچە كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى. قورققىنىدىن ئېغىزى گەپكە كەلمەيلا قالغان توختىگۈل «ھە ... سەن ئا ... كا، كىرىپ يارىغا قاراپ باقسىڭىز بو ... بوپتىكەن» دېگەن گەپنى ئارانلا قىلالىدى. ھەسەن ئاكا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيگە كىردى ـ دە، كارىۋاتتا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە ياتقان يارى ياۋاشنى كۆردى. ئۇ يارى ياۋاشنىڭ يۈزىنىڭ قارىداپ، كالپۇكىنىڭ كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئاغزىدىن كۆپۈك ئارىلاش قان سىرغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك «قارت» قىلىپ كەتتى. ھەسەن ئاكا كەينىدىن تاپ بېسىپلا كىرگەن ئايشەمخان ھەدە بىلەن توختىگۈلگە لەپپىدە قارىۋەتتى ـ دە، يارى ياۋاشنىڭ تومشۇقىغا قولىنى ئاپاردى، ئۇ يارى ياۋاشتا تىنىق يوقلۇقىنى سەزگەندىن

كېيىن، ئۇنىڭ كارىۋاتتىن ساڭگىلاپ تۇرغان قولىنى كۆتۈرۈپ تومۇرىنى تۇتتى. يارى ياۋاشنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانلىقىنى جەزم قىلغان ھەسەن ئاكا كېيىنگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە تەلمۈرۈش ئىلكىدە قاراپ تۇرغان ئىككى مەزلۇمغا قاراپ بېشىنى يېنىك چايقىدى.

يارى ياۋاشنىڭ تۈيۈقسىزلا قازا قىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئالىقانىدەك كىچىككىنە شەھەرگە ھەش ـ پەش دېگۈچىلا پۇر كەتتى. تاڭ تېخى يورۇماي تۇرۇپلا بىنا ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. گەرچە بۈگۈن خىزمەت كۈنى بولسىمۇ، ئەمما بۇ شۇم خەۋەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئارىسالدىلىقتا قالغان پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى. بۇرۇنراق كەلگەن پەتىچىلەر ئۆز خىلى بىلەن غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇشۇۋالغان بولۇپ، ھەر قىسما ئەپقاچتى گەپلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى. بىر قىسىم كىشىلەر «بايقۇشنىڭ يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بار ئىكەندۇق، ئاخشام ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ قاپتىكەن، ئايالى دوختۇرغا ئاپىرىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەپتۇ» دېسە، بەزىلەر «ئاخشام تويدا كۆپرەك ئىچىۋاپتىكەن، ئۇيقۇچىلىقتا دۈم يېتىپ قالغاچقا ياستۇق تۇمشۇقىغا كەپلىشىپ قېلىپ تۇنجۇقۇپ قاپتۇ» دېيىشەتتى، يەنە بەزىلەر «ئاخشام ئايالى بىلەن سەل تەرگىشىپ قاپتىكەن، ئاچچىقىغا پايلىماي كەيپچىلىكتە دورا ئىچىۋاپتۇ» دېيىشەتتى. ئەيتاۋۇر «ئۆلۈمنىڭ ئۈچ كۈن سۆز ـ چۆچىكى بولىدۇ» دېگەندەك، كىشىلەر ئارىسىدا ھەر قىسما گەپلەر بولۇۋاتاتتى.

بالىلارنىڭ دادىسىدىن تۇل قالغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان نەۋقىران ئوغلىنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا تۈگەپ كېتىشى زورىخان ئانىغا بەكلا ئېغىر كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ قوبۇل قىلىش تولىمۇ

تەس بولغان بۇ رېئاللىق ئالدىدا ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپ قويغان ئىدى. زورىخان ئانىنىڭ ئۆزىنى كاچاتلاپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاشلىرى، بىردەم ـ بىردەم ھوشسىزلىنىپ يىقىلىشلىرى پەتىچىلەرنىڭ ئۆپكىسىنى ئۆرۈپ، كۆزلىرىدىن مونچاق ـ مونچاق ياشلارنى ئاققۇزاتتى. ئىشقىلىپ، پەتىگە كەلگەن مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، زورىخان ئانىنىڭ يىغىسىغا قاراپ كۆز يېشى قىلمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. زورىخان ئانا باشقىلارنىڭ قايتا ـ قايتا بەزلىشى، سەۋر قىلىشقا ئۈندىشى بىلەن بىرەردەم پەسكويغا چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى ـ يۇ، ئوغلىنىڭ تۇنۇگۈن ئۆزىنى يوقلاپ بارغان چېغىدا قىلىشقان گەپلىرى، چۆچۈرىدەك ئۈچ بالىسىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ قايتا ـ قايتا ئەركىلىتىپ سۆيۈشلىرى، ئانىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلىپ قاراشلىرى، ئۆيدىن چىقىدىغان چېغىدا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئانىسىغا، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئوماق بالىلىرىغا قىيىمىغاندەك قاراشلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۆپكىسى ئۆرۈلەتتى ـ دە، «ئەركىلەپ يۈزلىرىمنى سىلىساڭ نېمانداق قىلىدىغاندۇ دەپتىمەنغۇ بالام، ئۈچ بالاڭنى باغرىڭغا بېسىپ يېنىش ـ يېنىش سۆيسەڭ چۈشەنمەپتىمەنغۇ بالام، بىردەم مۇڭدىشايلى ئانا دېسەڭ ‹تويۇڭغا ماڭ› دەپ قوغلاپتىمەنغۇ بالام! ئۆيدىن چىققۇچە تەلمۈرۈپ قارىشىڭدىنمۇ ھېچنېمىنى سەزمەپتىمەنغۇ بالام ! مۇشۇنداق بولۇشىنى كۆڭلۈڭ بۇرۇنلا تۇيغانىمىدى بالام ! ماڭا دەيدىغان گەپلىرىڭ ئۆزۈڭ بىلەن كەتتىمۇ بالام ! مېنى تاشلاپ دادامغا ھەمراھ بولاي دېگەنمىدىڭ بالام؟ ئاقىباش ئانامنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كېتىدۇ دېگەننى ئويلىمىغان بالام، ۋاي كۆز نۇرۇم بالام، ۋاي قوينىڭ قوزىسى بالام !» دەپ يىغلاپ كېتەتتى.

ئەمدىلا بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان غۇلامجان بىلەن ئۈچ ياشقا كىرەي دەپ قالغان شارايەت نېمە ئىش بولغانلىقىنى تازا

ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەچكە بىردە موممىسىنىڭ، بىردە موممىسىغا يانمۇيان ئولتۇرۇپ ئۇنسىز ياش تۆكۈۋاتقان ئاپىسىنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلاتتى، گاھىدا يۈزىگە ئاپپاق داكا يېپىپ قويۇلغان دادىسى ياتقان ئۆيگە كىرىپ، دادىسىنىڭ باش تەرىپىگە كىچىككىنە بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ كۆزلىرىنى ئاكىسى يارى ياۋاشنىڭ مېيىتىگە تىككىنىچە چوڭقۇر خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغان ئوبۇل قارامدىن «ئاكا، دادام نېمىشقا ئويغانمايدۇ؟ مومام بىلەن ئاپام نېمىشقا ئۇنداق يىغلايدۇ؟ نېمىشقا دادامنىڭ يۈزىنى يېپىپ قويدۇڭ؟ دادام بۈگۈن تويغا بارىمەن، ئەتە سىلەرنى باغچىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەي، شۇڭا موماڭلارنى قاقشاتماي مۇشۇ يەردە ئويناپ تۇرۇڭلار دېگەنىدىغۇ؟ سوراپ باققىنا، دادام بىزنى قاچان باغچىغا ئاپىرىدىكەن؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى. ئېغىزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان بۇ سەبىيلەرنىڭ توختىماي سورىغان سوئاللىرىدىن يۈرىكى يېرىلىپلا كېتەي دەپ قالغان ئوبۇل قارام بىر ـ بىرىدىن ئوماق، چۈچۈك تىل جىيەنلىرىنى باغرىغا باسقىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. كىچىكىدىنلا ئۆينىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئاپىسىنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقارمىغان، ئىككى قېرىندىشىنى باشقىلارنىڭ قوللىرىغا قاراتماي ئەتىۋارلاپ باققان قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، تىرىشچان، كۆيۈملۈك ئاكىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەختە ـ لەختە قىلماقتا ئىدى. ئۇ بۇ رېئاللىقنى دېگەندەك قوبۇل قىلالماي تۇرغاندا، جىيەنلىرىنىڭ تۈگىمەس سوئاللىرى ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىماقتا ئىدى. ئەمدىلا ئۈچ ياشنىڭ قارىسى ئالغان شاراپەت بولسا، كىچىككىنە پۇرۇچ قورچىقىنى كۆتۈرگىنىچە كىشىلەر ئارىسىدا قىسىلىپ ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. پەقەتلا يەتتە ياشتىن ئېشىپ ئاز ـ تولا ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپ قالغان تۇرغانجانلا تاغىسى

ئوبۇل قارام بىلەن بىللە دادىسىغا ھەمراھ بولغاچ، دادىسىنىڭ مۇزلاپ ياغاچتەك قېتىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سىلىغىنىچە ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى.

مېيىت نامىزى پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلدى. تۇرغانجان بىلەن غۇلامجان بېلىگە ئاق باغلاپ، بېشىغا قارا رەڭلىك كەپكە شەپكە كىيىۋالغان قارامتۇل، يۈزى سوزۇنچاقراق كەلگەن، بىر قاراشتا بىر كۆزى سەل ئالغايدەك كۆرۈنىدىغان تاغىسى ئوبۇل قارامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ماڭدى. كىچىككىنە تۇرۇپلا دادىسىز بولۇپ قالغان بۇ سەبىيلەرگە قاراپ، مېيىت نامىزىغا قاتناشقان جامائەتنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئەمدىلا قىرىق ئىككى ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان يارى ياۋاش ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرىنىڭ باغرىنى لەختە ـ لەختە قان قىلىپ، چۆچۈرىدەك ئۈچ بالىسىنى يېتىملىك ئازگىلىغا تاشلاپ قويۇپ پانىيدىن باقىيغا سەپەر قىلدى. مېيىتنى سۇغا ئېلىشتىن بۇرۇن، قانۇن دوختۇرلىرى كېلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى تەكشۈردى. ئۇلار مېيىتنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تەكشۈرۈش تەكلىپىنى بېرىۋىدى، زورىخان ئانا «بىز ھەممىمىز ئاللانىڭ بەندىسى، تۇغۇلۇشىمىزمۇ، ئۆلۈشىمىزمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، بالام ئاللاغا ياراپتىكەن ئېلىپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ تەكشۈرگەن بىلەنمۇ بەرىبىر تىرىلىپ قالمايدۇ، ياخشىسى مېيىتنى قىينىمايلى» دەپ رەت قىلدى. ئاخىرى قانۇن دوختۇرلىرى مېيىتنىڭ ئاغزىدىن چىققان قان ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈش، جان ئۈزۈش ئالدىدا كۆرۈنگەن ئالامەت — ئۆزگىرىشلەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق «يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلغان، نەپەس يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك ئۆپكە قىلدام تومۇرلىرى يېرىلغان» دېگەن دىياگنوزنى چىقاردى.

شۈنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئىغىزدىن ـ ئىغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ھېلىقى ئەپقاچتى گەپلەر ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما «توختىگۈلنىڭ خىزمىتى يوق، بۇ بىچارە ئۆچ بالىنى قانداقمۇ باقار، تەشكىل ئۇنىڭغا بىر كىشىلىك خىزمەت بېرەرمۇ؟» دېگەندەك تەشۋىشلەر ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بىر قىسىم قول ئىلكىدە بار قولۇم ـ قوشنا، تونۇش ـ بىلىشلەر مۈشۈ پۇرسەتتە ئۇلارغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياردەم قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرگەندى...

## بەشىنچى باب

# مېھىر تامغان يۈرەكلەر

ھەرقانچە قىلىپمۇ توختىتالمىغان ئۆكسۈشلىرىنى ئالالمىغان زورىخان ئانا ئاخىرى ئۈنى ئىزدەشتىن ۋاز كەچتى. ئانىسىنىڭ جېدىلىنى تولا قىلىپ زېرىككەن باللار يەنە جېدەل قىلىپ مومىسىنى بىسەرەمجان قىلىشنى خالىمىدىمۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ توختىتالمىغان ئىسسىقلىقى ئانىسىنىڭ بارلىقىنى ئۈنتۈپ قېلىشتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىككىنچىلەپ مومىسىنىڭ، تاغا - ھامملىرىنىڭ ئالدىدا ئاپىسىنىڭ گېپىنى قىلىشمايدىغان بولدى.

— تاتلىق قىزىم، — دېدى زورىخان ئانا قېرىنداش بىلەن ئاق قەغەزگە رەسىم سىزىپ ئويناۋاتقان شاراپەتنىڭ بېشىنى مېھىرلىك ئالىقانلىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — مەھەللىمىزدىكى بىر چوڭ داداش تۇگەپ كېتىپتۇ، مەن ئۆلۈم پەتىسىگە كىرىپ چىققۇچە ئۆيدە ئويناپ تۇرۇڭ، بولامدۇ؟ تونۇمايدىغان ئادەملەر ئىشىك چېكىپ قالسا ھەرگىز ئاچماڭ، ماقۇلمۇ؟!

— موما، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە چىقايچۇ، — دېدى ئەمدىلا بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان چۈچۈك تىللىق شاراپەت مومىسىنىڭ كۆزلىرىگە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ، — يالغۇز قالسام قورقىدىكەنمەن، موما، شۇڭا مەنمۇ بىللە چىقايچۇ، ماقۇلمۇ؟!

— ئوماق قىزىم، — دېدى زورىخان موماي ئۇنىڭ پېشانىسىگە مېھىر بىلەن سۆيۈپ قويۇپ، — توي بولغان بولسا سىزنى بىللە ئېلىپ چىققان بولسام بولاتتى، ئۆلۈم پەتىسىگە كىچىك بالىلار بارسا ياخشى بولمايدۇ، مەن بىردەمدىلا قايتىپ كېلىمەن، قىزىم، شۇڭا ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، بولامدۇ؟ ئاپپاق قىز دېگەن گەپ ئاڭلايدىغان، مەن ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ چىقىپ كېتىمەن، سىز رەسىمىڭىزنى سىزىپ بولغىچە مەنمۇ قايتىپ كېلىمەن.

شاراپەتنىڭ مومىسى بىلەن بىللە چىققۇسى بولسىمۇ، لېكىن مومىسىنىڭ يېلىنغاندەك قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشى بىلەن تەسلىكتە ماقۇل بولدى. زورىخان ئانا ئۇنىڭ قولىغا كەمپۈت، پىرەنىك دېگەندەك ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

بۇ سىېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ھېلىقى ئىسسىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— توۋا، — دېدى بويى پاكار، سېمىزرەك كەلگەن ئايال ئەتراپىدىكى ئاياللارغا قاراپ قويۇپ، — تېخى تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن كۆرگەنىدىم بۇ ئادەمنى، ئۆزى يالغۇز ئىشىك ئالدىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا رادىيو ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتىكەن، روھىي كەيپىياتىمۇ شۇنداق ياخشى ئىدى.

— ھازىر جاندىمۇ ئۇمىد قالمىغىلى تۇردى تىللاخان، — دېدى يەنە بىر ئايال، — رەھمەتلىك بىزنىڭ ئادەم بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىدى، بىزنىڭ ئادەم كېرىماخۇن مەندىن بىرنەچچە ياش كىچىك دەيدىغان، ھازىر بىزنىڭ ئادەم يەتمىش بەش ياشقا كەلدى، كېرىماخۇن بەك بولسا يەتمىشلەرگە كىرگەن بولغىيدى.

— يەتمىش ياش دېگەننى بەك چوڭ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى ياشقا چوڭراق يەنە بىر ئايال، — شۇ تاپتا مەنمۇ يەتمىشتىن ئاشتىم، ئەزرائىل قاچان كېلىپ ئىشىكىمنى چېكىپ قالاركىن دەپ ئەنسىرەپلا يۈرىمەن.

— ئاخشام ياتقان چاغدا ساق ئىكەنىدۇق، ئەتىگەن مەرەمنىساخان ئەزاندىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ بولىدىغان كېرىماخۇننىڭ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ قىمىرلىماي ياتقىنىنى كۆرۈپ «كېرىماخۇن، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى، تېزرەك ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ مەسچىتكە چىقىڭلار» دەپ، بىرقانچە قېتىم چاقىرسا ئۇ جىم ياتقۇدەك. سەل ئاچچىقى كەلگەن مەرەمنىساخان «نېمانداق قىلىدىغاندۇ بۇ ئادەم؟» دەپ غۇدۇرىغىنىچە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ئېڭىكى چۈشكەن هالدا ياتقۇدەك.

— ئاسان ئاغرىق، ئاسان ئۆلۈم دېگەن شۇ ـ دە، — دېدى زورىخان ئانا ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — رەھمەتلىك چۈمۈلە چاغلىق نەرسىگە ئازار بەرمەيدىغان، باشقىلارغا قاتتىقراق ئۈندىمۇ گەپ قىلمايدىغان ياۋاش ئادەم ئىدى، شۇڭا ئاللا ئالىدىغان ئامانىتىنى جاپا تارتقۇزمايلا ئاپتۇ، بىزگىمۇ ئاللا كېسەل كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ جېنىمىزنى قىينىۋەتمەي ئاشۇنداق ئاسان ئۆلۈم بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى.

— گەپنىغۇ شۇنداق دەيمىز، — دېدى زورىخان ئانىغا ياندىشىپ كېتىۋاتقان يەنە بىر ئايال، — بىراق رەھمەتلىكنىڭ مەرەمنىساخانغا ۋە بالىلىرىغا دەيدىغان گەپلىرىمۇ بار بولغىيدى، ئۆلگەنلەرنىغۇ ئۆلدى كەتتى دەيدىكەنمىز، لېكىن تىرىكلەر «دەيدىغان قانداق گېپى بار بولغىيدى، هېچبولمىغاندا رازىلىقىنى ئېلىۋالساق بولاتتىغۇ» دەپ بىر ئۆمۈر ئارماندا ئۆتىدىغان گەپ ئىكەن. مېنىڭ ئانامۇ ئۇخلىغان پېتىچە بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالغان، گەرچە ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە هازىر يىگىرمە يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئاشۇلارنى ئويلىسام ئىچىم ئاچچىق بولۇپ ئازابلىنىمەن.

— ئادەمغۇ بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يەتمەيلا ئۆتۈپ كېتىدىغان گەپ ئىكەن، — دېدى يەنە بىر ئايال ئېغىر خورسىنىپ، — بىزنىڭ ئادەممۇ ئەمدى تېخى بالىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ تويىنى قىلايلى دېگەندە تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى، هېچبولمىغاندا

يەنە بەش يىل ئۆمۈر كۆرەلىگەن بولسا تۇنجى نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ بىر ئاخشام بىللە يېتىۋالغان بولاتتى. ئۆلۈم دېگەن ياش ـ قېرىغا باقمايدىكەن، بىزنىڭ ئادەم تۈگەپ كەتكەندە ئەمدىلا ئەللىك ياشقا كىرگەنىدى.

زورىخان ئانىنىڭ يادىغا ياشلا كېتىپ قالغان ئوغلى يارى ياۋاش كېلىۋېلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۇ كۆز ياشلىرىنى يېنىدىكىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك دەرھاللا بېشىدىكى ئاق داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن قاراقلىرىنى توسۇۋالغان ياشنى پەم بىلەن سۈرتۈۋەتتى.

مەھەللىدىكى بىر توپ ئاياللار ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىشىپ مەرھۇم كېرىماخۇننىڭ مەھەللىسىگە كەلدى، ئىشىك ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك، ياش ـ قېرىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بار ئىدى.

زورىخان ئانىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىدە ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ، مېيىت ئىگىلىرىگە ئاز ـ تولا تەسەللى بېرىپ قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزگۈسى بولسىمۇ، لېكىن ئۆيدە يالغۇز قالغان ئوماق نەۋرىسى شاراپەتتىن ئەنسىرەپ ھازىدارلاردىن كەچۈرۈم سوراپ ئالدىراپ ـ تېنەپ يېنىپ چىقتى.

زورىخان ئانا ئۆيگە كىرگەندە ئۆي ئىچى ئادەم يوقتەكلا تىمتاس ئىدى، ئۇ «شاراپەت تالاغا چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ يۈرىكى «قارت» ئىدە قىلىپ كەتتى. يېقىنقى يىللاردا شەھەر، يېزىلاردا ئادەم بېدىكلىرى كۆپىيىپ قالغان بولۇپ، كىچىك بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ كېتىدىغان ئىشلار بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. شۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن زورىخان ئانا ئۇچىسىدىكى چاپىنىنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئالدىراپ ـ تېنەپ بايا شاراپەت ئويناپ قالغان ئۆيگە كىردى ـ دە، سېمونت يەرگە مەيدىسىنى ياققىنىچە ئۇخلاپ قالغان نەۋرىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. زورىخان ئانا چاپىنىنى، ئۇزۇن قونچلۇق

مەسسىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان كالىچىنى سىلىپ جاي ـ جايىغا قويغاندىن كېيىن «ماۋۇ بالىنىڭ ياتقان يېرىنى قارىمامدىغان، سوغۇق سېمونتقا مەيدىسىنى يېقىپ ياتقۇچە كارىۋىتىغا چىقىپ ياتسا بولماسمىدى» دەپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە كېلىپ ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئالدى ـ دە، بىر پارچە ئاق قەغەزگە سىزىلغان رەسىمنى كۆرۈپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ، چاناقلىرىدا دەماللىققا ياش ئەگىدى.

شاراپەت قەغەزگە چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان، ئۇچىسىغا ئۇزۇن گۇللۇك كۆڭلەك كىيگەن ياش بىر ئايالنىڭ رەسىمىنى سىزغان بولۇپ، رەسىمدىكى ئاشۇ ئايالنى ئانىسىغا ئوخشاتقان شاراپەت رەسىمگە مەيدىسىنى ياققىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى. نەۋرىسىنىڭ ئانىسىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئۇنىڭغا مەيدىسىنى يېقىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغىنىدىن ئۇنىڭ ئانىسىنى سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلغان زورىخان ئانا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. مومىسىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەن شاراپەت سەبىي كۆزلىرىنى مومىسىغا ھەيرانلىق بىلەن تىكتى.

— نېمىشقا يىغلايسىز موما؟ — دېدى شاراپەت بۇدرۇققىنا كەلگەن قوللىرى بىلەن مومىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — كىم سىزنى خاپا قىلدى؟

— ھېچكىم خاپا قىلمىدى، قىزىم، — دېدى زورىخان ئانا يىغىدىن ئۆزىنى ئاران دېگەندە توختىتىپ، نەۋرىسىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن يۇزىگە سۆيۈپ قويۇپ، — كىمنىڭ رەسىمىنى سىزدىڭىز، قىزىم؟

— ئاپامنىڭ، — دېدى شاراپەت مەيۇس ئاۋازدا، — ئاپام نەگە كەتتى موما؟ نېمىشقا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەيدۇ؟ ھەممە بالىلارنىڭ دادىسى، ئاپىسى بار ئىكەن، مېنىڭ نېمىشقا داداممۇ، ئاپاممۇ يوق؟

نەۋرىسىنىڭ سوئاللىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي

قالغان زورىخان ئانىنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى، نەۋرىلىرىنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى ئاز دېگەندەك، بالىلارنىڭ ئانىسى بولغان توختىگۈلنىڭمۇ ئۆلارنى ئۆزىگە تاشلاپ قويۇپ ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كەتكىنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ هار كەلگەندى. ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىدا ئۆزىگە كېيىك بالىسىدەك تەلمۈرۈپ تۇرغان ئوماق نەۋرىسىگە قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتاتتى.

خېلى ۋاقىتتىن بۇيان ئاپىسىنىڭ كېپىنى قىلمايدىغان بولغان شاراپەتنىڭ بۈگۈنكى قىلىقى زورىخان ئانىنىڭ يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئازابلىدى، بىچارە موماي بۇ بىتەلەي نەۋرىسىنى باغرىغا مەهكەم بېسىپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ، چاچلىرىنى هىدلىدى.

توختىگۈل ئۇن ـ تىنسىز غايىب بولۇپ ئارىدىن ئىككى يىلچە ئۆتكەندە، بىر ئوبدان تۇرۇۋاتقان زورىخان ئانا زۇكام تەگكەن باهانە بىلەن بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالدى. بۇ ئەتىياز مەزگىلى بولغاچقا، هە دېگەندىلا قەرەلسىز چىقىپ تۇرىدىغان قاتتىق بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن تاش ـ شېغىللارنى ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە زەرب بىلەن ئۇرۇپ كىشىلەرنى بىئارام قىلىۋېتەتتى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئىچىۋاتقان دورا، ئۇرۇۋاتقان ئوكۇللار زورىخان ئانىغا مەنپەئەت قىلمىدىغاندەك قىلمايتتى. بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى زورىخان ئانىنىڭ يالغۇز قىزى هاۋاگۈل بىلەن يولدىشى بەختىيار، ئىككى بالىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالغاچ مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى. كېچە سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا زورىخان ئانىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ تېخىمۇ بىئارام بولۇشقا باشلىدى، مەيدىسىگە تاش بېسىپ قويغاندەك نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، تېنى بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ هەر قېتىم يۆتەلگەندە مەيدىسى غىژىلداپ، بېشى هازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلاتتى.

هاۋاگۇل باللارنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولۇپ، زورىخان ئانىنىڭ مۇشۇ بىرلا قىزى بار ئىدى. هاۋاگۇل ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق كەلگەن، ئىككى مەڭزى خۇددى ئەڭلىك سۇرۇۋالغاندەك قىزىرىپ تۇرىدىغان ئايال بولۇپ، ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدىغان سارغۇچ چېچى تېقىمىغا چۈشۈپ تۇراتتى.

— مەن ساقىيالمايدىغاندەك قىلىمەن، — دېدى كۆزلىرى بارغانچە ئېلىشىپ كېتىۋاتقان زورىخان ئانا يېنىدا پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان كۈيئوغلى بەختىيار بىلەن قىزى هاۋاگۇلگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ، — ئۇبۇلدىنىڭغۇ ئارتۇق غەم يېمەيمەن، چۈنكى ئۇ هازىر ئۆزىنىڭ هۆددىسىدىن ئۆزى چىقىپ كېتەلەيدۇ، ۋاقتى - سائىتى كېلىپ ئۆيلىنىمەن دېسە ئىككىڭلار باش بولۇپ ئۆيلەپ قويساڭلارلا بولدى. مېنىڭ غەم يەيدىغىنىم ئاكاڭلارنىڭ مۇشۇ ئۈچ بالىسى، ئۇلار تېخى كىچىك تۇرۇپلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغاننى ئاز دەپ ئاپىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى، مانا هازىر ئىككى يىلچە بولدى ئاپىسىنىڭ نەدە يۈرۈۋاتقىنىنىمۇ بىلمەيمىز، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بار - يوقلۇقىمۇ نامەلۇم. ئالىمادىس ماڭا قارايدىغان قەدىر يېتىپ قالسا مۇشۇ ئۈچ بالىنىڭ ئېغىر يۈكى ئىككىڭلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدىغان بولدى، ئالدا ماڭا يەنە بىرقانچە يىل ئۆمۈر بەرگەن بولسىغۇ بۇ باللارنىڭ هەممىسىنى قاتارغا قوشالمىساممۇ تۇرغانجاننى بولسىمۇ قاتارغا قوشۇۋالار ئىدىم، هازىرقى ئەهۋالىمدىن قارىغاندا ئۆمرۈم بۇنىڭغا يار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ.

يۆقىرىقى گەپلەرنى دەپ بولغىچە نەپىسى بوغۇلۇپ ئارانلا قالغان زورىخان ئانا كۆزلىرىنى مەهكەم يۇمدى، چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ ئاپپاق ياستۇق ئۈستىگە دومىلاپ چۈشتى.

— چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز، — دېدى هاۋاگۇل زورىخان ئانىنىڭ قىزىپ ئوت بولۇپ كەتكەن قولىنى ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، — بىز ئۈچۈن، نەۋرىلىرىڭىز

ئۇچۇن بولسىمۇ ياشىشىڭىز كېرەك، شۇڭا باشقىچە ئويلاردا بولماي غەيرەتلىكرەك بولۇڭ جېنىم ئاپا!

— يەيدىغان رىزقىم تۈگىگەندەك قىلىدۇ، — دېدى زورىخان ئانا كۆزىنى ئاران دېگەندە يېرىم ئېچىپ، — ئۆلۈم دېگەن كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ، قىزىم، مەن ھەرقانچە ياشايمەن دېگەنبىلەنمۇ يەيدىغان رىزقىم تۈگىسە ياراتقان ئالالانىڭ دەرگاھىغا كەتمەي ئىلاجىم يوق، بۇ ھەرگىزمۇ بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، بالام.

ھاۋاگۇل ئاپىسىنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويغان تېرمومېتىرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى، زورىخان ئانىنىڭ قىزىتمىسى ئوتتۇز توققۇز گىرادۇسقا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تىنىقلىرىدىنمۇ كۆچلۈك ئوت تەپتى كېلىپ تۇراتتى.

— جاھىللىق قىلمىغان بولسىلىرى دوختۇرخانىغا ئاپارغان بولساق بوپتىكەن، ئاپا، — دېدى بەختىيار ھاۋاگۇلنىڭ قولىدىكى تېرمومېتىرنى قولىغا ئېلىپ قارىۋېتىپ، — بولمىسا دوختۇر ماشىنىسىغا تېلېفون قىلايلى، تېلېفون قىلساق دوختۇر ماشىنىسى بىردەمدىلا يېتىپ كېلىدۇ.

— رەھمەت بالام، — دېدى زورىخان ئانا ئۆزىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرغان كۈيۈئوغلىغا قاراپ بىلىنمەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويۇپ، — ئەمدى دوختۇرلارنىمۇ ئاۋارە قىلماي، بالام. دوختۇرنىڭ ئوكۇلىنى ئۇرغۇزۇپ، دورىسىنى ئىچىۋاتقىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولدى، ھېچبىر پايدىسىنى كۆرمىدىم، ھازىر بارغان بىلەنمۇ يەنە شۇ دورا ـ ئوكۇللارنى بېرىدۇ، رىزقىم توشقان بولسا زەمزەم سۈيىدىن ياسالغان ئۆلمەسنىڭ دورىسىنى يېگەن بىلەنمۇ بەرىبىر.

قىزى بىلەن كۈيۈئوغلىنىڭ يېنىلىپ ـ يالۋۇرۇپ دېگەن گەپلىرى زورىخان ئانىغا زادىلا كار قىلمىدى. ھاياتىدا دوختۇرخانىغا تۈزۈكرەكمۇ كۆرۈنۈپ باقمىغان زورىخان ئانا دوختۇرلارنىڭ كەكرىدەك ئاچچىق دورىسىنى بىرنەچچە كۈن

ئىچىپلا زېرىككەن، دورا ـ ئوكۇللار پايدا قىلمىغاچقا ئۈمىدسىزلىنىپ قالغانىدى.

بىرھەپتە ئىلىك ـ سىلىك يۈرۈپ، ئۈچ كۈن ئورۇن تۇتۇپ ياتقان زورىخان ئانا، شۇ كۈنى كەچ سائەت ئون بىرلەر ئەتراپىدا جاھاننىڭ بارلىق رىياللىرىنى تىرىكلەرگە قالدۇرۇپ قويۇپ يەتمىش ئىككى يېشىدا پانىيدىن باقىيغا سەپەر قىلدى. ئۇ جان ئۈزىدىغان چېغىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بەش نەۋرىسىنى ئويغىتىپ ئەكەلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە بىرمۇبىر سۆيۈپ چىقتى، ئاندىن ئۇلارغا ياخشى ئادەم بولۇش توغرىسىدا بىر تالاي نەسىھەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى.

بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل ئاپىسىنىڭ قىرىق نەزىرىنى بېرىپ بولغىچە مۇشۇ ئۆيدە تۇردى. نەزىر كۈنى ئۇلار يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ، نەزىر زالىنى تازىلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆيگە كەلگۈچە نامازشام مەزگىلى بولۇپ قالغانىدى. ھاۋاگۈل باللارنىڭ كەچلىك تامىقىنى بېرىۋېتىپ، ئۇلارنى تاپشۇرۇق ئىشلەشكە بۇيرۇدى ـ دە، ئېرى بەختىيار بىلەن دېيىشىۋالغىنى بويىچە ئىنىسى ئوبۇلنى ياندىكى ئۆيگە چاقىرىپ كىردى.

ـــ سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، ئۇكام، ـــ دېدى ھاۋاگۈل مۇلايىملىق بىلەن، ـــ ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئەھۋالىنى ساڭا دېمىسەممۇ ئوبدان بىلىسەن، بىزنىڭ ئۇ ئۆيىمىزنى بۇ ئۆيگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كىچىك، بۇرۇن ئىككى بالا بىلەن سىغقان بولساق بۇنىڭدىن كېيىن بەش بالا بىلەن ئۇ ئالىقانچىلىك ئۆيگە سىغىشىمىز تەس، شۇڭا بۇ ئۆيگە بىز كۆچۈپ كېلىپ باللارغا قارىساق، سەن يالغۇز جان بولغاندىكىن بىزنىڭ ئۆيىمىزگە بېرىپ تۇرساڭ. ئاپام رەھمەتلىكمۇ جان ئۈزىدىغان چاغدا ئاكىمىزنىڭ بۇ ئۈچ بالىسىنى ئاكاڭ ئىككىمىزگە تاپشۇردى، ئاپام تاپشۇرمىغان

تەقدىردىمۇ ئۇلارنى بېقىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار، ئۇكام، شۇڭا مۇشۇ ئىشتا سېنىڭ پىكرىڭنى ئېلىپ باقايلى دېگەن، سەن قانداق قارايسەن؟

ئوبۇل قارامنىڭ مىجەزى ئىتتىك، تەلۋىرەك بولغىنى بىلەن خېلى كەڭ قورساق، ئۇرۇق - تۇغقانغا كۆيۈمچان يىگىت ئىدى. ئاچىسىنىڭ سۆزلىرىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىغان ئوبۇل قارام ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

— دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق، ئاچا، — دېدى ئۇ ئاچىسىنىڭ كۆزىگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — دېمىسىمۇ مەن ئۆيلەنمىگەن بويتاق ئادەم ئۇچ ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ سىلەرنىڭ كىچىككىنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە قىسىلىپ ئولتۇرۇشىڭلارنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىشقا بىر چىقىپ كەتسەم ئاشۇ بىپايان چۆل - جەزىرىدىن قانچە كۈندە قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، شۇنداق بولغاندىكىن بۇ جىيەنلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، سەن مەيدەڭگە ئۇرۇپ بۇ باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن دەۋاتساڭ مەن بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ مۇشۇ ئۆيىنىڭ مەرىدىن كېچەلمەسمەنمۇ؟!

ئىنىسىنىڭ تېرناق تاتىلاپ ئولتۇرمايلا مۇنداق كەسكىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ھاۋاگۈل بىلەن بەختىيار ئۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى.

ئەتىسى بەختىيار ئىدارىسىدىن كوزۇپلۇق ماشىنىدىن بىرنى ئەكېلىپ ئۆيدىكى بىر قىسىم لازىمەتلىكلەرنى كۆچۈرۈپ كەلدى، ئوبۇلمۇ ئۆزىگە لازىم بولىدىغان بىر قىسىم نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەتتى.

زورىخان ئانىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن بەش باللىق بولۇپ قالغان بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈلنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە زىممىسىدىكى يۈكى خېلىلا ئېغىرلاپ قالدى، ئىلگىرى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ مائاشى كەڭ - كۇشادە يەتكەن بولسا

ئەمدىلىكتە ئاياپ خەجلىمىسە يەتمەيدىغان، ئايدىن ـ ئايغا ئارانلا ئۆلىشىدىغان بولۇپ قالدى. توي ـ تۆكۈن كۆپرەك بولۇپ قالغان ئايلاردا ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئايلىق مائاشىنى يەتكۈزەلمەي قالىدىغان ھاۋاگۇل ئىلگىرى بانكىغا ئامانەتكە قويۇپ قويغان پۇللارنى ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولاتتى.

— قۇربان ھېيت يېقىنلاپ قېلىۋاتىدۇ، — دېدى باللارنىڭ كەچلىك تامىقىنى بېرىپ بولۇپ قازان ـ قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغان ھاۋاگۇل تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان بەختىيارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — سىزنىڭمۇ توي ـ تۆكۈنلەردە كىيگۈدەك تۈزۈكرەك كىيىمىڭىز قالماپتۇ، ھېيتنىڭ باھانىسىدە بىرەر قۇر كىيىم ئېلىۋالسىڭىز بولاتتى، باللارغىمۇ بىرەر قۇردىن ھېيتلىق كىيىم قىلىپ بەرمىسەك كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالار.

— مېنىڭ غېمىمنى قىلماي باللارنىڭ غېمىنى قىلغىنا خوتۇن، — دېدى بەختىيار ئەمدىلا ئوراپ بولغان موخوركىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، — مەن كىيسەممۇ ـ كىيمىسەممۇ كۈنۈم ئۆتۈۋېرىدۇ، كونا بولسىمۇ پاكىز يۇيۇپ دەزماللاپ بەرسەڭلا بولدى، لېكىن باللارغا ھېيتلىق كىيىم قىلىپ بەرمىسەك بولمايدۇ، ئۆزىمىزنىڭ بالىلىرىنىڭ ئاددىي ـ ساددا بولۇپ قالسىمۇ مەيلى، لېكىن بۇ ئۈچ بالىغا كىيىم ئالغاندا ياخشىراقنى تالالاپ ئالغىن! ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنى يېتىمدەك ھېس قىلىپ قالمىسۇن. ناۋادا بۇ باللارنىڭ كۆزىدىن بىر تېمىم ياش چىقىپ قالسا رەھمەتلىك ئانىمىز بىلەن يارى ئاكىمىز گۆرىدە تىك ئولتۇرىدۇ، بەك مۇھىم بولمىسا بۇ يىلچە سەنمۇ تۇرۇپ تۇرارسەن.

بەختىيار بۇ ئۈچ بالىنى يېنىغا ئەكېلىۋالغاندىن باشلاپ ئىلگىرىكىدەك ئۇدۇل كەلگەن ئولتۇرۇش، دوستلار ئۇچرىشىشىغا ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلىپ كۆپ بارمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئائىلە ئىقتىسادىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىلگىرى

ھەربىر قېپىنى ئۈچ ـ تۆت يۈەندىن ئېلىپ چېكىدىغان تاماكىنىڭ ئورنىغا بىر قېپىنى ئەللىك تىيىندىن ساتىدىغان قاپلىق موخوركا چېكىدىغان بولغانىدى، مۇنداق قىلغاندا ئۇ خېلى كۆپ پۇلنى ئىقتىساد قىلالايتتى.

قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى يېڭى كىيىملەرنى كۆرۈپ ئېغىزلىرى قۇلىقىغا يەتكەن بالىلار كىيىملەرنى كىيىشىپ ئۆي ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان مودېل مېڭىشقا باشلىدى. ھاۋاگۇل تۇرغانجان، غۇلامجان ۋە ئۆز ئوغلى ئەمرۇللاغا ئوخشاش رەڭ، ئوخشاش پاسوندىكى ئىشتان ـ چاپان، قارا رەڭلىك خۇرۇم ئاياغ ئالغان بولۇپ، شاراپەت بىلەن ئۆزىنىڭ قىزى رەناگۇلگە قىزىل رەڭلىك باسنوشكا بىلەن كېپىنەك شەكىللىك بەلبېغى بار ئۇششاق گۈللۈك كۆڭلەك ئالغانىدى. كىيىملەر بالىلارغا ئۆلچەپ تىككەندەكلا ياراشقان بولۇپ، ئۇلار تىكلىمە ئەينەك ئالدىدىن كېتەلمەيلا قېلىشتى.

شاراپەت بىلەن رەناگۇل بىر يىلدا تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شاراپەت رەناگۇلدىن بىرقانچە ئايلىق چوڭ ئىدى. ئۇلار ئاكا ـ سىڭىلنىڭ بالىلىرى بولغاچقىمۇ بوي ـ تۇرقى، ئورۇق ـ سېمىزلىكلا ئەمەس، بەلكى چىرايلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنى تونۇمايدىغان كىشىلەر بىر قاراشتىلا قوشكېزەكمىكىن دېيىشىپ قالاتتى.

ئون بىر ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان تۇرغانجان ئۇكىلىرىنى ياندىكى ئۆيگە چاقىردى.

— ئۇكىلىرىم، — دېدى تۇرغانجان ئۇلارغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، — دادام بىلەن ئاپام بىزگە شۇنداق چىرايلىق ھېيتلىق كىيىملەرنى ئاپتۇ، كىيىملەرنى كىيىپ ھەممىمىز خوش بولدۇق، شۇنداقمۇ؟ — بالىلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا «شۇنداق» دەپ توۋلاشتى، — دېمەك، دادام بىلەن ئاپام بىزنى خۇش بولسۇن دەپ بىزگە ھېيتلىق كىيىم ئېلىپ بېرىپتۇ، لېكىن ئۆزلىرىگە ئالماپتۇ، نېمىشقا دەپ سورىساڭلار تونۇگۇن

ئاپامنىڭ دادامغا «سىزنىڭ مۇشۇ كىيىمىڭىزنى يۇيۇپ دەزماللاپ بېرەيمۇ؟ باشقىسىغا قارىغاندا مۇشۇ يېڭىراقتەك تۇرىدۇ» دېگىنىنى، دادامنىڭ بولسا «قايسى بولسا بولىۋېرىدۇ ئانىسى، ئۇچ كۇنلۇك ھېيت دېگەن ھەش ـ پەش دېگۇچىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم، دادام يەنە ئاپامغا نېمە دېدى دېمەمسىلەر؟ «باللارغا كىيىم ئالغىلى چىققاندا ئىككىمىزگە بىر جۇپتىن پايپاق ئالغاچ كەلسەڭ بولار، باشقىنى كىيىمسەكمۇ ھېيتنىڭ يارىشىقى ئۇچۇن پايپاق بولسىمۇ كىيىپ قويايلى» دېدى.

ــ دادام بىلەن ئاپام نېمىشقا ئۆزلىرىگە يېڭى كىيىم ئالمايدىكەن؟ ــ دېدى شاراپەت ھەيران بولغان ھالدا سەبىي كۆزلىرىنى ئاكىسىغا تىكىپ.

ــ ئۇكام، ــ دېدى تۇرغانجان شاراپەتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، ــ دادام بىلەن ئاپامنىڭمۇ ئەلۋەتتە يېڭى كىيىم كىيگۇسى بار، بىراق ئۇيەدە كۆپ پۇل بولمىغاچقا بىزگە ھېيتلىق كىيىم ئېلىپ ئۆزلىرىگە ئالمىغان گەپ، ئەمدى بىلدىڭلارمۇ؟

باللار بىلدۇق دېگەن مەنىدە يېنىك باش لىڭشىتىشتى. ئۇلارنىڭ بايىقى خۇشاللىقلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن بولۇپ، سەبىيلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىرخىل خىجىللىق ھەم چەكسىز قايىللىق ئەكس ئېتەتتى.

ــ مەن سىلەرگە دەي، ــ دېدى تۇرغانجان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ ھازىر بىز بەشىمىز قاتار تىزىلىپ چىقىپ دادىمىز بىلەن ئاپىمىزغا تەڭلا رەھمەت ئېيتساق قانداق؟ بىز مۇشۇنداق قىلساق ئۇلار چوقۇم بىزدىن خۇشال بولىدۇ.

باللار ئاكىسىنىڭ سۆزىگە بىردەك قوشۇلدى ـ دە، ياش پەرقى بويىچە ئاكىسىنىڭ كەينىگە قاتار تىزىلدى، ئۇلار سافادا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ئوڭ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويغىنىچە:

«دادا، ئاپا، رەھمەت سىلەرگە !» دېگىنىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. بۇنىڭدىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولغان بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇل ئۆلارنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە يۈزلىرىگە، پېشانىلىرىگە سۆيۈپ كېتىشتى. باللىرىنىڭ يېشىغا باققاندا ئەقلىنىڭ تېز يېتىلگەنلىكىدىن دىلى سۆيۈنگەن بەختىيار كۆز چاناقلىرىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ياشلىرىنى كونترول قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى، ھاۋاگۇلمۇ «ئىنسابىڭلارغا رەھمەت، باللىرىم» دېگىنىچە ئۆكسۈپ ـ ئۆسۈپ يىغلاپ كەتتى.

زورىخان ئانىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىلدىن ئېشىپ قالدى. باللارمۇ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك چوڭ بولۇپ، زورىخان ئانا كۆز يۇمغاندا يەتتە ياشقا كىرەي دەپ قالغان شاراپەت بىلەن رەناگۇل مانا ھازىر باشلانغۇچنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. تۇرغانجانمۇ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان بولۇپ، تولۇقسىزنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىقىش ئالدىدا ئىدى.

— ئاڭلىسام ئاپاڭلارنى قايتىپ كەپتۇ دەيدۇ، باللىرىم، — دېدى بەختىيار تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ ئەمدىلا بىكار بولغان باللارنى يېنىغا چاقىرىپ، — ئەتە يەكشەنبە بولغاندىكىن بېرىپ ئاپاڭلارنى يوقلاپ كەلسەڭلار بولارمىكىن؟!

دادىسى بىلەن ئاپىسىدىن تەڭلا ئايرىلىپ بەختىيارنى «دادا، ئاپا» دەپ چوڭ بولغان باللار دادىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ بولالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. دادىسىنىڭ ئۆزىگە مەنىلىك بېقىشىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولغان تۇرغانجان ئىنى ـ سىڭىللىرىغا لەپپىدە بىر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— بىزنىڭ سىلەردىن باشقا ئاتا ـ ئانىمىز يوق، سىلەر بارلىق ئاتا ـ ئانىلىق مېھرىڭلارنى بىزگە بېرىپ كېلىۋاتىسىلەر، بىزنى دەپ نۇرغۇن جاپالارنى چەكتىڭلار،

سىلەرنى دادا ـ ئاپا دەپ ئۆگەنگەن تىلىمىز ئىككىنچى بىر ئادەمنى چاقىرىشقا كۆنەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇ بىزنى بالام دەپ قارىسا ئالدىمىزغا كەلسۇن، سىلەرنىڭ بىزگە سىڭدۇرگەن ئەجرىڭلارنىڭ ھەققىنى تۆلىسۇن، بولمىسا بىز ئۇنىڭ ئالدىغا ھەرگىز بارمايمىز !

— ئۇنداق دېمە، بالام، — دېدى ھاۋاگۇل كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، — ئۇ مەيلى سىلەرنى باققان ياكى باقمىغان بولسۇن يەنىلا سىلەرنىڭ ئۆز ئاپاڭلار. بۇ دۇنيادا ئازمايدىغان بەندە يوق، بالام. ئۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ سىلەرنى تاشلىۋېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىدە يەنىلا سىلەرنى ئويلايدۇ، سىلەرنى سېغىنىدۇ، ئۇ سىلەرنى ئىزدەپ كەلمىگەن تەقدىردىمۇ سىلەر ئۇنى ئىزدەپ بېرىشىڭلار كېرەك، شۇڭا ئەتىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىڭلاردىن پايدىلىنىپ ئۇكىلىرىڭنى ئېلىپ ئاپاڭنى يوقلاپ كەلگىن ! سىلەر ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ بارمىساڭلار، ئۇ «بالىلىرىمنىڭ مېنى يوقلاپ كەلگۈسى بولسىمۇ بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇل ئەۋەتمىگەن ئوخشايدۇ، بولمىسا بالىلىرىم ئالىلىقاچان مېنى ئىزدەپ كېلەتتى» دەپ، ھەممە گۇناھنى بىزگە ئارتىپ قويۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئەتە چوقۇم بېرىپ كەلمىسەڭلار بولمايدۇ، بالام!

تۇرغانجاننىڭ «ياق» دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتكىسى بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن مېھرىنى ئۆزلىرىگە بېرىپ كېلىۋاتقان مېھنەتكەش دادىسى ۋە مېھرىبان ئاپىسىنىڭ گېپىنى رەت قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى بولغاي، خالىمىغان ھالدا بېشىنى بوشقىنا لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئاكىسىنىڭ ئىرادىسىزلىكىگە قاراپ سەل نارازى بولغان غۇلامجان بىلەن شارابەت ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— بارسا ئىككى ئاكام بارسۇن، مەن بارمايمەن، — دېدى شارابەت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ، — مېنى بۇرۇندىنلا مومام

باققان، مەن بارغىنىم بىلەنمۇ ئۇ ئانچە خۇش بولۇپ كەتمەيدۇ، ماڭا قارىغاندا ئىككى ئاكامغا بەكرەك ئامراق، شۇڭا ئۇلار بارسۇن !

— گېپىڭىز قامالاشمىدى، قىزىم، — دېدى بەختىيار شارايەتنىڭ بۇرنىنى بوشقىنا چىمداپ قويۇپ، — خۇددى ئاپىڭىز بىلەن ئىككىمىز بەشىڭلارنى ئوخشاش ياخشى كۆرگەندەك ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا ھەممە بالىسىنى ئوخشاش ياخشى كۆرىدۇ، بىر بالىسىنى ياخشى كۆرۈپ يەنە بىر بالىسىنى يامان كۆرىدىغان ئىش بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ مۇنداق گەپ قىلماڭ، بولامدۇ؟

شارايەت دادىسىنىڭ سۆزىگە دېگەندەك قايىل بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى چوڭ ئاكىسى تۇرغانجاننىڭ بوشقىنا نوقۇپ قويۇشىدىن ھوشىنى تاپتىمۇ جىم بولۇپ قالدى.

ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغان بالىلار ناشتىلىقنى قىلىۋالغاندىن كېيىن، دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ قايتا ـ قايتا زورلىشى بىلەن بېشىنى باغلاپ سۆرىگەندەك مىڭ تەستە ئۆيدىن چىقتى. ئەمرۇللا بىلەن رەناگۇل «بىزمۇ بىللە بارىمىز» دەپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆيگە بارغۇچە يېڭىدىن ياسىلىپ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن خەلق مەيدانىدىن ئۆتەتتى.

— ئاكا، مۇشۇ يەردە بىردەم ئويناپ ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېتەيلىچۇ، راست گەپنى قىلسام مېنىڭ ئۇ يەرگە زادىلا بارغۇم يوق، — دېدى غۇلامجان ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقان ئاكىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— بارمىغىنىمىزنى دادام بىلەن ئاپام ئۇقۇپ قالسا خاپا بولىدۇ، — دېدى تۇرغانجان ئۇكىلىرىغا تەكشى قاراپ، — ياخشىسى بېرىپ باقايلى، ئۇ ئۆيدە بولسا كۆرۈشۈپ كېلەرمىز، تەلىيىمىزگە ئۆيدە يوق بولۇپ قالسا تېخى ياخشى.

— ئۇنىڭدىن كۆرە بارساق ئۆيدە يوق ئىكەن، ئىشىكنى ئۇرساق ئاچمىدى دېسەكلا بولمىدىمۇ، — دېدى غۇلامجان سەل نارازى بولۇپ، — بەربىر بارغىنىمىز بىلەنمۇ ئۇ بىزنى ئانچە قارشى ئېلىپ كەتمەيدۇ، بىزنى ئۇرغان ھېلىقى ئادەمنى پەقەتلا كۆرگۈم يوق.

تۇرغانجان سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئەمرۇللا بىلەن رەناگۈلگە قاراپ قويدى. ئاكىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق بىر خىيالدا قاراۋاتقانلىقىنى دەماللىققا چۈشەنگەن ئەمرۇللا بىلەن رەناگۈلنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

— ئاكا، سەن ئۇكام ئىككىمىزنى دادام بىلەن ئاپامغا چېقىشتۇرۇپ قويىدۇ دەپ ئەنسىرەۋاتامسەن؟ — دېدى ئەمرۇللا نارازى بولۇپ، — كىچىككىمىزدىن بىر ئۆيدە چوڭ بولغان تۇرۇقلۇق بىزگە تېخىچىلا ئىشەنمەيدىكەنسەن - دە؟ بىزگە ئىشەنمىگەن بولساڭ بولدى بىز كېتەيلى، بارامسىلەر - بارمامسىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى.

ئەمرۇللا شۇنداق دېدى - دە، رەناگۈلنىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭدى. ئەمرۇللا بىلەن رەناگۈلنى رەنجىتىپ قويغىنىنى سەزگەن تۇرغانجان دەرھال كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— خاپا بولما، ئۇكام، — دېدى تۇرغانجان ھىجىيىپ تۇرۇپ، — مەن سىلەرگە ئىشەنمىسەم كىمگە ئىشىنىمەن، دادام بىلەن ئاپام بەكرەك سوراپ قالسا سىلەرنى دەپ سالارمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم شۇ، سىلەر دېمەيدىغانغا ۋەدە بەرسەڭلار مۇشۇ يەردە بىردەم ئويناپ ئاندىن قايتايلى، مېنىڭمىغۇ زادىلا بارغۇم يوق، لېكىن دادام - ئاپاملار بىلىپ قالسا رەنجىپ كېتەمدىكىن دەيمەن.

ئەمرۇللا تۇرغانجاندىن ئۈچ ياش، غۇلامجاندىن بىر ياش كىچىك بولۇپ، رەناگۈل بىلەن شاراپەتتىن بىر ياش چوڭ ئىدى. ئۇ دائىم «مەن بەك بەختلىك ئىكەنمەن، چۈنكى ئالدىمدا ئىككى ئاكام، كەينىمدە ئىككى سىڭلىم بار ئىكەن» دەپ ماختىنىپ يۈرەتتى. شۇڭا، بۈگۈن ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە «ئۇ ئۆيگە

بارمىغىنىمىزنى چىقىشتۇرۇپ قويارمۇ؟» دېگەندەك گۇمانى نەزەردە قارىشى «مېنىڭ ئىككى ئاكام بار» دەپ، پەخىرلىنىپ يۈرگەن ئەمرۇللانىڭ سەل ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ئۇلار پىكىردە بىردەكلىككە كېلىشۋالغاندىن كېيىن خەلق باغچىسىدا ھارغىچە ئويناپ، كۈن چۈش بولاي دېگەندە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈشكىنىچە ئۆيگە قايتىشتى.

ھاۋاگۈل پولۇغا تەييارلىق قىلىپ قويغان بولۇپ، بالىلار ئىشىكتىن كىرىشى ھامان ئاشنى دۈملەشكە تۇتۇندى، بالىلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ تەردىن شالتاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بەختىيار ئۇلارنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارماي سىرتتا قانغۇچە ئويناپ كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى - دە، ئۇلارنى ئالدىغا چاقىردى.

— باردىڭلارمۇ بالىلىرىم، ئاپاڭلار بارمىكەن؟

— باردۇق، ئىشىكنى ئۇرساق ھېچكىم ئاچمىدى، — دېدى تۇرغانجان ئۇكىلىرىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ.

— راست باردىڭلارما؟

— راست باردۇق، دادا، — دېدى غولامجان يۈزىدىكى تەرنى بىلىكى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ.

— ئەتىگەندە ئۆيدە بولماي نەگە كېتىدۇ؟ — دېدى بەختىيار تەرىنى تۇرۇپ، — ماڭا راست گەپ قىلىڭلار بالىلىرىم، مېنىڭ يالغان گەپ قىلغان ئادەمنى يامان كۆرىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىسىلەر، يالغان گەپ قىلىپ ئۆگەنگەن بالىلار مەڭگۈ ياخشى ئادەم بولالمايدۇ، شۇڭا ماڭا راست گەپ قىلىڭلار!

دادىسىنىڭ جىددىي تۈس ئالغان چىرايىنى كۆرگەن بالىلار ھودۇقۇشقىنىچە بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەمدى راست گەپ قىلمىسا دادىسىنىڭ غەزەپ قىلىدىغانلىقىنى دەماللىققا ھېس قىلغان غولامجان بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ خاتالىقىنى بوينىغا ئالدى:

— ئۇلاردا گۇناھ يوق، دادا، — دېدى غولامجان بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — ھەممىنى قىلغان مەن، ئۇلار بارايلى

دېگەندى، بىراق مەن «بەربىر بارغىنىمىز بىلەنمۇ ئۇ بىزنى قارشى ئالمايدۇ، شۇڭا باغچىدا بىردەم ئويناپ قايتايلى، دادام بىلەن ئاپام سوراپ قالسا ھەممىمىز بىردەك ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن دېسەك بولدى ئەمەسمۇ» دەپ ئۇلارنى بارغىلى قويمىغانىدىم.

باللارنىڭ يالغان سۆزلىگىنى بەختىيارنىڭ سەل ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز خاتالىقىنى ۋاقتىدا تونۇغىنىدىن دىلى سۆيۈنۈپ قالدى. ناۋادا باللار بىردەك «بارساق ئۆيدە يوق ئىكەن» دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ ئۇ ھېچقانداق ئامال قىلالمىغان، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، بەختىيار بۇنىڭ باللارغا ئەخلاق دەرسى ئۆتۈپ قويۇشنىڭ تولىمۇ ياخشى پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، تەرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئۇلارغا تەنبىھ بەردى:

— ھېلىمۇ غۇلامجاننىڭ كالللىسى ئىشلەپ راست گەپ قىلدى، — دېدى بەختىيار كالتە يۆتىلىپ قويۇپ، — يەنە بىردەم جاھىللىق قىلغان بولساڭلار يالغان گەپ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلارنى تامغا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئورۇندۇق كۆتۈرگۈزۈپ قويغان بولاتتىم، سىلەر قاچان ماڭا راست گەپ قىلىپ خاتالىقىڭلارنى تونۇغان ۋاقتىڭلاردا ئاندىن بولدى قىلاتتىم. مەن دېگەن سىلەرنىڭ داداڭلار، سىلەرنىڭ راست گەپ قىلغان ياكى يالغان گەپ قىلغانلىقىڭلارنى بىر قاراپلا بىلىمەن، بىلسەڭلار بۈگۈن سىلەرنى ئاشۇ جازادىن غۇلامجان قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىش كۆرۈلمىسۇن! بولۇپمۇ سەن تۇرغانجان، سەن باللارنىڭ چوڭى تۇرۇپ يالغان گەپ قىلساڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇكىلىرىڭغا قانداق ئۈلگە بولالايسەن؟ ئاكا بولغان ئادەم ئۇكىلىرىغا ياخشى تەرەپتىن ئۈلگە بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق خاتالىق ھەرگىز سادىر بولمىسۇن، بولامدۇ؟!

دادىسىنىڭ تەنبىھلىرىنى ئاڭلاپ خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ

كېتەيلا دەپ قالغان تۇرغانجان دادىسىنىڭ كۆزىگە قاراشقىمۇ پېتىنالماي تۇگۇلۇپلا كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ دادىسىدىن كەچۈرۈم سوراشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن تىلى زادىلا گەپكە كەلمەيۋاتاتتى، ئۇ بىرقانچە دەقىقە سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن دادىسىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى ــ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆزى ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى، قالغانلارمۇ باشلىرىنى ساڭگىلىتىشقىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. بەختىيار ئۆزىنىڭ بۇ تەربىيە شەكلىنىڭ خېلىلا ئۈنۈم بەرگىنىدىن پەخىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى...

بەش يىللىق سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى ئاياغلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەن توختىگۇل بىركۈن ئۆيدىن سىرتقا چىقماي ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالدى ــ دە، ئەڭ يېقىن دوستى خاسىيەتنىڭ ئۆيىگە باردى.

ــــ ۋاي، جېنىم دوستۇم! بۇ دۇنيادا بارمۇ سىز؟ ــــ دېدى خاسىيەت ئۇنى كۆرۈپ ھاڭ ــ تاڭ بولغان ھالدا، ــــ مۇشۇنداقمۇ ئۇن ــ تىنسىز يوقاپ كەتكەن بارمۇ؟ نەگە بېرىپ نەلەردىن كېلىۋاتقانسىز شۇ تاپتا؟

يىپەكتىن تىكىلگەن، چوغدەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان قىزىل رەڭلىك كېچىلىك كىيىمى بىلەنلا ئىشىكنى ئاچقان خاسىيەت توختىگۇل بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ــ دە، ئۇنى مېھمانخانا ئۆيگە باشلىدى. خاسىيەت ئىلگىرىكىگە قارىغاندا سەل سەمرىپ قالغاندەك، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا بىلىنەر ــ بىلىنمەس قورۇق چۈشكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا يەنىلا ئىلگىرىكىدەك چىرايلىق، تىمەن كۆرۈنەتتى. ئۇ گۈزەللەشتۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇپ كۆزىنىڭ قاتلىقىنى كەستۈرگەن، قاشلىرىنى ئىنچىكە قىلىپ چەكتۈرۈۋالغانىدى.

— شۇنداق قىلىپ بۇ بەش يىلدا نەلەردە يۈردىڭىز جېنىم دوستۇم؟ — دېدى خاسىيەت سافادا ئولتۇرغان توختىگۈلنىڭ يېنىغا سىغدىلىپ، — ماڭىمۇ خوش دېمەي كېتىپ قاپسىز، قوشنىلىرىڭىزدىن سورىساممۇ نەگە كەتكىنىڭىزنى بىلمەيدىكەن، ماھىرجاندىن سورىسام ئۇمۇ مۇختەرجان بىلەن خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئالاقىلىشەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. تۇۋا! بۈگۈن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغىنىڭىزنى كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتىمەن، دوستۇم.

بەش يىل جەريانىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى دوستىغا قانداق ئېيتىپ بېرىشنى بىلەلمەي قالغان توختىگۈلنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، ئۇ ئۆيدىن چىققۇچە ئۆز ـ ئۆزىگە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ياش تۆكمەسلىككە، ھەرقانداق ئادەمگە ئۆزىنىڭ بۇ يىرگىنچلىك سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا سۆزلىمەسلىككە ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خاسىيەتنىڭ كەينى ـ كەينىدىن قىستاپ سورىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي پاڭڭىدە ئېتىلىپ يىغلىۋەتتى. دوستىنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىرىپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقىنىغا قاراپ ئىچى سىيرىلغان خاسىيەتمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلدى.

— يىغلىماڭ دوستۇم، — دېدى خاسىيەت توختىگۈلنىڭ دولىسىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ، — مەن بىر ئىستاكاندىن قەھۋە قاينىتىپ كىرەي، ئىككىمىز قەھۋە ئىچكەچ مۇڭدىشايلى.

ئەتىگەن ئۆيدىن ناشتا قىلغۇدەك بىر بۇردا نانمۇ تاپالمىغان توختىگۈل بىرنەچچە تال پىرەنىكنى قەھۋەگە تۇگۇرۇپ يەۋالغاندىن كېيىن، پۇت ـ قولىغا بىرئاز جان كىرگەندەك بولدى.

— مۇختەرجانمۇ بىللە كەلدىمۇ؟

— ياق، — دېدى توختىگۈل بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرىنى خاسىيەتكە ئاغدۇرۇپ.

— نېمىشقا؟

— ئۇ ئۆلدى!
— نېمە دەيدىغانسىز دوستۇم؟ — دېدى خاسىيەت ھەيران بولغان ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.
— ئۇ راست ئۆلدى، ئۆلگىلى ئۈچ يىلدىن ئاشتى، — دېدى توختىگۇل ئېغىر خورسىنغان ھالدا.
مۇختەرجاننىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ توختىگۇلنىڭ كەچۈرمىشگە تېخىمۇ قىزىقىپ قالغان خاسىيەت يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سوراشقا باشلىدى. يېقىن دوستىدىن سىر يوشۇرۇشنى راۋا كۆرمىگەن توختىگۇل مۇختەرجان ئىككىسىنىڭ قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىنى، قەيەرگە بېرىپ قەيەردە تۇرغىنىنى، مۇختەرجاننىڭ ئۆزىنى قىماردا دوغا تىكىپ ئۇتتۇرۇۋەتكىنىنى، جۇماخۇننىڭ ئۆيدە قانداق ئازابلارنى تارتقىنىنى، مۇختەرجاننىڭ قانداق ئۆلگىنىنى، مۇختەرجان ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قانداقلارچە باشقىلارغا بالا تۇغۇپ بېرىدىغان ماشىنىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئاخىرىدا قانداق قىلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى گاھ يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ تۇرۇپ بىرمۇبىر بايان قىلىپ بەردى.
بىچارە بايقۇشنىڭ بەش يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىدا مۇنچىۋالا كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتقانلىقىنى ئاڭلىغان خاسىيەت ھەيرانلىقتىن ئېغىزىنى ئاچقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.
— مۇختەرجاننىڭ خېروئىن سودىسى قىلىدىغانلىقىدىن ئاز ـ تولا گۇمان قىلغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ چېكىدىغىنىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۇرمەپتىكەنمەن، — دېدى خاسىيەت بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ، — ماھىرجان ئىككىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قانداق سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىزدىن يوشۇرغىنىدىنلا ئۇلارنىڭ ھالال سودا قىلمايدىغانلىقىنى پەملىگەنىدىم.
— سىزلا ئەمەس، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇق ئۆي تۇتقان تۇرۇقلۇق بىلمەيدىكەنمەن.

— تووۋا! ماھىرجانمۇ چېكەر بولغىيمىدى؟ — دېدى خاسىيەت ياقىسىنى تۇتۇپ.

— ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق سودا قىلىدىغىنىدىن گۇمان قىلغان ئادەم ئەجەب شۇ چاغدا دېمەپتىكەنسىز ماڭا، — دېدى توختىگۇل سەل نارازى بولۇپ، — ئۇنىڭ مۇنداق سودا بىلەن ھەپىلىشىدىغىنىنى بىلگەن بولسام ھەرگىزمۇ كەينىدىن ماڭماسكەنمەن.

— سادىغاڭ كېتەي جېنىم دوستۇم، — دېدى خاسىيەت قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — گەرچە ئەينى چاغدا گەپنى سىزگە ئېنىق دېمىگەن بولساممۇ، لېكىن «ئۆزىڭىزنى بەك ئۈرۈپ كەتمەڭ دوستۇم، كېلىشى ئېنىق بولمىغان ئادەملەرگە بەك ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، شۇڭا ھە دەپ قويۇپلا يولىنى خەجلىسىڭىز بولدى» دېسەم، ئۆزىڭىز «ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى چەن يۈرىكىمىزدىن ياخشى كۆرۈپ قالدۇق، مەڭگۈ ئايرىلماس ئەر - خوتۇنلاردىن بولىمىز» دەپ گېپىمنى زادىلا ئاڭلىمىدىڭىز.

دوستىنىڭ تەنە گەپلىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان توختىگۇلنىڭ يۈزلىرى خىجىللىقتىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ مۇختەرجاننى دەپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگىلى تاس قالغانلىقىنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋاسىز قارىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

— ماھىرجان بىلەن يەنە ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتامسىز؟

— قايسى زاماندىكى گەپنى قىلىدىغانسىز دوستۇم، — دېدى خاسىيەت قاقاھلاپ كۈلۈپ، — ئەر كىشى دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىدى؟ سىزگە ئوخشاش بىرسىنىڭ قولىغا قاراپ ئولتۇرىدىغان ئىش نەدە بار، سىز دېمىسىڭىز ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىكەنمەن. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا باشقىلاردىن ئۇنى «ئۈرۈمچىدە خېروئىن بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ

مۇددەتسىز كېسىلىپ كېتىپتۇ» دەپ ئاڭلىدىم، كېيىن يەنە «ئىچكىرىگە كىرىپ قوشۇنغا قېتىلىپ كېتىپتۇ» دەپمۇ ئاڭلىدىم، قايسى راست، قايسى يالغان، كىم بىلىدۇ؟

— خىزمىتىڭىزنى تاشلىۋەتمىگەنسىز ـ ھە؟

— قاچانغىچە ئاشۇ تۆت تەڭگە پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ ئىشلەۋېرىمەن مايغا مىلىنىپ، — دېدى خاسىيەت قاش ـ قاپىقىنى سۈزۈپ، — تېخى يېقىندىلا ئىش تارىخىمنى ھەقلىق بىكار قىلىۋېتىپ دوستلۇق سودا بازىرىدىن مودا كىيىم دۇكىنىدىن بىرنى ئېچىۋالدىم دوستەك، سودامۇ شۇنداق ياخشى مېڭىۋاتىدۇ. خالىسام ئاچىمەن، خالىمىسام بىرنەچچە كۈن تاقاپ قويۇپ ئارام ئالىمەن، ھازىر مېنىڭدەك ئەركىن ئادەم يوق.

— چوڭ سودىگەر بولۇپ كېتىپسىز ـ دە، ئەمىسە؟ — سورىدى توختىگۈل ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقسىنىپ.

— چوڭ سودىگەر دېگىلى بولمىسىمۇ ھەرھالدا ياخشى، ئايدا تاپىمدىم دېگەندىمۇ ساپ پايدام بەش ـ ئالتە مىڭدىن چۈشمەيدۇ.

خاسىيەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانۇھەس بولغان توختىگۈل خۇددى ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ گەپ قىلغاندا ئويناقلاپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئەجەب قاراپ كەتتىڭىزغۇ؟

— نېمىشقا قارايتتىم دوستۇم، خۇدا نېمىشقا سىزگە بەرگەن ئەقىلنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ ماڭا بەرمىگەندۇ دەپ ھەيران قېلىۋاتىمەن، — دېدى توختىگۈل يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا.

توختىگۈلنىڭ چىن يۈرىكىدىن دېگەن بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھاياجىنىنى باسالماي قالغان خاسىيەت قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ بىر ھازادىن كېيىن كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران دېگەندە توختاتتى ـ دە، خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە قاراپ ئولتۇرغان توختىگۈلنىڭ دولىسىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن كۆرگەنلا ئادەمنىڭ كەينىدىن كېتىپ

قالماي مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسىڭىز ھەرگىز زىيان تارتمايسىز، — دېدى خاسىيەت چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — ئادەم دېگەن ئانچە - مۇنچە قۇۋلۇق - شۇملۇقنى ئۆگىنىپ قويمىسىمۇ بولمايدۇ، جېنىم دوستۇم، بەك ئاق كۆڭۈل بولۇپ كەتسىڭىز خەقنىڭ ئالدام خالتىسىغا ئاشۇنداق چۈشۈپ كېتىدىغان گەپ، ئاخىرىدا زىيان تارتىدىغىنى كىم؟ يەنىلا سىز.

ئۇلار ئۇزاقتىن - ئۇزاق پاراڭلاشتى، خاسىيەت ئۇنىڭغا ئەرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى قانداق ئۇسۇل بىلەن سۇغۇرۇۋېلىشنى، ئېپى كېلىشمىگەنلىرىنى قانداق چارىلەر بىلەن ئەپلەپ يولغا سېلىشنى ئەستايىدىل، تەپسىلىي ئۆگەتتى. بىر قېتىم بۇرنىغا سۇ كىرىپ نۇرغۇن ھەرەجلەرنى تارتقان توختىگۈل ھەرقاچان ھوشيار تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەمدىلەتىن تولۇق چۈشىنىپ يەتكەندەك قىلىۋاتاتتى.

— ھازىرچە مېنىڭ دۇكىنىمدا ئىشلەپ تۇرۇڭ، ئاداش، — دېدى خاسىيەت تولىمۇ مۇلايىم قىياپەتتە، — دۇكاندا سىزگە يارىغىدەك كىيىملەر دېگەن تولا، ئاشۇ كىيىملەردىن ئۆزىڭىزگە توغرا كېلىدىغىنىدىن بىرنەچچە قۇر كىيىۋېلىڭ، بۇ ھالىتىڭىز بىلەن بىر يەرگە بارسىڭىزمۇ خەق مازاق قىلىدۇ.

— بولدى، دوستۇم، — دېدى توختىگۈل پەس ئاۋازدا تىرنىقىنى تاتىلاپ، — سىزنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كىيىملىرىڭىزنى سېتىۋالغىدەك پۇل نېمە ئىش قىلىدۇ مەندە؟

— ۋييەي، دوستۇم! نېمانداق ئادەمنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپ قىلىدىغانسىز؟! — دېدى خاسىيەت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — مەن سىزگە پۇلنى ھازىرلا بېرىڭ دېمىگەندىكىن ئېلىپ كىيىۋەرمەمسىز، پۇلنى تاپقاندا بېرەرسىز، تاپالمىسىڭىز مەيلى ئەمەسمۇ، يەنە مۇشۇنداق گەپ قىلسىڭىز سىزدىن رەنجىپ قالىمەن جۇمۇ.

خاسىيەتنىڭ خۇددى بىر تۇغقان ھەدىسىدەك دېگەن

سۆزلىرىنى ئاڭلاپ توختىگۈلنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى، ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغىنىغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئۆكۈندى. كۆڭلىدە ئۇنىڭ تولىمۇ مېھرىبان، ئەپۇچان، ئاق كۆڭۈللۈكىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى.

بەش يىلدىن كېيىن قايتا تېپىشقان بۇ بىر جۈپلەر ئاشۇ كۈندىن باشلاپلا يەنە بىر ـ بىرىدىن زادىلا ئايرىلالمايدىغان، نەگە بارسا قولتۇقلىشىپلا يۈرىشىدىغان دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توختىگۈل ھەر تەرەپتىن شۇنداق پىشىپ يېتىلدىكى، دىللارنى مەست قىلىدىغان ناز ـ كەرەشمىلىرى، تاتلىق ئەركىلەشلىرى، يېقىملىق كۈلكىلىرى بىلەن مەن ـ مەن دېگەن ئەرلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگادا قويىدىغان، قىلنى قىرىققا يارىدىغان پېتىر ـ پىششىقلارنىمۇ پۇلنى سۇدەك خەجلىتىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

ئەمدىلا بويىنى سۇغا سېلىپ چىققان توختىگۈل ئەركىلىگىنىچە كېلىپ كارىۋاتتا پۈشۈلداپ ياتقىنىچە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان مۇساجاننىڭ يېنىغا سىغدالدى.

مۇساجان يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان قارامتۇل، سېمىز كەلگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سېمىزلىكتىن يۇمۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، چوڭ ـ چوڭ تىنىپ ئاران دېگەندە نەپەس ئالاتتى.

— مۇساجان، — دېدى توختىگۈل ئۇنىڭ گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان يۈزىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، — خاسىيەتنىڭ دۇكىنىغا ياۋروپا پاسونىدىكى شۇنداق پېچەت كىيىملەر كەپتىكەن قاراڭ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرسىگە كۆزۈم چۈشكەنىدى، ئېلىپ بېرەرسىزمۇ؟

توختىگۈلگە لەپپىدە قارىۋەتكەن مۇساجان ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي تېلېۋىزورغا قارىغىنىچە يېتىۋەردى، توختىگۈل ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىپ ئەركىلەشكە باشلىدى.

— گەپ قىلىۋاتىمەن جېنىم سىزگە، — دېدى ئۇ مۇساجاننىڭ گۆشلۈك ئېڭىكىدىن تارتىپ ئۆزىگە قارىتىپ، — ئېلىپ بېرەمسىز، ئېلىپ بەرمەمسىز؟ ھە دېسىلا «سىزگە ئاشىقمەن، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن، سىز ئوتقا دېسىڭىز ئوتقا، سۇغا دېسىڭىز سۇغا كىرىمەن» دەيسىز ـ يۇ، ئەجابا بىر كۆڭلەك ئېلىپ بېرىدىغانغا يارىمامسىز، قارا قاغام؟

— قانچە پۇل ئىكەن ئۇ كۆڭلەك؟ — دېدى مۇساجان بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىمىرلاپ قويۇپ.

— بىر مىڭ ئىككى يۈز سوم ئىكەن، ئەسلىدە ئۇ كۆڭلەكنىڭ سېتىلىش باھاسى ئىككى مىڭ يەتتە يۈز سوم ئىكەندۇق، خاسىيەت دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ ماڭا كىرىش باھاسىغىلا بېرىۋېتىدىغان بولدى.

— ھازىر بىر مىڭ ئىككى يۈز سومغا راۋرۇس بىر توپاق كېلىدۇ، خېنىم، — دېدى مۇساجان مىڭ تەسلىكتە ياتقان يېرىدىن ئۆرە بولۇپ، — ئۇنداق قىممەت كۆڭلەكنى ئالغىچە ئەرزانراقىنى ئالسىڭىز بولمامدىمۇ؟ نېمە كەپتۇ ئۇنچىۋالا قىممەت كۆڭلەكنى ئېلىپ؟ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا سەككىز يۈز سومغا بىر قۇر يوپكا ـ پىلاتا ئېلىپ بەرگەنىدىمغۇ تېخى؟!

— شۇ قېتىم ئېلىپ بەرگەن ئاشۇ يوپكا ـ پىلاتىڭىزنى ئۇچامدىن سالماي كىيىۋاتىمەنغۇ جېنىم، — دېدى توختىگۈل مۇساجاننىڭ كەينىدىن چىڭ چاپلاشقىنىچە بويىنىغا گىرە سېلىپ، — ھېلىمۇ «تازىنىڭ نېمىسى بار دېسە تۆمۈر تارغىقى بار» دېگەندەك، ئاشۇ بىر قۇر كىيىمنى كىيىپ يۈرىۋەردىم، ئالماشتۇرۇپ كىيىمىسەم باشقىلارنىڭ ئالدىدا سىزنىڭ يۈزىڭىزگىمۇ سەت بولار؟ ئىككىمىزنىڭ ئارىلىشىۋاتقىنىنى ھېلىمۇ شەھەردىكى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى، ھەتتا ئايالىڭىزمۇ بىرقانچە قېتىم كوچىدىلا ئالدىمنى توسۇپ تىللاپ رەسۋايىمنى چىقىرىۋەتتى، شۇنچىۋالا سەتچىلىك، ئاھانەتلەرگە چىداپ يەنىلا سىز بىلەن ئارىلىشىۋاتسام تەيپىنەمنىڭ ۋاقتىدا

ئېلىپ بەرگەن ئاشۇ نەرسىڭىزنى پېشانەمگە قويۇۋاتامسىز؟ مۇنداق قىلىدىغان يېرىڭىز بولسا بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدەشمەيلا قويايلى ! ئاشۇ ئاسارىئەتىقىگە ئايلىنىپ قالايلا دەپ قالغان قېرى خوتۇنىڭىزنى باغرىڭىزغا چىڭ بېسىپ يېتىڭ!

مۇساجاننىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان توختىگۇل ئەركىلەشلىرى تازا ئۇنۇم بەرمىگەندىن كېيىن دەرھاللا تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى ـ دە، ئۇنىڭ بوينىنى قاماللاپ تۇتقان قوللىرىنى قويۇۋېتىپ تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى. توختىگۇلنىڭ مۇنداق تېزلا رەنجىپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغان مۇساجان دەرھاللا پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە كەينىنى قىلىپ يېتىۋالغان كۆڭلىدىكى پەرىشتىسىگە يېلىنىشقا باشلىدى.

— قانداق قىلىدىكەن دەپ چاقچاق قىلىپ قويسام خاپا بولدىڭىزما پەرىشتەم؟ — دېدى ئۇ توختىگۇلنى زورمۇزور ئۆزىگە قارىتىپ، — ھېلىغۇ بىر مىڭ ئىككى يۈز سوم ئىكەن، ئالتۇنۇم، ئون ئىككى مىڭ بولسىمۇ سىز خۇش بولىدىغانلا بولسىڭىز ھەرگىز ياق دېمەيمەن جۇمۇ، سىزنى قانداق قىلىدىكىن دەپ چېقىشىپ قويدۇم، قوزام، راستلا سىزگە يارىغان بولسا بۇگۈنلا چىقىپ ئېلىڭ!

مۇساجاننىڭ سۆزلىرىدىن دەرھاللا يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرگەن توختىگۇل نازلانغان ھالدا ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى ـ دە، «بىزەڭ» دېگىنىچە بىگىز بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ قويۇپ ئالىقىنىنى تەڭلىدى. توختىگۇلنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن مۇساجان «ۋۇي شەيتان» دېگىنىچە ئۇنىڭ ئالىقىنىغا چوكىدە بىرنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قويۇپ قويغان شىمىنىڭ يانچۇقىدىن ھەميانىنى چىقىرىپ بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەننى تاراقشىتىپ ساناپ توختىگۇلنىڭ ئالىقىنىغا قويدى.

— بۇ يەتمەيدۇ، — دېدى توختىگۇل نازلىق كۈلۈپ.

— تېخى ھازىرلا بىر مىڭ ئىككى يۈز سوم دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟
— ئۇ دېگەن بايىقى باھا، — دېدى توختىگۈل تەرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، — سىز مېنى رەنجىتكەن مىنۇتتىن باشلاپ باھا ئۆستى.
— قانچىلىك ئۆستى؟
— ئۈچ يۈز سوم ئۆستى.
— نېمە ئىش قىلىسىز ئۈچ يۈز سومنى؟
— ئۆينىڭ توك پۇلى بىلەن سۇ پۇلىنى تۆلەيمەن، يەنە سىز كۆرۈۋاتقان ئاۋۇ تېلېۋىزور دېگەن نەرسىنىڭ پۇلىمۇ بار تېخى.
يەنە ئوشۇقچە گەپ قىلىپ ئۆزىدىن ئاز كەم يىگىرمە ياش كىچىك مەشۇقىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن مۇساجان ھەمىيانىدىن يەنە ئۈچ يۈز يۈەننى ئالدى ـ دە، توختىگۈلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بىرمۇنچە پۇلنى بىر ئەركىلەپ، بىر قېيىداش بىلەن ئاسانلا قولىغا كىرگۈزگەن توختىگۈلنىڭ كۆزلىرى ئويناقلاپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى پۇللارنى ياستۇقنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويۇپ مۇساجاننى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە تەمشىلىپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. «مۇساجاننىڭ ئايالى ئىزدەپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن توختىگۈل ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، چىرايىدا ھەش ـ پەش دېگۈچە قان دىدارى قالمىغان مۇساجان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېتىپلا قالغانىدى. كىيىمىنى ئالمان ـ تالمان كىيىشكە ئۈلگۈرگەن توختىگۈل مۇساجاننى تېزدىن كىيىنىشكە بۇيرۇدى ـ دە، ئۆزلىرى ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
تېخى قۇرۇپ بولالمىغان چاچلىرىنى تۇزەشتۈرگەچ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن توختىگۈل «كىم» دەپ تووۋلىدى، سىرتتىن تۇرغانجاننىڭ «مەن» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
— مەن دېگەن كىم؟
— مەن تۇرغانجان.

ئوغلىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئىشىكنى ئېچىش ـ ئاچماسلىق توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغان توختىگۇل خالاپ ـ خالىماي ئىشىكنى ئاچتى، ئۆيگە باشتا تۇرغانجان بىلەن غۇلامجان، كەينىدىن تاپ بېسىپلا قالغان باللارمۇ سالام بەرگىنىچە كىرىپ كەلدى، كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدە بەختىيارنىڭ ئىككى بالىسىمۇ بار ئىدى.

تولۇقسىزنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىنى پۈتكۈزگەن تۇرغانجان ئون ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغان بولۇپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى خەت تارتىشقا باشلىغانىدى. بويى بىر مېتىر يەتمىش ئەتراپىدا كېلىدىغان تۇرغانجان سەككىز ـ توققۇز ياش چاغلىرىدىكى تۇرغانجانغا زادىلا ئوخشىمايتتى.

باللارنىڭ ئۆزلىرىنى توختىگۇلنىڭ قۇچىقىغا «ئاپا» دەپ ئاتقۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقى، مۇز يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لەسسىدە بولۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ يولدا كەلگۈچە ھەتتا ئاپىسىنىڭ ئىشىكنى چېكىپ، ئاپىسى ئىشىكنى ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا «ئاپىسىنى ھەيران قالدۇرۇش» توغرىسىدا سۈرگەن شېرىن خىياللىرىنىڭ ھەممىسى بىر يولىلا كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

— قېنى بۇ ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى توختىگۇل ياتاق ئۆيىنىڭ يېپىقلىق تۇرغان ئىشىكىگە لەپپىدە بىر قاراۋېتىپ.

توختىگۇلنىڭ مۇساجانغا ئەركىلىگەن چاغدىكى خۇشخۇيلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ھە دېگەندىلا ئاپىسىنىڭ مۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان باللارنىڭ يۈرىكى مۇزدەك قېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ «ئاپىمىز بىزنى كۆرۈپ باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتسە قانداق قىلارمىز؟» دېگەن ئەندىشىلىك خىياللىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى يات بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ

قالغاندەك قورۇنۇپقىنا دەسسەپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشتى.

— ئۆزىڭىز ياخشى تۇردىڭىزمۇ ئاپا؟ — دېدى تۇرغانجان ئۇكىلىرىنى كۆز ئىشارىتى بىلەن ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ.

— ھەئە، ياخشى، — دېدى توختىگۈل سوغۇقلا جاۋاب بېرىپ.

ئەمدىلا تۆت ياشتىن ئاشقاندا مومىسى كېلىپ ئېلىپ كەتكەنچە ئاپىسىنى كۆرۈپ باقمىغان شاراپەت ئون ئىككى ياشقا كىرگەن چوپچوڭلا قىز بولۇپ قالغان بولۇپ، باشلانغۇچنىڭ بەشىنچى يىللىقىنى پۈتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ قاش ـ كۆزلىرى، يۈز قۇرۇلۇشى، كۈلۈپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرى، زىلۋالىقى ئاپىسىغىلا ئوخشايتتى. شاراپەتكە لەپپىدە بىر قاراپ قويغان توختىگۈل باللارنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— بۇ راستلا بىزنىڭ ئاپىمىزمىدۇ ئاكا؟ — دېدى غۇلامجان ئاپىسىنىڭ ئۆزلىرىگە تۇتقان مۇئامىلىسىگە قاراپ دىمىقى ئاچچىق بولۇپ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇرغان ئاكىسىغا قاراپ، — ئۇ ماڭا خۇددى يات ئادەمدەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— توۋا، — دېدى شاراپەت مەڭزىگە دومىلاپ چۈشكەن ياشلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — «قانداق تۇرۇۋاتىسىز قىزىم؟» دېگەن بىر ئېغىز گەپنىمۇ قىلىپ قويمىدىغۇ، ئۇنىڭ نەرى بىزنىڭ ئاپىمىزغا ئوخشايدۇ؟

بىردىنلا روھى چۈشۈپ كەتكەن باللار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە خاتا كېلىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ تۇرغىنىدا، ياتاق ئۆيدىن مۇساجاننىڭ ۋارقىراپ سۆزلىگەن قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بىر ئەمەس، ئىككىمۇ ئەمەس، بەش بالام بار دېگىنە، مۇشۇنداق چوڭ ئىشنىمۇ مەندىن يوشۇرۇپ يۈردىڭما؟ مەندىن ئالغان پۇللارنىڭ ھەممىنى ئاشۇ ھارامتوكلىرىڭگە خەجلەۋېتىپسەن ـ دە؟

— ئاستىراق گەپ قىلىڭ جېنىم، — دېدى توختىگۈل پەس

ئاۋازدا، — ئۇلار ئاڭلاپ قالسا سەت تۇرىدۇ، خاپا بولماڭ! سىزگە بالام بارلىقىنى ئېيتمىغان گۇناھ مەندە.

— سەندە بولماي مەندە بولسا بولامتى ئەمىسە ! — دېدى مۇساجان تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، — سەن ماڭا بالام يوق دېگەن چېغىڭدىلا «ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرگەن ئايالنىڭمۇ بالىسى يوق بولامدۇ؟» دەپ تازا ئىشەنمىگەنىدىم، ئاخىرى مەن ئويلىغاندەك بولدى، دېگىنە! مەندىن يوشۇرۇپ يۈرگەن يەنە قانداق ئىشلىرىڭ بار؟

— جېنىم مۇساجان دەپ كېتەي، — دېدى توختىگۈل ئۇنىڭ ئايىغىغا يۈكۈنۈپ، — ماڭا ئىشىنىڭ، بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسىلا مېنىڭ بالىلىرىم ئەمەس ...

— بولدى، بولدى ! — دېدى مۇساجان ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، — سېنىڭ مۇنداق ياغلىما گەپلىرىڭگە ساراڭمۇ ئىشەنمەيدۇ، بىز نىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشسۇن، چىقىپ «بەش بالاڭنى باقالايمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرالايدىغان گاڭگۇڭ ئەردىن بىرنى تېپىۋال ! ئايدا تاپىدىغان ئىككى ـ تۆت تەڭگە پۇلۇم بىلەن سېنىڭ بەش بالاڭنى باقالمىغۇدەكمەن.

مۇساجان توختىگۈلنىڭ يېلىنىشلىرىغا پىسەنتمۇ قىلماي چاپىنىنى دولىسىغا ئارتقىنىچە ئىشكنى جالاقشىتىپ ئېچىپ ياتاق ئۆيدىن چىقتى ـ دە، مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان بالىلارغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قارىۋېتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە چىقىپ كەتتى. بالىلارنىڭ كاساپىتىدىن ئالتۇن يامبۇ تۇغىدىغان توخۇسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بىئارام بولغان توختىگۈل يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە بېشىنى كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىگە قويۇپ ئۇن سېلىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئاپىسىنىڭ بىر يات ئەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باغرىنى يېرىپ چىققان بالىلىرىدىنمۇ تېنىپ كېتىشكە رازى بولۇۋاتقىنىنى كۆرگەن بالىلار بۇ يەردە يەنە بىزرىپ قاراپ

تۇرىۋېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى سەزدى ـ دە، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە چۈشكەن چاغدىمۇ توختىگۇلنىڭ ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۆيگە ئارانلا ئۇلگۇرگەن شاراپەت ئىشىكتىن كىرىپلا قەرەلى توشقان بومبىدەك پارتلاپ كەتتى. نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي قالغان بەختىيار بىلەن هاۋاگۇلنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى، قالغانلارنىڭمۇ روهىي كەيپىياتى شۇ قەدەر تۆۋەن بولۇپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، چىرايلىرى قاپقارا بولۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.

ـــ يىغلىماڭ قىزىم، نېمىشقا يىغلايسىز؟ ـــ دېدى هاۋاگۇل مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇن سېلىپ يىغلاۋاتقان شاراپەتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ـــ هەرقانداق گېپىڭىز بولسا بىزگە دەڭ قىزىم، كىم سىزگە بىرنېمە دېدى؟

شاراپەت يىغلىغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ هاۋاگۇلنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرگۇدەك هەپىلىسى يوق ئىدى. بالىلارنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن بەختىيار هاۋاگۇلگە قاراپ «بوپتۇ گەپ قىلما، قانغۇدەك يىغلىۋالسۇن» دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدى ـ دە، ئەمدىلا يۆگىگەن موخوركىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق ـ قاتتىق شورىغىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇندىمەي ئولتۇردى.

ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتاڭ؟! قولىدا تۇتۇپ تۇرغان موخوركىنىڭ ئوتى بارماقلىرىنى كۆيدۈرگەندىلا ئېسىگە كەلگەن بەختىيار تاماكىنى دەرهاللا يەرگە تاشلاپ پۇتى بىلەن دەسسەپ ئۆچۈرگەندىن كېيىن تۇرغانجانىنى يانىدىكى ئۆيگە چاقىردى.

ـــ نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى بالام؟

چاناقلىرىدا ياش ئەگىپ تۇرغان تۇرغانجان ئاپىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى، هېلىقى ناتونۇش ئەر

ئۇلارنى سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ دېگەن گەپلىرىنى، ھەتتا ئۆزلىرىگە بىر پىيالە چاي قويۇش ئۇيىاقتا تۇرسۇن، ھالىنىمۇ سوراپ قويمىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ قالدۇرماي بايان قىلىپ بەردى.

تۇرغانجاندىن ئەھۋالىنىڭ جەريانىنى ئاڭلاپ، باللارنى ئاپاڭلارنى يوقلاپ كېلىڭلار دەپ مەجبۇرىي ئەۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلغان بەختىيار ئېغىزىدىن «ۋۇي ئەقلىنى قاغا چوقۇلاپ كەتكەن پاسىق خوتۇن !» دېگەن گەپنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

ـــ باللىرىم، ـــ دېدى بەختىيار ئەتراپىغا ئولىشىپ ئولتۇرغان باللارغا چەكسىز مېھرى بىلەن تىكىلىپ، ـــ خۇددى بەش بارماق ئوخشاش بولمىغىنىدەك ئادەملەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، خۇددى مۇشۇ بەشىڭلارنىڭ خۇي - پەيلىڭلار، خاراكتېرىڭلارنىڭ بىر - بىرىڭلارنىڭكىگە ئوخشىمىغىنىدەك باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، ياشاش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. بەلكىم بۈگۈن سىلەر ئۇنىڭ كەيپىياتى بىنورمال پەيتتە بېرىپ قالغان ئوخشايسىلەر، بولمىسا سىلەرگە ئۇنداق مۇئامىلە قىلمىغان بولاتتى. مېنىڭچە جاھاندا ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۆيمەيدىغان، ئۇلار ئۈچۈن پەرۋانە بولمايدىغان ئاتا - ئانا بولمىسا كېرەك، شۇڭا بۈگۈنكى ئىشنى ھەرگىزمۇ كۆڭلۈڭلەرگە ئالماڭلار باللىرىم، پۇرسەت تاپساڭلار ئۇنى يوقلاپ تۇرۇشنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ سىلەرنىڭ ئۆز ئاپاڭلار!

ـــ داداڭلار توغرا دەيدۇ باللىرىم، ـــ دېدى ھاۋاگۇل ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر جۈپ قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ـــ ئۇنىڭ سىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلمىغانلىقىدا سىلەر بىلمەيدىغان بەزى سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن، ھېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغاندا سىلەرنىڭ تەرەپىباللا بېرىپ قېلىشىڭلار

ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغان بولسا كېرەك، شۇڭا كىچىككىنە بۇ ئىشلارنى ھەرگىزمۇ كۆڭلۈڭلەرگە ئېلىپ يۈرمەڭلار، ئادەم دېگەن ھەرقاچان ئەپۇچان بولمىسا بولمايدۇ!

— جېنىم باللىرىم، — دېدى بەختىيار ئېغىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، — سىلەرمۇ ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇپ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە تۇرمۇشلۇق بولىسىلەر، ئاندىن ئاتا - ئانا بولىسىلەر، ئاشۇ چاغدا لاياقەتلىك ئاتا - ئانا بولۇشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى، بىر بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىشنىڭ قانچىلىك جاپالىقلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىسىلەر. گەرچە ئاپاڭلارنىڭ بۈگۈن سىلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى ياخشى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سىلەرنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغدى، توققۇز يىللىق ئانىلىق ئەجرىنى سىلەرگە بەردى، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەجرىنى ئۇنتۇپ قالساڭلار ھەرگىز بولمايدۇ. مۇنداق دېسەم دادام بىلەن ئاپام بىزلەرنى بېقىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئاپامغا ئىتتىرىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭلار، بىز ھەرگىز ئۇنداق خىيالدا بولغىنىمىز يوق ھەم ئۇنداق خىيالدا بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، پەقەتلا ئانا - بالىلارنىڭ مېھرى ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن دېگەنىملا ئويلىدۇق، سىلەر يەنىلا مۇشۇ ئۆيدە تۇرىسىلەر، لېكىن پات - پات بېرىپ ئاپاڭلارنى يوقلاپ قويساڭلارلا بولدى، بىزنىڭ سىلەردىن كۈتىدىغىنىمىز شۇ.

باللار دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئېغىزىدا ماقۇللۇق بىلدۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن كۆڭۈللىرىدە زادىلا قايىل بولمايۋاتاتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل باللىرىغا ئاپىسىنى يوقلاپ كېلىشنى بىرقانچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەرگە قاراپ تىرىنقىنى تاتىلىغىنىچە يا ماقۇل يا ياق دېمەي جىممىدە ئولتۇرۇۋالدى. يەنە مەجبۇرلاۋەرسە باللارنىڭ ئۆزلىرىدىن رايى يېنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل كېيىنكى كۈنلەردە بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمايدىغان

بولدى. چۈنكى، يېقىندىن بۇيان توختىگۇلنىڭ باشقىلار بىلەن ئاشنا ئويناپ بىرقانچە ئىناق ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغانلىقى، ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ياش چوكانلارنى ئەتراپىغا يىغىپ، ھە دېگەندىلا رەڭلىك سورۇن تۈزۈپ، تېخى كۆزى ئېچىلمىغان ياش يىگىتلەرنى ئازدۇرۇۋاتقانلىقى، ئۇنى ئاز دېگەندەك تېخى توي قىلمىغان بىر قىسىم قىزلارنىمۇ پۇلغا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنى ناتوغرا يولغا باشلاۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلار ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈۋاتاتتى.

## ئالتىنچى باب

# تۈندىكى تېڭىرقاش

بىلىپ - بىلمەيلا قىرىق ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان توختىگۈل يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغان، ئىلگىرىكىدەك رەڭلىك سورۇنلارغا بېرىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان، ھە دېگەندىلا يېڭى - يېڭى مودا كىيىملەرنى كىيىپ باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىشنى ياقتۇرمايدىغان، قەدىناس دوستى خاسىيەتكە ئوخشاش يېشى چوڭراق بولسىمۇ مۇقىم مائاشى، ئۆيى بار بىرەر ئەرگە تېگىشىپ كېيىنكى كۈنلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇ ئۆزى ئۇزاق يىللاردىن بېرى «بىردىنبىر سىرداش، قەلبداش دوستۇم» دەپ ھېسابلاپ كەلگەن، ھەرقانداق سىرىنى يوشۇرماي ئېيتىدىغان جانجىگەر دوستى خاسىيەتنىڭ ئۆزىدىن يىگىرمە ياش چوڭ بىر كىشى بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ ھەيرانۇھەس قالغان توختىگۈل قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. توختىگۈلچە بولغاندا خاسىيەت ھەرقانداق ئىش بولسا ئالدى بىلەن ئۇنى خەۋەردار قىلىشى، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ قېتىم دوستىنىڭ مۇشۇنداق ئۆمۈرلۈك ئىشتىمۇ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالمىغانلىقى ئۇنىڭغا بەكلا ھار كەلدى. ئۇ خاسىيەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۇ ئىشنىڭ راست - يالغىنىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما خاسىيەتنىڭ

«ئەرگە تېگىدىغىنىمىنى ئاڭلاپ چىدىماي قالدىڭىزمۇ؟ سىزمۇ ھېچكىمگە دېمەي بىرقانچە ئەرگە تەگكەندە مەنمۇ بىرنېمە دېمىگەنىدىمغۇ؟» دەپ، ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ جىم بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، خاسىيەت ئانچە يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئەمەس بولۇپ، ئۇنچىلىك گەپنى چاقچاققا يۆلەپ بولسىمۇ دەۋالمايدۇ دېگىلى بولمايتتى.

ئەلۋەتتە، توختىگۈل يارى ياۋاش ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تىكەنتامدىكى جۇماخۇن بىلەن نەجمىدىنگە ۋاقىتلىق خوتۇن بولغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ھازىرغىچە ئالتە ئەرگە تېگىپ بولغانىدى. ئۇ بۇ ئەرلەر بىلەن ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتمەيلا بىر ئۆيگە كىرىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى بار ئىدى. ئەينى چاغدا خاسىيەت ئۇنىڭغا «مەن سىزنى ئەرگە تەگمەڭ دېمەيمەن، دوستۇم، ئەرگە تەگسىڭىز تېگىڭ، لېكىن چوقۇم قانۇنىي رەسمىيەت بېجىرىڭ، ئامال بار خوتۇن ـ بالىلىرى بار ئەرلەرگە يېقىن يولىماڭ، ئەر كىشى دېگەن يۈزسىز كېلىدىغان خەق، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا چاپىنىنى دولىسىغا ئارتىپ پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتسە ۋاي ئىسىت دەپ بارمىقىڭىزنى چىشلەپ قالىسىز» دەپ، قىلغان شۇنچە نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ يۈرىۋەردى، كېيىنچە كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئەر ئوغرىسى» دەيدىغان سەت لەقەمنى قويۇپ قويدى.

بۇ ياز پەسلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى بولۇپ، كۈن خېلىلا سالقىنلاپ قالغانىدى. كېچىچە يالغۇز ئۆيدە نېمىشقىدۇر ئىچى سىقىلىپ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغان توختىگۈل تاڭنى مىڭ تەستە ئاتقۇزدى ـ دە، خاسىيەتكە تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىشىنى، ئۇنىڭغا سالىدىغان مۇھىم بىر مەسلىھەت بارلىقىنى ئېيتتى. دوستىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالغان خاسىيەت ئېرىنىڭ ئەتىگەنلىك چېيىنى تەييارلاپ بېرىپ باردىغانلىقىنى ئېيتىپ تېلېفوننى

قويۇۋەتتى. خاسىيەتنىڭ كەلمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ باشقىچە جانلىنىپ كەتكەن توختىگۈل ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، دۇكاندىن ئىككى خالتا سۈت سېتىۋېلىپ كىردى ـ دە، ئەتكەنچاي تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدى. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ئۆتكەندە ئىشىك يېنىك چېكىلىپ ئۆيگە خاسىيەت كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام! بارمۇ سىز دوستۇم؟ — دېدى خاسىيەت ئىشىكتىن كىرىپلا توختىگۈلنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشۈپ، — ئۇزاق بوپتۇ سىز بىلەنمۇ كۆرۈشمىگىلى، نېمە ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتىسىز؟

خاسىيەت ئىلگىرىكى خاسىيەتكە پەقەتلا ئوخشىماي قالغانىدى. ئېڭكىنىڭ ئاستىدىن قوشۇپ چىگىۋالغان ياغلىقى، ئوشۇقىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن يەڭ كۆڭلىكى ئۇنى تەقۋادار ئاياللاردەك سالاپەتكە ئىگە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئايال كىشىگە خاس گۈزەللىك، جەزبىدارلىق ۋە لاتاپەت ئاتا قىلغانىدى.

خاسىيەت توختىگۈل بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، مېھمانخانا ئۆيگە كىردى ـ دە، سافاغا چۆكتى.

— مېنى ئۇنتۇپلا كەتتىڭىزغۇ دوستۇم؟ — دېدى توختىگۈل قايمىقى جىق قىلىپ ئېتىلگەن ئەتكەنچاينى خاسىيەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، — تېلېفون قىلىپ چاقىرمىسام مېنىڭ بۇ غېرىب كەپەمگە دەسسەپمۇ قويماس بولغىيدىڭىز ـ ھە؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس دوستۇم، — دېدى خاسىيەت ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ، — بىر ئۆينى تۇتقاندىكىن شۇنىڭ غېمىدە بولمىسا بولمايدىغان گەپ ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئاۋۇ ئادەمنىڭ سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس، شۇڭا يۈگۈرۈپ قوپۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدىكەن شۇ، بولمىسىغۇ سىزنى بىر كۈنمۇ خىيالىمدىن نېرى قىلغىنىم يوق.

— تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقاندۇ؟ — سورىدى توختىگۈل بوش ئاۋازدا.

— ھەرھالدا ياخشى دوستۇم، — دېدى خاسىيەت توختىگۈلنىڭ مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — كونىلار «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ» دەپ بىكارغا ئېيتماپتىكەن، ئۆيدە ئەر كىشى بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم تۇرىدىكەن، قولىقىمىزمۇ ئۇششاق - چۈششەك گەپ - سۆزلەردىن خالىي بولۇپ قالىدىكەن، گەرچە بىزنىڭ ئۇ ئادەم ياشقا سەل چوڭراق بولسىمۇ ھەرھالدا ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، ئاشۇ ئادەمنىڭ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قېلىشىدىن غەم قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ھېچقانداق غېمىم يوق.

خاسىيەتنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشلىرى توختىگۈلنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويدى. گەرچە توختىگۈل بۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەرلەر بىلەن ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن يارى ياۋاشتىن باشقا ئەرلەردىن ھېچقانداق خوۋلۇق كۆرمىدى. كېيىن تەگكەن ئەرلىرىنىڭ بىرسى تاياقچى بولسا، يەنە بىرسى كۇنلەمچى، بىرسى قىلىنى قىرىققا يارىدىغان پىششىق بولسا، يەنە بىرسى «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلمەن» دەيدىغان، تاپقان ئىككى تەڭگە پۇلىنىڭ تايىنى يوق، خوتۇن كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان لامزەللە ئىدى. مانا خاسىيەت توختىگۈل ئوينىغان ئويۇننىڭ ھەممىنى ئوينىدى - يۇ، ئاخىرىدا بىر ئوبدان ئەرگە تېگىۋالدى. گەرچە بۇ ئەر تاتلىق گەپلەر بىلەن خاسىيەتنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەملىككە، ئەمىنلىككە ئىگە قىلدى. مۇشۇلارنى ئويلاپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالغان توختىگۈلنىڭ چاناقلىرىغا مۆللىدە ياش كەلدى.

— راست گەپ قىلغاندا سىزگە ھەۋىسىم كېلىدۇ، — دېدى توختىگۈل چاناقلىرىدىن سىرغىپ چۈشەيلا دەپ قالغان

ياشلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتىۋېتىپ، — بەزىدە مەنمۇ قاچانلاردا خاسىيەتكە ئوخشاش خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە بولارمەن دەپ ئويلاپ قالىمەن، ئادەم ياشلىق چاغلىرىدا ھايات دېگەن شۇ ئوخشايدۇ دەپ، ئۇچۇشنىلا بىلىپ چۈشۈشنى بىلمىگەن بىلەن ياش بىر يەرگە بارغاندا خاتىرجەم، مۇقىم تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالىدىكەن.

— راست دەيسىز، — دېدى خاسىيەت ئېغىر تىنىۋېلىپ، — مەنمۇ ئۆمرۈم مۇشۇنداق يالغۇزلۇقتا ئۆتۈپ كېتەرمۇ، قاچانلاردا مەنمۇ باشقا ئاياللاردەك خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇشقا ئېرىشەرمەن دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى، ئاخىرى ئاشۇ تۇرمۇشقىمۇ ئېرىشتىم دوستۇم، ئىشەنسىڭىز مەن ھازىر ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال دەپ ھېسابلايمەن.

خاسىيەتنىڭ ھاياجان، پەخىرلىنىش بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى توختىگۈلنىڭ يېلىنجاۋاتقان ھەسەت ئوتىنى تېخىمۇ يالقۇنجىتىۋەتتى، ئۇ يۈرىكىگە بىر نەرسە سانجىلىۋاتقاندەك، ئىچىدە قانداقتۇر بىر نەرسە تىنىمسىز ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋاتقاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن «مېنىڭدەك نامى بولغان پاسىق ئايالنى ئەر ئالمىسا بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق يەككە ـ يېگانە ئۆتەرمەنمۇ؟ ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ ئەجەل يېتىپ قالسا ئۆلۈكۈم يالغۇز ئۆيدە سېسىپ كېتەرمۇ؟» دېگەن خىياللار كەچكەندە، پۈتۈن ۋۇجۇدى سوغۇق شامالدا قالغان ياپراقتەك تىترەك كەتتى.

توختىگۈل يېقىندىن بۇيان باللىرىنى ئويلايدىغان، ئۇلارنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى تاتلىق قىلىقلىرىنى، ئەركىلەشلىرىنى، چۈچۈك تىللىرىنى سېغىنىدىغان، كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان زېرىكىشلىك ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇلار بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە «ئەتىلا بېرىپ باللىرىمنى ياندۇرۇپ كەلمەيدىغان بولسام» دەپ ۋەدە بېرەتتى ـ يۇ، ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى باللىرىنى تاشلىۋەتكىنىنى

ئاز دېگەندەك، باللار ئۇنى ئالايتەن ئىزدەپ كەلگەندە قوچقىنى كەڭرى ئېچىپ باغرىغا بېسىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىرەر قېتىم ئوچۇق چىرايمۇ ئاچمىغىنىنى ئويلاپ پۇشايمان بىلەن لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەيتتى.

شۇنداق، توختىگۈل جاھاندىكى ئەڭ يىرتقۇچ هايۋانمۇ قىلمايدىغان ئىشنى قىلدى. بەش يىللىق يىرگىنچلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزى مېڭىۋاتقان ئاشۇ يولنىڭ توپتوغرا يول ئىكەنلىكىنى، بۇ يولنىڭ ئۇنى هامان بىر كۈنى پۇشايمان چۆلىگە ئاپىرىپ تاشلايدىغانلىقىنى هېس قىلالمىدى، ئۇ ئاللا ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئاشۇ ئاياللىقىنى پۇل تېپىشنىڭ، كۆڭۈل ئېچىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ نۇرغۇن پۇل تاپتى، تاپقان پۇللىرىنى خالىغانچە بۇزۇپ - چاچتى، هەتتا ئۇنى خوتۇن كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان بىر قىسىم لامزەللە ئەرلەرنىڭ ئىككى ئېغىز تاتلىق گېپىگە، يالغان - ياۋىداق ۋەدىلىرىگە تېگىشىۋەتتى. ئاخىرىدا نېمىگە ئېرىشتى؟ پەقەت «ئەر ئوغرىسى» دېگەن سەت لەقەمدىن باشقا هېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

— شۇنداق، دوستۇم، — دېدى توختىگۈل ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال ئىكەنلىكىڭىز كۈلۈپ تۇرغان ئاشۇ بىرجۈپ كۆزۈڭىزدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ، شۇ تاپتا بىر تەرەپتىن سىزگە هەۋەس قىلىۋاتقان بولسام يەنە بىر تەرەپتىن هەسەت قىلىۋاتىمەن.

— ۋاي! نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، — دېدى خاسىيەت قاقاهلاپ كۈلۈپ، — سىز هەسەت قىلغۇدەك دەرىجىدە باي - باياشات ئەمەسقۇ مەن، گەرچە مېنىڭ قېرى بولسىمۇ ئېرىم ۋە ئىللىق ئائىلەم بولغىنى بىلەن سىزگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا بەختسىز بىچارىمەن.

— مېنى مازاق قىلماۋاتقانسىز؟

— سىز ئويلاپ بېقىڭا دوستۇم، — دېدى خاسىيەت

كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — گەرچە سىزنىڭ ئېرىڭىز بولمىغىنى بىلەن سىزدىن كېيىن قالسا چىرىغىڭىزنى ياندۇرىدىغان، ئۆلۈپ كەتسىڭىز قەبرىڭىز ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ روھىڭىزغا ئاتاپ دۇئا قىلىدىغان بىر - بىرىدىن ئوماق ئۈچ بالىڭىز بار، مېنىڭ نېمەم بار؟ مېنىڭ ئاشۇ قېرى ئېرىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق. ئىلگىرى بىر ئوغلۇم بار دەپ پەخىرلىنىپ يۈرەتتىم، لېكىن دادىسى پوسكام نېفىتلىكىگە يۆتكىلىپ كەتكەچكە ئۇمۇ دادىسى بىلەن بىللە كەتتى، كېيىن ئاڭلىسام چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەپتۇ، مانا ھازىر ئۇنى كۆرمىگىنىمگە يىگىرمە يىلچە بولۇپ قالدى. ھازىر ئەرگە تېگىپ كۆڭلىرىم خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتقاندەك قىلغان بىلەن دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، كەلگۈسىدە ماڭا ھەمراھ بولۇپ مۇشۇ بوۋاينىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدىغان بىر پەرزەنت تۇغۇۋېلىشنى ئىككى يىلدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتىمەن، لېكىن بۇ ئارزۇلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا زادىلا كۆزۈم يەتمەيدۇ. مەن دېمىسەممۇ ياخشى بىلىسىز دوستۇم، ماڭا ئوخشاش قىرىق بەش ياشتىن ئاشقان قېرى خوتۇن بىلەن ئاتمىش بەش ياشتىن ئاشقان بىر بوۋاينىڭ پەرزەنتلىك بولمىقى ئاسماندىن پوشكال چۈشۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەكلا بىر ئىش، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ بوۋايدىن ئايرىلىپ قالسام قانداق قىلارمەن؟ كۆڭلىرىم يەنىلا يالغۇزلۇق ئىچىدە تۆت تامغا قاراپ ئۆتەرمۇ؟ دېگەن ئەندىشە يۈرىكىمنى يەپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇ سەللا بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالسا قورقۇپ جېنىم تېنىمدىن چىقىپ كەتكىلى تاس - تاماس قالىدۇ، ئەينى چاغدا بالدۇرراق ئەقلىمنى تېپىپ، تېنىمدىن سېسىق ماي ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان ئاددىيغىنا بۇرغىلاش ئىشچىسى بىلەن بولسىمۇ توي قىلىۋالمىغىنىمغا ئۆكۈنىمەن.

خاسىيەتنىڭ پۇشايمانلىق نىداسىنى ئاڭلىغان توختىگۈلنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. راست، خۇددى خاسىيەت

ئېيتقاندەك ئۇنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئەقىللىك، بىر ـ بىرىدىن ئوماق ئۈچ بالىسى بار، لېكىن ئۇ بالىلار هازىر قەيەردە؟ ئاشۇ ئوماقلار ئانا مېهرىگە موهتاج بولغاندا، كېچىلىرى قارا بېسىپ «ئاپا، ئاپا !» دەپ توۋلاپ ئويغىنىپ كەتكەندە ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا بارمىدى؟ يوق ! ئۇ چاغلاردا ئۇ هەشەمەتلىك بېزەلگەن قاۋاقخانىلاردا، رېستورانلارنىڭ دۇتقا تولغان ئايرىمخانىسىدا، ئالىي دەرىجىلىك مېهمانسارايلاردا كۆزلىرىدىن شەهۋانىيلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاچ كۆز ئەرلەرنىڭ قوينىدا ئىدى. ئۇ ئاشۇ بەختسىز بالىلىرىنى سۆيىدىغان لەۋلىرى بىلەن ئاشۇ ئەرلەرنى سۆيىدى، بالىلارغا تەۋە بولغان ئاشۇ باغرىنى ئۇنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سېسىق تەر پۇراپ تۇرىدىغان يۇڭلۇق مەيدىلىرىگە ياقتى.

ئاشۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن توختىگۈلنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغاندەك بولدى ـ دە، ئولتۇرغان يېرىدىن كەينىگە يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

— نېمە بولدىڭىز دوستۇم؟ — دېدى خاسىيەت دەرهاللا ئۇنى يۆلەپ.

— هېچنېمە، بېشىم سەل قايغاندەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى توختىگۈل ئۆزىگە تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغان خاسىيەتكە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ.

— مىجەزىڭىز بولمىسا بىردەم يېتىۋېلىڭ، — دېدى خاسىيەت توختىگۈلنىڭ پېشانىسىدە دەرهاللا پەيدا بولغان ئۇششاق تەر تامچىلىرىنى ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا ئېلىپ قويغان لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — سىزگە سۈيۈق ـ سەلەڭ بىر نېمە قىلىپ بېرەي، ئىچىپ باقامسىز؟

— ياق بولدى، دوستۇم، — دېدى توختىگۈل پەس ئاۋازدا، — ئاشقازىنىم بىرئاز ئاغرىپ تۇرىدۇ، بىردەم يېتىۋالسام ئوڭشىلىپ قالىمەن، يىقىندىن بۇيان سەللا بىئارام بولسام ئاشقازىنىم ئاغرىيدىغان بولۇۋالدى، نېمە ئىشقىلىقىنى بىلىپ

بولالمىدىم.

خاسىيەت ياتاق ئۆيگە كىرىپ ياستۇقتىن بىرنى كۆتۈرۈپ چىقتى ـ دە، ئۇنى توختىگۈلنىڭ بېشىغا قويدى. ئۇنىڭ چىرايى ھەش ـ پەش دېگۈچە تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قاراشتىلا كېسەلنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. خاسىيەت ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتۈپ كېلىشنى بىرقانچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، توختىگۈل «بىردەم يېتىۋالسام ئۆڭشىلىپ قالىمەن» دەپ زادىلا بېرىشقا ئۇنىمىدى.

توختىگۈل كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ئون مىنۇتلارچە يېتىۋالغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بايىقى بەترەڭ چىرايىغا بىر ئاز قىزىللىق يۈگۈرگەن بولۇپ، بايىقى قورقۇنچلۇق ئەلپازىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— مېنى بەكلا قورقۇتۇۋەتتىڭىز جۇمۇ دوستۇم.

— ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن، — دېدى توختىگۈل سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

— بولدىلا، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، — دېدى خاسىيەت گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، — ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— ئۆيدە بىكار شۇ.

— بىرەر ئىش تېپىپ قىلماي بىكار ياتسىڭىز قانداق بولىدۇ، دوستۇم، يارى رەھمەتلىكنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— بېرىشنىغۇ ئويلىغانىدىم، بىراق ...

توختىگۈل گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى دەرھاللا چۈشەنگەن خاسىيەت ئۇشۇقچە سوئال سوراپ ئۇنى خىجىل قىلىشنى خالىمىدى.

— مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىغا كىرىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— كىردىم، — دېدى توختىگۈل سەل ئۈمىدسىزلەنگەندەك قىياپەتتە، — بىراق ئۇلار بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇڭ، سىزگە مۇۋاپىق بىرەر خىزمەت چىقىپ قالسا چاقىرتايلى، ھازىر خىزمەت

تەلەپ قىلىپ بېشىمىزنى ئاغرىتىۋاتقانلار خېلى بار دەيدۇ.

— ئۇنداق دېگەن بولسا هامان بىر كۈنى سىزگە خىزمەت چىقىدۇ، دوستۇم، ئۈمىدلىكرەك بولۇڭ!

— دېگىنىڭىز كەلسۇن، دوستۇم.

— باللارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتامسىز؟

— ياق، — دېدى توختىگۈل كۆزلىرىنى قۇياش نۇرى يانتۇ چۈشۈپ تۇرغان دېرىزە تەرەپكە ئاغدۇرۇپ، — سېسىق نامىم پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى، بىرقانچە يىل ئىلگىرى باللار مېنى ئىزدەپ كەلگەندە ئالدىغا بىر پىيالە چاي قۇيۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئوچۇق چىرايمۇ ئاچماي يولغا سېلىۋەتتىم، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئۆز باللىرىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقۇپ «قېيىنسىڭلىمنىڭ باللىرى» دەپ تونۇشتۇردۇم. ئەينى چاغدا ئۇ گەپلەرنى چىن يۈرىكىمدىن دېگۈم بولمىسىمۇ، لېكىن سەللا سىلكىنسە تىللا تۆكۈلىدىغان ئاشۇ «خاسىيەتلىك دەرەخ» تىن ئايرىلىپ قالغۇم بولمىغاچقىلا شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولغانىدىم. بەلكىم ئاشۇ گەپلىرىم ئۇلارغا ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار ئىككىنچىلەپ بوسۇغامغا دەسسەپ قويمىدى. يېقىندا باشقىلاردىن ئاڭلىسام بۇ يىل تۇرغانجان ئالىي تېخنىكومنى، شاراپەت ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇۋېتىپتۇ، غۇلامجان بولسا تېخىچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ، بەلكىم مەن ھازىر ئۇلارنى ئىزدەپ بارسام ئۇلار مېنىڭدىن رەنجىمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەندەك «ئەر ئوغرىسى» ئاپىسىنىڭ بارلىقىدىن نومۇس قىلىدىغاندۇ، شۇلارنى ئويلىسام ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ خىجىل بولىمەن.

— ئەسلىدە ئۇلار سىزنى ئالايتەن ئىزدەپ كەلگەندىكىن ئۇنداق قوپال مۇئامىلىدە بولمىسىڭىز بوپتىكەن، ئەزەلدىنلا دىلى سۇنۇق باللار ئۇنداق مۇئامىلىنى ئەلۋەتتە كۆتۈرەلمەيدۇ - دە؟!

— ئەينى چاغدا ئەقلىم دۇمبەمگە چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، ھازىر ئۇ ئىشلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغىدەك بولۇپ كېتىمەن.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، دوستۇم، ئۈمىدۋار بولسىڭىز ياخشى كۈنلەر ھامان ئالدىڭىزدا!

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاش يېشى چوڭراق بولسىمۇ بىرەر ئەرگە تېگىپ خاتىرجەم بىر تۇرمۇشقا ئېرىشىۋالسام ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىشنى، شۇنچە يىللاردىن بېرى تاشلىۋەتكەن گۇناھىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كەچۈرۈم سوراشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئويلىرىممۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنداقمۇ بولماس، — دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ بىلىنەرلىك تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، — خۇدايىمنىڭ سىزگىمۇ ئېيتقىنى باردۇ، مەنمۇ سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىز بولغاندىكىن بۇ ئىشلارغا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرماسمەن، كەچتە بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ باقاي، ئۇنىڭ بىرەر بويتاق بۇرادىرى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

خاسىيەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان توختىگۈلنىڭ چىرايىغا شۇ ئانلا كۈلكە يۈگۈردى. گەرچە بۈگۈن ئۇنىڭ خاسىيەتنى ئۆيىگە چاقىرىشىدىكى مەقسىتى شۇ بولسىمۇ، لېكىن بۇ توغرۇلۇق بىۋاسىتە ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى، ئەمدىلىكتە دوستىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالغىنى ئۇنى خۇددى ئەتىلا تويى بولىدىغاندەك خۇش قىلىۋەتتى.

— سىزگە دەيدىغان يەنە بىر گەپ، جېنىم دوستۇم، — دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — سىز ئۆزىڭىزنى مۇنچە ئەيىبلەۋەرمەي باللارنى ئىزدەپ قويۇڭ. قانداقلىكى بولسۇن ئۇلار باغرىڭىزنى يېرىپ چىققان ئۆز باللىرىڭىز، بەلكىم ئۇلار سىزنىڭ ئۆزلىرىنى ئىزدەپ

كېلىشىڭىزنى، ئائىلىق مېھرىڭىز بىلەن باغرىڭىزغا بېسىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ، نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا سىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارنى ئىزدىگىنىڭىز تۈزۈك.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دېدى توختىگۈل ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ، — كىچىك ۋاقتىدا باقماي تاشلىۋېتىپ چوڭ بولۇپ خىزمەتكە چىققۇدەك بولغاندا ئىزدىسەم خەق نېمە دەپ قالار؟! باشقىلارغۇ مەيلى، ئاشۇ بالىلارنى مىكىر جاپالاردا بېقىپ چوڭ قىلىپ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقان بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل نېمىمۇ دەر؟ بەلكىم ئۇلار ئېغىزىدىن چىقارمىغان تەقدىردىمۇ «بۇ پاسكىنا خوتۇن بالىلارنى كىچىكىدە باقماي تاشلىۋەتتى، بىز ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلىپ مائاشلىق قىلىپ قويساق كېلىپ ئىگە بولۇۋالدى» دەپ كۆڭۈللىرىدە نارازى بولار. تۇرغانجان ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە تۇققۇز ياشلاردا ئىدى، مانا ھازىر يىگىرمە تۆت ياشقا كىردى، دېمەك، مەن بۇ بالىلارنى ساقمۇساق ئون بەش يىل تاشلىۋەتتىم، كىشىنىڭ بالىسىنى ئون بەش يىل باقماق ئوڭايمۇ؟ ئىلگىرى بۇلارنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن، ھازىر ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ ئانا بولۇش سالاھىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىمەن. يېقىندا تېلېۋىزوردىن «ھايۋانات دۇنياسى» نى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنىڭدا ئانا شىرنىڭ ئاسلانلىرىنى باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ نەگە بارسا ئۇلارنى كەينىدە ئەگەشتۈرۈپ بارىدىغانلىقىنى، ئوۋ ئوۋلىغان چاغدا ئاسلانلىرىنى باشقىلار ئاسان بايقىيالمايدىغان ئەپچىل بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، باشقا ئەركەك شىر ئۇنىڭ ئاسلانلىرىنى بوغماقچى بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن جېنىنى تىكىپ قوغلاپ ئېلىشقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم شۇنداق ئەسكى بولدى، بىر يىرتقۇچ ھايۋان جېنىدا بالىلىرىنى تاشلىۋەتمەي پۈتۈن ئەجرىنى، مېھرىنى بېرىپ باقىدىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ مېنىڭدە

ئاشۇ ھايۋانچىلىكمۇ مېھرىبانلىق، جاسارەت ۋە ئەقىل ـ ھوشىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. باشقا بىر ئەركەك شىر تەرىپىدىن بوغۇۋېتىلگەن ئاسلىنىغا قاراپ قاتتىق ھۆۋلاپ، نالە قىلغان ئانا شىرغا قاراشقا پېتىنالماي كۆزلىرىمنى مەھكەم يۇمۇۋالدىم.

توختىگۈل كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى باشقۇرالماي قالدى، دوستىغا قاراپ ئىچى سىيرىلغان خاسىيەتمۇ مونچاق ـ مونچاق ياش تۆكتى. ئۇلار ئۇزاق يىللىق ئازغۇنلۇقى پەيدا قىلغان كۆڭۈل كىرلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن بىراقلا يۇيىۋەتمەكچى بولغاندەك بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، يانمۇيان ئولتۇرۇپ قانغۇچە يىغلاشتى. ئەمدىلا تىكلىنىشكە باشلىغان قۇياش خۇددى ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك يىغىلىرىنى كۆرۈشنى خالىمىغاندەك، ئوچۇق ئاسماندا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بىر پارچە كۈل رەڭ بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆزىنى ئاتتى.

— سائەتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، — دېدى خاسىيەت كۆزىدىكى قالدۇق ياشلارنى قول ياغلىقى بىلەن بوشقىنا سۈرتۈپ قويۇپ، — بىزنىڭ بوۋاي «پېنسىيونېرلار پونكىتىدا پائالىيەت بار ئىكەن، ئۆيدە بىكار ئولتۇرغىچە چىقىپ قاتنىشىپ كېلەي» دەپ چىقىپ كەتكەن، شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، مەن بېرىپ تاماق ئېتەي، قالغان گەپ ـ سۆزلەرنى كېيىنچە دېيىشەرمىز.

خاسىيەت توختىگۈلگە ئۆزىنىڭ بايا دېيىشكەن ئىشلار توغرىسىدا ئېرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلگۈدەك بىرەر ئەرنى تېپىپ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇشقا قايتا ـ قايتا ۋەدە بەردى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يېتەيلا دەپ قالغان توختىگۈل خاسىيەتنىڭ «بولدى جېنىم دوستۇم، مۇشۇ يەردىلا تۇرۇپ قېلىڭ» دەپ، توسۇغىنىغا ئۇنىماي بىنانىڭ

بىرىنچى قەۋەتىگىچە ئۆزىتىپ چۈشتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ توختىگۈل كۈنىنى بارماق بىلەن ساناپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈنلەر تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك، يەر شارى ئۆز ئوقىدا توختاپ قېلىپ زادىلا ئايلانمايۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان، رىۋايەتلەردىكى سېھىر ـ جادۇلار بارلىق مەۋجۇداتلارنى سېھىرلەپ قاتۇرۇپ قويغاندەك ھەرىكەتسىز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ھەربىر مىنۇت ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى بىر سائەتتەك، ھەتتا بىر سوتكىدەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

ــــ مېنىڭچە بۇ چوكان ماڭا سەل ياش كېلىپ قالارمىكىن، ــــ دېدى ئابدۇللا قارىھاجى خاسىيەت بىلەن ئۇنىڭ ئېرىغا يەر تېگىدىن لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ــــ مەن دېگەن يەتمىش ياشتىن ئاشقان ئادەم، بۇ چوكان ئەمدىلا قىرىق ياشتىن ئېشىپتۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ چوڭ ئوغلۇمدىن ئاز دېگەندىمۇ بەش ـ ئالتە ياش كىچىك ئىكەن، مۇنداق بولسا تازا ياخشى بولماسمىكىن؟!

ئابدۇللا قارىھاجى يېشىغا قارىغاندا تولىمۇ تىمەن، ساغلام ئادەم بولۇپ، چەبدەسلىكتە خېلى ـ خېلى ياشلاردىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ ئۈچەيدەك ئاقارغان بومبا ساقىلى ھەرقاچان قىرىرىپ تۇرىدىغان دوغىلاق يۈزىگە ئاجايىپ ياراشقان بولۇپ، بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۇنى يەتمىشتىن ئاشتى دېيىشنى خىيال قىلمايتتى. ئابدۇللا قارىھاجى دىننىي ئىلىمدىلا توشقان موللا بولۇپ قالماي، پەننىي بىلىملەردىنمۇ ئاز ـ تولا خەۋىرى بار، كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىر ـ داستانلىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيدىغان كىشى ئىدى.

ــــ قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا قارىھاجىكا، ــــ دېدى خاسىيەت كۈلۈپ تۇرۇپ، ــــ ئايال كىشى دېگەن ئەر كىشىگە قارىغاندا ئىتتىك قېرىيدۇ، شۇڭا ئايال كىشى ئەر كىشىدىن قانچە كىچىك بولسا شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ بۇ

تۇرقىلىرىنى كۆرگەن ئادەم سىلىنى ھەرگىزمۇ يەتمىش ياشتىن ئاشقان ئادەم دېمەيدۇ، بەك چوڭ ئايالنى ئېلىۋالغانلىرى بىلەن ئۇ ئايال سىلىنى باقامدۇ ياكى سىلى ئۇ ئايالنى باقامدىلا؟

— خاسىيەتخان راست دەيدۇ قارىھاجىكا، — دېدى خاسىيەتنىڭ قارامتۇل، ئېگىزرەك كەلگەن، ئورۇقلۇقىدىن يۈزىدىكى قورۇقلىرى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئېرى سەلەيئاخۇن گېلىنى بوشقىنا قىرىپ قويۇپ، — بۇ خوتۇن بىلەن ئىككىمىزمۇ يىگىرمە ياش پەرقلىنىدىغان بولساقمۇ ئىككى يىلدىن بۇيان بىر ئوبدان ئۆي تۇتۇپ كېتىۋاتىمىزغۇ مانا، سىلى بىلەن مېنىڭ بۇ يېشىمدا ياشقا چوڭراق ئايالنى ئېلىۋالغىنىمىز بىلەن «بۇ خوتۇن قاچان ئاغرىپ يېتىپ قالاركىن» دەپ دەككە - دۈككىدىلا ئۆتىدىغان گەپ، شۇڭا يەنىلا ياشراق ئايالغا ئۆيلەنگەنلىرى ياخشى.

— مەنغۇ مەيلى دېگەنبىلەن باللار نېمە دەيدىكىن شۇ، — دېدى قارىھاجى ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، — ئادەم قېرىغانسېرى باللارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قالىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر نەۋرىلەرنىڭ ئالدىمۇ توي قىلىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ بولدى، بەك ياش ئايالنى ئېلىۋالغان بىلەن ئاشۇ باللار «بوۋام يېشىغا تۇشلۇق ئىش قىلسا بولمامدىغاندۇ، دادىمىز بىلەن ئاپىمىزدىن كىچىك خوتۇننى ئېلىۋېلىپ نېمە ئىش قىلىدىكەن» دەپ، رەنجىشىدىن ئەنسىرەيدىغان گەپ ئىكەن.

— ۋىيەي! قارىھاجىكا، — دېدى خاسىيەت قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — باللار بىلەن نەۋرىلەرنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان ئىشلىرى بولسا ئۆيلەنمەي مۇشۇنداق ئۆتسىلىرى بولىدۇ، لېكىن ئاشۇ باللار كۈندە كېلىپ سىلىنىڭ تاماقلىرىنى ئېتىپ، كىرلىرىنى يۇيۇپ بېرەلەمدۇ؟ «خىزمىتىمىز ئالدىراش» دەپ، ھەپتىدە بىرەر قېتىم كېلىپ ئەھۋاللىرىنى سوراپ كېتەلىسە چوڭ گەپ، ئادەم ياشقا چوڭ بولغاندا يەنىلا يېنىدا مۇڭداشقۇدەك بىرەر كىشىنىڭ بولغىنى ياخشى، تەن ھەرقانچە

ساغلام بولغىنى بىلەن يالغۇز قالغاندا ئىچ پۇشۇقىنى ئالىدىغان بىرەر ھەمراھ بولمىسا توۋت تام يەپ كېتىدۇ ئادەمنى.

— خاسىيەتخاننىڭ دېگىنى توغرا قارىھاجىكا، — دېدى سەلەيئاخۇن ئۇنىڭ تىزىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ، — مەنمۇ دەسلەپتە بۇ خوتۇننى ئالىمەن دېسەم باللارنىڭ ھەممىسى قارشى چىققان، ھەتتا «دادىمىز بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرمەي ياش خوتۇننى ئېلىۋالدى» دەپ ماڭا تەتۇر قارىشىپ يۇرۇشتى، ھازىرچۇ؟ ھازىر «يەنىلا چوڭچە ئەقلى چوڭچە بولىدىكەن، دادىمىزنىڭ خۇشال - خۇرام، بەختلىك ياشاۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىزمۇ كۆپ خاتىرجەم بولۇپ قالدۇق» دېيىشىدىغان، ھەر قېتىم بۇ ئۆيگە كەلگەندە بۇ خوتۇنغا خەيرخاھلىق قىلىشىدىغان بولۇشتى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى باللارمۇ كۆنۈپ قالىدىكەن، ئۆينى تۇتسىلىرى سىلى تۇتىلا ھاجىكا، شۇڭا باللارنىڭ كۆزىگە بەك قاراپ كەتمىسىلە!

سەلەيئاخۇن ئەر - ئايال ئىككىيلەننىڭ بىر تالاي سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئابدۇللا قارىھاجى بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ھازىرچە قىزىل قەغەز ئالماي نىكاھ ئوقۇتۇپلا بىر ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشنى، ناۋادا مىجەزلىرى كېلىشىپ قالسا ئاندىن رەسمىي توي خېتى ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— مېنىڭچە سىلىنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق قارىھاجىكا، — دېدى خاسىيەت ئېرى سەلەيئاخۇنغا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، — ئەمىسە سىلىنىڭ بۇ شەرتلىرىنى توختىگۈلگە يەتكۈزەي، بۇنىڭغا ئۇنىڭ نېمە دەيدىغىنى نامەلۇم، ناۋادا ئۇ ماقۇل بولۇپ قالسا مۇۋاپىق بىر پەيتنى تېپىپ ئىككىلىرىنى كۆرۈشتۇرسەك قالغان گەپلەرنى ئۆزۈڭلار دېيىشىۋالساڭلارمۇ بولىدۇ.

مىڭبىر مۇشەققەتتە بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزگەن توختىگۈل خاسىيەتنىڭ «سىزگە دەيدىغان خۇش خەۋەر بار ئاداش، يېرىم

سائەتكە قالماي ئۆيىڭىزگە يېتىپ بارىمەن» دەپ، قىلغان تېلېفوننى تاپشۇرۇۋېلىپ يۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كەتتى.

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى بىلەن ئورنىدىن چاچراپلا تۇرۇپ كەتكەن توختىگۈل يۈگۈرگەندەك كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، خاسىيەتنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق تەبەسسۇمىنى كۆرۈپ باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى.

خاسىيەت ئۆيگە كىرىپ سافاغا جايلىشىپ بولغىچە، ئۇنىڭ كېلىدىغىنىنى ئاڭلاپ بىر چەينەك چاينى دەملەپ تەييار قىلىپ قويغان توختىگۈل ئۇنىڭ ئالدىغا چاي قۇيدى.

— پاھ ! دوستۇم، بۈگۈن بەك چاققانغۇ سىز، — دېدى توختىگۈل تەڭلىگەن پىيالىنى ئېلىۋاتقان خاسىيەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇرۇندىنلا شۇنداققۇ، — دېدى يۈزلىرى ۋىللىدە قىزارغان توختىگۈل پىسسىڭىدە كۈلۈپ.

توختىگۈل خاسىيەتنىڭ ئۆزىگە قانداق ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلگىنىنى تېزرەك بىلىشكە ئالدىراپ بىتاقەت بولغىنىچە خاسىيەتكە بىرقانچە قېتىم يەر تېگىدىن قاراپ قويىدى، لېكىن خاسىيەت خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ قىلىپ ئولتۇراتتى. تاقىتى تاق بولغان توختىگۈل ئاخىرى سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— سىزگە بىر ياخشى خەۋەر بار دەۋاتاتتىڭىز، قانداق ياخشى خەۋەر ئىدى ئۇ؟

— مەن دېگۈچە ئالدىراپ كەتتىڭىز ـ ھە؟ — دېدى خاسىيەت پىخىلداپ كۈلۈپ.

— مېنىڭچە ياخشى خەۋەرگە قىزىقمايدىغان ئادەم يوقتۇ؟ — دېدى توختىگۈل ھېيىقماستىنلا.

— قاراڭ ئاداش، — دېدى خاسىيەت ئالدىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېلىپ، — ئۇ ئادەمغۇ خېلى يامان ئەمەس، بىراق

سىزگە سەل چوڭ كېلىپ قالامدىكىن دەيمەن، ئۇ ئادەمنى سىزمۇ جەزمەن تونۇيسىز، بۇ شەھەردە خېلىلا يۈز ـ ئابرۇيى بار ئادەم ئۇ.

— بۇ شەھەردىغۇ يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەرغۇ خېلى كۆپ، سىز زادى قايسىسىنى دەيسىزكىنتاڭ؟

— ئابدۇللا قارىھاجىمنى تونۇيدىغانسىز؟

— ئۇ ئادەم تېخى بۇلتۇر ئۆيلەنگەنىدىغۇ؟

— ئۇ ئايال بىلەن تازا كېلىشەلمىگەن ئوخشايدۇ، — دېدى خاسىيەت قاش ـ قاپىقىنى سۈزۈپ، — بىلىشىمچە ئۇ ئايالنىڭ سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ، ئۇ بىر كۈنى «بۇ يېرىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېسە، يەنە بىر كۈنى «ئۇ يېرىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ، ئۇ ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىپتۇ، ئاخىرى قارىھاجىكام «سىلىنى ماڭا قارامدىكىن دەپ ئالسام، سىلى ماڭا قارىماي قېرىغان جېنىمدا سىلىگە مەن قارايدىغان ئوخشايمەن، خاپا بولماي تېۋىپلىقتىن خەۋىرى بار ئەردىن بىرنى تېپىۋالسىلىرى بولغىدەك» دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى توختىگۈل ئۇ ئايالغا سەل ئىچ ئاغرىتىپ، — سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاندىكىن ئەرگە تېگىمەن دېگۈچە ئۆيىدە ئولتۇرسىمۇ بوپتىكەن.

— شۇنى دېمەمسىز، نېمىمۇ قىلار بولغىيدى سىزنىڭ رىزقىڭىزنى تالىشىپ، — دېدى خاسىيەت چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ.

خاسىيەتنىڭ كېلىشتۈرۈپ قىلغان چاقچىقىدىن خىجىل بولغان توختىگۈلنىڭ يۈزلىرى ئەمدىلا تونۇردىن سويۇۋالغان توقاچتەك قىزىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن خاسىيەت ئالىقىنى بىلەن ئېغىزىنى ئېتىۋېلىپ پىخىلداپ كۈلگىلى تۇردى، ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز قالغان توختىگۈلمۇ قوشۇلۇپ كۈلدى. ئىككىسى بىر ھازا كۈلۈشكەندىن كېيىن خاسىيەت بولۇپ ئۆتكەن گەپ ـ سۆزلەرنى، گەرچە

قارىھاجى بۇ ئىشقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرچە توي خېتى ئالماي نىكاھ ئوقۇتۇپ تۇرۇش شەرتىنى قويغانلىقىنى، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئاز گەپ قىلمىغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— يەنىلا شۇ يىلتىزى يوق قامغاقتەك بولىدىغان ئىش ئىكەنغۇ، — دېدى توختىگۈل سەل مەيۈسلەنگەن ھالدا، — تاڭنا بەش كۈنده «ئۇ مۇنداق دېدى، بۇ مۇنداق دېدى» دەپ كەشمەكتوغرىلاپ قويسا قانداق قىلىمەن؟

— ۋاي، ئالتۇن خېنىم، — دېدى خاسىيەت سەل نارازى بولۇپ، — شۇنىڭدىنمۇ ئەنسىرەيدىغان ئىشمۇ، نىكاھنى ئوقۇتۇپ ئۆيگە كىرىۋالدىڭىزمۇ بولدى، سىز دېگەن ئۇنىڭدىن ئوتتۇز ياش كىچىك، تېخىچە زىبالىغىڭىزنى، گۈزەللىكىڭىزنى يوقاتقىنىڭىز يوق، سىز ئۇنى ئۆزىڭىزگە مەپتۇن قىلىپ سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقالمايدىغان قىلالىسىڭىزلا باشقىلار نېمە دېگىنىنى بىلەن بىكار. قانداق قىلىشنى مەن سىزگە ئۆگەتمىسەممۇ ئوبدان بىلىدىغانسىز؟

توختىگۈل بىلەن خاسىيەت بىرەر سائەتتىن ئارتۇق مۇڭداشقاندىن كېيىن، خاسىيەت ئىككىسىنى يۈز كۆرۈشتۈرىدىغان ۋاقىت ئېنىق بولغاندا خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. قېرى بولسىمۇ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتىدىغان بولغانلىقىدىن ھاياجانلانغان توختىگۈلنىڭ كۆزىگە كېچىچە ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «بۇ ئىشقىمۇ پىت چۈشمىسە بولاتتىغۇ، مېنىڭ ياخشى ئايال ئەمەسلىكىمنى باشقىلاردىن ئاڭلىسا گېپىدىن يېنىۋالارمۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە قالغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىككىسىنىڭ نىكاھ ئىشى قانچە يوشۇرۇن ھەم تېز بولسا شۇنچە ياخشى بولاتتى. كېچىچە ئاشۇنداق تەشۋىش ـ ئەندىشە ئىچىدە يېتىپ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان توختىگۈل دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان ئاي شولىسىغا قاراپ يېتىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ

قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.
ئىشلار توختىگۈلنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولدى. ئابدۇللا قارىھاجىنىڭ بالىلىرى توختىگۈلنىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بولغىچە ئىككىسىنىڭ نىكاھى بىر قانچە قوشنىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئوقۇلۇپ بولدى، قارىھاجىنىڭ ئالتە بالىسى دادىسىنىڭ مۇشۇنداق ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشتىمۇ ئۆزلىرىگە مەسلىھەت قىلماي ئۆز ئالدىغا قارار چىقارغىنىدىن نارازى بولۇشتى. ئۇلار دادىسىنىڭ نىكاھىغا قاتنىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاياغمۇ باسمىدى.
ئابدۇللا قارىھاجى بىلەن توختىگۈل نىكاھ ئوقۇتۇپ ساق بىر ھەپتە بولدى دېگەندە، خاسىيەت ئېرى سەلەيئاخۇننى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى، قارىھاجى بىلەن توختىگۈل بۇ شاپائەتچىلىرىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. توختىگۈلنىڭ چىرايى باشقىچە ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قاراشتىلا ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوبدانلا ياراپ قالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. قارىھاجىنىڭمۇ چېھرىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى سۈرۈن تەلەتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.
— قانداق قارىھاجىكا، قۇشناچىم بىلەن كېلىشىپ قالغانلا، — دېدى سەلەيئاخۇن دۇئادىن كېيىن، — چىرايلىرىغۇ ئىلگىرىكىدىن ئوتتۇز ياش ياشىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ كۆزۈمگە.
— شۈكۈر ئەلھەمدۇلىللا، — دېدى قارىھاجى ئاپپاق ساقاللىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ، — ھەرھالدا كېلىشىپ قالدۇق، ئۆزىنىڭمۇ ئايىغى چاققان، قولى ئەپچىل چوكان ئىكەن ئەمەسمۇ.
— ھېلىمۇ «بەك ياش ئىكەن» دەپ قولدىن چىقىرىپ قويغىلى تاس قالدىلا قارىھاجىكا، — دېدى خاسىيەت ئاشخانا ئۆيدە ئالدىراش چاي تەييارلاۋاتقان توختىگۈلگە لەپپىدە قاراپ

قويۇپ، — گېپىمگە كىرمىگەن بولسىلىرى قوللىرىدىن چىقىرىپ قويۇپ مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالغان بولاتتىلا.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى قارىھاجى مەغرۇر قىياپەتتە كۈلۈپ، — بۇ ئىشتا يەنىلا ئىككىلىرىگە رەھمەت ئېيتماي بولمايدۇ.

ھەش - پەش دېگۈچە بىر چەينەك چاي دەملەپ كىرگەن توختىگۈل مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىپ ئوچاقنىڭ بىر تەرىپىگە كورىنى ئېسىپ گۆش سېلىپ قويدى - دە، يەنە بىر تەرىپىگە قازاننى ئېسىپ، مېھمانلار بىر پىيالىدىن چاي ئىچىپ بولغىچە ئارىلىقتا ئىككى تەخسە قورۇما تەييارلاپ كىردى.

ئىككى جۇپ ئەر - خوتۇن يېقىن - يىراقتىكى گەپلەرنى قىلىشىپ خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئولتۇردى.

— ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ سەلەيئاخۇن، — دېدى خاسىيەت سائىتىگە قارىۋېتىپ، — ماڭساق بولارمىكىن، مۇشۇ تاپتا ئۆيگە بېرىپ ئۆيقۇمىزنى تېپىپ بولغىچىمۇ يېرىم كېچە بولىدۇ، ئەتە بامداتقا تۇرالماي قالمىسىلا يەنە.

— ماڭساق ماڭىلى خوتۇن، — دېدى سەلەيئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ، — قارىھاجىكاممۇ بالدۇرراق ئارام ئالسۇن.

ئاشخانىدا شورپىنىڭ سۈيىگە ئاش تاشلاۋاتقان توختىگۈل ئۆلارنىڭ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەلدى.

— توختاڭلار ! ئاش تەييار بولغاندا ماڭىمىز دېگىنىڭلار نېمىسى ئاداش؟ — دېدى توختىگۈل سەل رەنجىگەندەك بولۇپ، — نېمانداق قىزغانچۇق ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىسىلەر، سىلەر كەتسەڭلار بۇ بىر قازان ئاشنى كىم ئىچىدۇ؟ تولا ئادەمنىڭ نېرۋىسىغا تەگمەي جىندەك ئولتۇرۇڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار بۇنىڭدىن كېيىن بوسۇغىڭلارغا دەسسىمەيمىز جۇمۇ!

— شۇنداق قىلىڭلار سەلەيئاخۇن، — دېدى قارىھاجى

توختىگۈلگە قاراپ «ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ» دېگەن مەنىدە شەرەت قىلىپ، — سىلەرنىڭ بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىشىڭلار مۇشۇ، دېمىسىمۇ تاماق تەييار بولغاندا ماڭمىمىز دېسەڭلار تازا قاملاشمايدۇ، ھەرقانچە ئالدىرايدىغان ئىش بولسىمۇ تاماق يەپ بولۇپ مېڭىڭلار!

شورپا بىلەن قىلىنغان سۇيۇقئاشنى تەرلەپ ئولتۇرۇپ بىر چىنىدىن ئىچىۋالغان سەلەيئاخۇن بىلەن خاسىيەت تەرلىرى قۇرۇغىچە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردى ـ دە، داستىخانغا دۇئا ياندۇرۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا سائەت ئون يېرىم بولغانىدى. كېچە ئاسمىنى شۇقەدەر ئوچۇق بولۇپ، بۇلۇتسىز ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇپ، ئالتۇن تاۋاقتەك يالتىراپ تۇرغان تولۇن ئاينىڭ كىرسىز كۆڭۈللەردەك سۈزۈك نۇرلىرى قەدىمكى يارىش دالاسىنىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكىدە قەد كۆتۈرگەن بۇ كىچىككىنە زامانىۋى شەھەرنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆي ـ ئۆيلەردە يالىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغلارنىڭ كۈچلۈك نۇرلىرى تېخىچە ئۆچۈرۈلمىگەن مەھەللە چىراغلىرىنىڭ نۇرلىرىغا قوشۇلۇپ دىللارنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ نۇرلار دۇنياسىنى پەيدا قىلغانىدى، بىر قاراشتا بۇ مەنزىرە كىشىگە ئاسمان بىلەن زېمىن گىرەلىشىپ كەتكەندەك، بارلىق مەۋجۇداتلار بىپايان بىر بوشلۇقتا ئۇچۇپ يۈرگەندەك يېقىملىق تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.

تۈن يېرىم بولغاندا تەرەت ئېلىپ، بويىنى سۇغا سىلىۋېلىپ ياتقان قارىھاجىنى غەپلەت بېسىۋالدىمۇ ياكى توختىگۈل ئۇنى سەل چارچىتىپ قويدىمۇ، ئەيتاۋۇر مەزىناخۇننىڭ جامائەتنى ئەتىگەنلىك بامدات نامىزىغا چاقىرىپ ئېيتقان ئەزىنىنى ئاڭلىمىدى. بىر چاغدا بىرسى ئۇنى «قوپ» دېگەندەك قىلدى ـ دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قارىھاجى سائىتىگە قاراپ ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغىنىنى كۆردى ـ دە، ئالمان ـ تالمان تەرەت ئېلىپ مەسچىتكە قاراپ يۈگۈردى. مەسچىت بىلەن

قاربهاجىنىڭ ئۆيىنىڭ ئاربلىقى ئىككى يۈز مېتىرمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ، ئۇ مەسچىتكە كىرگەندە جامائەت سۈننەت نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىمام ئاخۇننىڭ پەرھىز نامىزىنى باشلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

كالىچىنى پالاقشىتىپ مەسچىتكە ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرىپ كەلگەن قاربهاجى ئىككى رەكەت سۈننەت نامىزىنى ئالمان ـ تالمان ئوقۇپ پەرھىز نامىزىغا ئارانلا ئۈلگۈردى. نامازدىن كېيىن جامائەت ئەزەلدىنلا نامازغا كېچىكمەيدىغان، سەپنىڭ ئالدىنقى رېتىنى ھەرقاچان باشقىلارغا بەرمەيدىغان قاربهاجىنىڭ كېيىن قالغىنىنى كۆرۈپ چاقچاق قىلغۇسى كەلدى ـ دە، ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ چاقچاق قىلغىلى تۇردى:

— قاربهاجىكا، ياش چوكاننى ئېلىۋېلىپ ناماز ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلا ـ ھە؟

— قۇشناچىمنىڭ ئىسسىق يوتقىنىدىن چىققۇسى كەلمەي قالغاندۇ بەلكىم.

— قاربهاجىكا، يېڭىسى كونىسىغا ئوخشىمايدىغاندۇ ـ ھە؟

— ھاي، ھاي جامائەت، دىققەت قىلىپ قاراپ بېقىڭلارچۇ! قاربهاجىكام ئىلگىرىكىگە قارىغاندا سەل ئورۇقلاپ قالغاندەك تۇرامدۇ، نېمە؟

— ئۇيقۇ يېتەرلىك بولمىغاندىكىن ئورۇقلىسىمۇ ئورۇقلىغاندۇ.

جامائەتنىڭ كەينى ـ كەينىدىن قىلغان چاقچاقلىرىدىن تېرىككەن ئابدۇللا قاربهاجى «ئا ... نەدىكى گەپنى قىلىشىدىغان خەق ئىكەن بۇ!» دەپ، پېشىنى قاققىنىچە مەسچىتتىن چىقىپ كەتتى.

جامائەتكە سەل ئاچچىقى كېلىپ قالغان قاربهاجى بەش ۋاخ نامىزىنى ئۆيىدىلا ئوقۇپ مەسچىتكە چىققىلى ئۇنىمىدى، ئۇچىنچى كۈنى توختىگۈل «ئۇنچىلىك ئىشنى كۆڭۈللىرىگە ئېلىپ كەتمىسىلە قاربهاجىم، جامائەت سىلىگە يېقىنچىلىق

قىلىپ چاقچاق قىلسا ئۆيدە يېتىۋالغانلىرى نېمىسى، ئۇنداق قىلىشلىرى جامائەتنىڭ ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قالىلا، نېمە دېسە «ھە»لا دەپ قويىسىلىرى تۇگىمەمدۇ ئىش دېگەن. قوپسىلا ئورۇنلىرىدىن، دەرھال مەسچىتكە چىقىسىلا» دەپ، ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي مەسچىتكە چىقاردى. قارىھاجىنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن مەسچىتكە كىرىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن جامائەت ئۇنى يەنە خاپا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئىككىنچىلەپ چاقچاق قىلمىدى.

كۇنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ھەش - پەش دېگۈچىلا ئابدۇللا قارىھاجى بىلەن توختىگۈلنىڭ بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تەڭ ئىس چىقىرىپ كېلىۋاتقىنىغا يېرىم يىلچە بولۇپ قالدى. بۇ يېرىم يىل جەريانىدا توختىگۈل ئۆزىنىڭ نازلىق ئەركىلەشلىرى، شېرىن - تاتلىق سۆزلىرى، جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويغىدەك يېقىملىق كۈلكىلىرى بىلەن قارىھاجىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

— توي خېتىنى بالدۇرراق ئېلىۋالغان بولساق بولاتتى قارىھاجىم، — دېدى توختىگۈل پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ كىرگەن قارىھاجىنىڭ پەرىجىسىنى ئىلغۇغا ئېسىۋېتىپ، — بىزنىڭ ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتۈۋاتقىنىمىزغىمۇ يېرىم يىلچە بولۇپ قالدى، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەر «توي خېتىڭلار بارمۇ؟» دەپ بىرقانچە قېتىم سورىدى، سوراۋەرسىمۇ ئادەم خىجالەت بولۇپ قالىدىكەن.

— دېگىنىڭىزمۇ راست، — دېدى قارىھاجى كالتە يۆتىلىپ قويۇپ، — ھازىر ھەپتە ئاخىرى بولۇپ قالدى، كېلەر ھەپتە ئارىلىقىدا ۋاقىت چىقىرىپ بېرىپ كېلەيلى.

قارىھاجى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ كىرگۈچە يىغىلىپ قالغان كىرلەرنى يۇيۇۋېتىشكە تۇتۇنغان توختىگۈل كىرلەرنى كىرئالغۇغا سېلىپ قويۇپ ئەمدىلا تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلدى. ئۇ «قارىھاجىم تېخى ھېلىلا

چىقىپ كېتىۋىدى، نامازنى مۇشۇنداق تېز لا ئوقۇپ بولغانمىدۇ؟»
دېگەننى خىيال قىلىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ
يۇگۇرگەندەك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى.
ئىشىك ئالدىدا ناتونۇش ئىككى ئەر كىشى ئۇنىڭغا ھومايغىنىچە
قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ،
قوشۇما قاش كىشى بولۇپ، ئەللىك ياشلاردا بار ئىدى. يەنە
بىرسى قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئېگىز بوي، يوغان
كۆز، ئورۇقراق كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قاشلىرىمۇ يېنىدىكى
كىشىنىڭكىگە ئوخشاش قارا ھەم توم ئىدى.
— كىمنى ئىزدەيسىلەر؟
— دادام بارمۇ؟
— ھېلىراقتا مەسچىتكە چىقىپ كەتكەن، — دېدى
توختىگۇل، ئۇ ئۇلارنىڭ «دادام بارمۇ؟» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ
بىر ئاز تەمتىرەپ قالدى.
قارىھاجى بىلەن بىر ئۆيگە كىرگەندىن بۇيان بۇ ئۆيگە دەسسەپ
باقمىغان بالىلارنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىدىن قانداقتۇر بىر
شۇملۇقنى سەزگەن توختىگۇلنىڭ چىرايىدا قان دىدارى
قالمىدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى بىلىنەرلىك تىترەۋاتقان بولۇپ،
يۈرىكىنىڭ ئەنسىز سوقۇشى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
ئىككىيلەن توختىگۇلنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن،
توختىگۇلنىڭ ئىشىكنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى سىلكىۋېتىپلا
ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىچى رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ،
ئۇلار ئۆيگە بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۈۋەتكەندىن كېيىن بىر ـ
بىرىگە يالتىيىدە قارىشىۋېتىپ سافاغا چۆكتى.
— بۇ ئۆيدە خېلى ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز خېنىم؟ — دېدى
ياشىراق كەلگەن كىشى ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا چىرايىنى
پۈرۈشتۈرۈپ، — مەن ئالدى بىلەن ئىككىمىزنى سىزگە
تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، بۇ ياق مېنىڭ چوڭ ئاكام ئابلىز بولىدۇ،
يەنى مۇشۇ ئۆينىڭ تۇنجى بالىسى، مېنىڭ ئىسمىم ئابلىمىت،

ئوغۇلنىڭ كەنجىسى، يەنى بالىلارنىڭ بەشىنچىسى بولىمەن.

تونۇشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن توختىگۈل ئۇلاردىن قايتا ئەھۋال سورىدى.

— سىلەرنىڭ تەرەپبالىلا كېلىپ قېلىشىڭلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىلەر، — دېدى توختىگۈل ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ، — جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرساڭلار بىر پىيالىدىن چاي دەملەپ چىقاي، قارىھاجىممۇ ھايال بولمايلا قايتىپ كىرىدۇ.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى ئابلىمىت قوپاللىق بىلەن، — چاي ئىچىسەكمۇ دادام كىرىپ سىزنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويغاندىراق ئىچەرمىز، ناۋادا دادام تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى خالىمىسا دادامغا بىز سىزنى تونۇشتۇرۇپ قويارمىز.

ئابلىمىتنىڭ دېگەن گېپىدىن بۇ ئىككىسىنىڭ قانداق مەقسەتتە كەلگىنىنى دەرھاللا ھېس قىلغان توختىگۈل خۇددى چاقماق سوقۇۋەتكەندەك تىترەپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خاتىرىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەكلا بولۇپ قالغان توختىگۈل ئۆزىنىڭ مېھمانخانا ئۆيدىن قانداق قىلىپ ئاشخانىغا كىرىپ قالغىنىنى، چاي قايناتماقچى بولۇپ گاز ئوچاققا ئوت يېقىپ ئوتقا مىس چۆگۈننىڭ ئورنىغا چىنە چەينەكنى قويۇپ قويغىنىنى سەزمەي قالدى. ئۇ چەينەككە سۇ قۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇغان بولۇپ، گاز ئوچاقنىڭ كۈچلۈك ئوتىدا قىزىپ كەتكەن چەينەك «پارس» قىلىپ يېرىلغاندىلا ئېسىگە كەلدى.

توختىگۈلنىڭ قوللىرى تېخىچىلا تىترەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئالمان ـ تالمان ئوتنى ئۆچۈرۈپ چېقىلغان چەينەك پارچىلىرىنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، مىس چۆگۈنگە سۇ تولدۇرۇپ ئوچاققا قويدى ـ دە، قايتىدىن ئوت ياقتى. ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئابلىز بىلەن ئابلىمىت بىر ـ بىرىگە قاراپ «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك دېگەن شۇ ـ دە» دەپ پىچىرلاشقىنىچە كۈلۈپ قويۇشتى.

توختىگۇل كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە چوڭقۇر خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولدى. يارى ياۋاش بىلەن بىللە ئۆتكەن سەككىز يىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئابدۇللا قارىھاجى بىلەن بىللە ياشىغان يېرىم يىل ئۇنىڭ ئەڭ بەختلىك، ئەڭ خاتىرجەم كۈنلىرى ئىدى. ئۇ بۇ يېرىم يىل جەريانىدا قارىھاجىنى ھەم دادىسى ھەم ئېرى ئورنىدا كۆرۈپ ئالاھىدە ھۆرمەتلىدى، قارىھاجىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتمەۋاتقان ساداقىتى، ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ياشقىسىنى قىلدى. ئۇ دەسلەپكى ئىككى ئايدا ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى ئۆزى تۇتقان بولسا، كېيىنچە ھەر ئايلىق پېنسىيە مائاشىنى توختىگۇلگە ساق تاپشۇرىدىغان، ئۇنىڭ پۇلنى نېمىگە خەجلىگىنىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان بولغانىدى. شۇنىڭغا يارىشا توختىگۇلمۇ چوڭراق چىقىملار ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۆينىڭ چاي، تۇز، كۆكتات دېگەندەك ئۇششاق ــ چۈششەك خىراجەتلىرى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇللارنىڭ ھېسابىنى قارىھاجىغا بىر تىيىنىنمۇ ئۈيان ــ بۇيان قىلماي تولۇق بېرەتتى، مۇنداق چاغلاردا قارىھاجى «مۇنچىۋالا زىغىرلاپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، خەجلىگىڭىز كەلسە خەجلەۋېرىڭ! پۇل دېگەننى خەجلەيمەن دېمىسە نېمە قىلىدۇ، پۇلنى ھەرقانچە كۆپ يىغقان بىلەنمۇ ئۆلگەندە بىللە ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئىككىمىز ئەر ـ خوتۇن بولغاندىكىن سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشىپ ئولتۇرمايلى» دەيتتى. قارىھاجىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك ھاياجانغا تولىدىغان توختىگۇل «ماقۇل» دەيتتى ـ يۇ، ئەتىسىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ دوكلات قىلاتتى. ئۇنىڭ كۈندىلىك دوكلاتىنى ئاڭلاپ قۇلىقى قېتىپ كەتكەن قارىھاجى «ھە» دەپ قويۇپلا، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرۈۋېرەتتى.

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى بىلەن ئېسىگە كەلگەن توختىگۇل ئاشخانىدىن چىقىپ بولغىچە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرغان

ئابلىمىت ئۈزۈن پۈتلىرى بىلەن ئىككى تاقلاپلا ئىشىك يېنىغا كېلىپ بولدى.

— قەدىمىڭلار يېتىپ قاپتىغۇ بۈياققا؟ — دېدى قارىھاجى ئىككى ئوغلىغا يالتىيىدە بىر قارىۋېتىپ، — كېچىچە چۈشىڭلارغا كىرىپ قالغان ئوخشىمامدىمەن؟

— چۈشىمىزگە كىرمىسەڭمۇ كۆرگۈمىز كەلدى سېنى، — دېدى دادىسىنىڭ چاپىنىنى ئىلغۇغا ئېسىۋاتقان ئابلىمىت چاقچاقلىق قىلىپ.

— ھەرنېمە بولسا مېنىڭ باللىرىمنىڭمۇ مېنى كۆرگۈسى كېلىدىكەن ـ ھە؟

قارىھاجىنىڭ سۆزلىرى قوپال ھەم تەنىلىك بولۇپ، دادىسىنىڭ ئۆزلىرىدىن قاتتىق رەنجىگىنىنى بىلگەن ئىككى ئوغۇل ئوشۇقچە گەپ قىلىشقا پېتىنالماي جىم بولۇپ قېلىشتى. ئۈنىڭغىچە بىر چەينەك چاي دەملەپ چىققان توختىگۈل ئۆلارنىڭ ئالدىغا چاي قۇيدى.

— خوش، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىلەرنى؟ — دېدى قارىھاجى قىزىق چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېلىپ، — مەن تېخى سىلەرنى مېنى «ئۆلدى» گە چىقىرىۋەتكەن چېغى دەپ قاپتىمەن، ناۋادا يېنىمدا توختىگۈل بولماي تاسادىپىي قېرى جېنىمغا ئاللادىن قازا يېتىپ قالىدىغان ئىش بولسا يالغۇز ئۆيدە ئۆلۈكىم سېسىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

ئابلىز دادىسىدىن بىرئاز ئەيمىنىدىغان بولۇپ، ئابلىمىت ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. قارىھاجى ئابلىمىتنى «باللارنىڭ كىچىكى» دەپ ئەركە چوڭ قىلىپ قويغاچقىمۇ ھەرقانداق گېپىنى دادىسىغا يۈزتۇرا دېيەلەيتتى، بەزى چاغلاردا بىرەر ئىش ئۈستىدە دادىسى بىلەن زاكونلىشىپ ئۈنىڭدىن تاياق يېسىمۇ قىلغان سۆزىدىن ھەرگىز يانمايتتى.

— ساڭا قانداق چۈشەندۈرسەم بولار، — دېدى ئابلىمىت ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۆزى چاڭگىدە بىر تەستەك سېلىپ، — بىزنى

بۇ ئۆيگە كەلمەس قىلىپ قويغان سەن!چۈنكى، سەن بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرىپ مۇشۇ پاسىق خوتۇننى ئۆيگە ئەكىرىۋالمىغان بولساڭ بىزمۇ سەندىن رەنجىپ يۈرمىگەن بولاتتۇق !

— ئېغىزىڭنى يۇم! — دېدى قارىھاجى قولىدىكى پىيالىنى ئۈستەل ئۈستىگە جاققىدە قويۇپ، — سېنىڭ خەقنى ھاقارەتلەيدىغان ھېچقانداق ھوقۇقىڭ يوق، بۇ ئايالنى ئالسام مەن ئالدىم، ھەرقايسىڭنىڭ ئۇنى ھاقارەتلەشكە، يامان كۆز بىلەن قاراشقا ھەددىڭ ئەمەس !

قارىھاجىنىڭ شۇنداق غەزىپى كەلدىكى، قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ، ئاپپاق ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

— سەن نائەھلىلەر ھە دېسىلا مېنىڭ خوتۇن ئېلىشىمغا قارشى تۇرۇشىسەن، — دېدى قارىھاجى بىگىز قولىنى ئۇلارغا تەڭلەپ تۇرۇپ، — ئاپاڭلار ئۆلۈپ كەتكەن ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى قايسىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ بۇ ئۆيدە قونۇپ بېقىشتىڭ؟ مۇشۇ يالغۇز ئۆيدە تۆت تامغا قاراپ غېرىبسىنىپ قانچە قېتىم ياش تۆككىنىمنى، بەزىدە يەيدىغان بىر پارچە نانمۇ تاپالماي ئاچ قورساق يېتىپ قالغىنىمنى بىلىشەمسەن؟ سەنلەرغۇ قونۇشما، بوپتۇ ! ئاشۇ بالىلىرىڭ ھەپتە - ئۇن كۈندە بىرەر قېتىم «بوۋا نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، بۈگۈن ساڭا ھەمراھ بولۇپ قونۇشۇپ بېرەيلى دەپ كەلدۇق» دەپ كېلىپ باقتىمۇ؟ بوپتۇ بۇنىمۇ دېمەيلى، ماڭا نەچچە ئۇن يىل كېلىن بولغان ئاشۇ خوتۇنلىرىڭ كېلىپ بىرەر قاچا تامىقىمنى ئېتىپ، قول ياغلىقىمنى يۇيۇپ بېرىپ باقتىمۇ؟ مەنمۇ ھەرقايسىڭنى ئوغۇل بالا دەپ تاپقان، لېكىن ھە دېسىلا «بىز دېگەن مەيدىمىزدە ئەركەك تۈكى بار ئوغۇل بالا جۇمۇ !» دەپ توۋلاشنى بىلىشىسەنۇ، بىرەر قېتىم ئاشۇ پادىشاھنىڭ ئەركە - نايناق مەلىكىلىرىدەك ھاكاۋۇر خوتۇنلىرىڭغا «ماڭ بېرىپ دادامنىڭ نېمىسى بار، نېمىسى يوق قاراپ بېقىپ كەل !» دېيىشەلىدىڭلارمۇ؟

دادىسىنىڭ راستىلا غەزىپى كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئابلىز سەل

ئوڭايسىزلىنىپ قالدى ـ دە، يېنىدا ئولتۇرغان ئىنىسىنىڭ يۈتىغا «دادام چېچىلىپ قالدى، بولدى، ئارتۇق گەپ قىلما» دېگەن مەنىدە ئاستا تېپىپ قويدى. ئاكىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھاللا چۈشەنگەن ئابلىمىت «سەن ئارىلاشما» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— دېگەنلىرىڭىزغۇ ئورۇنلۇق، ھەقىقەتەنمۇ ئاپام ئۆلۈپ كەتكەن بۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز ھەلەكچىلىكىمىزدە يۈرۈپ ھالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئالالمىدۇق، بۇ سەۋەنلىكنى بوينىمىزغا ئالماي تۇرالمايمىز، — دېدى ئابلىمىت ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆرە تۇرغان توختىگۈلگە غەزەپ بىلەن قاراپ قويۇپ، — لېكىن بۇگۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكەنمىز ئاتىساڭمۇ، چاپساڭمۇ دەيدىغان گەپنى دېمەي كەتمەيمىز. بىز سىزنىڭ خوتۇن ئېلىشىڭىزغا ئەزەلدىن قارشى ئەمەس، شۇنداقلا خوتۇن ئېلىشىڭىزغا قارشى تۇرىدىغان ھوقۇقىمىزمۇ يوق، ئەمما سەن بۇ خوتۇننىڭ قانداق خوتۇن ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرى قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ياق، سەن ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارنى بىلمەيسەن، بۇ خوتۇنمۇ ساڭا ئۆزىنىڭ ئاشۇ يىرگىنچلىك كەچۈرمىشلىرىنى دەپ بېرىشنى خالىمايدۇ.

— كونىلاردا «خوتۇن ئالساڭ كوچىدىن ئال، تۇزۇۋېلىش ئۆزۈڭدىن» دەيدىغان گەپ بار، — دېدى قارىھاجى كەسكىن قىلىپ، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقان يېرىم يىلدىن بۇيان ياقامنى كىر قىلىپ، قورسىقىمنى ئاچ قويغىنى يوق، ھەرقاچان تەرتىمگە سۇ بېرىپ خىزمىتىمنى بەجانىدىل قىلىپ كەلدى. مەن ھازىر يەتمىش ياشتىن ئاشقان ئادەم، يەنە قانچىلىك ئۆمرۈم قالغانلىقىنى بىر ئاللادىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇڭىمۇ بىر كۈنۈمنىڭ خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم ئۆتكىنىگە شۈكۈر قىلىپ ياشاۋاتىمەن، باشقا ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن بىھۇدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغۇم يوق!

— جېنىم دادا، — دېدى ئابلىمىت سەل تېرىكىپ، — ئالدى بىلەن گېپىمنى ئاڭلاپ باقە؟! شۇ تاپتا سەن سىرتتا قانداق گەپلەرنىڭ بولۇۋاتقىنىنى بىلەمسەن؟ كىمنىڭ ئېغىزىغا قارىساڭ شۇ گەپ، ئۇ گەپلەرنى سېنىڭ ئالدىڭدا تىلغا ئېلىشتىن ئەيمىنىدۇ ئادەم.

— نېمە گەپلەر بولۇۋېتىپتۇ؟ — دېدى قارىھاجى ئابلىمىتقا ئالىيىپ، — ئەجەب مەن ئاڭلىمىغان گەپلەرنى سەن ئۇزۇن قۇلاق ئاڭلايدىكەنسەن، نېمىشقا ئاشۇ خەقنىڭ گېپى بولسا كېلىپ ماڭا دېمەيدىكەن؟

— نېمانداق كاجلىق قىلىدىغانسەن دادا؟ — دېدى ئابلىمىت تېرىككىنىدىن يەرنى تېپىپ تۇرۇپ، — ئۇ خەق قايسى يۈزى بىلەن ساڭا بۇ رەسۋا گەپلەرنى دېيەلەيدۇ؟ ناۋادا سەن ئاكام ئىككىمىزنى «ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان ئوغۇللىرىم» دەپ قارىساڭ، بىزنى ئۇ گەپلەرنى تىلغا ئېلىپ ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپنى بۇزۇشقا مەجبۇرلىماي، قىرىق يىل قايناق سۇغا باسسىمۇ تازىلانمايدىغان ماۋۇ پاسىق خوتۇننى يولغا سېلىۋەت! شۇنداق قىلساڭلا يېپىق قازان يېپىق پېتى قالىدۇ، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ.

خېلىدىن بېرى بىر چەتتە ئابلىمىتنىڭ زەھەردەك سۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغان توختىگۈل ئەمدى بىر نىيەتكە كەلمىسە ئاتا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ قارىھاجىنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالدا قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— بالىلارنىڭ سۆزىگە كۆنسىلە قارىھاجى، — دېدى توختىگۈل چاناقلىرىدا پەيدا بولغان ياشنى قولىنىڭ ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — بالىلار توغرا دەيدۇ، ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان ناشايان ئىشلارنى قىلىپ كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغان ناپاك ئايالمەن. ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ھەر خىل

قىسمەتلەرنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ ئەمدىلا ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئەتكەن چېغىمدا، ئاللانىڭ ئىرادە قىلىشى بىلەن سىلىگە ياتلىق بولدۇم، سىلى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان يېرىم يىلدىن بۇيان سىلىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن شاپائەتلىرى، مېھرىبانلىقلىرى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدە ھايۋان ئەمەس، ئادەم ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يەتتىم. ئىنسان ئۆز ھاياتىدا بىلىپ - بىلمەي نۇرغۇنلىغان گۇناھ ۋە سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىدىكەن، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى سەزگەندە «مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ» دەپ، قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەيتانغا ئارتىپ قويۇش بىلەن ئۆزىگە تەسەللى تاپىدىكەن، ئويلاپ باقسام بۇ ھەممە ئىنسانغا ئورتاق تەۋە بولغان خاسلىق ئىكەن، مەنمۇ ئەقلى - ھوشۇمنى تېپىپ شەرمەندىچىلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئون نەچچە يىللىق ھاياتىمنى ئەسلىگەن چېغىمدا شۇنداق ئويدا بولغان، كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئۇ خىل ئۇسۇلدا ئاقلاشنىڭ ئەخمەقلەرچە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن ئۇزاق ئويلىنىش ئارقىلىق شۇنداق بىر يەكۈنگە كەلدىمكى، گەپ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدا ئەمەس، يەنىلا ئادەمنىڭ قەلبىدە ئىكەن. ئىرادىسى بوشاڭ، شەخسىيەتچى كىشىلەر قانائەتچان، ئادىمىيلىك قىممىتىنى بىلىدىغان كىشىلەرگە قارىغاندا ئۆزىنى ئاسانلا يوقىتىپ قويىدىكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىمانىي كامىللىقىدا تېرىقچە داغ پەيدا بولۇپ قالغان ھەرقانداق بىر كىشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىشقا مەجبۇر بولىدىكەن.

توختىگۈلنىڭ سۆزلىرى دانە - دانە، ئۇرغۇلۇق بولۇپ، بايىقى مىسكىن، بىچارىلىكىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ئالدىدا تۇرغان بۇ ئايالنىڭ بۇ قەدەر ناتىقلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان قارىھاجى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە قېتىپلا قالغانىدى.

— قارىھاجىم، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى توختىگۈل، —

ئىككىمىز تۇرمۇش قۇرغان يېرىم يىلدىن بۇيان سىلى ماڭا بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈردىلە، كىشىلىك قىممەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتىلە، سىلىنىڭ مۇشۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سىلىنىڭ ئاياغلىرىدا ئۆمىلەپ خىزمەتلىرىنى قىلسامۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئەسلىدە مېنىڭ شۇنداق قىلغۇم بار ئىدى، ئەمما بالىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سىلىنىڭ بىر ئۆمۈر ساقلاپ كەلگەن پاك ناملىرىغا داغ چۈشۈرۈشنى، مېنىڭدەك ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر ئايالنى دەپ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋەتلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىگە بىزەڭلىك بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا ۋىجدانىم يول قويمىدى، ناۋادا نېسىپ بولۇپ قالسا ئۇ دۇنياغا بارغاندا خىزمەتلىرىدە بولارمەن، ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتۈپ قويغان يەرلىرىم بولسا كەچۈرۈپ «تالاق» ئىجازىتىنى بېرىۋەتسىلە، ئاستا كېتىۋالاي!

توختىگۈل سۆزىنى تۈگىتىپ ئىلغۇدىكى چاپىنىنى ئالدى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— نەگە بارىسىز؟

— ماڭىمۇ ئاللانىڭ بۇيرۇپ قويغان يېرى باردۇ ! ئەنسىرىمىسىلە، ماڭا يەنە باش تىققۇدەك جاي چىقىپ قالار قارىھاجىم.

توختىگۈل ئابدۇللا قارىھاجى بىلەن نىكاھ قىلىپ بىر ئاي بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئۆيىنى ياقا يۇرتتىن كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ناتونۇش بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا بىر يىللىق ئىجارىگە بېرىۋەتكەنىدى.

— توختاڭ ! كېتىمەن دەپلا كېتىدىغان ئىش يوق ئۇنداق !

— توسۇما دادا ! — ئەقلىنى جورىپ كېتىمەن دېگەندىكىن كەتسۇن ! — دېدى ئابلىمىت ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، — ھەر خىل قازانلاردا قايناپ پىشىپ كەتكەن مۇنداق ئاياللارنىڭ ئىككى ئېغىز ياغلىما سۆزىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ،

ئۇمۇ ئۆزىنىڭ خىلى بىلەن ئۆتسۇن.
— شۇنداق قىلسىلا قارىھاجىم، — دېدى توختىگۇل بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — باشتىلا سىلىگە ھەقىقىي ئەھۋالنى دېمىگەن گۇناھ مەندە، بۇرۇنراق دېگەن بولسام بۇگۈنكى بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى.
— تولا ۋالاقلىماي يوقىل! — دېدى ئابلىمىت دەرغەزەپ بولۇپ.
— نەگە يوقىلىدۇ؟ يوقالساڭ سەن يوقال! — دېدى قارىھاجى ئورنىدىن كۆچەپ تۇرۇشقا تەمشىلىپ، — مەن ئۇنىڭ قانداق ئاياللىقىنى بىلىپ ئالغان، قىلغان بارلىق گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ يامان يولدىن قايتقان بىر ئادەمنى يەنە شۇ يولغا مېڭىشقا مەجبۇرلاشنىڭ ئۆزى كەچۈرگۈسىز گۇناھ، مېھرىبان ئاللا «بەندىلىرىم بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن چىن دىلىدىن توۋا قىلسىلا كەچۈرىمەن» دەيدۇ، ئاللا ئۆز بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن يەردە بىزنىڭ كەچۈرمەسلىككە نېمە ھەققىمىز بار؟!
قارىھاجى يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچىدى - يۇ، نەپىسى بوغۇلۇپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى، ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى قارىداپ كېتىۋاتاتتى.
— يوقالماي نېمە بەزدەك قاراپ تۇرىسەن پاسكىنا جالاپ! — دېدى ئابلىمىت ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ.
ئابلىمىتنىڭ ئەلپازىغا قاراپ قورقۇپ كەتكەن توختىگۇل «قارىھاجىمنىڭ رازىلىقىنى ئالىمەن» دەپ قاراپ تۇرىۋېرىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى سەزدى - دە، تىلى گەپكە كەلمەي قېلىۋاتقان قارىھاجىنىڭ «توختاڭ» دەپ قىلغان قول ئىشارىتىگىمۇ قارىماي يۈگۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
پۇت - قوللىرى لاغىلداپ تىترەپ، چىشلىرى بارغانسېرى كىرىشىپ كېتىۋاتقان قارىھاجى ئوڭ قولى بىلەن سول كۆكسىنى

قامالـلـغـىـنچە ئـاچچىق بـىر ئـىڭـرىدى ـ دە، ئابلـىـز بـىلـەن ئابلىمىت يۈگۈرۈپ كېلىپ يۆلەپ بولغىچە كەينىگە يىقىلدى. قارىھاجى يىقىلغان چاغدا ئوڭ قولى يەنىلا سول كۆكسىدە بولۇپ، چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياش مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەنىدى. ئابلىز بىلەن ئابلىمىت «دادا، دادا، نېمە بولدۇڭ دادا !» دەپ، توۋلاپ سىلكىسىمۇ ئۇنىڭدىن سادا چىقمىدى. ئابلىز يۈزىنى ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا ياقتى، يۈزىگە دادىسىنىڭ تىنىقى ئۇرۇلمىدى، ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ تومۇرىنى تۇتتى، لېكىن تومۇرىمۇ سوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى. ئابلىز پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىنى بېسىپ سۈنئىي ئۇسۇلدا نەپەسلەندۈرگەن بولسىمۇ، زادىلا ئۈنۈمى بولمىدى. تېخى بايىلا ساقمۇساق تۇرغان دادىسىنىڭ بىرنەچچە دەقىقە ئىچىدىلا پانىيدىن باقىيغا سەپەر قىلغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قاقىقان قوزۇقتەك بىرنەچچە دەقىقە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان ئابلىز بىلەن ئابلىمىت «دادا، دادا، بىزنى كەچۈرگىن دادا !» دېگىنىچە ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

توۋا! بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدىكەن. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بەلكىم سىز شۇ قەدەر تىمەن، ساغلام، ياشلاردىن قېلىشمىغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە، يەرنىڭ بىقىنىنى تېشىۋەتكىدەك گۈس ـ گۈس دەسسەپ ماڭىدىغان، بىر ئولتۇرۇشتا ئىككى تەخسە لەڭمەننى «كۆرمىدىم» دەپلا يەۋېتىدىغان ئابدۇللا قارىھاجىنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز؟ لېكىن، ئۇ راستىلا ئۆلۈپ كەتتى، دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى دېيەلمەي ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ تېخى ئەتە ئەتىگەندە توختىگۈل بىلەن خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە بېرىپ توي خېتى ئېلىشقا پۈتۈشكەن، چوڭ قىلالمىسىمۇ مەھەللىدىكى قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىرىپ ئاددىيغىنا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچىمۇ بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۆزى بىلەن

بىللە كەتتى، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى توختىگۈلدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

بەلكىم ئوقۇرمەنلەر دادىسى ئابدۇللا قارىھاجىنىڭ ئۆلۈمىگە بىۋاسىتە سەۋەبچى بولغان ئابلىز بىلەن ئابلىمىتقا ئىچ ـ ئىچىدىن نەپرەتلىنىۋاتقان، ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىكىگە غەزەپ ياغدۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك؟! بەلكىم ئۇلار مۇشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمىسىمۇ، لېكىن بىر ئۆمۈر ۋىجداننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ئازابلىنىشى، ياش تۆكۈشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ھەرقانچە ياش تۆككىنى بىلەنمۇ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنى ئۇ دۇنيادىن قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللا قارىھاجى ئۆلۈپ كەتتى. كەمىنىنىڭ شۇ قەدەر مۆتىۋەر، بىلىمدار بىر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە يول قويغۇسى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممە كىشىگە ئورتاق بولغان بۇ ئۆلۈم ھەقىقەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى خالىغانچە بۇرمىلاشقا ئادىمىيلىك ۋىجدانى يول قويمىدى.

كونىلار «قەلەندەرنىڭ ئېغىزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك، مەرھۇم ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، بالىلارنىڭ رايىغا بېقىپ يالغۇزلۇقنىڭ ئازابىنى ھارغۇچە تارتقان ئابدۇللا قارىھاجى ئەمدىلا بەختلىك تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىشقا مۇيەسسەر بولۇۋىدى، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈككە ئېلىپ كەتتى.

ئابدۇللا قارىھاجىنىڭ ئىلگىرىكى ئايالى بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل ئىلگىرى جىگەر راكىغا گىرىپتار بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئابدۇللا قارىھاجى ئۇزاق يىللىق قەدىناسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن كۆپ كۈچىگەن بولسىمۇ، لېكىن كېسەل ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغاچقا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قارىھاجىنىڭ يۈرىكىگە بىر پارچە ئوتنى سېلىپ قويۇپ كېتىپ

قالدى. ئايالىنىڭ يىلىدىن كېيىن قارىھاجىغا لايىق تونۇشتۇرغانلار خېلى كۆپ چىقتى، لېكىن ئۇ باللىرىنىڭ رايىغا بېقىپ ھەممىنى رەت قىلىۋەتتى. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندە باللىرى ئۆزلىرى ئىگە بولۇپ ئۇنى ئۆيلەپ قويۇۋېدى، ئۇ ئايال قارىھاجىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قارىھاجى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن دەپ دوختۇرخانىدىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان قارىھاجى ئاخىرى ئۇنى چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

قارىھاجى توختىگۈلنى ئالماقچى بولۇپ، بۇ ئىشنى باللىرىغا مەسلىھەت قىلىۋىدى، باللىرى «مۇشۇ يېشىڭ بىلەن ئۆزۈڭدىن ئوتتۇز ياش كىچىك چوكاننى ئالىمەن دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئالساڭمۇ ئۆزۈڭگە ماس كەلگۈدەكلىرىنى ئالامسەن، قىسقىسى، بىز ئۇنى نېمە دەپ ئاتايمىز» دەپ قارشى چىقىشتى. ھەرقانچە گەپ قىلىپمۇ باللىرىنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن قارىھاجى ئاخىرى باللىرىنىڭ قارشى تۇرغىنىغا قارىماي توختىگۈل بىلەن نىكاھلىنىۋالدى، بۇنىڭدىن نارازى بولغان باللار شۇ كۈندىن باشلاپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە دەسسىمەيلا قالماي، باللىرىنىمۇ ئەۋەتمەيدىغان بولدى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن توختىگۈل توغرىسىدىكى مىش - مىش پاراڭلارنى ئاڭلاپ قالغان ئابلىمىت بىرئاز دەرگۇماندا بولدى - دە، دادىسىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان بۇ ئايالنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاشقا باشلىدى. ئۇ سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق توختىگۈلنىڭ «رەڭلىك سورۇن» لاردىن كەلمەيدىغان، ئۈچ بالىسىنى باشقىلارغا تاشلاپ قويۇپ ئالدىغا ئۇچرىغان ئەرلەر بىلەن شەھەرمۇشەھەر ئويۇن - تاماشا قىلىپ يۈرىدىغان «ئەر ئوغرىسى» دېگەن لەقىمى بار ھېلىقى ئايال ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قوقاسقا دەسسىۋالغان ئادەمدەك بىئارام بولۇپ كەتتى. خۇددى «شامال ئۆتمەيدىغان تام

يوق» دېگەندەك، ئابلىمىت توختىگۈلنىڭ قاراتالنىڭ تىكەنتام دېگەن يېرىدە ئېرى مۇختەرجاننىڭ ئۇنى باشقىلارغا قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكى، مۇختەرجان زەھەر چېكىپ ئۆلگەندىن كېيىن، جۇماخۇن ئىسىملىك قىمارۋازنىڭ ئۇنى باشقىلارغا بالا تۇغۇپ بېرىدىغانغا سېتىۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى - دە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قېرىنداشلىرىغا بىرمۇبىر يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالمىغان بالىلار ئولاش - چولاش دادىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، پۈتۈن جاھاننى سېسىتىپ يۈرگەن بۇ رەسۋا خوتۇننى دادىسىنىڭ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇۋېدى، ئابلىز «بولدى سىلەر بارماڭلار! ئابلىمىت ئىككىمىز بېرىپ بۇ ئەھۋاللارنى دادامغا ئېنىق ئېيتايلى، ھەممىمىز بېرىپ جېدەل قىلساق قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ» دەپ، قالغانلارنىڭ بىللە بېرىشىنى توسۇپ قويدى، ئاكىسىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بالىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇشتى.

ئابدۇللا قارىھاجىنىڭ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان توختىگۈل نەگە بېرىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. بۇ ئەتىياز پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، ھاۋا دېگەندەك ئىسسىپ كەتمىگەنىدى. كېچە ئاسمىنى بۇلۇتلۇق ھەم تۇتۇلغان بولۇپ، ئەتراپ تۇن قاراڭغۇلۇقىغا ئەسىر بولغانىدى. كېچىنىڭ ئادەم دولىسىنى قورۇيدىغان غۇر - غۇر شامىلى، پات - پاتلا «يالت» قىلىپ چېقىپ قويىدىغان كالتە چاقماق يامغۇردىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

توختىگۈل ئۆيدىن يۈگۈرگەندەك چىقىپ تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئابدۇللا قارىھاجىغا تۇرمۇشلۇق بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيىنى «بىكار تۇرسىمۇ تۇرىدىكەن» دەپ، باشقىلارغا يىلللىق ئىجارىگە بېرىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ

شەھەردە خاسىيەتتىن باشقا يېقىن ئۆتىدىغان باشقا دىلكەش دوستى يوق ئىدى، بىراق خاسىيەت ھازىر ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تۇل ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىگە قارىسىغا ئۇسۇپلا بارغىلى بولمايتتى. مەرھۇم قېيىنئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى، قولۇم ـ قوشنىلىرىمۇ ئاللىقاچان ئۇنىڭغا ئىشىك ئاچمايدىغان، ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇچراپ قالغان تەقدىردىمۇ تەتۇر قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ، بىرەر ئاخشامنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش تېخىمۇ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىش ئىدى.

ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلۈۋاتقان توختىگۈل ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۆزىمۇ بىلىپ بولالمايدىغان مۇرەككەپ خىياللار چىرمىۋالغان بولۇپ، ئاشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۆلۈۋېلىش ئارقىلىق بۇ دۇنيانىڭ بارلىق جاپالىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدى، لېكىن نېمىشقىكىن كۆڭلى يەنە بىر نەرسىگە تارتىنىشىۋاتقاندەك، بۈگۈن قولىدىن چىقىپ كەتكەن بەخت قۇشى ئەتىلا بېشىغا قايتا قونىدىغاندەك بىر تۇيغۇ ئۇنى داۋاملىق ياشاشقا ئۈندەۋاتاتتى. ئۇ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئويلاندى، ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۆزىنى قانداق بىر سېھرىي كۈچنىڭ ياشاشقا بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى ئاۋۇندۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ زادى نېمىگە مۇنچە تارتىنىشىدىغانلىقىنى بىلىپ بولالمىدى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق گادىرماچ خىياللار بىلەن قانچىلىك ماڭغانلىقىنى، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن بولۇپ، ھېچقانداق نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنى بىردىنلا قورقۇنچ بېسىپ، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ھودۇققىنىچە كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىدى ـ دە، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ دەرھاللا يانچۇقىدىن يانفونىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ يورۇقىدا

ئۆزىنىڭ زومچاق - زومچاق قەبرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ «ئاپا !» دەپ قاتتىق تووۋلىۋەتتى.

قەبرىستان شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى غەربىي چوڭ جىلغىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، شەھەردىن تۆت - بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. توختىگۈل كەينىگە ئۆرۈلۈپ يىراقتىن ۋالىلداپ يېنىپ تۇرغان سانسىز چىراغلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ خىيال بىلەن مېڭىپ قەبرىستانغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە، دەرھاللا كەينىگە ياندى. غەربىي چوڭ جىلغا ئىچىدە ھەرقايسى يۇرتلاردىن كېلىپ ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاقما نوپۇسلۇق كىشىلەر ئولتۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شەھەرنىڭ ھاۋاسىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، قوي قوتانلىرىدىن كېلىدىغان قىغ پۇرىقىغا قوشۇلۇپ دىماققا ئۇرۇلىدىغان سويۇلغان قوي - كالىلارنىڭ تاشلىۋېتىلگەن ئىچ ئەزالىرىنىڭ سېسىغان چاغدىكى قاڭسىق پۇرىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرگىدەك دەرىجىدە بەتبۇي ئىدى. «تووۋا! قانداقلارچە بۇ تەرەپكە كېلىپ قالغاندىمەن؟» دېدى توختىگۈل ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

باياتىن بېرى توڭلىغاندەك ھېس قىلغان توختىگۈلنى بىردەمدىلا سۇر بېسىپ، پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتى. جىلغا ئىچىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئىتلارنىڭ بەس - بەس بىلەن ئەنسىز قاۋاشلىرىنى ئاز دېگەندەك، خۇددى كەينىدىن بىرسى ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك ۋەھىمىگە چۆمگەن توختىگۈل پات - پات كەينىگە قارىغىنىچە تېز - تېز قەدەملەر بىلەن شەھەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

توختىگۈل خاسىيەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا كېچە سائەت بىردىن ئاشقانىدى. ئىشىكنىڭ ئەنسىز ئۇرۇلۇشىدىن سەلەيئاخۇن بىلەن خاسىيەت چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى - دە، دەرھاللا چىراغنى ياندۇردى.

— يېرىم كېچىدە كەلگەن كىمدۇ؟ — دېدى سەلەيئاخۇن تام

سائىتىگە ئىرىنچەكلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، — باللارنىڭ بىرەر ئىشى بولغان بولسا كېلىپ يۈرمەي تېلېفون قىلار بولغىيدى.

— شۇنى دەيمەن، — دېدى خاسىيەت ئۇيقۇسىنى ئاچالماي ئولتۇرغان ئېرىغا قاراپ قويۇپ، — مەن چىقىپ قاراپ باقاي.

— ناتونۇش كىشىلەر بولۇپ قالسا ئىشىكنى ئېچىپ سالماڭ!

— ماقۇل، — دېدى ساپىما كەشىنى كىيىپ كېچىلىك كىيىمى بىلەنلا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭغان خاسىيەت.

خاسىيەت ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگىلا ئىشىك يەنە ئەنسىز چېكىلدى.

— كىم؟

— مەن، توختىگۈل!

توختىگۈلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن خاسىيەت قايتا سورىدى، توختىگۈلنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ راستلا توختىگۈل ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن خاسىيەت ئالدىراپ - تېنەپ ئىشىكنى ئاچتى.

توختىگۈلنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن گەپلىرىدىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان خاسىيەت بىلەن سەلەيئاخۇن خېلى بىر ۋاقىتقىچە گەپ قىلماي جىممىدە ئولتۇرۇشۇپ كېتىشتى.

— ھەي! ئەخمەق دوستۇم، — دېدى خاسىيەت سەل رەنجىگەندەك بولۇپ، — قارىھاجىكام سىزنى چىقىپ كەت دېمىگەندىكىن ئولتۇرىۋەرسىڭىز بولماسمىدى، باللارنىڭ ئىشىنى ئۇ ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى ئەمەسمۇ.

— مېنىڭ بۇ كەچمىشلىرىمنى قارىھاجىم بىلىپ قالسا مېنىڭ داۋاملىق ئۇ ئۆيدە تۇرۇشۇمغا يول قويامدۇ؟ — دېدى توختىگۈل مىچىلداپ يىغلىغىنىچە، — ناۋادا ئۇ بۇ گەپلەرنى باللارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىسا مېنىڭ ئۆلگىنىم شۇ ئەمەسمۇ، ئۇ ئۆيدىن ھەيدىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ قارىھاجىمنىڭ ئالدىدا بۇ

يۈزۈمنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟
— بەزى ئىشلارنى سىزگە ئېنىق دېمىگەن گۇناھ مەندە، — دېدى خاسىيەت بىرئاز ئوڭشايسىزلانغان ھالدا، — سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزدىن قارىھاجىكامنىڭ خەۋىرى بار ئىدى، مەن سىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغان چاغدىلا ھەممە ئىشلارنى تولۇق ئېيتقانىدىم.
— نېمە، ئۇنىڭ خەۋىرى بارمىدى؟ — سورىدى توختىگۈل يىغىدىن چىپپىدە توختاپ، ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى خاسىيەتكە تىكىپ.
— شۇنداق، — دېدى خاسىيەت ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، — ھەممىنى بىلەتتى، مەن سىزنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن، ئۇمۇ سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى ئاڭلاپ خېلىغىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن «نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن چوكان ئىكەن، خۇدادىن باشقا ھەرقانداق بەندە ئازمايمەن دېيەلمەيدۇ، ئازغان بەندىسى توۋا قىلسا خۇدامۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئۇ چوكان ئۆز گۇناھلىرىغا توۋا قىلغان بولسا ئالسام ئالاي، لېكىن باشتا توي خېتى ئالماي نىكاھ ئوقۇتۇپ بىر ئۆيگە كىرىپ تۇرايلى، توي خېتى ئالىدىغان ئىشنى كېيىنچە ئەھۋالغا قاراپ بىرنېمە دېيىشەرمىز» دېگەنىدى.
— بۈگۈن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئەتە چۈشتىن بۇرۇن بېرىپ توي خېتى ئېلىشقا كېلىشكەن ئىدۇق، — دېدى توختىگۈل قايتىدىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ، — بۇ يېرىم يىلدىن بۇيان ئىككىمىزنىڭ مىجەزى خېلىلا كېلىشىپ قالغان، ئۇ ئۆينىڭ بارلىق ئىقتىسادىنىمۇ ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى.
— بولدى قايغۇرماڭ، توختىگۈل، — دېدى باياتىن بېرى ئىككىسىنىڭ گېپىگە قوشۇق سالماي جىم ئولتۇرغان سەلەيئاخۇن، — قارىھاجىكامنىڭ كۆڭلىدە سىز بولسىڭىزلا ئەتە ئۇ چوقۇم سىزنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىدۇ، بۈگۈن بەك كەچ

بولۇپ كەتتى، شۇڭا بالدۇرراق ئارام ئېلىپ ئەتە ئەتىگەندە قارىھاجىكامنىڭ كېلىشىنى كۈتۈڭ!
— شۇنداق قىلىڭ دوستۇم، — دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ دولىسىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويۇپ، — مېنىڭچە ئەتە قارىھاجىكامنىڭ كېلىشىدە گەپ يوق، مەن سىزگە ئورۇن راسلاپ بېرەي، قانغۇدەك بىر ئۇخلىۋېلىڭ، ئەتە قارىھاجىكام كەلگۈچە چىرايلىق ياسىنىپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ!
خاسىيەت ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر تالاي تەسەللىسى بىلەن خېلىلا يېنىكلەپ قالغان توختىگۈل يېتىپ ئارام ئالدى.
بامدات نامىزىدىن روھى سولغۇن هالدا قايتىپ كىرگەن سەلەيئاخۇن ئالدىراش ناشتىلىق تەييارلاۋاتقان خاسىيەتكە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ ئۆزىنى سافاغا تاشلىدى.
— نېمە بولدىلا، مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە؟ — دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — چىرايلىرى باشقىچىلا سولغۇن كۆرۈنىدۇ، زۇكامداپ قالمىغانلا؟
— ياق، — دېدى سەلەيئاخۇن پەس ئاۋازدا، — توختىگۈل ئۇخلاۋاتامدۇ؟
— تۇرۇپ بولدى، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتىدۇ.
— ئۇنى بۇ يەرگە چاقىرىڭ! دەيدىغان مۇھىم گەپ بار.
— زادى نېمە ئىش بولدى؟
— باشتا ئۇ چىقسۇن.
سەلەيئاخۇننىڭ گېپى ئاياغلىشىپ تۇرۇشىغا ئۆزىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالغان توختىگۈل تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى - دە، سافادا غەمكىن ئولتۇرغان سەلەيئاخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.
— هەر ئىككىلىڭلار بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى سەلەيئاخۇن ئېغىر بىرنى تىنىۋېلىپ، — ئەتىگەندە سىلەرگە ياخشى بولمىغان بىر خەۋەرنى يەتكۈزەي، ئاخشام ئابدۇللا قارىھاجىكام تۈگەپ كېتىپتۇ، بامدات نامىزىدىن يېنىپ جامائەت

بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىپ كەلدۇق.

سەلەيئاخۇنىنىڭ «ئاخشام ئابدۇللا قارىھاجىكام تۈگەپ كېتىپتۇ» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان توختىگۇل قاققان قوزۇقتەك بىر ھازا ئۇن - تىنسىز تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كەينىگە تىرىلگىنىدە ئۇچۇپ كەتتى. توختىگۇلنىڭ ھەش - پەش دېگۈچىلا پۇت - قوللىرى كىرىشىپ، كۆزلىرى ئالىيىپ قالغان بولۇپ، ئېغىزىدىن ئاپپاق ماغزاپ چىقىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن خاسىيەت نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇنىڭغىچە سەلەيئاخۇن توختىگۇلنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ خاسىيەتنى لۆڭگە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى - دە، توختىگۇلنىڭ كىرىشىپ كېتىۋاتقان ئېغىزىنى كۈچەپ ئېچىپ، خاسىيەتنىڭ قولىدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ توختىگۇلنىڭ ئېغىزىغا چىشلىتىپ قويدى، مۇشۇنداق قىلمىغاندا توختىگۇلنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. سەلەيئاخۇن خاسىيەتكە توختىگۇلنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ ئۇستۈنكى كالپۇكىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۈچەپ باستى. بىر ھازادىن كېيىن كىرىشىپ كەتكەن پۇت - قوللىرى ئاستا - ئاستا بوشىشىپ ئەسلىگە كەلگەن توختىگۇل قەرەلى توشقان بومبىدەك پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

— ئاخشام مەن چىقىپ كەتكەندە ساقمۇساق قالغانىدىغۇ، — دېدى توختىگۇل بىردەملىك يىغىدىن كېيىن ئېسەدەپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولۇشنى بىلگەن بولسام باللار بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ چىقىپ كەتمىگەن بولاتتىمكەن!

— ئاللادىن كەلسە بەندىنىڭ ئامالى يوق، — دېدى سەلەيئاخۇن چاناقلىرىدا لىغىلداپ تۇرغان ياشنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قازا قىلىپتۇ، ئاللا ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي!

— ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ يۈرەك كېسەللىكى بارلىقىنى ئېيتمىغانىدى، — دېدى توختىگۈل كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، — يۈرەك كېسەللىكى بولغان تەقدىردىمۇ شۇنداق تېزلا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟

— بەلكىم بالىلارنىڭ گەپلىرى ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك، — دېدى خاسىيەت ئەلەم بىلەن.

— مېيىتنى قاچان ئېلىپ چىقىدىكەن؟

— پېشىنغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئۇچەيلەن ئولتۇرۇپ توختىگۈلنىڭ قارىھاجىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىش - بارماسلىقى توغرىسىدا خېلىغىچە تالاش - تارتىش قىلىشتى.

— مېنىڭچە سىزنىڭ بارمىغىنىڭىز ياخشى، — دېدى خاسىيەت كەسكىنلىك بىلەن، — ناۋادا ئۇ بالىلار سىزنى كۆرسە دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى سىزگە ئارتىپ بىرمۇنچە جېدەل چىقىرىشى، ھەتتا سىزنى ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۇرۇپ - تىللاپ رەسۋايى ئالەم قىلىۋېتىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا سىز «مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە قارىھاجىم ھايات ئىدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق» دەپ ئۆزىڭىزنى ئاقلايمۇ بولالمايسىز.

— بارمىغان بىلەن مەن ئۇنىڭ ھالال نىكاھلاپ ئالغان ئايالى تۇرسام، بارمايدىغانغا كۆڭلۈم قانداق ئۇنايدۇ؟ — دېدى توختىگۈل يىغلامسىراپ.

— خاسىيەتنىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى سەلەيئاخۇن بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — سىزنىڭ ئۇ يەرگە بارغىنىڭىزدىن بارمىغىنىڭىز ياخشى، ھەرھالدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلاردىن ئىلاج بار نېرىراق تۇرغانغا يەتمەيدۇ. ئەگەر بەكلا بارغىڭىز كېلىپ كەتسە قارىھاجىكامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن خاسىيەتخان ئىككىمىز سىزنى قەبرە بېشىغا ئېلىپ بارايلى، ئاشۇ يەردە دەيدىغان گەپلىرىڭىزنى

دېسىڭىز قارىھاجىكامنىڭ ئۆزى ئاڭلىيالمىغان تەقدىردىمۇ روھى ئاڭلايدۇ.

سەلەيئاخۇن ۋە خاسىيەتنىڭ بىر تالاي چۈشەندۈرۈشى بىلەن توختىگۈل قارىھاجىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىشتىن ئىلاجسىز يالتىيىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقىنى يەنىلا باش تىققۇدەك ماكان تېپىش بولۇپ، ئىجارىگە بېرىۋەتكەن ئۆيىنى قايتۇرۇۋالمىسا بولمايتتى، شۇڭا ئۇ خاسىيەتنى ئابدۇللا قارىھاجىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە يولغا سېلىۋېتىپ ئۇدۇللا ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغانلار مۇۋاپىق ئۆي تېپىپ كۆچۈپ كەتكۈچە بىرقانچە كۈن ۋاقىت كېتىدىغان بولغاچقا، توختىگۈل خاسىيەتلەر بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ تۇرىدىغانغا كېلىشتى.

سەلەيئاخۇن قارىھاجىنىڭ ئۈچ، يەتتە نەزىرى بېرىلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەن بامداتتىن بۇرۇن، خاسىيەت بىلەن توختىگۈلنى باشلاپ قارىھاجىنىڭ قەبرىسىگە كەلدى. بۈگۈن ھاۋا ئادەتتىكى كۈنلەردىكىگە قارىغاندا ئۈچۈق بولۇپ، ئالتۇن تاۋاقتەك يالتىراپ تۇرغان تولۇن ئاي ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. شەھەرگە سېلىشتۇرغاندا قەبرىستان ئېگىز تۆپىلىك ئۈستىدە بولغاچقا باشقىچە سالقىن بولۇپ، غۇيۇلداپ چىقىپ تۇرغان سەلكىن كېچە شامىلى يالاڭراق كېيىنگەن كىشىنى ئوبدانلا توڭدۇراتتى.

توختىگۈل ئابدۇللا قارىھاجىنىڭ قەبرىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنى «قانغۇدەك يىغلاپ ئىچىدىكى دەردىنى چىقىرىۋالسۇن» دېگەننى ئويلىغان سەلەيئاخۇن بىلەن خاسىيەت خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ يېنىدا ئۈندىمەي ئولتۇرۇشتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتاڭ، ئاي يورۇقىدا بىلىنگىدەك سائىتىگە قاراپ بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلايدىغانغا ئاز قالغانلىقىنى كۆرگەن سەلەيئاخۇن ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ قىرائەت قىلىشقا باشلىدى، قىرائەت ئاۋازىنى

ئاڭلىغان توختىگۈل پەسكويغا چۈشكەن بولسىمۇ، يەنىلا مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. دۇئادىن كېيىن سەلەيئاخۇن ئەمدى ماڭمىسا ئۆزىنىڭ بامدات نامىزىغا كېچىكىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. توختىگۈلنىڭ قارىغاجىنىڭ تۇپىراق بېشىدا يەنە بىردەم ئولتۇرغۇسى، تېخى دىيىشكە ئۈلگۈرمىگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر دەۋالغۇسى بولسىمۇ، لېكىن سەلەيئاخۇن ۋە خاسىيەتنىڭ زورلىشى بىلەن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

# يەتتىنچى باب

## ئويلىمىغان چاقىرىق

شوئنچە يىللاردىن بېرى مىڭبىر جاپالار بىلەن يىغىپ قويغان ئازغىنا پۇلى تۇرغانجاننىڭ ئۆمۈرلۈك توي ئىشىغا دال بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇل ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلاردىن ئۆتنە ـ يېرىم قىلىپ يۈرۈپ تۇرغانجاننىڭ توينى تۈگىتىۋالدى.

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن تۇرغانجان ئۆينىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان بولغاچقا، مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپلا ئۆيدە تەييارنى يەپ بىكار ئولتۇرۇشنى نومۇس دەپ بىلىپ بىر تەرەپتىن ئىشچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئىش تېپىپ ئىشلىدى. بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇل ئوغلىنىڭ كۈندە دېگۈدەك ئۆيگە ھارغىن قايتىدىغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەرقانداق جاپاغا بەرداشلىق بېرىدىغان، باشقىلارغا يۆلىنىپ ياشاشنى نومۇس دەپ ھېسابلايدىغان روھىدىن سۆيۈنۈپ قالدى.

— ئىشلەپ پۇل تاپىمەن دېگۈچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىمتىھانغا ياخشىراق تەييارلىق قىلساڭ بولاتتى، بالام، — دېدى بەختىيار كېچىلىك تامىقىنى يەۋېلىپ كىتاب كۆرۈۋاتقان تۇرغانجاننىڭ يېنىغا كېلىپ، — بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىمەن دېسەڭ چارچاپ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ

قويارسەنمىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم بەك چارچاپ كەتسىمۇ كاللىسىغا بىر نېمە كىرمەيدۇ، ئىمتىھاننىڭ ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا باشقا ئىشلارنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ ئۆگىنىشىڭنى چىڭراق تۇت!

— كېرەك يوق، دادا، — دېدى تۇرغانجان كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان دادىسىنىڭ كۆزىگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، — ئىشلىگەنگە ئادەم ئۆلمەيدۇ، مەن كىچىك چېغىمدا سىز بىزگە شۇنداق دەپ تەربىيە بېرەتتىڭىز. چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان ئادەم سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا قاراپ ياشىسام ياخشى بولماس، ھېچ بولمىسا دېگەندە ئۇكىلىرىمنىڭ بىرەرسىنىڭ ئوقۇش پۇلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسام سىلەرنىڭ زىممەڭلەردىكى يۈك ئازراق بولسىمۇ يېنىكلەپ قالىدۇ.

دېمىسىمۇ، تۇرغانجان تېخى يېقىندىلا ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، رەناگۇلدىن باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسىلا ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئوقۇۋاتاتتى، مال باھاسى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەپ كېتىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇ ئۈچىنىڭ ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتىگە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇل كېتەتتى.

— ئىنسابىڭغا رەھمەت، — دېدى بەختىيار يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — يەنە بىر يىل جاپا تارتساق شاراپەت بىلەن ئەمرۇللا ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كېلىدۇ، غۇلامجاننىڭ ئالىي مەكتەپكە بارغىنىغا ئەمدىلا ئىككى يىل بولدى، يەنە قانچە يىل ئوقۇيدىغىنىغا بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسام يەنىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇغۇسى باردەك قىلىدۇ، ئوقۇشى ياخشى بولغاندىكىن بوپتۇ ئوقۇسۇن! ئوقۇغان ئادەم ھەرگىز يەردە قالمايدۇ، ئۇ ئوقۇيمەنلا دېسە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئوقۇتىمىز، بۇ يىل سېنىڭ خىزمەت ئىشىڭ ھەل بولۇپ كەتسە، رەناگۇلنى ئالىي مەكتەپكە يولغا سېلىۋالساق ئاپاڭ ئىككىمىز خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ

قالىمىز.

— ھېلىمۇ بىز بەش بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىڭلار، دادا، — دېدى تۇرغانجان كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ، — سىلەر بولمىغان بولساڭلار بىز ئۇچىمىز نېمە كۈنلەرنى كۆرەر بولغىيدۇق، كىملەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ سارغىيىپ - تاتىرىپ يۈرەتتۇق؟ بالا چاغلىرىمدا بۇ ئىشلارنى ئويلاپ يەتمەپتىكەنمەن، ھازىر بۇلارنى ئويلىسام يۈرىكىمنى بىر خىل قورقۇنچ چىرماپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىپ كېتىدۇ.

تۇرغانجاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولغان بەختىيارنىڭ دىمىقى ئاچچىق بولۇپ، ۋۇجۇدىغا قانداقتۇر بىرخىل تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئىللىق سېزىم تارىلىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بەش بالىنى باقىمەن دەپ تارتقان جاپالىرىنىڭ ھاردۇقى بىراقلا چىقىپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قېلىۋاتاتتى.

— ھەرگىز باشقىچە خىياللاردا بولما، بالام، — دېدى بەختىيار يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سىلەرنى ئاپاڭ ئىككىمىزگە ئاللا ئاتا قىلغان بالىلار، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىن ياش ئاقسا بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىن قان ئاقىدۇ، بىزلا بولىدىكەنمىز سىلەرنى ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىتىپ قويمايمىز.

بەختىيارنىڭ ئۇنىڭغا يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى - دە، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي كەينىگە ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتى.

بۈگۈن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۆيگە بالدۇرلا يېنىپ كەلگەن تۇرغانجاننىڭ روھىي كەيپىياتى بۆلەكچىلا يۇقىرى بولۇپ، يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆيگە

قوْيوْندەك يوْگوْروْپ كىردى ـ دە، ئاشخانا ئۆيدە كەچلىك غىزا تەييارلاۋاتقان هاۋاگۈلنىڭ يېنىغا هاسىراپ ـ هۆمۈدىگىنىچە كەلدى.

— ئاپا، ئاپا، دادام تېخى ئىشتىن كەلمىدىمۇ؟

— ياق تېخى، بىراق كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى هاۋاگۈل كەينىدە هاسىرىغىنىچە كۆزلىرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ تۇرغان تۇرغانجانغا ئۆرۈلۈپ قاراپ، — كەينىڭدىن بىرسى قوغلىغاندەك هاسىراپ كېتىپسەنغۇ، بىرەرسى بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالمىغانسەن؟

هاۋاگۈلنىڭ سۆزى ئاياغلىشىپ تۇرۇشىغا ئۆيگە بەختىيار كىرىپ كەلدى.

— ئانا ـ بالا ئىككىڭلار ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — سورىدى بەختىيار چاپىنىنى ئىشىك تۈۋىدىكى ئىلغۇغا ئاسقاچ، — بىزنىڭ تۇرغانجان ئاپامدىن تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىپ قوياي، بىر كۈنلەردە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ قالسام ئەسقېتىپ قالار دەۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

دادىسىنىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا قىلغان چاقچىقىدىن تۇرغانجاننىڭ يۈزلىرى ئەمدىلا پىشىشقا باشلىغان توغاچتەك ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

— مەنمۇ تېخى هازىرلا كىرگەنىدىم، — دېدى تۇرغانجان ئاشخانىدىن چىقىپ، — سىلەرگە دەيدىغان گەپ بار ئىدى.

— دېگىنە، قانداق گېپىڭ بار ئىدى؟

— ئاپامنىڭ قولى بىكار بولغاندا دەي.

— بالىنى خىجالەت قىلغۇچە شۇك تۇرسىڭىز بولماسمىدى، — دېدى ئاشخانا ئۆيدىن قولىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتكەچ چىقىپ كەلگەن هاۋاگۈل بەختىيارغا ئالىيىپ.

— قىزىق گەپ ـ دە، بۇ، — دېدى سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بەختىيار كۈلۈپ قويۇپ، — ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ، تاماق ئېتىشنى

ئۆگىنىپ قويغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئۆگىنىپ قويسا باشقىلارغا ئېيتىپ بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ قورسىقى ئاچ قالمايدىغۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇمۇ ھازىر يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان تۇرسا، تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن «سەل تەخىر قىلىڭ بالام» دېگىنىمىزگە ئۇنىماي «خوتۇن ئالىمەن» دەپ تۇرۇۋالار.

— ھەرقانچە ئالدىرايدىغان يېرى بولسىمۇ ئالدى بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ بىرقانچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئالار ئۇ خوتۇننى، — دېدى ھاۋاگۈل بەختىيارنىڭ يېنىغا سىغدىلىپ، — مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە خىزمىتى يوقلارغا كىممۇ قىز بېرىدۇ دەيسىز؟

تۇۋا! ئاتا ـ ئانا دېگەننىڭ غېمى مەڭگۈ تۈگىمەيدىكەن، باللار كىچىك چېغىدا «قانداق قىلسام مۇشۇ باللىرىمنى تىرنىقى بارغا تاتىلاتماي، چىشى بارغا چىشلەتمەي بېقىپ چوڭ قىلارمەن» دەپ غەم قىلسا، باللار مەكتەپ يېشىغا توشقاندا بولسا «باللىرىم ياخشى ئوقۇپ ئالىي مەلۇماتلىق كىشى بولسا ئىكەن، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالماي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشايدىغان يارامىلىق ئادەم بولسا ئىكەن» دېگەننى ئارزۇ قىلىدىكەن، باللار مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندە بولسا ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىكەن، باللار خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندا بولسا ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆمۈرلۈك ئىشلىرى ئۈچۈن يەنە غەم يەيدىكەن، بوينىدىكى ئاتا ـ ئانىلىق قەرزىنى بۇرۇنراق ئادا قىلىشقا ئالدىرايدىكەن. ئىشقىلىپ، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بىر ئۆمۈر باللارنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپلا ئۆتىدىكەن.

باللار كىچىك چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ كىيىمىنىڭ پۈتۈن، قورسىقىنىڭ توق بولۇشىدىن باشقىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدىغان بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل باللار چوڭ بولغانچە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان بولۇپ

قالغانىدى. قىزلارنى ياتلىق قىلىدىغانغا كېتىدىغان ئىقتىسادنى ھېسابلىمىغان تەقدىردىمۇ، كەينى ـ كەينىدىن چوڭ بولۇۋاتقان ئۈچ ئوغۇلنى ئۆيلەش ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنى ھېسابلىغاندا بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىر ـ بىرىگە «تاپقىنىمىزچە قىلارمىز، قالغىنىغا خۇدايىم بار» دېيىشىپ تەسەللى بېرىشەتتى...

— بولدىلا، يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلماڭلارچۇ، — دېدى تۇرغانجان بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — بۈگۈن غوجايىن بىر ئايلىق ئىش ھەققىمنى بەرگەنىدى، شۇ پۇلنى بېرەي دەپ كىرگەنىدىم ئاپامنىڭ يېنىغا.

— پاھ! بۈگۈن سېنىڭ تۇنجى قېتىم مائاش ئالغان كۈنۈڭ ئىكەن ـ دە، ئوغلۇم؟ — دېدى بەختىيار ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ، — مەنمۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ تۇنجى قېتىم مائاش ئالغاندا ھاياجاندىن كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى، ئادەم ئۆز ھالال ئەمگىكى بىلەن تاپقان پۇلنى قولىغا ئالغاندا باشقىچە خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

— شۇنداق ئىكەن، — دېدى تۇرغانجان دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە سۆيۈنۈش ئىلكىدە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، — مەن ئۆزۈم كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ تاپقان پۇلنى تۇنجى قېتىم قولۇمغا ئالغان چېغىمدا پۇل تېپىشنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى، سىلەرنىڭ بىز بەش بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدا قانچىلىغان جاپالارنى تارتقانلىقىڭلارنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم، شۇڭا مائاشىمنى ئېلىپلا خۇددى بىرسى ئۇنى قولۇمدىن تارتىۋالىدىغاندەك ئەندىشىدە ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي يۈگۈرگەنچە ئۆيگە يېنىپ كەلدىم، مانا بۇ سەككىز يۈز سوم پۇل.

تۇرغانجان يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ ئاپىسىغا بەردى.

— مۇشۇ كۆڭلۈڭگە رەھمەت، بالام، — دېدى ھاۋاگۇل

كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، — بۇ سېنىڭ تۇنجى مائاشىڭ بولغاندىكىن ئۆزۈڭ خەجلىگىن، دادىڭ ئىككىمىزنىڭ مائاشى بىزگە كەڭ - كۇشادە يېتىدۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇستىبېشىڭنى بىرەر قۇر يېڭىلىۋال.

— ماقۇل دەپ ئېلىڭ ئاپا، — دېدى تۇرغانجان پۇلنى ئاپىسىنىڭ قولىغا زورمۇزور تۇتقۇزۇپ، — مېنىڭ ھازىر پۇلغا ھېچقانداق ئېھتىياجىم يوق، كىيىملىرىممۇ يېڭىلىغۇدەك دەرىجىدە كونىراپ كەتمىدى، شۇڭا بۇ پۇلنى ئۆيگە خىراجەت قىلىڭ، گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ ئۇكىلىرىمنىڭ بىرەرسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغانغا يېتىپ قالار.

— ئۇنى خىجالەت قىلماي ماقۇل دەپ ئېلىڭلار، ئانىسى، — دېدى بەختىيار تۇرغانجانغا سۆيۈنۈش ئىلكىدە قاراپ قويۇپ، — ھەرھالدا بالىمىز چوڭ بوپتۇ، چوڭ بوپتۇلا ئەمەس، ئىنسابلىق، ئەقىللىك چوڭ بوپتۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ھاۋاگۇل پۇلنى قولىغا ئېلىپ، — ھازىرچە بۇ پۇل ماڭا تەۋە بولدى، ئىنسابىڭغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، بالام، قالغىنى مەندە قالسىمۇ بۇنى يېنىڭغا سېلىپ قويغىن، ئوغۇل بالا دېگەننىڭ يېنىدا ئاز - تولا پۇل تۇرمىسىمۇ بولمايدۇ.

ھاۋاگۇل ئىككى يۈز يۈەننى ئايرىپ تۇرغانجاننىڭ قولىغا بەردى، تۇرغانجان ئاپىسىغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى.

تۇرغانجان كېچە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى مايتاغ نېفىت تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقان ئىنىسى ئەمرۇللا بىلەن سىڭلىسى شاراپەتكە بىر پارچە خەت يازدى، ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ قايتا بىر ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن چىرايلىق قاتلاپ، ئۆزىگە خىراجەت قىلىدىغانغا ئەللىك يۈەننى ئايرىپ قېلىپ قالغان بىر يۈز ئەللىك يۈەننى خەتنىڭ ئىچىگە سالدى - دە، ئەتىسى ئەتىگەن ئىشقا ماڭغۇچە ئارىلىقتا پوچتىخانىدىن ئۇلارغا سېلىۋەتتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەمرۇللا بىلەن شاراپەتمۇ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كېلىشتى. ئاكىسىنىڭ ئىشتىن كېلىشىنى كۈتۈپ تاقەتتى تاق بولغان شاراپەت بىردەم ـ بىردەم ئىشىك ئالدىغا چىقاتتى ـ دە، بىر چاغلاردا تۇمشۇقى ئۇچلانغىنىچە قايتىپ كىرەتتى.

— ئاكىمىزنى بەك سېغىنغان ئوخشىمامسىز قىزىم؟ — سورىدى شاراپەتنىڭ ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان بەختىيار كۈلۈپ تۇرۇپ، — يەنە بىردەم تەخىر قىلىسىڭىز ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، بەلكىم ئۇنىڭمۇ سىلەرنى كۆرگۈسى كېلىپ ئارانلا قالغاندۇ؟

بەختىيارنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئۇچىسىغا قىزىل رەڭلىك ئىش كىيىمى كىيىۋالغان تۇرغانجان سالام بەرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. دادىسىنى قولتۇقلاپ سافادا ئەركىلەپ ئولتۇرغان شاراپەت ئۇنى كۆرۈپ «ئاكا» دەپ توۋلىغىنىچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ـ دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىككى قېرىنداش شۇنداق چىڭ قۇچاقلاشتىكى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن سەلدەك ئېقىپ چۈشكەن ياش ھەش ـ پەش دېگۈچىلا بىر ـ بىرىنىڭ دولىسىنى چىلىققىدە ھۆل قىلىۋەتتى.

— مەنمۇ بار جۇمۇ بۇ يەردە، — دېدى ئەمرۇللا تۇرغانجاننى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغان شاراپەتنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ، — گەپ قىلمىسام ماڭا ئاكام بىلەن كۆرۈشكىدەك پۇرسەت بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ بۇ بۇدۇشقاق چاپلىشىۋېلىپ.

— ئىككىڭلار كەچتە بىر ئۆيدە ياتىدىغان بولغاندىكىن تازا كۆرۈشۈۋالىسىلەر، — دېدى شاراپەت ئاكىسىنى قۇچاقلىغان ھالدا ئەمرۇللاغا ئالىيىپ.

بالىلارنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ بىر تەرەپتىن مەستلىكى كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۈلگىسى كەلگەن بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالماي كۈلۈشۈپ كەتتى.

— غۇلامجان بىلەن رەناگۈل بولغان بولسا تېخىمۇ ئويۇننىڭ

قىزنىڭ چىقاركەندۇق، — دېدى ھاۋاگۇل كۆلكىدىن ئۆزىنى ئاران دېگەندە توختىتىپ، — خۇدايىم بۇ ئوماق بالىلىرىمنى مەڭگۈ بىر - بىرى بىلەن مۇشۇنداق ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشكە نېسىپ قىلسۇن!

— قېرىنداش دېگەن مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدى بەختىيار قولىدىكى چېكىپ بولغان موخوركىسىنى كۈلدانغا بېسىپ، — بىزدىن كېيىن قالغاندىمۇ بىر - بىرىڭلارنى تاشلىۋەتمەي ھازىرقىدەك ئىناق ئۆتۈڭلار، بالىلىرىم، شۇنداق قىلساڭلار بىزمۇ گۆرىمىزدە خاتىرجەم ياتالايمىز.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، دادا، — دېدى شاراپەت ئاكىسىنى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرىنى بوشىتىپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — بەش بالاڭلار ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇزاق ياشىشىڭلار كېرەك، بىز سىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭلارنى ئاللادىن تىلەيمىز.

— ئادەم ھەرقانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بىلەنمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ، قىزىم، — دېدى بەختىيار ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، — بۇ دۇنيا ھېچقانداق ئادەمگە باقىمەندە ئەمەس. بۇ دۇنيادا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سەۋەبىنى قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۆلمەسلىكنىڭ سەۋەبىنى قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، ئادەم پەقەتلا ئۆزىنىڭ كەشپىياتلىرى، ھالال ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋە كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقلىرى بىلەنلا ئۇزاق ياشىيالايدۇ، گەرچە ئۇنداق كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ نامى ئەۋلادمۇئەۋلاد يادلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئۇزاق ياشايمەن دەيدىكەن جەزمەن كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشى، باشقىلارغا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشى، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا كېيىنكىلەر يادلىغۇدەك ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلالىشى كېرەك.

دادىسىنىڭ سالماق تەلەپپۇزدا دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بالىلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ جىمىدە ئولتۇرۇپ

كېتىشتى، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقىنىنى، قانداق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. ئۆي ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىققا چۆمگەن بولۇپ، ئۆيدە ئۇلارنىڭ تىنىغان تىنىقىدىن باشقا غەيرىي ئاۋاز يوق ئىدى.

— دادا، ئاپا، — دېدى شارابەت ئارىدىكى بىر دەملىك جىملىقنى بۇزۇپ، — مەن سىلەرگە ئاكامنىڭ بىزگە يازغان خېتىنى ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

— نېمە خەت ئىكەن ئۇ؟ — دېدى ئۈستەلنى سۈرتۈۋاتقان ھاۋاگۈل ھەيرانلىق بىلەن.

— بۈلتۈر ئەمرۇللا ئىككىمىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئاكامنىڭ بىزگە يازغان خېتى.

تۇرغانجان سىڭلىسىنىڭ قايسى خەتنى دەۋاتقانلىقىنى دەرھاللا ئېسىگە ئالدى ـ دە، سىڭلىسىغا قاراپ «بولدى قىل» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىلدى، لېكىن شارابەت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، يۈگۈرگىنىچە ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئاق تاشلىق كونۋېرتقا سېلىنغان بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئاكامنىڭ خېتىنى ئوقۇپ شارابەت ئىككىمىز نەچچە كۈن يىغلىغاندۇق، — دېدى ئەمرۇللا ئاكىسىغا يەر تېگىدىن لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

— قانداق خەت بولغىيدى ئۇ؟ — دېدى بەختىيار شارابەتكە ھومىيىپ قاراپ تۇرغان تۇرغانجانغا قاراپ قويۇپ، — ئىككىڭلارنى نەچچە كۈن يىغلاتقان خەت بولسا ئوقۇڭا قىزىم، بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى.

شارابەت سافا ئولتۇرغان دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ سىغدالدى ـ دە، خەتنى كونۋېرتتىن چىقاردى، بەت ساندىن قارىغاندا خەت خېلىلا ئۇزۇن يېزىلغاندەك قىلاتتى، شارابەت گېلىنى بوشقىنا قىرىۋېلىپ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«ھاياتىمدىكى ئىككى تال ئەڭگۈشتەرىمنىڭ بىر تېلى، بىر جۈپ كۆزۈمنىڭ قارىسى، كېچە ـ كۈندۈز خىيال ئېكرانىمدىن كەتمەيدىغان ئوماق سىڭلىم شاراپەت، مېنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ سۇنماس ئىككى قانىتىمنىڭ بىرى، يىقىلسام قولۇمنى تارتىدىغان، قاراڭغۇدا قالغان چاغلىرىمدا مەن ئۈچۈن مەشئەل بولۇپ يېنىپ بېرىدىغان قەدىردان ئىنىم ئەمرۇللا، ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟ مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە مېنىڭ سىلەرنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى دەپ ئولتۇرمىساممۇ ياخشى بىلىسىلەر. ناۋادا ئاللا ماڭا بىر جۈپ قانات ئاتا قىلغان بولسا ئىدى، سىلەرگە مۇشۇ خەتنى يېزىپ ئولتۇرغىنىمنىڭ ئورنىدا ئۇچۇپلا يېنىڭلارغا بېرىپ سىلەرنى باغرىمغا مەھكەم باسقان، ماڭا تونۇش ھىدىڭلارنى قانماي پۇراپ سېغىنىش ئىلكىدە پۇچىلىنىۋاتقان يۈرىكىمنى بىردەملىك بولسىمۇ ئارام تاپتۇرغان بولار ئىدىم، لېكىن ئۇنداق قىلىش ھازىر مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، شۇڭىمۇ دادام بىلەن ئاپامغا تۇيدۇرماي سىلەرگە بۇ خەتنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. بەلكىم قولۇڭلاردىكى بۇ خەتنى كۆرۈپ ‹ئاكام قانداقلارچە بىزگە خەت يېزىپ قالغاندۇ› دەپ، ھەيران بولۇۋاتقانسىلەر؟ خەت ئىچىگە سېلىنغان ئاشۇ ئازغىنا پۇلنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قېلىۋاتقان بولۇشۇڭلار مۇمكىن! گەرچە بۇ بىر يۈز ئەللىك سومنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى سىلەر بىلمەسلىكىڭلار مۇمكىن، بەلكىم ‹ئاكام بۇ پۇلنى نەدىن ئالغاندۇ؟ نېمىشقا پۇل سېلىشنى ئويلاپ قالغاندۇ؟› دەپ، ھەيران قېلىشىڭلارمۇ مۇمكىن.

ئوماق ئۇكىلىرىم، بايا مەن سىلەرگە بۇ ئازغىنا پۇلنىڭ مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۈم، نېمىشقا مۇشۇنداق دېگىنىمنى بىلەمسىلەر؟ مېنىڭچە سىلەر ھازىرچە ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايسىلەر. بۇ مېنىڭ

يېڭىرمە ئىككى يىللىق ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ، پېشانەمدىن مونچاق ـ مونچاق تەرلەرنى ئاقۇزۇپ ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم. مېنىڭ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ «ئاكام مۇقىم خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ، ئىچ ـ ئىچىڭلاردىن خۇش بولۇۋاتقىنىڭلارنى بىلىمەن، بىراق مەن تېخى ئىشقا ئورۇنلاشمىدىم، يىل ئاخىرىدا ئېلىنىدىغان نېفىتلىك شىركىتىگە خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن. ھا ـ ھا ـ ھا ... شۇ تاپتا «ئاكام بۇ پۇلنى زادى قانداق قىلىپ تاپقاندۇ؟ گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي نەق گەپنى قىلسا بولمامدىغاندۇ» دەپ، تىت ـ تىت بولۇۋاتساڭلار كېرەك. ئالدىرىمىساڭلار سىلەرگە ھەممىنى دەپ بېرىمەن.

قەدىردان ئۇكىلىرىم! مېنىڭ بىر ئاي ئۆلگۈدەك ئىشلەپ، ئاي ئاخىرىدا ئاشۇ سەككىز يۈز سوم پۇلنى غوجايىنىنىڭ قولىدىن ئالغان چېغىمدا قانداق تۇيغۇدا بولغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟ ياق، سىلەر ھازىرچە ئۇنى ھېس قىلىپ بولالمايسىلەر! مەن پۇلنى قولۇمغا ئېلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كەپتەر باچكىسىدەك بۇقۇلداپ يىغلىۋەتكىلى تاس ـ تاماس قالدىم. بىر ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ياش تۆكۈشتىنمۇ ئارتۇق نومۇسلۇق ئىش بولمىسا كېرەك. شۇڭا، پۇلنى ئالدىم ـ دە، ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي ئۆيگە چاپتىم، شۇ تاپتا مېنىڭ كاللامدا دادام بىلەن ئاپامنى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىۋېتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئوي يوق ئىدى. ئۆيگە كىرسەم ئاپام ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقانىكەن، ھايال ئۆتمەيلا داداممۇ ئىشتىن يېنىپ كەلدى، مەن بەك چىڭ سىقىملاپ تۇتۇۋالغاچقا، پۇرلىشىپ كەتكەن پۇلنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ قايرىۋالماي ئاپامغا بەردىم، ئاپام ماڭا «بالام، بۇ سېنىڭ تۇنجى مائاشىڭ بولغانىكەن ئۆزۈڭ خەجلىگىن، ھېچ بولمىسا ئۈستىبېشىڭنى يېڭىلىۋال، دادىڭ ئىككىمىزنىڭ مائاشى بىزگە كەڭ ـ كۇشادە يېتىدۇ» دەپ، زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي ئارىسالدى

بولۇپ تۇرغىنىمدا دادام ‹بالىنى خىجالەت قىلماي رەھمەت دەپ ئېلىڭلار، ئانىسى، بالىمىز ھەرھالدا ئىنسابلىق بالا بوپتۇ› دېۋىدى، ئاپام قولۇمدىن پۇلنى تەسلىكتە ئالدى ـ دە، ئۇنىڭدىن ئىككى يۈز سومنى ئايرىپ ‹بۇنى يېنىڭغا سېلىپ قوي، بالام، ئوغۇل بالىنىڭ يېنىدا پۇل تۇرمىسا بولمايدۇ› دەپ، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى، مەنمۇ ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماي ئالدىم.

جېنىم ئۇكىلىرىم، ئويلاپ باقسام دادام بىلەن ئاپام بىزنى تۇرغۇنلىغان جاپالار بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ، بىرىمىزنىمۇ قالدۇرماي ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپتۇ، بىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا ئۇلارنىڭ پۇلنى قانداق جاپالار بىلەن تاپىدىغانلىقىنى ھېس قىلالماي خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلەپتىكەنمىز. ئاشۇ سەككىز يۈز سوم ئۈچۈن بىر ئاي باشقىلارنىڭ يۈك توشۇش ئورنىدا مەدىكار بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا، دادام بىلەن ئاپامنىڭ بىزگە ئايمۇئاي قالدۇرماي ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئاشۇ پۇللارنى قانچىلىك جاپالار بىلەن تاپىدىغانلىقىنى، دادام بېچارىنىڭ شەنبە ـ يەكشەنبە، ھېيت ـ بايراملاردا ‹ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەيمەن› دەپ، چىقىپ كېتىشىنىڭ پەقەت بىز ئۈچۈن، يەنى ئۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان بەش جۈپ قارا كۆز ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى بەتخەجلىكىمدىن نومۇس قىلىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم.

ئوماق سىڭلىم شاراپەت، مەن دېمىسەممۇ سەن ياخشى بىلىسەن، ئەمرۇللا بىلەن رەناگۈل دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان باللىرى، بىراق قالغان ئۈچىمىز ئاپامنىڭ ئاكىسىنىڭ، يەنى يارى ياۋاشنىڭ باللىرى. سەن دەپ باققىنا، ئوماق سىڭلىم! دادىمىز تۈگەپ كېتىپ ئاپىمىز بىزنى تاشلىۋەتكەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلار بىزنى بېقىپ كېلىۋاتىدۇ، سەن مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان دادام بىلەن

ئاپامنىڭ ساڭا بىرەر قېتىم قاتتىقراق گەپ قىلغىنىنى ياكى ئالىيىپ قارىغىنىنى، بىر نەرسە سېتىۋالغاندا ئۆز بالىلىرىغا بېرىپ سېنى ئايرىپ قويغىنىنى ئەسلىيەلەمسەن؟ ئەلۋەتتە، ئەسلىيەلمەيسەن، سەن تۇرماق مەنمۇ ئەسلىيەلمەيمەن.

ئوماق سىڭلىم، ئويلاپ باقسام بىز دادام بىلەن ئاپامغىلا ئەمەس، بەلكى ئەمرۇللا بىلەن رەناگۈلگىمۇ كۆپ قەرزدار ئىكەنمىز. ناۋادا ئاپام دېگەن ۋىجدانسىز قارا يۈز خوتۇن (مۇشۇنداق دېيىشكە مەجبۇرمەن، سىڭلىم) بىزنى تاشلىۋەتمەي ئۆز باغرىغا باسقان بولسا بىزمۇ بۇ ئائىلىگە كەلمىگەن بولاتتۇق، ئۇ چاغدا دادام بىلەن ئاپام ئىككىسىنىڭ مائاشى بىلەن ئۇلار كەڭ ـ كۇشادە تۇرمۇش كەچۈرگەن، خالىغىنىنى يەپ، خالىغىنىنى كىيەلىگەن بولاتتى، قىسقىسى، دادام بىچارە چېكىدىغان تاماكىنى ئەرزان باھالىق موخوركىغا ئالماشتۇرمىغان بولاتتى.

تاتلىق سىڭلىم شاراپەت، شۇ تاپتا سېنىڭ بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆڭلۈڭنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، نەق گەپنى قىلسام مەنمۇ بۇ خەتنى يېزىپ تاماملىغىچە بولغان ئارىلىقتا قانچە قېتىم ئۆزۈمنى يىغلىغىنىمنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. سىڭلىم شاراپەت، ئادەم كىچىك چاغلىرىدا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قورسىقى تويغانغا شۈكۈر قىلىپ ياشىغىنى بىلەن چوڭ بولغانچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىشكە، نېمىنىڭ مۇھەببەت، نېمىنىڭ نەپرەت ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىشقا باشلايدىكەن. بەزىدە ئولتۇرۇپ ئۆزۈمچە بەزىبىر خىياللارنى سۈرۈپ قالىمەن، ئۆزۈمگە ئۆزۈم «مەن بەختلىكمۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ كەينىدىن جاۋاب ئىزدەيمەن. ئوماق سىڭلىم، شۇ تاپتا ئۆزۈمگە شۇنداق سوئال قويغىنىمنى ئاڭلاپ «ۋاي ئەخمەق ئاكا، مۇشۇنداقمۇ سوئال سورامسەن؟» دەپ، مېنى مازاق قىلىدىغىنىڭغا ئىشىنىمەن. دېمىسىمۇ قارىماققا بۇ سوئال بەكلا ئاددىي ھەم ئەخمەقانىدەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئادەم ھەرقاچان ئۆزىگە مۇشۇنداق سوئالنى قويۇپ تۇرۇشى زۆرۈرمىكىن دەپ

قارايمەن، نېمىشقا دېگەندە ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىغان ئادەم ئۆزىنى بەختكە ئېرىشتۈرگەن كىشىلەرنىڭ قەدرىنى قىلىشنى، ھۆرمەتلەشنى، قىسقىسى، ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلەيدۇ، شۇڭا سېنىڭمۇ ئۆزۈڭگە مۇشۇ سوئالنى قويۇپ تۇرۇشىڭنى، ئادەم يوق يەرگە چىقىپ «بەختلىكسەن شارايەت !» دەپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلاپ تۇرۇشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن، شۇنداق قىلساڭ كۆڭلۈڭ باشقىچە يورۇپ، ئۆزۈڭنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالىسەن.

يېقىندىن بېرى ھېلىقى خوتۇن (شۇنداق ئاتىشىمغا يول قويغىن، سىڭلىم) توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئالىقانچىلىق بۇ شەھەردە بەزى گەپلەرنى ئاڭلىماي دېسەڭمۇ، لېكىن يەنىلا قۇلىقىڭغا كىرىپ قالىدىكەن. مەن بىرنەچچە قېتىم باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن «توختىگۈل دېگەن ھېلىقى ئەر ئوغرىسى پوستانچىنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپتۇ، تېخى يېقىندا پوكۇنچىنىڭ ئېرى بىلەن مېھمانسارايدا تۇتۇلۇپ قاپتۇ، نومۇس قىلماي پوكۇنچى مەھەللىدىكى پوستانچىنىڭ تېخى ئۆزىدىن مانچە ياش كىچىك ئۆيلەنمىگەن ئوغلىنى ئۆزىگە كۆندۈرۈۋاپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ نومۇستىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدىم. راست گەپنى قىلغاندا ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بالىسى دېيىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقىمۇ تىلىم كۆيىدىغان بولۇپ قالدى.

بولدىلا ئوماق سىڭلىم، بۇ گەپلەرنى دەپ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى بىسەرەمجان قىلماي ! ئەمرۇللا ئىككىڭلار يەنە بىر يىل ئوقۇساڭلار مەكتەپنى پۈتكۈزىسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىلىڭلار، شۇڭا ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلىپ كەتمەي ياخشى ئوقۇڭلار !ئەمرۇللا ئوغۇل بالا بولغاندىكىن سەل ئويۇنغا ئامراق كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا داۋاملىق كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ. جېنىم سىڭلىم، دادام بىلەن ئاپامنىڭ بىزنى قانچىلىك جاپالاردا بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى، قانچىلىك قىيىنچىلىقلارغا

*بەرداشلىق بېرىپ ئوقۇتقانلىقىنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويما! ئەمرۇللامۇ ھەم شۇنداق. مېنىڭ ساڭا بۇ گەپلەرنى ئەسكەرتىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭغۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئاكا بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەسكەرتىپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم.*

*ئوماق ئۇكىلىرىم، يەنە سىلەرگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى، لېكىن ھازىرچە ئۇ گەپلەرنى دەپ بولالمايدىغان ئوخشايمەن، دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا بامداتنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ناۋادا ئۇلار مېنىڭ تېخىچە ئۇخلىمىغىنىمنى بىلىپ قالسا (ئەتە خىزمەتكە بارىدىغان ئادەم بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئالساڭ بولمامدۇ؟ نېمە قىلىۋاتىسەن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي)، دەپ كايىشى ئېنىق، شۇڭا سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇراي، قالغان گەپلەرنى سىلەر قايتىپ كەلگەندە دېيىشەرمىز. خوش، ئامان بولۇڭلار ئۇكىلىرىم!*

*سىلەرنى ھەرقاچان ياد ئېتىپ تۇرغۇچى:*

*ئاكاڭلار تۇرغانجاندىن»*

بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇل تۇرغانجاننىڭ ئىككى ئۇكىسىغا يازغان خېتىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقىنى قايغۇ ـ ھەسرەت ياشلىرى بولماستىن، بەلكى ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقان خۇشاللىق ياشلىرى ئىدى. ئاشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئۇلار دادىسىدىن يېتىم قېلىپ ئاپىسى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مۇشۇ ئۈچ بالىغا سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندىنمۇ زېرەك، ئىنسابلىق، كۆيۈمچان چوڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ يۈرەكلىرى سۈزۈك سۇ ئىچىدىكى بېلىقچانلاردەك يايراپ كېتىۋاتاتتى.

— جېنىم بالام! ئاشۇ ئەللىك سوم بىلەن بىر ئاينى قانداقمۇ چىقارغانسەن؟ — دېدى ھاۋاگۇل تۇرغانجاننى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىگە

سۆيۈپ تۇرۇپ، — ئۇكىلىرىڭغا بىز پۇل ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتقاندىكىن سەن نېمىشقىمۇ پۇل ئەۋەتمەن دەپ يۈرگەن بولغىيدىڭ؟

— چوڭ بولۇپ تۇنجى قېتىم ھالال ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم بولغاندىكىن ئۇلار بىلەن تەڭ خەجلەي دېدىم، ئاپا، — دېدى تۇرغانجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇشۇنداق بولغاندا مېنىڭمۇ ھاردۇقۇم چىقىدىكەن، ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ تەربىيە ئالىدىكەن.

— ئەقلىڭگە باركاللا، ئوغلۇم! — دېدى بەختىيار يوتىسىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويۇپ، — قېرىنداشلىرىڭغا بولغان كۆيۈمچانلىقىڭ مېنى راستلا خاتىرجەم قىلدى، بىزدىن كېيىن قالساڭلارمۇ بەش قېرىنداشنىڭ ئىناق - ئىجىل ئۆتىدىغانلىقىڭلارغا كۆزۈم يەتتى.

— ھازىر ئىشلەيدىغان ئىشىڭ ئېغىرمۇ ئاكا؟ — سورىدى شاراپەت ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— مەدىكارلىق قىلغاندىن كۆپ ياخشى.

تۇرغانجاننىڭ چاققانلىق بىلەن بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى، ئۆزىنىڭ قانداق ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان شاراپەت «نېمىگە كۈلىسىلەر؟» دېگىنىچە ئولتۇرغانلارغا قاراپ تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى. شاراپەتنىڭ يىغلاپ سېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ھاۋاگۇل دەرھاللا ئورنىدىن تۇردى - دە: «تاماق تەييار بولدى، قولۇڭلارنى يۇيۇپ ئۈستەلگە كېلىڭلار» دەپلا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىدىكى كۈلكە ئاۋازىمۇ بېسىقىپ، شاراپەتنىڭ ئوڭايسىزلىقتىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى.

مايتاغ نېفىت ئىنستىتۇتىنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ كەلگەن شاراپەت ئۆيدە بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى شەھەرلىك ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى

ئالماشتۇرۇش مەركىزىگە تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇپلا ئىش ئىزدەشكە باشلىدى. بىر كۈن شىركەتمۇ شىركەت پالاقشىپ يۈرۈپ ئۆزىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك بىرەر خىزمەت تاپالمىغان شارابەت كۆز باغلانغىدەك مەزگىل بولغاندا روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھارغىنلىقتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، پۇتۇن بەدىنى ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. ئەتىگەن ئۆيدىن تولىمۇ خۇشال كەيپىياتتا چىقىپ كەتكەن قىزىنىڭ كەچ بولغاندا سولغۇن ھالەتتە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل بىر ـ بىرىگە «گەپ قىلمايلى، گەپ قىلساقلا يىغلايدۇ بۇ قىز» دېگەن مەنىدە قارىشىۋالدى ـ دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى. شارابەت دادىسى بىلەن ئاپىسىغا يەر تېگىدىن لەپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە شارابەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ جىمغۇر بولۇپ قالغىنىغا قاراپ ئىچى سىيرىلغان بەختىيار تونۇش ـ بىلىشلەرنى ئىشقا سېلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىسىگە جايلاشقان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمە زالىدىن ۋاقىتلىق بىر خىزمەت تېپىپ بەردى. گەرچە بۇ خىزمەتنىڭ ئىش ھەققىنى ئانچە يۇقىرى دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما مۇھىتى پاكىز ھەم ئازادە بولۇپ، كۆرگەزمىنى كۆرگىلى كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش، چاي قۇيۇش، مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن باشقا خىزمەتداشلىرىغا ھەمكارلىشىپ زالنىڭ تازىلىقىنى قىلىش دېگەندەك ئىشلار بىلەنلا چەكلىنەتتى.

— خىزمەت ئورنىڭىزغا كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ قىزىم؟ — دېدى بەختىيار قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن شارابەتكە.

— كۆنۈپ قالدىم، دادا، — دېدى شارابەت ئەركىلەپ تۇرۇپ، —

ئۇ يەردىكىلەرمۇ ياخشى كىشىلەر ئىكەن، ئۇلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتىم، مەن بىرلا ئۇيغۇر بولغاچقا ئۇلار ماڭا بەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، باشقا يەردىن ئىش ئىزدەيمەن دەپ يۈرگىچە مۇشۇ يەردە ئىشلەۋەرسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ياخشى ئىشلىسەملا كېيىنچە رەسمىيلەشتۈرۈشنى ئاسانغا توختايدىكەن.

— دۆلەت مەمۇرلىقىغا ياكى نېفىتلىك شىركىتىنىڭ ئىمتىھانىغا قاتناشماسسىز قىزىم؟ — دېدى ھاۋاگۇل ئۇنىڭغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— ئىلگىرى شۇنداق ئويدا بولغان بولسامۇ، لېكىن بۇ يەرگە خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن ئۇ خىياللاردىن ۋاز كەچكىم كېلىپ قالدى. ئاپا، ھەممە ئادەم دۆلەت مەمۇرى ياكى نېفىت ئىشچىسى بولىمەن دېگىلى تۇرسا بۇ ئىشلارنى كىم ئىشلەيدۇ؟ ئادەم مەيلى قەيەردە، قانداق خىزمەت قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز خىزمىتىنى سۆيۈپ ئىشلىسىلا چوقۇم نەتىجە قازىنالايدۇ. ئىشقىلىپ، مەن ئۇ يەردىكى خىزمىتىمنى ياقتۇرۇپ قالدىم، ئەمدى ئۇلار مېنى ئۇ يەردىن قوغلىۋەتمىسىلا ھەرگىز كەتمەيمەن.

— يارايسىز قىزىم! — دېدى بەختىيار باش بارمىقىنى چىقىرىپ، — ئادەم دېگەندە ئەنە شۇنداق ئىرادە ۋە مۇستەھكەم مەيدان بولغىنى ياخشى، — مېنىڭچىمۇ كەسىپنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنى، ياخشى - يامىنى بولمايدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى كۆرگىنى ئەڭ ياخشى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شاراپەتنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىل بولۇپ قالدى. ئۇ خىزمەتتە تولىمۇ ئەستايىدىل، مىجەز - خۇلقى چىقىشقاق، ئايىغى يەڭگىل بولۇپ، باشقۇرغۇچىلاردىن تارتىپ ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرگىچە ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا ئامراق بولۇپ قالغانىدى.

بۇ ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق

ئىدى. چۈشتە ئىشقا ماڭغىچە ئۆيدىكىلەرگە ساۋاقداشلار ئۈچرىشىشى بارلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ كەچلىك تاماقتا كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويغان شاراپەت خىزمەتداشلىرىنى يولغا سېلىۋەتتى ـ دە، چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ ئىشىكنى تاقاپ تۇرۇشىغا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىدا ئىلدار پەيدا بولۇپ قالدى.

ئىلدار بىلەن شاراپەت مايتاغ نېفىت تېخنىكومىدا بىر سىنىپتا ئوقۇمىغان بولسىمۇ، پاراللېل ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئىدى. چۈنكى، بەزى دەرسلەرنى بىرلەشمە سىنىپتا بىللە ئاڭلايتتى. ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، يۈزى دوغىلاقىنا كەلگەن بۇ يىگىت ياقا يۇرتلۇق بولۇپ، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۇرتىغا كەتمەي شاراپەتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بۇ شەھەرگە كەلگەنىدى. ئۇ بۇ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، شاراپەتكە ئوخشاش ئۆزىنىڭ دىپلومىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى مىڭبىر جاپادا تۇزۇلمىسى ئۆزگەرتىلگەن مەلۇم بىر كارخانىغا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئىلدار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا شاراپەتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا كۆز تاشلاپ يۈرەتتى. ئۇ قولايلىق پۇرسەتنى تېپىپ شاراپەتكە مۇھەببەت تەكلىپى قويغاندا شاراپەت «ئىلدار، سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، مېنىڭ يۈرىكىمنىمۇ سەن ئۈچۈن سوقمايدۇ دېيەلمەيمەن، لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا ئۈچ ئاكام بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمىز، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىمىز ئوقۇش، شۇڭا مېنىڭ ھازىرچە مۇھەببەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغۇم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بىلەن مەن بىر يۇرتلۇق ئەمەس، بىز مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن سېنىڭ ئۆز يۇرتۇڭغا كېتىپ قېلىشىڭ ئېنىق، چۈنكى سېنىڭدەك يالغۇز ئوغۇلنىڭ ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈشىگە ئاتا ـ ئاناڭ ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ، مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانامنى، قېرىنداشلىرىمنى تاشلاپ سەن تەرەپكە بېرىشىم تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇشۇ ئامىللارنى

كۆزدە تۇتۇپ يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشىپ باقمىساڭ بولمايدۇ، بىردەملىك قىزغىنلىقنى دەپلا ئاقىۋەتتە ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدىغان ئىش بولۇپ قالسا ھەر ئىككىمىزگە ياخشى ئەمەس. مېنىڭچە ئىككىمىز ھازىرچە يەنىلا مۇشۇ ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاپ تۇرايلى، ھەرقانداق ئىش بولسا مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن بىر گەپ بولسۇن» دەپ، ئىلدارنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. شاراپەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خېلىغىچە گەپ قىلماي ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەن ئىلدار شاراپەتنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلۇق كۆردىمۇ ياكى جاھىللىق قىلىپ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدىمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئۇ شاراپەت بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا «ئېسىڭدە بولسۇن شاراپەت، سەن ھامان مېنىڭكى» دېگەن سۆزنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. شاراپەت ئۇنىڭغا ئۇشۇقچە گەپ قىلماي، ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بىر جۈپ قاپقارا كۆزىنىڭ ئىچىگە لەپپىدە قارىدى - دە، مىيىقىدا پىسسىڭڭىدە كۈلۈپلا قويدى.

ئىلدار مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ «كونىلاردا ‹تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز› دەيدىغان گەپ بار بالام، كىشىنىڭ يۇرتىدا بوينۇڭنى قىسىپ يۈرگىچە قايتىپ كەلگىن، داداڭ نۇرغۇن يوللارنى مېڭىپ ساڭا بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىپ قويدى» دەپ، يېلىنىپ - يالۋۇرغىنىغا ئۇنىماي بۇ شەھەرگە يېنىپ كەلدى. ئۇلار شۇنچە گەپ قىلىسىمۇ ئوغلىنى سۆزگە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن، نائىلاج ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى...

— نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟ — دېدى شاراپەت.

— خېلى بولغان كەلگىلى، ئىشخاناڭغا كىرەي دېسەم باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇيلىپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدىم.

— ھەرھالدا كاللاڭ ئاز - تولا ئىشلەپتۇ سېنىڭ، — دېدى شاراپەت پىخىلداپ كۈلۈپ.

— كاللام ئىشلىگەچكە كەلگەن بۇ يەرگە، — دېدى ئىلدارمۇ بوش كەلمەي.

ئىلدار بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقان شاراپەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىلدارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ «گەپ يەنىلا تارتىش كۈچىدە بولسا كېرەك» دېدى - دە، يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

شاراپەت بىلەن ئىلدار ساۋاقداش بولغاچقىمۇ گەپكە گەپ توغرا كېلىپ قالسا بىر - بىرىنى ئاياپ ئولتۇرۇشماي ئۇدۇللا دەۋېرەتتى. بەزىدە شاراپەت ئىلدارغا خېلىلا ئېغىر گەپ قىلىۋەتسىمۇ، غورۇرىغا تېگىدىغان گەپ بولمىسىلا ئىلدار ئۇنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپلا يوق قىلىۋېتەتتى.

ئىككىسى باراڭلاشقاچ مېڭىپ، غەربىي دىيار سودا شەھەرچىسىنىڭ قورۇسىدىكى كېچىلىك بازارغا كىرىپ سېرىقئاش ھەم كاۋاپ بىلەن غىزالانغاندىن كېيىن، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئەسىر باغچىسىغا كەلدى - دە، دالدىراق بىر يەرنى تېپىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ ئۇيۇق ئەمدىلا قىزىرىشقا باشلىغان چاغ بولۇپ، ئەسىر باغچىسى بىلەن قاراماي ئۆستىڭىنىڭ ئىككى گىرۋىكى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى.

— مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققىنىمىزغىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى، — دېدى ئىلدار كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ، — توي ئىشىمىزنىمۇ ئويلىشىپ قويساق بولاتتى شاراپەت.

ئىلدارنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇ گەپنى قىلىشى شاراپەتنى بىرئاز گاڭگىرىتىپ قويدى.

— جۆيلۈۋاتامدىغانسەن - ھە؟

— ياق، دېيىشكە تېگىشلىك بولغان گەپنى دەۋاتىمەن، بۇنىڭ ھەيران قالغىدەك نېمىسى بار؟

— ئالدىمدا ئۈچ ئاكامنىڭ بارلىقىنى بىلىسەنغۇ؟

— بىلىمەن، بىراق ھېچ يەردە ئاكىسىدىن بۇرۇن سىڭلىسى توي قىلسا بولمايدۇ دەيدىغان گەپ يوققۇ، مەنمۇ ساڭا بۇ يىللا توي

قىلايلى دېمىدىم، ئويلىشىپ قويايلى دېدىم.

— قىزىق گەپ بولدى ـ دە، ئويلىشىپ قويايلى دېگىنىڭنىڭ ئۆزىلا توي قىلىشقا ئالدىراتقىنىڭ بولماي نېمە، كىچىك ئىككىسىنى دېمىگەن تەقدىردىمۇ چوڭىنى دېمىسەم بولماس؟ !

— تۇرغانجان ئاكامۇ يىگىرمە بەشكە كىرىپ قالغاندۇ، بۇ يىل قىلمىسىمۇ كېلەر يىللىرى قىلىپ قالار، ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا بىز قىلىشۋەتسەكمۇ بولىدىغۇ.

— نېمىگە مۇنچە ئالدىرايدىغانلىقىڭنى ھېچ بىلىپ بولالمىدىم، — دېدى شاراپەت بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، — بىز تېخى توي قىلمىساق زادى بولمايدىغان ياشقا كىرىپ كەتمىدۇقمۇ؟ ھېچبولمىدى دېگەندە بىرنەچچە يىل ئىشلەپ ئالدى ـ كەينىمىزنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن قىلساقمۇ بولاتتىغۇ توي دېگەننى.

— دېگىنىڭغۇ توغرا، شاراپەت، — دېدى ئىلدار ئېغىر بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن، — مېنىڭ بۇ يەردە سېنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يېقىن ئادىمىم يوق، مەكتەپتىكى چاغلاردا ساۋاقداشلار كۆپ بولغاچقا كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن يۈرۈپ ھېچنېمىنى بىلمەيلا تۆت يىلنى ئۆتكۈزۈپتىكەنمىز، بۇ يەرگە كەلگەن بىر يىلدىن بۇيان يالغۇزلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم، سەن بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ئۆزۈمنى شۇنداق خاتىرجەم، خۇشال ھېس قىلىمەن ـ يۇ، ياتاققا بارساملا باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمەن، تۆت تامغا قاراپ ئىچىم سىقىلىپ بىئارام بولۇپ كېتىمەن.

— ئۇنداق بولسا يۇرتۇڭغا قايتىپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى شاراپەت ئۇنى قەستەنگە تېرىكتۇرۇپ.

— گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرما، شاراپەت، — دېدى ئىلدار ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، — كېتىدىغان ئىشىم بولسا ئاتا ـ ئانامنىڭ قارشى تۇرغىنىغا قارىماي بۇ يەرگە كەلمىگەن بولاتتىم، مەن بۇ يەرگە پەقەت سېنى دەپلا كەلگەن،

ئەمدى بۇ يەردىن قوغلىساڭمۇ كەتمەيمەن.
— شۇنداق بولغاندىكىن مېنىمۇ بەك ئالدىراتما، چوڭ ئاكام توي قىلماي تۇرۇپ توي قىلىشنى ئويلاشمايمەن.
— چوڭ ئاكاڭنىڭ يۇرگىنى باردەكمۇ؟
— بار ئوخشايدۇ، لېكىن قاچان توي قىلىدىغىنى ئېنىق ئەمەس.
— يۇرگىنى بولسىلا بولدى، ئاكاڭ ئالدىرىمىغان بىلەنمۇ لايىقى چوقۇم ئالدىرىتىدۇ.
— بۇ گەپلەرنى ھازىرچە دېيىشمەي تۇرايلى ئىلدار، — دېدى شاراپەت ئوچۇق ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا كۆزىنى تىكىپ، — ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدۇ، ۋاقتى - سائىتى كەلمىسە ھەرقانچە ئالدىرىغىنىمىز بىلەنمۇ بىكار، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە «ياق» دەپمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز.
— ساڭا «شەھەرلىككە مۇساپىرمەن» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ شاراپەت؟
— بولدى قىلە! سەن ناخشا ئېيتساڭ قۇلاقىا ئېشەك ھاڭرىغاندەك ئاڭلىنىدۇ.
— بۇ شەھەرلىكدە ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، توخۇنىڭ چىللىغىنىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ.
— بەك ئاڭلىغۇڭ كەلسە يۇرتۇڭغا بارغاندا ئاڭلىۋال!
— بىزنىڭ يۇرتىنىڭ ئېشەكلىرى ھاڭرايدىغان بولسا قۇلىقىڭنى پاڭ قىلىۋېتىدۇ.
— بەلكىم سىلەرنىڭ يۇرتىنىڭ ئېشەكلىرى باشقىچە ھاڭرايدىغاندۇ؟
شاراپەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان ئىلدار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئوقچۇپ چىققان بۇ كۈلكىسى ئەسىر باغچىسىنىڭ ئوچۇق ئاسمىنىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، ئاھۇ

كىيىكنىڭ كۆزلىرىدەك بىھېساب يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمان بوشلۇقىغا سىڭىپ كەتتى.

— قالتىس ئۇرۇۋالدىڭ ـ ھە؟ — دېدى ئىلدار كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران دېگەندە توختىتىپ.

— پاسنى ئۆزۈڭ چىقاردىڭ ئەمەسمۇ.

— راست دەيسەن، ئۇرىدىغىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپ پاس چىقارغاندىكىن مەنمۇ بىر ئەخمەق ـ دە!

— ئەخمەق بولمىساڭ بۇ يەرگە كېلەمتىڭ؟ — دېدى شاراپەت كۈلمەي تۇرۇپ.

— ئەمما، ئۆكۈنمەيمەن، — دېدى ئىلدار كۆكرىكىنى سەل كۆتۈرۈپ.

ئەمدىلا يىگىرمە بىر ياشتىن ئاشقان بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرىگە ئەنە ئەشۇنداق ئېغىر چاقچاقلارنى قىلىشىپ ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قېلىشتى. پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى ئۇلارنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىگە تويۇنغان يۇمۇرىستىك چاقچاقلىرى، ئالتۇن قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق كۈلكىلىرىگە مەپتۇن بولۇپ قالغاندى. ئاي يورۇقىدا كۈمۈش تىللادەك يالتىراپ تۇرغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىر ـ بىرىگە پىچىرلىشىپ ئۇلار ئۈچۈن لىرىك شېئىرىي رىتىم پەيدا قىلسا، ئۇلارنىڭ كەينىدىكى كىچىككىنە تاش ئېرىقتا ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلار تاشتىن ـ تاشقا سەكرىشىپ ساما سېلىشاتتى، قەيەرگىدۇ مۆكۈۋېلىشقان چېكەتكىلەر تىنىمسىز چىرىلدىشىپ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ ياماشقان قۇشقاچلارنى بۇ گۈزەللىكتىن تەڭ بەھرىمان بولۇشقا چاقىراتتى.

— ئەمدى ماڭايلى، — دېدى شاراپەت يانفونىنىڭ سائىتىگە قاراپ، — گەپ بىلەن ئولتۇرۇپ سائەتنىڭ ئوندىن ئېشىپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتۇق، ئۆيگە كەچ قالسام دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ.

— توي قىلىۋالغان بولساقمۇ مۇشۇنداق ئەنسىرەشلەردىن خالىي بولالىتتۇق.

— يەنە ئىغىزىڭ ئىچىلدى سىنىڭ، تۇرە كالچىيىپ ئۆلتۈرماي !

— قولۇمنى تارتىپ قويساڭ تۇرىمەن.

— يەنە تۇرمىساڭ بۇنىڭدىن كېيىن چىقمايمەن جۇمۇ؟ !

— ئۇ چاغدا ئىشخاناڭغا ئۇسۇپلا كىرىمەن.

— قارا بۇ بىشەمنى، قاچاندىن بېرى يۈرىكىڭ شۇنچە يوغىناپ كەتتى؟

— سەن بىلەن يۈرگەندىن بۇيان.

— بالدۇرراق ماڭىدىغان ئىش بولسىلا قولۇڭنى تارتسامۇ تارتاي، بىراق كەينىڭگە تارتىشىپ تۇرۇۋالما ـ ھە؟

— تارتە !

شاراپەت ئىلدارنىڭ قولىدىن كۆچەپ تارتقىنىچە ئۇنى ئۆلتۈرغان يېرىدىن تۇرغۇزدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى بۇلۇتسىز ئاسماندەك ئوچۇق ھەم غۇبارسىز بولۇپ، يۈرەكلىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يىلىنجاپ تۇرغان سەممىمىي، پاك مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى ئاللىقاچان يالقۇنغا ئايلانغانىدى. ئىككىسى بىر ـ بىرىنى قولتۇقلاشقىنىچە مەكتەپتە بولۇپ ئۆتكەن قىزىقارلىق ئىشلار، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى ھەققىدە پاراڭلاشقاچ ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۆستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ دوستلۇق يولىغا چىقتى ـ دە، تاكسىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كېتىشتى .

ئىشتىن چۈشىدىغانغا ئاز قالغان چاغ ئىدى. قولىدىكى ئىشلىرىنى ئەمدىلا تۈگىتىپ بىكار بولغان شاراپەت رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆزىنى سوتقا چاقىرتقانلىق توغرىسىدىكى چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋېلىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەينىگە ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. باياتىن

بىرى تولىمۇ خۇشال كەيپىياتتا خىزمەتداشلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغان خۇش پېئىل بۇ قىزنىڭ چىرايىنىڭ بىردەمدىلا تاتىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەن خىزمەتداشلىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قېلىشتى.

— سىزگە نېمە بولدى، شاراپەت؟ — دېدى يېشى ئوتتۇزلارنىڭ قارىسىنى ئالغان غۇنچە بوي، ئاقپىشماق، ئىككى تال ئۆرۈۋالغان چېچى بېلىگە چۇشۇپ تۇرىدىغان ۋاڭ فامىلىلىك خەنزۇ ئايال دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — چىرايىڭىز ساغىرىپ كېتىپتۇ، مىجەزىڭىز بولمىسا دوختۇرغا ئاپىرايلىمۇ؟

— ياق، بىردەم ئولتۇرۇۋالسام ياخشى بولۇپ قالىمەن، — دېدى شاراپەت ئۆزىنى يىغىدىن ئاران دېگەندە بېسىپ.

— بىر ئىستاكان قايناق سۇ ئىچىۋېلىڭ، شاراپەت، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن بىر كۇندە خىزمەتكە قاتناشقان يەنە بىر خەنزۇ قىزچاق.

شاراپەت ئۇنىڭ قولىدىكى قايناق سۇنى «رەھمەت» دەپ ئالدى ـ دە، ئىچمەكچى بولۇپ ئىغىزىغا يېقىن ئەكىلىپ توختاپ قالدى. گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان شاراپەت قايناق سۇدىن ئازراق ئىچىپ كەيپىياتىنى تەڭشىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن گېلىدىن قايناق سۇ تۇگۇل تۇكۇرۇكمۇ ئۆتمىدىغاندەك قىلمايتتى.

— سىزنى تاكسىغا سېلىپ قويايلى، ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئارام ئېلىڭ، — دېدى ياشقا چوڭراق ئايال ئۇنىڭ تېخىچە لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ.

«ماقۇل» دېگەن گەپنى ئارانلا ئىغىزىدىن چىقىرالىغان شاراپەت خىزمەتداشلىرىنىڭ يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ تاكسىغا سېلىپ قويۇشى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۆيىگە كەلگۇچە يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران دېگەندە كونترول قىلىپ ئولتۇرغان شاراپەت ئىشىكتىن كىرىپلا خۇددى قەرەلى توشقان بومبىدەك «پاڭڭىدە» پارتلاپ يىغلاپ كەتتى. كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقان ھاۋاگۇل قىزىنىڭ يىغا

ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاشخانىدىن يۈگۈرگەندەك چىقتى ـ دە، ئۆزىنى سافاغا تاشلىغىنىچە دۈم يېتىپ يىغلاتقان شاراپەتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سىزگە نېمە بولدى قىزىم؟ — دېدى هاۋاگۈل شاراپەتنىڭ يېنىغا كېلىپ يەردە تىزلانغىنىچە ئولتۇرۇپ، — كىم بىرنېمە دېدى سىزگە، ئالتۇن قىزىم؟

شاراپەت بېشىنى كۆتۈرۈپ چىرايىدا قان دىدارى يوق تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئاپىسىنىڭ قوينىغا «ئاپا !» دېگىنىچە ئۆزىنى تاشلىدى. شاراپەتنىڭ يىغىسى ئىچ ـ ئىچىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان بولۇپ، كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى هەش ـ پەش دېگۈچە هاۋاگۈلنىڭ دولىسىنى چىلىققىدە هۆل قىلىۋەتتى.

شاراپەت ئاپىسىنى بىر هازاغىچە مەهكەم قۇچاقلاپ قانغۇدەك يىغلىۋالغاندىن كېيىن، ئىچى بىر ئاز بوشاپ قالغاندەك بولدى ـ دە، يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئاپىسىغا تىككىنىچە يانچۇقىدىن سوتنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى چىقىرىپ ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. قەغەزگە تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان هاۋاگۈلنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ، ئېڭەك مۇسكۇللىرى لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

— ۋۇي، نومۇسنى بىلمەيدىغان پاسكىنا ! — دېدى هاۋاگۈل چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — نومۇس قىلماي سىلەردىن بېقىش هەققى تەلەپ قىلىپ سوتقا ئەرز قىلىپتۇما ئۇ قېرى بۇزۇق؟ ! سىلەرگە سىڭدۈرگەن قايسى ئەجرى ئۈچۈن هەق تەلەپ قىلىدىكەن؟

— بۇنى كۆرۈپ بىرسى ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەكلا بولۇپ كەتتىم، جېنىم ئاپا، — دېدى شاراپەت ئېسەدەپ، — ئۇنىڭ بىزنى تۇغۇپ قويغاندىن باشقا نېمە ئەجرى بار؟ بىزگە بىرەر قېتىم ئاتىلىق مېهرىنى بېرىپ باقتىمۇ؟ باشقىنىمۇ دېمەي تۇرايلى، هېلىقى يىلى ئۇ تويۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىپ قايتىپ

كەلگەندە دادام ئىككىمىزلارنىڭ زورى بىلەن ئۇنى ئىزدەپ بارساق ئوچۇق چىراي ئىچىپ بىر پىيالە سوغۇق سۇ قۇيۇپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك سەمىرىپ كەتكەن ھېلىقى مەينەت چىراي بىرنېمىسىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئۆزىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىمىزنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا تىلى بارمىغانىدى، ھەتتا بىزنى پارقىرىتىپ قارىتىپ قويۇپ ئۇنىڭغا «ئۆلۈپ كەتكەن يولدىشىمنىڭ سىڭلىسىنىڭ بالىلىرى يوقلاپ كەپتۇ» دەپ چۈشەندۈرگەندە يۈرىكىمىزگە بىرسى پىچاق سانجىغاندەك بىئارام بولۇپ كەتكەندۇق. ئاكا ـ سىڭىل ئۈچىمىز ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتۇق. بۇلارنى سىزگە دېمىسەممۇ ھەممىدىن خەۋىرىڭىز بار، جېنىم ئاپا! ئەمدى نومۇس قىلماي «بالىلىرىم مېنى باقمىدى، ئۆلۈك ـ تىرىكىم بىلەن كارى بولمىدى، ئۈچ بالام ماڭا ھەر ئايدا بېقىش ھەققى بەرسۇن» دەپ سوتقا ئەرز قىلىپتۇ، دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ نومۇسسىز ئادەم بولامدۇ؟

— توۋا خۇدايىم! ئادەم ھايات بولسىلا كۆرمىگەننى كۆرۈپ ئاڭلىمىغاننى ئاڭلايدىكەن دېسە، — دېدى ھاۋاگۈل ياقىسىنى تۇتۇپ، — مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز مائاشىمىزنى ئايدىن ئايغا يەتكۈزەلمەي شۇنچە قىينالغان بولساقمۇ ئۇنىڭدىن «بالىلارنى بىز بېقىۋاتقاندىكىن، بالىلار ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچە ھۆكۈمەتتىن بالىلارغا بېرىدىغان بېقىش ھەققىنى بەرگىن» دەپ باقمىدۇق، شۇنچە يىلدىن بۇيان شۇ پۇللارنى ئۆزى يالغۇز خەجلىگەن تۇرۇقلۇق يەنە نومۇس قىلماي بالىلاردىن بېقىش ھەققى تەلەپ قىلغىنىنى كۆرمەمدىغان داپ يۈزنىڭ!

— نېمە، ئەسلىدە ھۆكۈمەتتىن بىزگە بېقىلىش خىراجىتى بېرەمتى؟ — دېدى شاراپەت ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، بالام، — دېدى ھاۋاگۈل ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ.

— بۇنىڭدىن مېنىڭ زادىلا خەۋىرىم يوق ئىكەنغۇ؟
— سىزنىڭلا ئەمەس، ئاكىلىرىڭىزنىڭمۇ خەۋىرى يوق، بالام، بىز بۇ گەپلەرنى سىلەرگە دەپ باقمىغان، دادىڭىزمۇ «بالىلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ئۇ گەپنى ئېغىزىڭغا ئېلىپ قالما، ناۋادا بالىلار ئاڭلاپ قالسا دادام بىلەن ئاپام بىزنى باقالماي ئاپامدىن بېقىش ھەققى تەلەپ قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، بىز بۇلارغا ئېغىر كېلىپ قالغان ئوخشايمىز دەپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئېغىز ئاچقىلى قويمىدى، شۇڭا مەنمۇ بۇ ئىشلارنى ئىزچىل سىلەردىن يوشۇرۇپ كەلدىم.
دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ شۇقەدەر چىداملىق، مېھرىبانلىقىغا قاراپ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەن شاراپەت ئاپىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ قايتىدىن يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقىنى ھەسرەت، غەزەپ ۋە نەپرەت يېشى بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىگە ئۇن نەچچە يىل ئەجىر سىڭدۇرگەن، بارلىقىنى ئۇلارنىڭ بەختى، گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن سەرپ قىلغان بۇ بىر جۈپ غەمگۇزارى ئۈچۈن ئېقىۋاتقان مىننەتدارلىق يېشى ئىدى.
ئانا ـ بالا ئىككىسى بىر ـ بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاشقىنىچە يىغلاپ ئولتۇرغىنىدا، ئۆيگە ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەن بەختىيار كىرىپ كەلدى.
— ئانا ـ بالا ئىككىڭلارغا نېمە بولدى؟ — سورىدى بەختىيار ئۇلارنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ جىددىيلەشكەن ھالدا، — سىلەرگە بىر ئىش بولمىغاندۇ ـ ھە؟
— ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان بىر ئىش ئىككىمىزنى بىرئاز بىئارام قىلىپ قويدى، — دېدى ھاۋاگۇل سوتنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ.
— نېمە ئىكەن بۇ؟
— ئۆزىڭىز كۆرۈپ باقسىڭىز بىلىسىز.
بەختىيار ھاۋاگۇل تەڭلىگەن قەغەزنى قولىغا ئالدى ـ دە،

سافاغا ئولتۇرغاچ ئۇنىڭغا تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتتى. چاقىرىقنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنى شىرە ئۈستىگە گەپ قىلمايلا تاشلاپ قويغان بەختىيار نېمە دېيىشىنى، قانداق ئىپادە بىلدۈرۈشىنى بىلەلمەي تاماكىسىنى شورىغىنىچە كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغىنىچە بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ داۋاملىق كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان يۈزلىرى باشقىچە تۇرۇلگەن ھالەتكە كىرگەن بولۇپ، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتى بىلىنەرلىك تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇ سىلەردىن بېقىش ھەققى تەلەپ قىلغان بولسا بېرىڭلار بالىلىرىم، — دېدى ئاخىرى قالغان تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن شىرە ئۈستىدىكى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرگەن بەختىيار، يېنىدا ئۆرە تۇرغان ھاۋاگۇل بىلەن شاراپەتكە بېشىنى كۆتۈرۈپ لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — مەيلى ئۇ سىلەرگە ئەجىر قىلغان - قىلمىغان بولسۇن يەنىلا سىلەرنىڭ ئاپاڭلار، ئۇنىڭ سىلەرنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقىنىنىڭ ئۆزىلا سىلەرنىڭ بەختىڭلار. ناۋادا ئۇ بولمىغان بولسا سىلەرمۇ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولمىغان، ئاللانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان تۇرلۇك - تۈمەن شاپائىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغان بولاتتىڭلار. بىزدە «ئانىنى يۈدۈپ يەتتە قېتىم مەككىگە ئېلىپ بارساڭمۇ ئۇنىڭ بىر كېچىلىك تاتلىق ئۇيقۇسىنىڭ مەردىن كېچىپ بەرگەن بىر قېتىملىق سۈت ھەققىنى ياندۇرۇپ بولالمايسەن» دەيدىغان گەپ بار، شۇڭا مەنمۇ سىلەرنىڭ ئۇنى بېقىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار دەپ قارايمەن.

— بۇ سىزنىڭ نېمە دېگىنىڭىز، دادا؟ — دېدى شاراپەت سەل نارازى بولۇپ، — گەرچە ئۇ بىزنى تۇغقان بولسىمۇ، لېكىن بىزنى سىلەر بېقىپ چوڭ قىلدىڭلار، مەكتەپتە ئوقۇتۇپ خىزمەتلىك قىلدىڭلار، ئۇ بىزنى تۇغۇپ قويغىنى بىلەن ئانىلىق مېھرىنى بېرىپ باغرىغا بېسىپ باقتىمۇ؟ مۇشۇ ئون نەچچە

يىلدىن بېرى «بالىلىرىم سىلەر قەيەردە؟» دەپ سوراپ باقتىمۇ؟ ئانا بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان يەردە بىزنىڭ يەنە پەرزەنتلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتۇشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

— بار، — دېدى بەختىيار كەسكىن تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭ سىلەرنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورسىقىدا كۆتۈرگەنلىكى، ئاچچىق تولغاق يەپ مۇشۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغانلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ سىلەرنىڭ بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار! بەلكىم ئۇ تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالمىغان بولسا سىلەردىن بېقىش ھەققى تەلەپ قىلمىغان بولاتتى، تەلەپ قىلمىغان بولسىغۇ مەيلى ئىدى، تەلەپ قىلغانىكەن جەزمەن بېرىشىڭلار كېرەك!

بەختىيارنىڭ سۆزلىرى شۇ قەدەر كەسكىن ھەم ئۇرغۇلۇق بولۇپ، ئۇشۇقچە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھاۋاگۈل بىلەن شاراپەت جىملا بولۇپ قالدى.

— بۇ ئىشتىن ئاكىڭىز خەۋەر تاپتىمۇ قىزىم؟

— ياق، دادا، ئىشلەۋاتقان ئادەمنى پاراكەندە قىلغۇم كەلمىدى.

— سوتنى قاچان ئاچىدىكەن؟

— كېلەر سەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن.

— ئاكىڭىز دۈشەنبە ئىشتىن چۈشىدۇ، دېمەك، ئۇمۇ ئۈلگۈرگىدەك، ھازىرچە ئۇنىڭغا دېمەي تۇرۇڭ. كەلگەندە بىراقلا ئۇقسۇن، قىزىم.

— «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك، ياندۇرۇپىلا ئۇنىڭ ئۇستىدىن بىزمۇ ئەرز قىلايلىمىكىن تازا، — دېدى شاراپەت دادىسىنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولمىغاندەك تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ.

— يوقىلاڭ گەپ قىلماڭ! — دېدى بەختىيار قاپىقىنى تۈرۈپ، — شۇنى ھەرگىز ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلاركى،

ئۇ مەڭگۇ سىلەرنىڭ ئاناڭلار، سىلەرمۇ مەڭگۇ ئۇلارنىڭ بالىسى، بۇ دېگەن ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان، تېنىۋالمەن دەپمۇ تېنىۋالغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت.

دادىسىنىڭ ئۆزىگە تۇنجى قېتىم مۇنداق قاتتىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلغىنىنى كۆرگەن شاراپەت ئۇنىڭ راستلا رەنجىگەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ جىممىدە تۇرۇۋالدى ...

يېپىق شەكىلدە ئېچىلغان سوت چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە رەسمىي باشلاندى، ئالدى بىلەن توختىگۇلنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىسى سوت مەيدانىدا دەۋاگەرنىڭ دەۋا تەلىپىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. سوتقا تۇرغانجان ۋە شاراپەتتىن باشقا توختىگۇل ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىسى قاتناشقان بولۇپ، بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇل سوتقا قاتناشمىدى، غۇلامجان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا ئۇلار بۇ ئىشلاردىن ئۇنى خەۋەردار قىلىشنى لايىق كۆرمىدى.

دەۋاگەرنىڭ دەۋا تەلىپى ئاڭلاپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن باش سوتچى جاۋابكار تۇرغانجان بىلەن شاراپەتكە قاراپ، ئۇلارنىڭ دەۋاگەرنىڭ دەۋا پىكرىگە قارشى پىكرى بولسا بايان قىلىشنى بۇيرۇدى. تۇرغانجان بىلەن شاراپەت بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالغاندىن كېيىن، تۇرغانجان ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— بۇ يەردە بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئاقلاپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلايمەن، — دېدى تۇرغانجان خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇيان ـ بۇيان قاراپ بەخىرامان ئولتۇرغان توختىگۇلگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، — سوتچى رۇخسەت قىلسا مېنىڭ دەۋاگەردىن، يەنى ئاپامدىن بىرقانچە سوئال سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئۇ بىزگە سەممىي جاۋاب بەرسە !

— سورىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى باش سوتچى كەسكىنلىك بىلەن.

— يۇقىرىدا دەۋاگەرنىڭ باياندا دېيىلگىنىدەك بىز ئاكا ـ سىڭىل ئۈچ بالا دادىمىزدىن كىچىكلا يېتىم قالدۇق، ئاپامنىڭ خىزمىتى بولمىغاچقا تۇرمۇشىمىز ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتتۇشكە باشلىدى. كېيىنچە دادامنىڭ ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەر بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىزنى نەزەردە تۇتۇپ ئاپامغا بىر كىشىلىك خىزمەت بەردى. گەرچە ئۇ چاغدا ئاپامنىڭ مائاشى تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشىمىز ھەرھالدا ئاز ـ تولا كاپالەتكە ئىگە بولدى، دادامنىڭ ئىدارىسىدىكىلەرمۇ ئائىلىمىزنى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ ھېيت ـ بايراملاردا پۇل، ماي، گۈرۈچ دېگەندەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ چاغلاردا كۆنىمىز غورىگىل ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىمىز ھەرھالدا خاتىرجەم، قېرىنداشلار ئىناق ـ ئىجىل ئۆتەتتۇق. ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتكەندە ئاپام خىزمىتىنى تاشلىۋېتىپ ھە دېسىلا تالادىن كىرمەيدىغان، بىر چىقىپ كەتسە بىرنەچچە كۈن يوقاپ كېتىدىغان، بىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىمىز بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. سىڭلىم شاراپەتنى چوڭ ئاپام «ماڭا ھەمراھ بولسۇن» دەپ ئېلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئىنىم غۇلامجان ئىككىمىز يالغۇز ئۆيدە گاھىدا توق، گاھىدا ئاچ قېلىپ بەكمۇ قىينالدۇق. ئەمدى مەن ئاپامدىن سوراپ باقسام، ئاپام ئەينى چاغدا نېمە ئۈچۈن بىر ئوبدان خىزمىتىنى تاشلىۋېتىدۇ؟

تۇرغانجاننىڭ مۇنداق سوئالنى سورايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان توختىگۈل ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئوغلىغا قاراپ غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويدى ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلماي تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ئوغلىڭىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىڭ! — دېدى باش سوتچى توختىگۈلگە كەسكىن تەلەپپۇزدا.

— بىر ئاي ئات ـ ئېشەكتەك ئىشلىسەم بېرىدىغان ئاشۇ بىر يۈز ئەللىك سوم مائاش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگىلى، ئۈچ

بالىنى بىقىپ بولغىلى بولاتتىمۇ؟

— باش سوتچى، مېنىڭ يەنە بىر سوئالىم بار ئىدى.

— قېنى سوراڭ !

— مەن توققۇز ياشقا، سىڭلىم شاراپەت بەش ياشقا كىرگەندە ئاپام مۇختەرجان دېگەن ھېلىقى سودىگەر ئېرى بىلەن بىر كېچىدىلا يوقاپ كەتتى، بىز ئۇنى شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدۇق، ئاردىن بەش يىل ئۆتكەندە ئۇ يەنە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ بىزگە مۇشۇ بەش يىل جەريانىدا قەيەرلەردە يۈرگىنىنى ئېيتىپ بېرەلەمدىكىن؟ !

بۇ ئىشلاردىن توختىگۈلنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىسىنىڭمۇ خەۋىرى يوق بولۇپ، ئۇ «بۇ نېمە گەپ؟» دېگەن مەنىدە توختىگۈلگە لەپپىدە قاراپ قويدى. تۇرغانجاننىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قالغان توختىگۈلنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۇششۇك تەگكەن ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. چۈنكى، بۇ سوئال ئۇنىڭ ئەمدىلا ساقىيىشقا باشلىغان يارىسىنى تاتىلاپ قويغانىدى. بىر ھازاغىچە ئېغىزى گەپكە كەلمەي قالغان توختىگۈلنىڭ مىدىرلىغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغان بولۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. تۇرغانجان ئۆزىنىڭ سوراشقا تېگىشلىك بولمىغان سوئالنى سوراپ قويغانلىقىغا بىر ئاز پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بىلىپ باققۇسى بار ئىدى.

— بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنى خالىمايمەن، چۈنكى بۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشىم، — دېدى توختىگۈل كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان يېشىنى قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ.

سوتنى بۇ خىل شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ دەۋاگەرگە زەربە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى دەرھاللا ھېس قىلغان باش سوتچى سوت قىلىشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، دېلونى مۇرەسسە شەكلى بىلەن ھەل قىلىشنى لايىق كۆردى.

— بۇ سوئالغا دەۋاگەر جاۋاب بەرمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى باش سوتچى كەسكىن تەلەپپۇزدا، — مېنىڭچە بۇ ئانا بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق تەلەپ دېلوسى بولغانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق سوت قىلىشنى توختىتىپ مەسلىنى مۇرەسسە شەكلى بىلەن ھەل قىلساق، بۇنىڭغا تەرەپلەر قانداق قارايدىكىن؟

سوت قىلىش داۋاملاشتۇرۇلسا چاۋىسىنىڭ چىتقا يېيىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان توختىگۈلگە باش سوتچىنىڭ سۆزى ياغدەك ياقتى، ئۇ ئۆزىنىڭ سوتچىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقى، ناۋادا باللار ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بېقىش راسخوتى بەرسىلا ھېچقانداق قارشى پىكىردە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋاكالەتچىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئاپىسىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا زىيادە خىجالەت قىلىشنى خالىمىغان تۇرغانجان بىلەن شاراپەتمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇرەسسەنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇشتى.

بىر سائەتكە يېقىن مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق تەرەپلەرنىڭ كېلىشىشى ۋە رازىلىقى بىلەن باش سوتچى شاراپەتنىڭ خىزمىتىنىڭ تۇراقلىق ئەمەسلىكى، ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ ئاران يەتتە يۈز سوم ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئايدا ئاپىسىغا يۈز سوم بېقىش ھەققى بېرىدىغانلىقى، تۇرغانجاننىڭ ئىش ھەققى شاراپەتنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى ھەم باللارنىڭ چوڭى بولغاچقا ھەر ئايدا ئۈچ يۈز سوم بېرىدىغانلىقى، غۇلامجان بولسا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا ھېچقانداق بېقىش ھەققىنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقى، تەرەپلەر كېلىشىمگە ئىمزا قويغان كۈندىن باشلاپ كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى، كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولغان كۈننىڭ ئىككىنچى ئېيىدىن باشلاپ تۇرغانجان بىلەن شاراپەتنىڭ ھەر ئايدا توختىگۈلنىڭ بانكا كارتىسىغا كېلىشىمدە دېيىلگەن پۇلنى ۋاقتىدا سېلىپ بېرىشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقاردى.

ھەربىر بالىسىدىن ھەر ئايدا ئاز دېگەندىمۇ ئىككى يۈز

سومدىن جەمئىي ئالتە يۈز سوم پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن توختىگۈل كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ قېتىملىق دەۋادا غەلىبە قىلغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ بايىقى تەشۋىشلىك سۆرۈن چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، خۇددى ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپلا كەتكەنىدى.

— ئۆزۈڭلارنى بالدۇرراق جورىغان بولساڭلار بۇ يەرگە كېلىپ سەتلىشىپمۇ يۈرمەس ئىدۇق، — دېدى سوت مەھكىمىسىدىن چىققان توختىگۈل تەپ تارتمايلا، — بىرسىنىڭ خوتۇن ئالغۇدەك، يەنە بىرسىنىڭ ئەرگە تەگكۇدەك بولۇپ قالغاندىمۇ ئەقلىڭلار يوق ئىكەن سىلەرنىڭ.

— سېنىڭ قانچىلىك ئەقلىڭ بار ئىدى، — دېدى تۇرغانجان زەردە بىلەن، — يېشىڭ قىرىقتىن ئاشقاندىمۇ يۈرگەن يۈرۈشۈڭ شۇ. كونىلاردا «مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام» دەيدىغان گەپ بار، ئەقىلسىز خوتۇن تۇغقان بالىلارنىڭ ئەقلى قانچىلىك بولماقچىدى؟!

ئەزەلدىنلا چوڭلارنى كۆرسە «سىز» دەپ گەپ قىلىدىغان تۇرغانجان هە دېگەندىلا ئۇنى سەنلەپ گەپ قىلغىلى تۇردى.

— ئەسلىدە باش سوتچىنىڭ مۇرسەسىگە كۆنمەي سوتنى داۋاملاشتۇرۇشنى، سوت داۋامىدا سېنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بىرمۇبىر سۆزلەپ چاۋاڭنى چىتقا يېيىۋېتىشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن يەنىلا ئاپام بولۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن يۈزۈڭنى قىلدىم. ۋىجدانىڭ بولسا ئېيتىپ باقە! ئون نەچچە يىلدىن بۇيان «باللىرىم قانداق كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟» دېگەننى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ قىسقىسى، سېنى ئۆز قىزىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرگەن مومام رەھمەتلىكنىڭ ئۆلۈمىگە كېلىپ باقتىڭمۇ؟ ئۆز ئوغلىدىن ئايرىلىپ يۈرىكى لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەن ئاشۇ موماي جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىسمىڭنى چاقىرىپ ساڭا تارتىشقاندا نەدە

ئىدىڭ؟

ئاكىسىنىڭ ئاچچىقىغا پايلىماي ئەسكى بولسىمۇ ئۆزلىرىنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورسىقىدا كۆتۈرۈپ ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغقان، كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ھالال سۈت بەرگەن ئاپىسىغا قاتتىق ـ يىرىك تېگىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن شاراپەت «بولدى قىل ئاكا» دەپ، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ قويغان بولسىمۇ، تۇرغانجان ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بەلكىم شۇ چاغدا سەن ھېلىقى مۇختەرجان دېگەن نومۇسسىز ئەبلەخ بىلەن شەھەرمۇشەھەر ئايلىنىپ تاماشا قىلىۋاتقان، قاۋاقخانىمۇقاۋاقخانا يۈرۈپ ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان بولغىيدىڭ؟ كىچىك ۋاقتىمىزدىغۇ ھېچنېمىنى بىلمەي يۈرۈپتىكەنمىز، ھازىرچۇ؟ ھازىر ھەممىمىز چوڭ بولدۇق، ئاق بىلەن قارىنى، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولدۇق. كوچىلاردا، كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا سەن توغرۇلۇق بولۇۋاتقان ھاقارەتلىك، لەنەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىغان چېغىمىزدا بىزنىڭ قانداق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟ ھېلىمۇ ياخشى، ئالىقانچىلىك بۇ شەھەردە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىزنىڭ سېنىڭ بالاڭ ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيدۇ، ھەممىلا كىشى بىزنى بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈلنىڭ بالىلىرى دەپ ئويلايدۇ. ناۋادا ئاشۇ بىچارە ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى باغرىغا بېسىپ بېشىمىزنى سىلىماي سېنىڭ قولۇڭدا قالغان بولساق نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ئىدۇق؟ ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ بۇ كەمگىچە جەمئىيەت ئەخلەتلىرىگە ئايلىنىپ كېتەتتۇق. ھازىر بىزنىڭ پەقەت بىرلا دادىمىز بىلەن بىرلا ئاپىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل! گەپنىڭ راستىنى دېگەندە سېنى «ئاپا» دېيىشكىمۇ تىلىم بارمايدۇ، مەن سېنى ئاللىقاچان كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن، بۇ دۇنيالىقتا سېنىڭدەك ئانام يوق! ئۇ دۇنياغا بارغاندىمۇ ھەرگىز ئېتىراپ

قىلمايمەن !

باغرىنى يېرىپ چىققان ئوغلىنىڭ ئۆزىنى بۇ قەدەر ھاقارەتلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان توختىگۈلنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغانىدەك بولۇپ تۇرغان يېرىدىلا كەينىگە ئۈچۈپ چۈشكىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئۆزىنى ئاران دېگەندە كونترول قىلىۋالغان توختىگۈل يول بويىدىكى يوغان بىر تۇپ قارىياغاچنى چاقاقانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى ـ دە، ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى، ھەش ـ پەش دېگۈچە چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن توختىگۈلنىڭ يۈرىكى گېلىغا تىقىلىپ قالغاندەك نەپەس ئالالماي قېلىۋاتاتتى.

دەيدىغاننى دەپ ئېچىنى بوشىتىۋالغان تۇرغانجان سىڭلىسى شاراپەتنىڭ «ئۇ بۇ يەردە ئۆلۈپ قالمىسۇن، بىر دەم قاراپ باقايلى ئاكا، بولالمايدىغاندەك يېرى بولۇپ قالسا دوختۇرغا ئاپىرايلى» دەپ يېلىنغىنىغا ئۇنىماي، ئۇنىڭ قولىدىن سۆرىگىنىچە ئېلىپ كەتتى ...

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۇرغانجانمۇ يىگىرمە ئالتە ياشتىن ئېشىپ قالدى. يىگىرمە ئالتە ياشتىن ئېشىپ قالغان چوپچوڭلا بىر ئوغۇل بالىنىڭ توي قىلىشتىن غەمسىز يۈرگىنىگە قاراپ ئىچى پۇشقان بەختىيار ھاۋاگۈلگە تۇرغانجاننى ۋاقتىدا ئۆيلىۋېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى.

— بىز ئالدىراتمىساق بۇ بالا ئالدىرايدىغاندەك قىلمايدۇ ئانىسى، — دېدى بەختىيار كەچلىك تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ھاۋاگۈلگە يۈزلىنىپ، — لايىقى بولسا ۋاقتىدا تويىنى قىلىۋەتمىسەك كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويامدىكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بالىلارنىڭ ياش پەرقى بەكلا يېقىن، كېيىنچە «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالسا ئالدىراپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— خېلىدىن بېرى مەنمۇ مۇشۇ خىيالدا يۈرۈۋاتاتتىم، — دېدى ھاۋاگۈل بويىنىنى سوزۇپ ئاشخانىدا قازان ـ قومۇچلارنى

يۈيمۋاتقان شارايەتكە قاراپ قويۇپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا شارايەتنىڭمۇ تاپقىنى باردەك قىلىدۇ، — شۇ تاپتا بۇ قىزمۇ يېگىرمە ئىككىدىن ئاشتى، قىز چوڭ بولغانچە «قاچان بىر ئىش چىقىرىپ قويىدىكىن» دەپ ئەندىشە ئىچىدە يۈرىدىغان گەپ ئىكەن.

— غۇلامجانغۇ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئوقۇشىنى تاماملاپ قاچانلاردا قايتىپ كېلىشى تېخى ئېنىق ئەمەس، رەناگۈلنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزىدىغىنىغىمۇ يەنە ساق ئۈچ يىل بار، مۇھىمى ئالدىمىزدىكى بۇ ئۈچى، ناۋادا بۇلار كەينى ـ كەينىدىن توي قىلىمىز دەپ قالىدىغان بولسا تۈگەشكىنىمىز شۇ.

— راست دەيسىز، ئوغۇل ئۆيلەشنىڭ چىقىمىنى ھازىرچە تىلغا ئالماي تۇرايلى، مۇشۇ ئاي ـ مۇشۇ كۈنلەردە بىر قىز بالىنى ياتلىق قىلىش ئۈچۈنمۇ ئاز دېگەندە نەچچە ئون مىڭ سوم بولمىسا بولمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، سىز دېگەندەك ھەممىسى بىراقلا قوپىدىغان بولسا قانداق قىلارمىزكىنتاڭ؟

— مېنىڭچە تۇرغانجان ئىشتىن چۈشكەندە ئۇنى دەرھال توي قىلىشقا قىستايلى، لايىقى بولمىسا ئۆزىمىز لايىق تېپىپ بەرسەكمۇ بولىدۇ.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز دادىسى، ھازىرقى بالىلار سىز تاپقانغا ئۇنامتى؟

— ئەمىسە ئۇنىڭغا سەن دېگىن، نەدىن بولمىسا بىرنى تاپسۇن، بۇ يىل چىقىپ كەتكۈچە تويىنى قىلىۋەتمىسەك بولمايدۇ، ئەگەر شارايەتنىڭ تەييار بولغان بولسا ئۇلاپلا ئۇنىڭكىنىمۇ قىلىۋېتەيلى !

چەكسىز كەتكەن قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە يېرىم ئاي جاپالىق ئىشلەپ ئاران دېگەندە قايتىپ كەلگەن تۇرغانجان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئىلاجىسىز يۈرگەن قىزى بىلەن توي قىلىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ بېقىشقا ماقۇل بولدى.

— يارايسەن ئوغلۇم! — دېدى ئەتىلا توي بولىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتەيلا دەپ قالغان بەختىيار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان تۇرغانجاننىڭ دولىسىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويۇپ، — ئوغۇل بالا دېگەن مانا مۇشۇنداق كەسكىن بولۇشى كېرەك، «ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ ئولتۇرساڭ، ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن.

— مەن يەنە ئىككى يىل ئىشلەپ يېتەرلىك پۇل يىغىۋالغاندىن كېيىن توي قىلايمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى تۇرغانجان بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — ئىككىڭلار بىز ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىڭلار، ئۆيىنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە «مېنى ئۆيلەپ قويۇڭلار» دېيىشكە قانداقمۇ تىلىم بارىدۇ؟

— ئاشۇ ئىنسابىڭغا رەھمەت بالام، — دېدى ھاۋاگۈل كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — بىرىڭلارنى بولسىمۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىۋالساق زىممىمىزدىكى يۈك بىر ئاز يېنىكلەپ قالىدۇ، بالام. سەن ئۆينىڭ چوڭى بولغاندىكىن بالدۇرراق ئۆيلەنمىسەڭ كېيىنكىلەرنىڭ يولىنى توسۇپ قويىسەن. ئوقۇۋاتقان ئىككىسىنى دېمىگەن تەقدىردىمۇ سەن بىلەن تەڭ چوڭ بولۇپ قالغان ئىنىڭ بىلەن سىڭلىڭنى ئويلىمىساڭ بولمايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا سىڭلىڭنىڭمۇ لايىقى بار ئوخشايدۇ، تاڭنا بەش كۈندە ئالدىرىتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا يەرگە قاراپ قالىمىز.

— ئەگەر شارائىت ئالدىرىسا توينى قىلىۋەرسۇن، — دېدى تۇرغانجان دادىسى بىلەن ئاپىسىغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — قىز بالا دېگەن ھامان تالانىڭ ئادىمى، مەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە توي قىلساممۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئاپاڭ سىڭلىڭ بىلەنمۇ پاراڭلاشتى، بالام، — دېدى بەختىيار قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ، —

شاراپەت «ئاكام مېنىڭدىن تۆت ياش چوڭ تۇرۇپ باشتا توي قىلمىسا مەن قانداق توي قىلالايمەن؟ ئاكام توي قىلماي تۇرۇپ مەن ھەرگىزمۇ توي قىلمايمەن» دەپ گەپنى چورتلا ئۈزۈۋېتىپتۇ، بىزنىڭچىمۇ سەن ئۆينىڭ چوڭى بولغاندىكىن باشتا توي قىلىشىڭ كېرەك !

— ئۈچ يىل ئىشلەپ ئارانلا ئەللىك مىڭ سوم يىغىپتىمەن، — دېدى تۇرغانجان ئېغىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، — بۇ ئەللىك مىڭ سوم بىلەن قانداقمۇ ئۆيلەنگىلى بولىدۇ، يەنە ئىككى يىل ئىشلىۋالسام ھېچبولمىغاندا يۈز مىڭ سوم پۇل يىغىۋالسام ئاندىن توي قىلارمەن دەيدىغان ئويۇم بار ئىدى، شۇنداق بولغاندا سىلەرگىمۇ بەك ئېغىرلىق چۈشۈپ كەتمەيتتى.

— ھازىر قولۇڭدا بار پۇل ھېساب، — دېدى بەختىيار كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن ئۇ ئەللىك مىڭ سوم پۇلىڭغا ئالىدىغان ئۆيۈڭنىڭ ئالدىن تۆلەيدىغان زاكالەت پۇلىنى تۆلىگىن، ئولتۇراق ئۆي جۇغلانما فوندىغا تاپشۇرۇۋاتقان پۇلۇڭمۇ يىغىلىپ قالغاندۇ، شۇلارنى چىقىرىپ ئۆيۈڭلارنى بىرەر قۇر بېزىۋالساڭلار بولىدۇ، توينىڭ باشقا چىقىمىنى ئاپاڭ ئىككىمىزگە قويۇپ بەرگىن.

دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ گېپىنى يىرىۋېتىشكە ئامال قىلالمىغان تۇرغانجان ئاخىرى ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، سېنتەبىرنىڭ كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان غەربىي شىمال شامىلى چاچلارنى يېنىك يەلپۈپ يول بويلىرىدا، باغچىلاردا، ئۆستەڭ ياقىسىدا بىر - بىرىدىن رەڭ تالىشىپ ئېچىلىپ تۇرغان رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى دىماقلارغا ئۇرۇپ تۇراتتى. كېچە ئاسمىنى مۇھەببەتلىك كۆڭۈللەردەك سۈزۈك ھەم بىغۇبار بولۇپ، ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت بولمىغان ئاسماندىكى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار خۇددى جەننەت تۈسىنى ئالغان بۇ كېچىككىنە شەھەرگە ئاشىقى بىقارار بولۇشقاندەك بەس - بەستە تىنىمسىز

جىمىرلىشاتتى.

— سىزگە بىر ئىشنى دېسەم بولامدۇ ئايگۈزەل؟ — دېدى تۇرغانجان مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ ئولتۇرغىنىچە شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتقان مەشۇقىغا پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ.

ئايگۈزەل يىگىرمە بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئاقپىشماق، قوڭۇر كۆز، قىڭراقتەك ئىنچىكە، ئېگىز كەلگەن بۇرنى سوزۇنچاقراق كەلگەن يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان قىز بولۇپ، بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئالىي مەكتەپنىڭ قانۇن كەسپىنى پۈتكۈزگەن ھەمدە شۇ يىلى دۆلەت مەمۇرلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ مەلۇم كوچا ئىش باشقارمىسىدا رېۋىزىيە خىزمىتىنى ئىشلەۋاتاتتى.

— دېيىشنى خالىسىڭىزلا قارشى تۇرمايمەن، — دېدى ئايگۈزەل ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— ئۆيدىكىلەر بۇ يىلدىن قالدۇرماي تويۇڭنى قىلىۋېتەيلى دەيدۇ.

ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالغان ئايگۈزەل بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، تۇرغانجاننىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈش ئىلكىدە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىنمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئەنسىز دۈپۈلدەپ قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. يۈزلىرى بىلىنەرلىك قىزارغان ئايگۈزەل كۆز چاناقلىرىدا دەقىقە ئىچىدە پەيدا بولغان ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۇرغانجاننىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي، ئىتتىكلا ئاسمانغا قارىۋالدى.

— چاقچاق قىلمايۋاتقانسىز؟

— مۇشۇنداق ئۇمۇرلۇك ئىشقىمۇ چاقچاق قىلارمەنمۇ ئايگۈزەل.

— بەك ئۇشتۇمتۇت بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟

— ماڭىمۇ شۇنداق تۇيۇلۇۋاتىدۇ، بىراق ئامال يوق، ئۆيدىكىلەر گېپىدىن يانىدىغاندەك قىلمايدۇ، دېمىسىمۇ ھازىر

بىر كىچىك بالا ئەمەس ـ دە.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە يۆلەنگىنىچە خېلى بىر ۋاقىتقىچە گەپ قىلىشماي ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ خىيال قۇشلىرى يىراق كەلگۈسىگە قاراپ پەرۋاز قىلىشۋاتقان بولۇپ، «توي قىلغاندىن كېيىن تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ بەختلىك ئۆتەلەرمىزمۇ؟» دەيدىغان ئەندىشە ئۇلارنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويغانىدى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، تۇرغانجان يېتىملىكىنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان بولغاچقىمۇ ـ ئىگىبىر جاپالاردا قۇرۇلغان تۇرمۇشىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىنى، پەرزەنتلىرىنى ئۆزىگە ئوخشاش يېتىملىك ئازگىلىغا تاشلاپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايتتى.

— هازىرلا بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلمەيدىغاندەك تۇرىمەن تۇرغانجان، — دېدى ئايگۈزەل ئارىدىكى بىردەملىك سۈكۈتنى بۇزۇپ، — مۇۋاپىق بىر پۇرسەتنى تېپىپ ئاپامغا ئېيتىپ پىكرىنى ئېلىپ باقاي.

— ناۋادا ئاپىڭىز قوشۇلمىسىچۇ؟

— دادام بىلەن ئاپام هازىرغىچە پىكرىمگە هۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتقان، مېنىڭچە بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلايمەن، سىزنىڭ نېمىشقا مۇنداق ئەندىشىدە بولىدىغانلىقىڭىزنى هېچ بىلىپ بولالمىدىم؟

— سىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ بىر تاللا قىزى بولغاچقا تولىمۇ باياشاتلىق ئىچىدە چوڭ بولغان، ئايگۈزەل، لېكىن بىزنىڭ ئائىلە سىلەرنىڭ ئائىلىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، بىزنىڭ ئائىلىدە بەش بالا بولغاچقا تۇرمۇش شارائىتىمىزنى بەك ناچار دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن سىلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بالىلارنىڭ چوڭى بولغاچقا بىزنىڭ ئۆيىگە كېلىن بولۇپ كىرىپ قالسىڭىز ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى مەن بىلەن تەڭ ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ بىر خىل بېسىم

ھېس قىلىپ قېلىۋاتىمەن.

— شۇنىڭغا قارىغاندا سىز ھازىرغىچە مېنى چۈشەنمەيدىكەنسىز - دە؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئايگۈزەل، مەن سىزنى چۈشىنىمەن، سىزنىڭ مېنى خۇددى مەن سىزنى ياخشى كۆرگەندەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنىمۇ ياخشى بىلىمەن، لېكىن مەسىلىنىڭ نېگىزى بۇ يەردە ئەمەس، سىز بىزنىڭ ئائىلىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيسىز، دادام بىلەن ئاپام دۇنيادىكى تېپىلماس ياخشى ئادەملەردىن، مەن ئۇلار ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلساممۇ ئۇلارنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ئاقلاپ بولالمايمەن.

— بولدى، تۇرغانجان! سىز ئائىلىڭىزنى ماڭا چۈشەندۈرمىسىڭىزمۇ ياخشى چۈشىنىمەن، ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئاكا - سىڭىل ئۈچىڭلارنى قانداق مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى، سىلەر ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن.

ئايگۈزەلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان تۇرغانجان ئىتتىكلا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئايگۈزەلنىڭ قاپقارا ئىنچىكە قاشلىرى، تال - تال كىرپىكلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ قوڭۇر رەڭ كۆزى شۇ قەدەر غەمسىز ئىدىكى، تەشۋىش ئىچىدە يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىغان تۇرغانجاننىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ كەتتى. يانفوننى ئوينىاپ ئولتۇرغان ئايگۈزەل ئۆزىگە مىختەك تىكىلگەن تۇرغانجاننىڭ كۆزىگە لەپپىدە قاراپ قويدى - دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يېقىندا بىزنىڭ ئۆيگە دادام بىلەن ئاپامنىڭ بىرقانچە دوستى كەلگەنىدى، پاراڭ - چىقىپ ئۇلار سىزنىڭ تۇغقان ئاپىڭىزنىڭ ئۇستىڭلاردىن سوتقا ئەرز قىلغانلىقى، سوتنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق سىز بىلەن سىڭلىڭىز شاراپەتنىڭ ھەر ئايدا ئۇنىڭغا بېقىش راسخوتى بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقىڭلار، ئاتا - ئانىڭىزنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئانىسى

تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن سىلەر ــــ ئۈچ يېتىم بالىنى بېقىش جەريانىدا تارتقان جاپالىرى توغرىسىدا گەپ قىلىپ قالدى، مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى باشتىن ــ ئاخىر تولۇق ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. راستىنى ئېيتقاندا، بۇلارنى ئاڭلاپ سىلەرگە ئوخشاش ياخشى پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۇرگەن دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىزغا ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئاشۇ چاغدا كۆزلىرىمدىن ياشنىڭ قانداقلارچە چىقىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئاخىرىدا دادام بىلەن ئاپامنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

ــــ بىلمەيمەن، ــــ دېدى تۇرغانجان ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

ــــ دادام بىلەن ئاپام «ناۋادا بىزنىڭ قىزىمىز ئەنە شۇنداق ئائىلىگە كېلىن بولۇپ قالغان بولسا ھەر ئىككى دۇنيالىقتا خاتىرجەم بولار ئىدۇق، چۈنكى مۇشۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولغان باللار بىر ــ بىرىگە كۆيۈمچان، ئاتا ــ ئانىلارغا ۋاپادار كېلىدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار خۇددى ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، يۈزلىرىم ئوت كەتكەندەك بولۇپ كەتتى ــ دە، ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇرۇپلا چىقىپ كەتتىم. تالاغا چىقىپ سىزگە تېلېفون قىلىپ پاراڭلاشقۇم، بولۇپ ئۆتكەن گەپ ــ سۆزلەرنى بىرمۇبىر دېگۈم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىكىن تېلېفون قىلىشقا زادىلا پېتىنالمىدىم.

ــــ ئەمىسە بۇ ئىشلارنى پۈتۈن شەھەردىكىلەر بىلىپ كېتىپتۇ ــ دە؟ ــــ دېدى تۇرغانجان ئەپسۇسلۇق ئىچىدە خورسىنىپ.

ــــ بىلسە نېمە بوپتۇ؟ ــــ دېدى قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ئايگۈزەل نارازى بولغان ھالدا، ــــ جاھاندا ئاتا ــ ئانىسى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن باللار ئازمۇ؟ باللاردا نېمە گۇناھ بولسۇن دەيسىز؟ گۇناھ ئاشۇ ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىيلىك ئەخلاقىنى، ۋىجدانىنى يوقاتقان ئاتا ــ ئانىلاردا! ھايۋان جىنىدا

بالىسىنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغدايدۇ، ئاسرايدۇ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۇلارنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ئاشۇ ھايۋانچىلىكمۇ بولالمايدۇ. تۇرغانجان، سىز بىلەمسىز؟ باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىنى تاشلىۋېتىدىغان، ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە سېتىۋېتىدىغان ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئىش بىز ئادەملەر توپىغىلا مەنسۇپ، شۇڭا ئادەملەرنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىك ھايۋان ھەم ئەڭ رەھىمسىز ھايۋان دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

ئايگۈزەلنىڭ سۆزلىرى شۇ قەدەر سالماق ھەم ئۇرغۇلۇق بولۇپ، تۇرغانجان ئۆزىنى بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ پىروفېسسورى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. ئايگۈزەلنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى، سەممىي مۇھەببىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى.

— سىزنىڭ بۇ قەدەر دانا ھەم چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغىنىڭىزنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى تۇرغانجان ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىپ، — ئىلگىرى سىزگە بولغان چۈشەنچەم ھەقىقەتەن يۈزەكى بولۇپ قاپتىكەن، بۈگۈن سىزنى ھەقىقىي چۈشەندىم.

— ئىلگىرى چۈشەنمىگەنمۇ؟

— ئەزەلدىن يالغان سۆزلەشنى ياقتۇرمايمەن، ئايگۈزەل، ئىلگىرى سىزنى بۈگۈنكىدەك چۈشەنمىگەنىدىم، بۈگۈنلا مەن پەرىشتە سۈپەت بىر قىزنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولغىنىمنى ھېس قىلدىم.

تۇرغانجاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئايگۈزەل ئۆزىنى تۇتۇۋالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر جاراڭلىق، شۇ قەدەر ئەركىن ئىدىكى، تۇرغانجاننىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان غەم ـ قايغۇلىرى،

تەشۋىشلىرى ئۇنىڭ كۈلكىسى بىلەن تەڭلا ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۆزىنى تولىمۇ يېنىك ھەم غەمسىز سېزىشكە باشلىغان تۇرغانجان ئايگۈزەلنى چەكسىز مېھرى بىلەن باغرىغا مەھكەم باستى، ئايگۈزەلمۇ ئۆزىنى تۇرغانجاننىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەنىدى. لەۋلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە مەھكەم جۈپلىشىشى، تىنىقلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى بىلەن خاتىرىسىنى تامامەن يوقاتقان بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتكەن ماشىنا بەرگەن قاتتىق سىگنالدىن ئېسىگە كەلدى. بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببەتلەشكەن بىر يىلدىن بۇيان بىرىنچى قېتىم سۆيۈشۈشى بولۇپ، سۆيۈشۈشنىڭ لەززەتلىك تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىغان تۇرغانجان بىلەن ئايگۈزەلنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئاتا ـ ئانىڭىزنى قايىل قىلىش ئىشى سىزگە قالدى ئەمىسە، — دېدى تۇرغانجان بىردەملىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— بولمىسا ئۆزىڭىزلا بېرىپ دەمسىز يا؟ — دېدى تۇرغانجاننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئولتۇرغان ئايگۈزەل ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— مېنىڭچە بولسىغۇ ھازىرلا بارغۇم بار ئىدى، بىراق دادىڭىز «نەدىن كەلگەن قاپ يۈرەك سەن؟ يوقال بۇ ئۆيدىن!» دەپ قوغلاپ چىقارسا ئۆلۈۋالماقتىن باشقا چارە يوق ـ دە؟!

— ئېغىزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ، — دېدى ئايگۈزەل مامۇقتەك يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن تۇرغانجاننىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېلىپ، — جان چىقىدىغان ئىش بولسىمۇ ھەرگىز سىزنى ئۆيدىن قوغلاتقۇزمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇنچىلىكمۇ ساپاسىز كىشىلەر ئەمەسقۇ؟!

— شۇنداقلىقىنى بىلىمەن تاتلىقىم، چاقچاق قىلدىم.

— چاقچاق قىلغىنىڭىزنى بىلىمەن.

— بىراق، كۆڭلۈم يەنىلا دەككە ـ دۈككىدە تۇرىدۇ، ئۇلار

ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىغا قوشۇلماي قالسا قانداق قىلارمىز؟ ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ئېنىق بىر جاۋاب كەلمىگۈچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— توۋا، سىزمۇ ئوغۇل بالىمۇ، ئاتا ـ ئانام بەرمەيمىز دېسە ئەپقېچىشنى بىلمەمسىز؟ — دېدى ئايگۈزەل پىخىلداپ كۈلۈپ.

— سىزلا رەت قىلمىسىڭىز ئەپقېچىشنى بىلىمەن، بىراق چوڭلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ قىلغان ئۇ توي بىزنى بەختكە ئېرىشتۇرەلەرمۇ؟

— چېقىشىپ شۇنداق دەپ قويدۇم، تۇرغانجانىم، كۆپ ئەندىشىدە بولماي خاتىرجەم ئۇخلاڭ! مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سىزگە چوقۇم ياخشى خەۋەر يەتكۈزىمەن.

ئايگۈزەل شۇنداق دېدى ـ دە، تۇرغانجاننىڭ بۇرنىنى بوشقىنا چىمداپ قويدى. قەلبىدىكى مۇھەببەت ئوتى بارغانسېرى يالقۇنجاۋاتقان تۇرغانجان ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى، لەۋلەر قايتىدىن چىڭ جۇپلەشتى، ئوتلۇق نەپەسلەر بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتمەكتە ئىدى. ئاشۇ دەقىقىدە چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە كۆكرەك قەپىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرەكلەر، تومۇرلاردا دەريا تاشقىنلىرىدەك ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانلار ئۆز كونتروللۇقىنى تامامەن يوقاتقانىدى.

توي تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇل خېلىلا ياداپ قالغانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم قىلىۋاتقان ئىشى بولغاچقىمۇ ياكى قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلىرى، يول كۆرسىتىشلىرى سەۋەبلىكمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلار نېمىنى قويۇپ نېمىنى تۇتۇشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قېلىشقانىدى.

— يەنىلا ئۆزۈڭلارنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلغىنىڭلار ياخشى، — دېدى بەختىيارلارنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىللە ئولتۇرۇپ

كەلگەن ئۈدۈل قوشنىسى سىيىتئاخۇن كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بىز خەق ئىككى نان تاپساق بىرىنى داپ قىلىپ چالىدىغان خەق بولغاچقا ئىشنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى ئويلىماي مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىمىز. ئويلاپ بېقىڭلار، جېنىم ئۇكىلىرىم! بىزدە ھازىر «سەندىن مەن قالاتتىممۇ» دەيدىغان مەنمەنچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەشەمەتچىلىك، ساغرىمىزغا ئۇرۇپلا تېپىۋالغان قورۇق پەتىۋا، قائىدە - يوسۇنلار تولا! مۇنداق قائىدە - يوسۇنلارغا پەرۋا قىلماڭلار!

سىيىتئاخۇن يېشى يەتمىشلەرگە يېقىنلىشىپ قالغان مويسىپىت كىشى بولۇپ، بەختىيارلارنىڭ تويغا قوپقىنىنى ئاڭلاپ ئايالى نۇرىمانخاننى ئېلىپ ھال سوراپ كىرگەنىدى. ئالتە بالىسىنىڭ توينى قىلغۇچە خېلى كۆپ تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولۇپ قالغان بۇ كىشى كۈندىن - كۈنگە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقان توي - تۆكۈنلەردىكى ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئادەمگەرچىلىكتىن نەپرەتلىنىپ كېلىۋاتاتتى.

— سىلى ئۇنداق دەپ قاقشىغان بىلەن ھازىر زاماننىڭ ئېقىمىشى شۇ تۇرسا، — دېدى نۇرىمانخان بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈلگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — كونىلاردا «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دەيدىغان گەپ بار، بەلكىم بۇلارمۇ ئەل قاتارى ئىش قىلايلى دەۋاتقاندۇ؟ ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دوست - دۈشمىنى بار ئەمەسمۇ.

— قۇرۇسۇن شۇنداق «ئەل قاتارى» دېگەنلىرىڭ، — دېدى سىيىتئاخۇن دەرغەزەپ بولۇپ، — ئەل قاتارى قىلىمەن دەپ خەق نېمىنى قىلسا شۇنى دورايدىغان گەپما؟ ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلىشى كېرەك - تە! ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر شۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىكى، تويغا ماشىنا سالىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن پويىز،

ئايروپىلان سىلىشتىن يانمايدۇ بۇ خەق! شۇنداق قىلغىنىغا تۇشلۇق بالىلار چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ كېتەلىگەن بولسا مەيلى ئىدىغۇ، لېكىن ھازىر ئالىقانچىلىك كېلىدىغان بۇ شەھەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنى باشقا شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەشەمەتلىك توي قىلىمىز دەپ گەدەنگىچە قەرزگە پېتىپ قالغان ئاتا - ئانىلارنىڭ توي ھاردۇقى چىقماي تۇرۇپلا بالىلىرى نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئاجايىپ داغدۇغا بىلەن توي قىلىپ تېرىسىغا پاتماي قالغان ھېلىقى بەگ سۈپەت بايۋەچچىلەر بولسا، باشقىلارغا بىلىندۇرمىگەندەك قىلغىنى بىلەن ئىچىگە ئاچچىق يۇتۇپ پۈكلىنىپلا قېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنىسىغۇ راست، — دېدى نۇرىمانخان بوش ئاۋازدا.

— شۇڭا ئىككى تەڭگە تاپساقلا تېرىمىزگە پاتماي قالىدىغان ئىشنى ئازراق قىلىپ يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنغىنىمىز ياخشى، — دېدى سىيىتئاخۇن سارغۇچ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — كونىلاردا «ئارتۇق مال باشنى يارمايدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار ئۇكام، پۇلۇڭلار ئېشىپ - تېشىپ كەتكەن بولسا قويۇپ قويساڭلار كېيىنكى بالىلارغا لازىم بولىدۇ. شۇڭا، ھە دېسىلا خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ ھەشەمەتلىك توي قىلىمىز دېمەي ئاددىي - ساددا ئىش قىلىڭلار! گېپى كەلگەندە ھېچكىممۇ سىلەرنىڭ يىغاڭلارنى تەڭ يىغلىشىپ بەرمەيدۇ، ئۇكام.

سىيىتئاخۇن بىر تالاي گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ھاۋاگۇلنىڭ «بىردەم ئولتۇرساڭلار تاماق قىلالمىسامۇ بىرەر تەخسە قورۇما بولسىمۇ قورۇي» دەپ تۇتقىنىغا ئۇنىماي، مومىينى ئەگەشتۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

شۇنداق، ھازىر دەۋر ئۆزگەردى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ، تۇرمۇشىدا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆسۈش بولدى. ئەمما، تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە

ئەگىشىپ كىشىنى بىزار قىلىدىغان، ئەندىشىگە سالىدىغان بىر قىسىم ناچار ئادەتلەرمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. قولى ئاز - تولا پۇل كۆرگەن بىر قىسىم كىشىلەر شۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىكى، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، قانداق كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، ئايىنىڭ ئون بەش كۈنى يورۇق بولسا ئون بەش كۈنى قاراڭغۇ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەمىيانى پۇلغا لىق تولغىنى بىلەن مەنىۋىيىتى شۇ قەدەر نامراتلىشىپ كەتتى. رېستوران، قاۋاقخانىلار شۇنداق قاينام - تاشقىنلىققا تولۇپ، كىتابخانا، كۇتۇپخانىلارنىڭ ھالى تەس كۈنگە چۈشۈپ قالدى. ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئەقىل - ئىدراك، ئاجايىپ يۈكسەك پەلسەپىۋى ئاڭ بىلەن يېزىلغان توم - توم كىتابلىرى كىتاب تەكچىلىرىدە توپا باسقان ھالدا ئاچچىق ئىڭراپ نالە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئاڭلايدىغان قۇلاقلار رېستورانلاردا تەلۋىلەرچە چېلىنغان يېقىمسىز مۇزىكىلارنى تولا ئاڭلاپ پاڭ بولۇپ قېلىشقانىدى ...

— تويۇمنى چوڭ قىلىپ بەرمىدى دەپ كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ قالارمۇ بالام؟ — دېدى بەختىيار ئەمدىلا تامىقىنى يەپ بولۇپ سىرتقا چىقماقچى بولۇۋاتقان تۇرغانجاننى توختىتىپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز دادا؟ — دېدى تۇرغانجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — قانداقلارچە بۇ خىيالغا كېلىپ قالغانسىز؟

— ئۆزۈمچە شۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىم، بالام، — دېدى بەختىيار قولىدىكى تاماكىسىنىڭ كۈلىنى ئالدىدا تۇرغان كۈلدانغا قېقىپ، — ئەسلىدە سەن بالىلارنىڭ چوڭى بولغاندىكىن تويۇڭنى خەقنىڭ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك داغدۇغا بىلەن چوڭراق قىلىپ بېرەيلى دېگەنىدۇق، لېكىن ئۇنىڭغا قۇربىمىز يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

— توينىڭ داغدۇغىسى ھەرقانچە چوڭ بولغىنى بىلەن نىكاھنىڭ ئۇلى چىڭ بولمىسا بەربىر بىكار، دادا، — دېدى

تۇرغانجان كۇلۇپ تۇرۇپ، — داغدۇغا بىلەن توي قىلغانلارنىمۇ كۆپ كۆردۈم، ئالدىنىڭ ئۆي تۇتقان ۋاقتى يېرىم يىلغا، كەينىنىڭ بىر ھەپتىگە بارماي ئاجرىشىپ كەتتى. مېنىڭ ئۇنداق ئۇلى لىڭشىپ تۇرىدىغان داغدۇغىلىق توينى قىلغۇم يوق !

— يەنە بىر گەپ، بالام، — دېدى بەختىيار بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، — توينى ياشلارغىلا قىلىپ بېرىپ، ئەل - جامائەتكە داستىخان سالمايدىغان بولغىنىمىزدىن رەنجىمىگەنسەن؟

— نېمىشقا رەنجىگۈدەكمەن، دادا، مۇنداق قىلىشتا سىلەرنىڭمۇ ئويلىغىنىڭلار بار - دە، چوقۇم.

— چۈشەنگىنىڭگە رەھمەت بالام، — دېدى بەختىيار مىننەتدارلىق بىلەن، — ئەسلىي بۇ تۇنجى توي بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلگە كەڭ داستىخان سالايلى دەپ ئويلىغانىدۇق، لېكىن ئەھۋالدىن قارىغاندا شاراپەتنىڭ ئىشىمۇ پىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بىلىشىمىزچە، يىگىت تەرەپ توينى بالدۇرراق قىلىۋېتىشكە ئالدىراۋېتىپتۇ، شۇڭا سېنىڭ تويۇڭنى تۈگىتىپلا سىڭلىڭنىڭ تويىغا تۇتۇش قىلمىساق بولمىغۇدەك. سەنمۇ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ھەرقانداق ئىشنى توغرا چۈشىنىپ كېتەلەيسەن، لېكىن قىز بالا دېگەننىڭ دىلى نازۇك كېلىدۇ. گەپنىڭ ئېنىقىنى قىلغاندا، سېنىڭ تويۇڭنى داغدۇغا قىلىپ سىڭلىڭنىڭ توينى مۇنداقچە ئۆتكۈزسەك بىزگە دېيەلمىگەن بىلەن كۆڭلى يېرىم بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا، سېنىڭ تويۇڭنى ياشلارغىلا قىلىپ بېرىپ، سىڭلىڭنىڭ توينى قىلغاندا ئەلگە بىراقلا داستىخان سېلىشنى لايىق كۆردۇق.

— مەن سىلەرنى چۈشىنىمەن، دادا، — دېدى تۇرغانجان مەمنۇنلۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى دادىسىغا تىكىپ، — ھېلىمۇ بىز ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىڭلار ئاز ئەمەس، ئەسلىدىمۇ سىلەرگە ئېغىرلىقىمنى سالماي يېتەرلىك پۇل تاپقاندا توي قىلارمەن دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن سىلەرنىڭ لەۋزىڭلارنى

يىرالماي بۇ تويىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، مېنىڭ تويۇمنى قىلىمىز دەپ ھېلىمۇ بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلدۇڭلار، ئاپام ئىككىڭلار بىز ئۈچۈن بارلىقىڭلارنى ئاتا قىلىۋاتقان يەردە يەنە سىلەردىن رەنجىيدىغان نېمە ئاساسىم بار؟

بەختىيار ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ چاچلىرىنى ھىدلىدى.

— ساڭا يەنە بىر گەپنى دېسەم ئاچچىقىڭ كېلىپ قالارمۇ بالام؟

— رەنجىمەيمەن، دادا.

— تويغا قوپقانلىقىڭدىن ئاپاڭنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويغان بولساق ياخشى بولاتتى، مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن ئۇ يەنىلا سىلەرنىڭ ئاپاڭلار ئەمەسمۇ.

تۇرغانجاننىڭ «ياق» دەپلا دادىسىنىڭ گېپىنى رەت قىلىۋەتكۈسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە بالىلارچە تەلمۈرۈپ تۇرغان بۇ مېھرىبان كىشىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشنى خالىمىدى. ئۇ يەرگە قارىغىنىچە بىرقانچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى يەردىن ئاستا كۆتۈرۈپ يېنىك باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— چاقىرغىنىڭىز بىلەنمۇ بەربىر كەلمەيدۇ، دادا.

— كېلىش - كەلمەسلىك ئۆزىنىڭ ئىشى، چاقىرىش - چاقىرماسلىق بىزنىڭ ئىشىمىز، بۇ سىلەرنىڭ ئۆمرۈڭلاردا قىلىدىغان بىر قېتىملىق مۇھىم ئىشىڭلار بولغاندىكىن خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم.

— رەنجىسىڭىزمۇ مەيلى، دادا، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىغا مەن ھەرگىز بارمايمەن.

— سەن بارمىساڭ مەيلى، ئاپاڭ ئىككىمىزنىڭ نامىدا ئىككىلىك خەت يېزىپ ئىنىڭ ئەمرۇللادىن ئەۋەتەي.

تۇرغانجان دادىسىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۇنىڭ ساقىلى

ئۆسۈپ كەتكەن يۇزىگە بالىلارچە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئايگۈزەل بىلەن يېڭى ئۆيگە بېرىپ ئۆينىڭ بېزىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، چىقىپ كەتتى.

— بەك كەچ قالمىغىن، بالام!

— ھايال بولمايمەن، دادا.

ئالدىغا كىچىككىنە كەلگەن تۇرغانجاننىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆيلەنگۈدەك چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغىنىغا قاراپ ھەۋەسى كەلگەن بەختىيار ئالدىراش چىقىپ كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ كەينىدىن قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتىۋالغان بەختىيار ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك، ئىككى ئايدىن بېرى ئۇنى چارچىتىۋەتكەن توي تەييارلىقىنىڭ ھاردۇقلىرى بىراقلا چىقىپ كەتكەندەك بولدى...

تۇرغانجاننىڭ توينىڭ ھاردۇقى چىقماي تۇرۇپلا، شاراپەتنىڭ توي ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇلنىڭ جېنى ئازلا قالدى. شاراپەتنىڭ تاپقان يىگىتى باشقا شەھەردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ شەھەردە ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلىرى يوق ئىدى. گەرچە ئۇلار كىچىك چاي بىلەن چوڭ چاينى قىز تەرەپ توي قىلغان كۈنى بىراقلا ئىلىپ كېلىدىغانغا پۈتۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن تويغا كېلىدىغان مېھمانلارنى ئۆز يارىشىقىدا كۈتۈش، ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماق دېگەندەك ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەندەك بىر تالاي ئىشلار ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋەتكەنىدى. بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇل ئۇيان چېپىپ، بۇيان چېپىپ تويغا ئۈچ كۈن قالدى دېگەندە مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئۆي ۋە مېھمانسارايلارنى بېكىتىۋالدى. پىلان بويىچە تويغا كەلگەن ئەر مېھمانلار مېھمانسارايدا، ئايال مېھمانلار تۇرغانجاننىڭ ئۆيىدە، ئەر قۇدا بىلەن ئايال قۇدا بەختىيارلارنىڭ

ئۆيىدە تۇرىدىغان بولدى.

— بۇ ئىشلارنىمۇ بىر-بىر قۇر تۇگىتىۋالدۇق، — دېدى ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ ئولتۇرغان بەختىيار ئۆزىنىڭ ئايىغ تەرىپىدە ئولتۇرغان ھاۋاگۈلگە.

— سىرت بىلەن قۇدىلاشسا ئاۋارىچىلىكىمۇ تولا بولىدىكەن دېسە، — دېدى ھاۋاگۈل ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

— قىزىمىزنىڭ تاپقىنى شۇ بولغاندىكىن بىزگە نېمە ئامال، يەنە ئازراق غەيرەت قىلساق بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئانىسى، باللار بەختلىك ئۆتسىلا بولدى.

— بۇ تويىنىڭ ھاردۇقى چىقماي تۇرۇپلا ئەمرۇللا «توي قىلىمەن» دەپ قويمىسىلا بولاتتىغۇ، — دېدى ھاۋاگۈل پىخىلداپ كۈلۈپ.

— ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشتىن ئاشتى، بىرنەچچە يىل تەخىر قىلىپ تۇرار.

— باللار قىلىمەن دېسە ياق دېگىلى بولماس ھەرقاچان؟

— سەن ئانىسى بولغاندىكىن ئالدىنئالا پۇرتىپ قوي! مېڭىسى قىزىپ كېتىپ سەكرەپ چىقمىسۇن يەنە.

— ئوغۇل بالىغا مەن ئۇ گەپلەرنى قىلىپ يۇرسەم سەت تۇرار، دادىسى بولغاندىكىن سىز دەڭ!

— قايسىمىز دېسەك ئوخشاش، مېنىڭچە ئۇنىڭ ھازىرچە توي قىلىش خىيالىمۇ يوقتەك قىلىدۇ، شۇنداق نىيىتى بولغان بولسا ئۇدۇل دېيەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئاللىقاچان پۇرتىپ قويغان بولاتتى.

— كۈندە ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرغىنىغا قارىغاندا لايىقىمۇ يوقتەك قىلىدۇ ئۇنىڭ، ھەرھالدا ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئولتۇرۇپ تۇرغىنىغا شۈكۈر.

— ساڭا يەنە بىر گەپنى دېمەكچىدىم ئانىسى، — دېدى بەختىيار ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ تويدىن باللارنىڭ ئاپىسىنى خەۋەردار قىلىپ قويىدىغان ئىش ئىدى.

— خەۋەر قىلغان بىلەنمۇ بەرىبىر كەلمەيدۇ، — دېدى ھاۋاگۈل قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا، — تۇرغانجاننىڭ تويىدىمۇ خەۋەر بەرسەك دەسسەپمۇ قويمىدىغۇ.

— مەيلى ئۇ كەلسۇن ـ كەلمىسۇن خەۋەر بېرىپ قويغىنىمىز ياخشى، ھەرھالدا كېيىنكى كۆڭۈلسىز ئىشلاردىن خالىي بولۇپ قالىمىز.

— بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگىلى كىم بارىدۇ؟

— مېنىڭچە شاراپەتنىڭ ئۆزى بارغىنى تۈزۈك، — دېدى بەختىيار بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — قانداقلىكى دېگەن بىلەن شاراپەت ئۇنىڭ يالغۇز قىزى ھەم بالىلارنىڭ كەنجىسى، باشقا ئادەم بارغاندىن كۆرە شاراپەت ئۆزى بارسا ئوڭ بولىدۇ.

— بىراق شاراپەت بېرىشقا ئۇنارمۇ؟

— ئۇناش ـ ئۇنىماسلىقى ساڭا باغلىق، سەن ئاپىسى بولغاندىكىن ئوبدانراق چۈشەندۈرسەڭ بولىدۇ، ئەگەر سېنىڭ گېپىڭگە كۆنمەي گىجىڭلىق قىلسا ئۆزۈم گەپ قىلىمەن ئۇنىڭغا.

— قاتتىق ـ يىرىك گەپ قىلغىلى بولمىسا بۇ بالىلارغا، بىر ئېغىز گەپ قىلدىن قېيىق كېتىپ قالسا مىچىلداپ يىغلىسا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالىدىكەن.

— مەنمۇ سېنى ئۇنىڭغا قاتتىق گەپ قىل دېمىدىم، ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ قوي دەۋاتىمەن، بالا دېگەن ئانىغا ئۇنداق ئۆچمەنلىك بىلەن قارىسا ياخشى بولمايدۇ، ئۆز ئانىسىنى كەچۈرمىگەن بالىنى خۇدامۇ كەچۈرمەيدۇ!

ھاۋاگۈل كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. بەختىيار ئۇنىڭ نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلىدە بىلىپ تۇرسىمۇ ئوشۇقچە گەپ قىلماي بىر ئورام موخوركا ئورىدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق ـ قاتتىق شورىدى. شۇ تاپتا ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان سولغۇنلۇق، پەرىشانلىقتىن ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى

خىيال قىلىپ، نېمىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ئاپسىنىڭ بىر تالاي چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ چۈشەندۈرۈشلىرىنى رەت قىلىۋېتىشكە ئامالسىز قالغان شاراپەت خۇددى بوينىنى بىرسى باغلاپ سۆرىگەندەك ئاپسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. بۇ ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، ئەتىگەندىن بېرى ئوچۇق تۇرغان ئاسمان بىردەمدىلا شاراپەتنىڭ كۆڭلىدەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. تېخى چۈشتە پارقىراپ تۇرغان قۇياش ھەش ـ پەش دېگۈچىلا تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قاپقارا بۇلۇتلارنىڭ ئاسارىتىدە قالغان بولۇپ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ «يالت ـ يۇلت» قىلىپ چېقىپ قويىدىغان چاقماق قارا يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. خۇددى تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ كېلىۋاتقان شاراپەت ئىزىدا چىپپىدە توختىدى ـ دە، يامغۇر سىمىلداپ چۈشۈشكە باشلىغان بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە دوزاختەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان ئاشۇ ئۆيگە بېرىشىغا تەبىئەتمۇ قارشى چىقىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان شاراپەت يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن دادىسى بىلەن ئاپسىنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ يەنىلا ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

سىم ـ سىم يېغىشقا باشلىغان يامغۇر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا، خۇددى چېلەكتە تۆككەندەك شارقىراپ ياغقىلى تۇردى. دەھشەتلىك يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي گاھ مېڭىپ، گاھ يۈگۈرۈپ ئاپسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگۈچە ئۈستىبېشى چىلىقىدە ھۆل بولۇپ كەتكەن شاراپەت بەئەينى سۇزمە خالتىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. توختىگۇلنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق بولۇپ، ئۆزىنى تۇزەشتۇرگەچ دېمىنى ئېلىۋالغان شاراپەت ئىشىكنى يېنىك چەكتى.

— كىرىڭ!

ئۆيدىن توختىگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، شارابەت «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرگىنىچە كىرىپ كەلدى. شارابەتنىڭ شۇنچە قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي تەرەپباللا كېلىپ قالغىنىغا ھەيران قالغان توختىگۈل بىرنەچچە دەقىقە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

— قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى؟ — دېدى توختىگۈل چىرايىنىمۇ ئاچماي.

— تالادا يامغۇر يېغىۋاتسا شامال نېمە ئىش قىلسۇن؟ — دېدى شارابەتمۇ قوپاللىق بىلەن.

— تىلىڭ خېلى ئۇزىراپ قاپتۇ - ھە؟

شارابەت يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، ئۆزىگە بىھۇدە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋېلىشنى خالىمىدى بولغاي، جىم بولۇپ قالدى.

— بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟

— ئىشىم بولمىسىمۇ كەلسەم بولمامدىكەن، بوسۇغاڭدىنلا يولغا سېلىپ قوياي دەۋاتامسەن؟

— كىرە، — دېدى توختىگۈل شارابەتكە ئالىيىپ.

شارابەت قاش - قاپاقلىرىنى سۈزگىنىچە مېھمانخانا ئۆيگە كىردى - دە، ئىشىككە ئىلىقلىق تۇرغان لۆڭگىنى ئېلىپ بېشىنى سۈرتكەچ كېلىپ سافادا ئولتۇردى.

— بۇ يەرگە مۇنچىغا چۈشكىلى كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئۇنىڭ كەينىدىنلا تاپ بېسىپ كىرگەن توختىگۈل مىيىقىدا كۈلۈپ.

غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاس - تاماس قالغان شارابەت ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە مىختەك تىكىلگىنىچە «ساڭا ئوخشاش بىتەرەت يۈرگەندىن پاكىز يۈرگەن ياخشى» دەپ راسا بىر ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى - يۇ، يەنىلا ئۆزىگە ھاي بېرىپ توختاپ قالدى.

— قانداقـراق تۇرۇۋاتىسـەن؟ — دېدى لۆكگىنى ئىشككـە ئىلىۋاتقان شاراپەت توختىگۇلگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ.
— ھەرھالدا يوقتىن ياخشى.
— قارىسـامۇ شۇنـداقتەك تـۇرىسـەن، — دېدى شـاراپـەت ئۇنىڭغا سـەپسېلـىپ قاراپ، — چىـرايلىرىـڭ باشقىچە سېرىـق تۇرىدۇ، دوخـتۇرخانىـغا بېرىـپ تەكشۈرتـۈپ باقساڭ بـولىدىغـان ئوخشايدۇ !
— سەن كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىسەڭمۇ قانداق قىلىشنى ئـۆزۈم بىلىمەن، دېگىنە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟
ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلى بىلەن دېگەن سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قوپاللىق قىلغان ئاپىسىغا بىرئاز رەنجىگـەن شاراپەت ھېـچنېمـە دېمەي ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كېتىشنى ئويلىغان بـولسىمـۇ، لېكىن ھاۋاگۇلنىڭ «مەيلى قانـداق بولۇشـىدىن قەتئـىينەزەر ئـۇ يەنىلا سىزنىڭ ئۆز ئاپىڭىز، قىزىم، شۇڭا ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا گەپ - سۆزدە دىققەت قىلىڭ، ئۇ سىزگە قوپال تەگسىمـۇ سىلىـق - يۇمشـاق بولۇڭ، ھـەرگـىز ئۇنـىڭ بىلـەن تـەڭ تۇرماڭ» دېگـەن گەپلىرىنى يادىغا ئالدى - دە، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
— تويغا قويۇقـاندىم، بـاشقا ئىـش قىلىـپ بېرەلـمىسەڭمـۇ تويۇمدا قول باغلاپ تۇرۇپ بېرەمدىكىن دەپ كەلدىم.
— توي قىلغۇدەك بولۇپ قالدىڭما جۇۋاينىمەك؟
— سەنمۇ ئون يەتتە يېشىڭدا توي قىلىپتىكەنسەنغۇ، بۇ يىل مەن يىگىرمە ئىككىدىن ئاشتىم، سېنىڭچە يىگىرمە ئىككىدىن ئاشقان قىز توي قىلسا بولمامدىكەن؟
— توي قاچان؟
— ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى، يەنە ئۈچ كۈن بار.
— بالدۇرراق خەۋەر بەرمەي ئەمدى بولغاندا كەپسەنغۇ؟
— رېستوران يوق تويىنىڭ ۋاقتى ئەمدى بېكىتىلدى، بالدۇر خەۋەر قىلماپسەن دەپ قېيىداپ بارماي قويمايدىغانسەن؟
— نېمە، ماڭا تەھدىت سېلىۋاتامسەن؟

— ساڭا تەھدىت سالىدىغانغا يۇرىكىم ئون ئەمەس مىنىڭ، بۇلتۇر قىشتا ئاكامنىڭ تويىنى قىلغاندا چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتسەكمۇ بارمىدىڭ، شۇڭا بۇ قېتىم ئالايىتەن ئۆزۈم كەلدىم ئالدىڭغا.

— ئۇ جۇۋاينىمەكنىڭ ئۆتكەن يىلى دېگەن گەپلىرى ھەرگىز يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ، ئۆز ئانىسىدىن تانغان ئادەمنىڭ تويىغا نېمە دەپ بارغۇدەكمەن، ھېلىغۇ تويى ئىكەن، ئۆلۈپ قالسا ئۆلۈمىگىمۇ بارماسمەنا!

— كونىلاردا «تەرگىنسەڭ تېرىق بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، بۇ گەپلىرىڭنى ماڭا دەپ بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ، مەن سېنى تويغا ئېيتىپ كەلدىم، سېنىڭدىن ھېچنېمە تەمە قىلمايمەن، بىرىپ تويۇمدا تۇرۇشۇپ بەرسەڭلا بولدى.

شاراپەت شۇلارنى دەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قايتىشقا تەمشەلدى. ئۇ ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا ئۆيگە قىرىق بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، بۇدۇر چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرىدىغان، ئورۇقراق كەلگەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭلىك كۆزى سەل ئەلەسرەك كەلگەن بولۇپ، كىمگە قاراۋاتقانلىقىنى دەماللىققا بىلگىلى بولمايتتى.

— ئۆيگە مېھمان كەلگەنىكەن ـ دە، — دېدى ئۇ كىشى شاراپەتنى كۆرۈپ.

— ھەئە، قېيىنسىڭلىمنىڭ قىزى يوقلاپ كەپتىكەن، — دېدى توختىگۇل چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپلا.

بۇ گەپنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ ئاچچىقى مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەن شاراپەت ئالدىدا يالغان ھىجىيىپ تۇرغان توختىگۇلگە قاراپ غەزەپ بىلەن بىرنى ئالايدى ـ دە، ئۇنىڭ «يامغۇر توختىغاندىراق ماڭساڭ بولمامدۇ؟» دەپ، توۋلىغىنىغىمۇ قارىماي پەلەمپەيدىن يۇگۇرگىنىچە چۈشۈپ كەتتى.

شاراپەت گەرچە ئاپىسىنىڭ تويغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق

بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن نېمىشقىكىن ئىشىك ئالدىدا قاتار سەپ تۈزۈشۈپ تويغا كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋاتقان كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ئۇنى ئىزدىدى. ئىچىگە ئاق كۆڭلەك، ئۇچىسىغا كۆل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ گالستۇك تاقىۋالغان بەختىيارنىڭ خۇشاللىقتىن ئېغىزى قۇلىقىغا يېتەيلا دەپ قالغان بولۇپ، يېشىل ئەتلەستىن ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىغا يارىشىملىق چىمەن دوپپا كىيىۋالغان، چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈپ سۇس گىرىم قىلغان ھاۋاگۇلمۇ باشقىچىلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەر - ئاياللارمۇ بىر - بىرىدىن پۇزۇر، بىر - بىرىدىن چىرايلىق كىيىنىشكەنىدى. ئاشۇ كىشىلەر ئارىسىدىن ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۆز ئاپىسىنى تاپالمىغان شاراپەتنىڭ بىردىنلا ئىچى ئاچچىق بولۇپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى - دە، چاناقلىرىغا مۆللىدە ياش ياماشتى. توينىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشىغا چوڭلار، ياشلار تەڭلا چاقىرىلغان بولغاچقا كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇل، تانسىلار بىلەن توي ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنىدى.

ئۆزى ئالايىتەن بېرىپ تويغا ئېيتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن توختىگۈلنىڭ يەنىلا كەلمىگەنلىكىنى بەكلا ھار ئالغان شاراپەت كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى كونترول قىلالمايلا قالدى. ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىققا تولغان مۇشۇنداق خاسىيەتلىك مىنۇتلاردا، شاراپەتنىڭ بىئاراملىق ئىچىدە يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىلدار نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا قالدى. گەرچە ئۇ شاراپەتتىن نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى سوراپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوت ئۇستىگە ياغ چېچىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. شاراپەت «توۋا! ھېچقانداق ئانا بولۇش سالاھىيىتى بولمىغان بۇ ئايال قانداقلارچە بىزنىڭ ئاپىمىز بولۇپ قالغاندۇ؟ دادام رەھمەتلىك باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق، يۈرىكىدە ئازراقمۇ مېھىر - مۇھەببەت ئۇچقۇنى بولمىغان بۇ ئايالغا

قانداقلاچە ئۇچراپ قالغان بولغىيدى؟ رەھمەتلىك دادام ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى، ئۆزىگە سىڭىشۈاتقان زۇلۇملىرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ ئىچىنى بوشىتالماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولغىيمىدى؟ بىز ئۈچ شور پېشانە ھاۋاگول ئاپامدەك مېھرىبان، كۆيۈمچان، ئىخلاسمەن ئايالدىن تۇغۇلماي، قانداقلەرچە شەرمى ـ ھايا، ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان، ۋۇجۇدىدا قىلچىمۇ ئادىمىيلىك خىسلەت بولمىغان مۇشۇنداق بىر ئايالدىن تۇغۇلۇپ قالغاندىمىز؟! بەلكىم دادام رەھمەتلىك ئۆلۈپ كەتمەي مۇشۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ بىز مۇنچىلىك خورلۇق، ئىزا ـ ئاھانەتلەرگە قالماس بولغىيدۇق، خەقمۇ بىزنى كىمنىڭ بالىسى دېسە «ھېلىقى ئەر ئوغرىسى خوتۇن»نىڭ بالىسى دەپ مازاق قىلمىغان، كەمسىتمىگەن بولاتتى» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى.

شاراپەتنىڭ نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئىلدار ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

ــــ نېمە دەپ پىچىرلاۋاتىسەن شاراپەت؟

ــــ ھېچنېمە؟ ــــ بىلىپ ـ بىلمەي ئاۋازىنىڭ تېشىغا چىقىپ كەتكىنىنى ھېس قىلغان شاراپەت شۇنداق دېدى ـ دە، خىجىللىقتىن ئىتتىكلا يەرگە قارىۋالدى.

ــــ بۇ تويدىن رازى ئەمەسمۇ سەن؟

ــــ ئۇنداق ئەمەس، باشقا بىر ئىش، ــــ دېدى شاراپەت ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئىلدارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

ــــ ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ بۈگۈنكى كۈندە كۆلۈپ ئولتۇرۇشۇڭ كېرەك ئىدىغۇ، ــــ دېدى ئىلدار بىر ئاز رەنجىگەندەك قىلىپ، ــــ سېنىڭ مۇشۇ ھالىتىڭنى باشقىلار كۆرسە، بولۇپمۇ چوڭلار كۆرسە قانداق ئويلاپ قالار؟

ــــ بەزى ئىشلارنى ساڭا ھازىرلا چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن ئىلدار، ــــ دېدى شاراپەت بوش ئاۋازدا، ــــ تويدىن كېيىن مەن

ساڭا ھەممە ئىشلارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىمەن، شۇ چاغدا سەن مېنىڭ نېمىگە يىغلىغىنىمنى، مۇشۇنداق خاسىيەتلىك كۈندە كۆڭلۈمنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنچە يېرىم بولغانلىقىنى بىلىپ قالىسەن.

— مەنغۇ سېنىڭ قانداق قىزلىقىڭنى ياخشى بىلىمەن، — دېدى ئىلدار ئېغىر بىرنى تىنىۋېلىپ، — كېيىنكى ھەرقانداق ئىشىڭغا مەن ئىگە، شاراپەت، شۇڭا بۈگۈن ئىككىمىزنىڭ توي كۈنى بولغاندىكىن جان چىقىپ كەتسىمۇ كۈلۈپ ئولتۇرۇشۇڭنى ئۆتۈنىمەن!

— مېنىڭغۇ شۇنداق قىلغۇم بار، جېنىم، — دېدى شاراپەت لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ، — ئەمما ھەرقانچە تىرىشىپ باقساممۇ ئېچىلالمايۋاتىمەن.

— سەن بەك ئىرادىلىك قىز، شاراپەت، — دېدى ئىلدار ئۇنىڭ قولىقىغا ئېغىزىنى يېقىن ئەكېلىپ، — مەن سېنىڭ تاشقى گۈزەللىكىڭگە ئەمەس، سېنىڭ قىزلارغا خاس نازاكىتىڭگە، ئەركەكلەرگە خاس جاسارىتىڭگە، قىلىمەن دېگەن ئىشىڭنى قىلماي قويمايدىغان ئىرادەڭگە ئاشىق بولۇپ كېيىنكىدىن ئەگىشىپ كەلگەن، ھالقىلىق پەيتتە مۇنداق بوشىشىپ كەتسەڭ ئۆزۈڭگە، مەن ياخشى كۆرگەن شاراپەتكە پەقەتلا ئوخشىماي قالىدىكەنسەن.

ئىلدارنىڭ تولىمۇ سەممىيلىك، راستچىللىق بىلەن قىلغان سۆزلىرى شاراپەتنىڭ قەلب ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرگەن غەم بۇلۇتلىرىنى بىر يولىلا تارىتىۋەتتى. دىلى ۋاللىدە يورۇپ، كۆڭلى باشقىچىلا ئېچىلىپ قالغان شاراپەت ئىلدارغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— ماڭا قارا، شاراپەت، — دېدى ئىلدار ئۇنىڭ يېڭىنى ئاستا تارتىپ، — مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا بىزدىن ئىككى سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيدىغان ھېلىقى «قاشاڭ» لەقىمى بار تاھىر دېگەن بالىنىڭ مەست بولۇپ قېلىپ ئالدىڭنى

توسۇۋالغىنى ئېسىڭدە باردۇ؟ شۇ چاغدا ھەممە ئادەم قورقىدىغان ئاشۇ «قاشاڭ» نىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ پوخۇرلۇق قىلىمەن دېگىنىگە تويغۇزۇۋەتكەنىدىڭ، شۇ چاغدىلا مەن سېنىڭ غەيرىتىڭگە قايىل بولۇپ قالغان ھەمدە سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. راستىمنى ئېيتسام، مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان شۇ كۈندىن باشلاپلا ساڭا مۇھەببەت تەكلىپى قويۇشنى ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن ئاشۇ «قاشاڭ» نىڭ رەسۋاسىنى چىقارغاندەك مېنىمۇ رەسۋا قىلىۋېتىشىڭدىن قورقۇپ ئېغىز ئاچالمىغانىدىم.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ساراڭ، — دېدى شاراپەت پىخىلداپ كۈلۈپ.

— راست، شاراپەت، — ئەينى چاغدا سېنىڭدىن قورقاتتىم - يۇ، ئەمما چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرەتتىم، سېنى بىر كۈن ئۇچراتمىسام كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىگەنچە «ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ، باشقا بىرەر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالمىغاندۇ؟ شۇنداق بولسا قانداق قىلارمەن؟ مەن نېمىدېگەن دۆت، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن نېمىشقا جۈرئەتلىكرەك بولالمايمەن؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم.

— ئىلگىرى دېمىگەنىدىڭغۇ بۇ گەپلىرىڭنى؟

— دېسەم مازاق قىلار بولغىيدىڭ؟

— مېنى بەك يامان چاغلايدىكەنسەن - دە؟

— بۇ يامان كۆرگەنلىك ئەمەس، ھۆرمەتلىگەنلىك.

— قارا، بۇ ئالدامچىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى ! — دېدى شاراپەت ئۇنىڭ يوتىسىنى بوشقىنا چىمداپ، — ھازىرمۇ قورقامسەن مەندىن؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— سەن بىلەن مۇھەببەتلەشكەندىن كېيىن سېنىڭ تولىمۇ

مۇلايىم، ئەدەپلىك، باشقىلارنى قەدىرلەشنى، ھۆرمەتلەشنى بىلىدىغان قىز ئىكەنلىكىڭنى تېخىمۇ ئوبدان بىلدىم.

— ئۇنداقتا، سەن مېنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا تەلەپ قويۇپتىكەنسەن ـ دە؟

— راستىنى ئېيتسام شۇنداق، شاراپەت! ئۇ چاغدا سېنى ياخشى كۆرەتتىم ـ يۇ، ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتىم.

— بىر تەۋەككۇل قىلىپ باقاي دەپ ئويلىغانما؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ، سەن بىلەن مۇھەببەتلەشكەندىن كېيىن ئاشۇ قارامىلىقىمنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

شۇ تاپتا ئىلدار بىلەن شاراپەت ئۆزلىرىنىڭ تويى بولۇۋاتقانلىقىنى تامامەن ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويۇشقان بولۇپ، باشلىرىنى بىر يەرگە تىقىۋېلىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار بىردەم كۈلۈشسە، بىردەم بىر ـ بىرىنى چىمدىشاتتى. شاراپەتنىڭ بايىقى مىسكىنلىك يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، قاپقارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىققان قۇياشتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

يىگىتبېشىنىڭ مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ «ھۆرمەتلىك مېھمانلار! توينىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن يىگىت بىلەن قىزنى بىر قول تانسا ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلساق قانداق؟!» دېگەن ئىلتىماسى ھەممىنى ئۈنتۈپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىلدار بىلەن شاراپەتنى چۆچۈتۈۋەتتى. ياشلارنىڭ قىزغىن چاۋاكلىرى، ۋارقىراشلىرى، ئىسقىرتىشلىرى بىلەن مەيدانغا چۈشكەن ئىلدار بىلەن شاراپەت قىز ـ يىگىت قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تانسا ئوينىدى. بىر پارچە قىزىل تاۋارنى كۆتۈرۈپ كەلگەن يىگىتبېشى بىلەن قىزبېشى مېھمانلارنىڭ قىزغىن چاۋاكلىرى ئىچىدە «مەڭگۈ ئايرىلماي ئىناق ئۆتۈڭلار، بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش بولسۇن» دېگەندەك ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئىككىسىنىڭ بېلىنى تاۋاردا مەھكەم چىگىپ قويدى.

تووي راسا ئەۋجگە چىقتى. قىزلار ھەر خىل رەڭدىكى چاچقۇلارنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا چېچىشتى. مۇزىكا قۇلاقلارنى پاك قىلغۇدەك دەرىجىدە چېلىنىۋاتقان بولۇپ، مۇزىكىنىڭ ئاياغلىشىپ قالماسلىقىنى چىن دىلىدىن تىلىشىۋاتقان ئىلدار بىلەن شارايەت بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە چەكسىز مېھىر بىلەن تىكىلىشكىنىچە تانسا ئويناۋاتاتتى.

## سەككىزىنچى باب

# خاسىيەتلىك چۆش

ھېلىقى كۆنى شاراپەت شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىن قېيىداپ چىقىپ كەتتى. شاراپەت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا سەل قوپاللىق قىلىپ قويغىنىنى ھېس قىلغان توختىگۈل خۇددى چۈشىنى يەۋالغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى.

— چىرايىڭ بىر قىسما بولۇپ كەتتىغۇ؟ — دېدى شاراپەت بىلەن ئىشىك تۈۋىدە دوقۇرۇشۇپ قالغان نېغمەت توختىگۈلنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ.

— ھېچنېمە بولغىنى يوققۇ، بىر ئۇبدان تۇرىمامدىمەن؟ — دېدى توختىگۈل چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ئاشقازىنىڭنىڭ ئاغرىقى قانداقراق؟

— بۈگۈن خېلى ياخشىغۇ، دورا پايدا قىلدىمىكىن.

— دورىنى ئۈزمەي ئىچىپ بەرسەڭ ئوڭشىلىپ قالىسەن، كېسەل دېگەن بۇ بىر نېمە «ئاغرىدى» دېگەنچە ئادەمنى بوزەك قىلىدۇ، چىڭلا تۇرساڭ ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

ئۇ كۈنى توختىگۈل نېغمەتنىڭ كەچلىك تامىقىنى بېرىۋېتىپ قازان - قومۇچلارنى يىغىشتۇردى - دە، بالدۇرلا يېتىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇيقۇغا زورلاپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ خېلىغىچە يېتىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئالايتەن ئۆزىنى تويغا ئېيتىپ كەلگەن شاراپەتنىڭ ئۆيىدىن قېيىداپ چىقىپ كەتكەن چاغدىكى قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. «تۇۋا!

ئالايىتەن تويغا چاقىرىپ كەلسە نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەندىمەن؟ بەلكىم ئاشۇ بىچارىمۇ بەختىيار بىلەن ھاۋاگۇلنىڭ زورلىشى بىلەن كەلگەن بولغىيدى، مەيلى باشقىلارنىڭ زورلىشى بىلەن كەلسۇن ياكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەلسۇن، ئىشقىلىپ، ئالدىمغا كەلگەن بولغاندىكىن مەيلى تويغا بارالاي ياكى بارالماي ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويغان بولسام بولماسمىدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ بىئارام بولدى، ئۇنىڭ دىماقلىرى ئاچچىق بولۇپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ باللىرىغا قارىماي تاشلىۋەتكەن ئاز كەم يىگىرمە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇلارنى خىيال قىلىپ يىغلىشى، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغىنىنى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىپ پۇشايمان يېيىشى ئىدى.

— ئۇخلاپ قالدىڭما؟

توختىگۈل ئېرىنىڭ سوئالىغا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرماي ئۇخلىغان بولۇپ جىممىدە يېتىۋالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىكنى نېغمەتكە بىلدۈرگۈسى يوق ئىدى. ناۋادا، نېغمەت ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى بىلىپ قالسا تولا سوئال سوراپ تېخىمۇ بىئارام قىلىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

توختىگۈل شاراپەتنىڭ تويىغا بېرىش - بارماسلىق مەسىلىسىگە كەلگەندە ئىككى خىيال بولۇپ قالدى. بۈلتۇر تۇرغانجان توي قىلغاندا ئۇ بارمىدى، بارماسلىقتا ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى، تۇرغانجان سوتخانىدىن چىقىپ قايتىۋاتقاندا دەيدىغاننى دەپ ئۇنىڭدىن ئانا - بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتتى. بۇگۈنگە قەدەر ھەرقانداق بىر ئىشتا گۇناھىنى ئۆز بوينىغا ئېلىپ باقمىغان توختىگۈلگە تۇرغانجاننىڭ قىلغان گەپ - سۆزلىرى، ھاقارەتلىرى ئېغىر كېلىپ ئۇنىڭدىن قاتتىق كۆڭلى قالدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تويىغا بېرىشنى لايىق كۆرمىگەنىدى.

ئاشۇلارنى ئويلىغان توختىگۈلنىڭ شاراپەتنىڭ تويىغا

بارغۇسى كەلدى ـ يۇ، لېكىن تويغا قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى، قىزىنىڭ كۆڭلىگە يارىغۇدەك بىرەر سوۋغا ئېلىپ باراي دېسە قولىنىڭ قىسقا ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى بۇ پىخسىق ئېرىدىن ئىككى تەڭگە پۇل ئېلىشنىڭ پېتىر ناندىن قىل ئالغاندىنمۇ تەس ئىكەنلىكى يادىغا يېتىپ لەسسىدە بولۇپ قالدى.

ئايىغى چىقماس خىياللار بىلەن ئۆزىنىڭ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى تۇيماي قالغان توختىگۇل تۈن يېرىم بولغاندا ئاشقازىنىنىڭ سانجىلىپ ئاغرىغىنىغا چىدىماي ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغىنىغا بىرقانچە ئاي بولغان، يېقىندىن بېرى پات ـ پات قۇرۇق يۆتىلىدىغان، ئىككى تارغىقىنىڭ ئوتتۇرىسى تارتىشىپ ئاغرىپ قورسىقى كۆپىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىپ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن توختىگۇل تاتلىق ئۇخلاۋاتقان نىغمەتنى ئويغىتىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى ئېيتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سەپرا ئېرىنىڭ «ئۇيقۇمنى بۇزۇۋەتتىڭ» دەپ رەنجىشىدىن ئەنسىرەپ ئويغىتىشقا پېتىنالمىدى.

نىغمەت توختىگۇلنىڭ ئابدۇللا قارىھاجى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىككىنچى ئېرى ئىدى. بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ شەھەرنىڭ غەربىدىكى توپ تارقىتىش بازىرىدا باققاللىق قىلىدىغان، يېشى ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان ئېلاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ ئېلاخۇننى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن كونىلار «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن دەپتىكەن، گەرچە ئۆزى سەل كۆرۈمسىز، قوپالراق بولسىمۇ يەتتە ئەزاسى ساق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باققاللىق ھۈنىرى بىلەن ئاز ـ تولا پۇل تاپالايدىكەنغۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئادىتى بويىچە قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتىمەي نىكاھ ئوقۇتۇپلا ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىۋالدى. ئىككىسى بىرەر

ئايغىچە خېلى ياخشى ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، ئەمما كېيىنچە پات ـ پاتلا قىزىرىشىپ قالىدىغان، ئىش چىڭىغا چىققاندا كاناي سىقىشىدىغان بولۇپ قالدى. توختىگۈل بىلەن داۋاملىق ئۆي تۇتۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئىبلاخۇن ئەتىگەندە «بازارغا بارىمەن» دەپ چىقىپ كەتكىنىچە ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىدى.

ئىبلاخۇن بىلەن ئارانلا ئۈچ ئاي ئۆي تۇتقان توختىگۈل يىرىم يىلچە تۇل ئولتۇردى. كېيىن ئۇ ئاشۇ بازاردا كىچىككىنە بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ قاسساپلىق قىلىۋاتقان نىغمەت بىلەن تونۇشۇپ قالدى ـ دە، بىر مەزگىل ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەنمۇ نىكاھ ئوقۇتۇپلا ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىۋالدى. گەرچە ئۇلار بىر ئۆيگە كىرىۋالغان تۆت ـ بەش ئايدىن بۇيان بىر ـ بىرى بىلەن خېلىلا چىقىشىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىندىن بۇيان توختىگۈلنىڭ ھە دېگەندىلا ئاغرىپ قېلىپ ئىككى كۈندە بىر دوختۇرخانىغا قاترىشى نىغمەتنى نارازى قىلىپ قويۇۋاتاتتى. دوختۇرلار بىرقانچە قېتىم توختىگۈلنىڭ كېسىلىنىڭ سەل گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا CT غا چۈشۈپ بېقىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن پۇلىنىڭ كۆزىگە قارىسا يەنە بىر تەرەپتىن نىغمەتنىڭ بىھۇدە كايىشىدىن قورقۇپ تەكشۈرتۈشنى قوبۇل قىلالمىدى. دېمىسىمۇ، يېشى قىرىق بەشكە كىرىپ قالغان توختىگۈلگە ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىۋېرىشنىڭ ئۆزى نومۇسلۇق تۇيۇلىدىغان، ئاددىي ـ ساددا بولسىمۇ خاتىرجەم بىر تۇرمۇشنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئاغرىق توختىتىش دورىسىدىن كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە تال ئىچىۋەتكەن توختىگۈل ئاغرىقنىڭ بىرئاز پەسىيىپ قالغىنىنى ھېس قىلدى، بۇ چاغدا سائەت سەھەر بەشتىن ئاشقان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن ئىرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇپ، ئوچاققا بىر چۆگۈن چاينى قويۇپ نىغمەتنى ئويغاتتى. چۈنكى، نىغمەت ھەر كۈنى ئەتىگەن تاڭ يورۇماستا ئورنىدىن تۇرۇپ چالا ـ پۇلا ناشتا

قىلىۋالاتتى ـ دە، قوي، كالا گۆشىنى توپ تارقىتىش بازىرىغا بېرىپ گۆش سېتىۋالاتتى.
— نېغمەت، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ!
— ھەي، كېچىچە تولا ئىڭراپ تۇزۇكمۇ ئۇخلاتمىدىڭغۇ ئادەمنى! — دېدى راسا بىر كېرىلىپ ئەسنىۋالغان نېغمەت توختىگۈلگە قاراپمۇ قويماي.
ئۆزىنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن شۇ قەدەر قىينالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ نېغمەتنىڭ «نېمە بولدۇڭ خوتۇن، بەك ئاغرىپ كېتىۋاتقان بولساڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ؟» دەپمۇ قويمىغىنىغا غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن توختىگۈل بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، ئەتىگەندە ئىت پوق يېمەستە ئۇشۇقچە جېدەل بولۇپ قېلىشنى خالىمىدىمۇ ياكى دېگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئويلىدىمۇ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزىنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.
نېغمەت يۈزىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ يۇيۇپ، بىر توغرام قۇرۇق نان بىلەن ناشتا قىلدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.
— دېمىسەممۇ ئاخشام ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىپ ياتالمىغىنىمنى بىلىپسىز، — دېدى توختىگۈل ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولغان نېغمەتكە قاراپ، — ئەتىگەندە دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوبدانراق بىر تەكشۈرتۈپ باقاي دېگەنىدىم، ئازراق پۇل قويۇپ قويسىڭىز بوپتىكەن؟!
— ئىككى كۈندە بىر پۇل ـ پۇل دېسەڭ قايسى پۇلنى بېرىدۇ ساڭا؟ — دېدى نېغمەت شۇ ئانىلا تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، — پۇل باسىدىغان زاۋۇتۇم يوق مېنىڭ! تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا دوختۇرخانىغا بېرىپ بىر قۇچاق دورا ئېلىپ كەلگەن ئادەم بۈگۈن يەنە دوختۇرخانىغا بارىمەن دەيسەنغۇ؟
— ئۇ دورىلارنىمۇ ئۆزمەي ئىچتىم، لېكىن دېگەندەك پايدا

قىلمايۋاتسا.

— پايدا قىلمايدىغان دورىلارنى نېمىگە ئەكەلگەنتىڭ ئەمىسە بىرمۇنچە پۇلنى بۇزۇپ؟ ئۆتەپ ـ تېشىپ تازىمۇ بىر كېسەل كۆرپىسىگە يولۇقتۇمىمۇ نېمە باشقا خوتۇن چىقمىغاندەك؟ !

— ھەي ! ئەتىگەندە بىر ئېغىز ياخشى گېپىڭىز يوق نېمانداق نەشتىرىڭىزنى سانجىيسىز؟ بىر ئادەم ئاغرىيمەن دەپلا ئاغرىۋالامدۇ؟ ھېلىمۇ دورىنى بېسىپ ئىچىۋاتسامۇ ھېچبىر پايدا قىلاي دېمىسە، دوختۇرلار «بۇ دورىلارنى بىرنەچچە كۈنگىچە بېسىپ ئىچىپ بېقىڭ، يەنىلا ساقايمىسا، كەلسىڭىز CT غا چۈشۈرۈپ باقايلى» دېگەن، شۇڭا بېرىپ ئاشۇ CT دېگەن نەرسىگە چۈشۈپ باقايمىكىن دەيمەن.

توختىگۈلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە خۇددى ھازىرلا ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قارىۋەتكەن نېغمەت يانچۇقىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن ئىككىنى چىقاردى.

— ئالدىغىنىڭ مۇشۇمۇ سېنىڭ؟ مانا بۇنى ئېلىپ CT غا چۈشەمسەن PT غا چۈشەمسەن، نېمە ئىش قىلساڭ قىل ! — ئۇ شۇنداق دەپلا پۇلنى يەرگە تاشلىۋېتىپ كەينىگىمۇ قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىگەندە ناشتا قىلماي تۇرۇپلا بىرمۇنچە سېسىق گەپ ئاڭلىۋالغان توختىگۈل يا يىغلىشىنى يا كۈلۈشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

نېغمەتنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سۆزلىرى يۈرىكىنى ئېزىۋەتكەن توختىگۈل يەردە تاشلىنىپ ياتقان پۇلغا قاراپمۇ قويماي ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى ـ دە، قەرەلى توشقان بومبىدەك «پاڭڭىدە» پارتلاپ كەتتى. ئۇ يىغلىغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، تىكەنتامدىكى قىمارۋاز جۇماخۇننىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا، ئۇرۇپ ـ ھاقارەتلەشلىرىگە ئۇچرىغاندىمۇ، جۇماخۇن تەرىپىدىن نەجىمدىنگە سېتىلىپ بالا

تۇغۇش ماشىنىسىغا ئايلىنىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ مۇنداق ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ يىغلاپ باقمىغانىدى.

هايال ئۆتمەيلا ئىچكى ئەزالىرىنى خۇددى بىرسى ئامبۇر بىلەن يۇلۇپ تارتىۋاتقاندەك ئاغرىشقا باشلىغان توختىگۈل خۇددى بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەن كىرپىدەك تۈگۈلۈپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغانىدى، ئۇ ئۆزىنى ئىككى تەرەپكە ئاتقىنىچە قىلدەك تولغىناتتى. يۆتىلى ئەدىگەنچە نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، ئۆپكىسى ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بىئارام بولۇۋاتاتتى. «مۇشۇنداق ۋاقىتسىزلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ ناۋادا نىغمەت كەلمەي قالسا ئۆلۈكۈم يالغۇز ئۆيدە قالارمۇ؟» دېگەنلەرنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن توختىگۈلنىڭ ۋۇجۇدى قورقۇنچتىن شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئۆمىلەپ دېگەندەك مېڭىپ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى ـ دە، شىرە ئۈستىدىكى ئاغرىق توختىتىش دورىسىدىن بىرنەچچە تالنى بىراقلا ئېغىزىغا سېلىپ، تېخى ئىچىشكە ئۈلگۈرمىگەن سوغۇق چاي بىلەنلا يۇتۇۋەتتى. ئارىدىن ئون مىنۇتلارچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاغرىقنىڭ بىرئاز پەسىيىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، دوختۇرخانىغا بارماقچى بولۇپ ئورنىدىن كۆچەپ تۇرماقچى بولدى، لېكىن يېرىم كۆتۈرۈلگەن ساغرىسى جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈت ـ قولىدا جان دېگەن نەرسە قالمىغانىدى، پۈتۈن بەدىنى قاپقارا سوغۇق تەرگە چۆمۈپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ ئولتۇرغان توختىگۈل نەدىندۇر بىر يەردىن يانفونىنىڭ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى ـ دە، «بۇ چوقۇم خاسىيەت بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا بىرەرسى مۇنداق ئەتىگەندە ھەرگىزمۇ ماڭا تېلېفون قىلمايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، مىڭبىر جاپادا ياتاق ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىكى يانفونىنى قولىغا ئالدى، ئۇ يانفونىنى

قولىغا ئېلىپ ئۇلىنىش كۇنۇپكىسىنى باساي دەپ تۇرۇشىغا تېلېفون سايراشتىن توختاپ قالدى، ئۇ كەلگەن تېلېفوننى تېپىپ ياندۇرۇپ ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا يانفون قايتا سايرىدى.

— ۋاي بارمۇ سىز جېنىم دوستۇم؟ — دېدى قارشى تەرەپ ئىنچىكە ئاۋازدا.

تېلېفوننى راستلا خاسىيەت ئۇرغان بولۇپ، خاسىيەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان توختىگۇل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كەپتەر باچكىسىدەك بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى توختىگۇل يىغىدىن ئۆزىنى ئاران دېگەندە توختىتىپ.

— نېمانداق گەپلەرنى قىلىدىغانسىز جېنىم دوستۇم، ئۆزىڭىز زادى نەدە؟ گېپىڭىزنى زادىلا ئۇقالمىدىم، يىغلىماي گەپ قىلىڭا، سادىغاڭ كېتەي قېرىنداشىم، — دېدى خاسىيەت.

توختىگۇلنىڭ تېلېفوننى ئېلىپلا ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشى خاسىيەتنى خېلىلا جىددىيلەشتۇرۇپ قويغانىدى.

— مەن ئۆيدە، — دېدى توختىگۇل مىشىلداپ تۇرۇپ.

— قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالغىلى قىل قالدىڭىز دوستۇم، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ جىمدەك ساقلاپ تۇرۇڭ، هايال قالمايلا بارىمەن.

خاسىيەت شۇنى دېدى ـ دە، تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى. خاسىيەتنىڭ كېلىدىغىنىنى ئاڭلاپ پۈت ـ قولىغا بىرئاز جان كىرىپ قالغان توختىگۇل ئولتۇرغان يېرىدىن ئىككى قولىنى تىرەجەپ تۇرۇپ تامنى يۆلىگىنىچە كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ قويدى.

خاسىيەت توختىگۇلنىڭ ئۆيىگە چىلىق ـ چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلگىنىچە هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ كىرىپ كەلگەندە، توختىگۇل مېهمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا «ۋايجان ـ ۋاييەي» دېگىنىچە ئىككى پۈكلىنىپ ياتاتتى. يۈگۈرۈپ كەلگەن خاسىيەت ئۇنى مىڭ تەستە يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ـ دە، سافاغا ئولتۇرغۇزدى. بۇ

چاغدا توختىگۈلنىڭ جاۋىغىيىدىن ئازراق قان ئېقىپ قالغان بولۇپ، بۇنى كۆرگەن خاسىيەت قورقىنىدىن تىۋىلىۋەتكىلى تاس - تاماس قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە بولغاندۇ سىزگە؟ — سورىدى خاسىيەت ئىشىككە ئىلىنقلىق تۇرغان لۆڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭ جاۋىغىيىدىكى قاننى سۈرتكەچ، — نېمىشقا بالدۇرراق تېلېفون قىلمىدىڭىز ماڭا؟

— تېلېفون قىلغۇدەكمۇ ماجالىم يوق، — دېدى توختىگۈل خۇددى ئانىسىنى يوقىتىپ قويۇپ ئاران تاپقان كىچىك بالىدەك ئۇمچەيگىنىچە خاسىيەتنىڭ تەشۋىشلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ، — يالغۇز ئۆيدە ئۆلۈپ قالارمەنمىكىن دەپ بەك قورققاندىم.

— نېمە تېچۇ؟

— ئەتىگەن دوختۇرغا بارىمەن دېسەم «تازا بىر كېسەل كۆرپىسىنى ئالغان ئوخشىمامدىمەن» دەپ، مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ئىككى يۈز سوم پۇلنى يۈزۈمگە ئاتقىنىچە چىقىپ كەتكەن.

— توۋا ! بىر ئادەم بۇ يەردە ئۆلىمەن دەپ ياتسا قارا بۇ دەيۈزنىڭ قىلىۋاتقىنىنى، ساق ۋاقتىدا خوتۇن قىلىپ كېسەل بولۇپ قالغاندا تاشلىۋېتىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ يانفون نومۇرىنى دەڭا ئۇنىڭ !

— بولدىلا، تېلېفون قىلغان بىلەنمۇ بىكار؟ !

— دەڭا ! مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتمىغان ئەرنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟

توختىگۈل خاسىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن نېغمەتنىڭ يانفون نومۇرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى، دەرغەزەپ بولغان خاسىيەت تېلېفون ئۇرۇۋىدى، قارشى تەرەپنىڭ تېلېفونى ئېتىك بولۇپ چىقتى.

— نومۇرىنى خاتا دەپ بەرمىگەنسىز - ھە؟

— ياق، خاتا ئەمەس.

خاسىيەت ھېلىقى نومۇرغا قايتا ـ قايتا تېلېفون قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نەتىجىسى باشتىكىگە ئوخشاش بولدى.

ــ مۇشۇ كۈننىڭ ئەرلىرىدىغۇ ئىنساب قالمىدى، ــ دېدى خاسىيەت قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، ــ پۇت ـ قولىڭىزنىڭ ماغدۇرى بار، شاش كېيىكتەك ئويناقلاپ تۇرغان چاغلىرىڭىزدا «ئاپپىقىم، تاتلىقىم، ئوماق قوزام» دەپ، يېنىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن سەللا مىجەزىڭىز يوق بولۇپ يېتىپ قالسىڭىزلا سىزدىن يۈز ئۆرۈگىلى ئارانلا تۇرىدۇ.

ــ ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى سالغان زۇلۇملىرىنى ئويلىسامغۇ بىر كۈنمۇ ئۆي تۇتقۇم يوق ئىدى، ــ دېدى توختىگۇل ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ، ــ لېكىن ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىپ يۈرۈشتىن نومۇس قىلىدىكەن ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭ ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسىلا «پۇلنى قايسى ئاشناڭغا خەجلەپ بەردىڭ؟ پۇلنى مەن جاپا تارتىپ تاپسام سەن ‹دوختۇرغا باردىم، دورا ئالدىم› دەپ قويۇپ، ئۇ پۇللارنى قايسى ئاشناڭغا خەجلەپ بېرىۋاتىسەن كىم بىلىدۇ؟ خۇددى ماڭا خوتۇن چىقمايدىغاندەك سەن كېسەل كۆرپىسىنى ئېلىپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان !» دەپ قىلغان تۆھمەتلىرىگە، ھاقارەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ كەلدىم.

توختىگۇلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان خاسىيەتنىڭ غەزەپتىن چېكە تومۇرلىرى چوكىدەك كۆپۈپ، ئېڭەك مۇسكۇللىرى بىلىنەرلىك تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرى خۇددى كىرىچتىن ئۇزۇلگەن يا ئوقىدەك ئۇچۇپ چىقىۋاتاتتىكى، مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە نېغمەت بۇ يەردە بولۇپ قالغان بولسا ئىدى، بۇ ئوقلار ئۇنىڭ پۇل ئۇچۇن ئادىمىيلىك، مېھىر ـ ۋاپا، سەمىمىي ساداقەتلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن باغرىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەن بولاتتى.

ــ مۇنداق دېسەم كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، جېنىم دوستۇم، ــ دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ جانسىز تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، ــ ئۇ لاتا غىلاپ ھەزىلەكنىڭ خورىكىنى

ئۆستۈرۈپ قويغان يەنىلا شۇ ئۆزىڭىز، ئەگەر سىز ئۇ نېمە دېسە ھە دەپ كۆزىگە قارىمىغان بولسىڭىز مۇنچە يوغىناپ كەتمىگەن، بوشاڭلىقىڭىزدىن پايدىلىنىپ تومۇرىڭىزنى تۇتۇۋالمىغان بولاتتى. خەپ! ئۇ لاتا غىلاپ ماڭا ئۇچراپ قالىدىغان بولسا يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ شەرمەندە قىلىۋەتمەيدىغان بولسام!

دېمىسىمۇ، توختىگۈل قانچە يول قويغانسېرى نېغمەت ئۆزىنى بىلەلمەي شىلتىڭ ئاتىدىغان، ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسىلا ئېغىزىغا كەلگەن سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەت قىلىدىغان، خەجلىگەن ھەربىر تىيىن پۇلنىڭ سورىقىنى قىلىپ جېدەللىشىدىغان بولۇۋالغانىدى. دىلى ئازار يەپ، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان توختىگۈل ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىپ يۈرۈۋېرىشنى نومۇس كۆرۈپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

— ماڭا نېمە ئامال جېنىم دوستۇم، — دېدى توختىگۈل بوش ئاۋازدا، — ئادەمگە ياش ۋاقتىدا بىلىنمىگەن بىلەن ياش قىرىقتىن ئاشقاندا ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىش بەك نومۇسلۇق تۇيۇلىدىكەن، ئەرگە تەگمەي مۇشۇنداق يالغۇز ئۆتۈۋېرەي دېسەم يالغۇزلۇق تېخىمۇ يامان ئىكەن. ئۆز ۋاقتىدا ياشلىق قىلىپ «ھايات دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ، باللىرىمنىمۇ تاشلىۋېتىپ ئويۇن ـ تاماشا بىلەنلا بولۇپ كېتىپتىمەن، ئەمدى ئولتۇرۇپ ھېسابلاپ باقسام بۇ يىل يېشىم ساقمۇساق قىرىق بەشكە كىرىپتۇ، لاي سۇدەك مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ كۈنلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلسە ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىللىغۇم، ئۆزۈمنىڭ يۈزىگە ئۆزۈم نەچچە يۈزنى، ياق، نەچچە مىڭنى كاچاتلىغۇم كېلىدۇ. بىراق، ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ بەربىر كېچىككىنىمنى بىلىمەن، باللىرىمنى ئىزدەپ باراي دېسەم ئۇلارنىڭ مەندەك بىر «ئەر ئوغرىسى» ئاپىسىنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدىغانلىقى كۆڭلۈمگە بەش قولدەك ئايان، شۇڭىمۇ «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە

باراي دەۋاغا» دېگەندەك ھەرقانچە ھاقارەتكە، كەمسىتىشكە ئۇچرىسامۇ «خۇدايىم بىر كۈنلەردە ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ قالار، مەڭگۈ مۇنداق ئۆتۈپ كەتمەسمەن، ئالدىمدا ماڭا مەنسۇپ ياخشى كۈنلەرمۇ باردۇ؟» دېگەن ئۈمىد ھەم ئىشەنچتە ئۇنىڭ بىلەن چىشىمنى چىشلەپ ئۆي تۇتۇپ كېتىۋاتىمەن.

بۇ گەپلەرنى دېگۈچە توختىگۈلنىڭ دېمى كېسىلىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. خاسىيەت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمىدى. ئېچىنىشلىق بۇ ئىدالارنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز قالغان خاسىيەت قولى بىلەن تۇمشۇقىنى ئېتىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بايىقى غەزەپلىك، سۈرلۈك چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، توختىگۈلدىنمۇ بىچارە، مىسكىن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

— ئەمدى بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، جېنىم دوستۇم، — دېدى خاسىيەت ئېسەدەپ تۇرۇپ، — ئۆيدە مۇنداق ئولتۇرۇۋەرسىڭىز بولمايدۇ، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەن سىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېلەي!

— نۇرغۇن دورىلارنى يەپ، نۇرغۇن ئوكۇللارنى ئۇرغۇزغان بولسامۇ ھېچ ياخشىلىنىش بولمىدى، شۇڭا قارىغاندا كېسىلىم پىشىپ قالغان كېسەل ئوخشايدۇ، ھازىر دوختۇرخانىغا بارغان بىلەنمۇ بېرىدىغىنى يەنىلا شۇ دورا - ئوكۇل.

— سىزنىڭ پۇلدىن غەم قىلىۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن، دوستۇم، پۇل دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق، ئۇ نەرسە سىزدە بولمىغىنى بىلەن مەندە بار، مەيلى قانداقلىكى بولسۇن دوختۇرخانىغا بېرىپ ياخشىراق بىر تەكشۈرتۈپ باقمىسىڭىز بولمايدۇ!

خاسىيەت بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ «ئاۋارە بولغانچە ئىش يوق دوستۇم، بىر دەم ئارام ئېلىۋالسام ئوڭشىلىپ قالىمەن» دەپ، ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي قولتۇقىدىن

يۈلەپ تۇرغۇزدى ـ دە، دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

خاسىيەت دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە توختىگۈلنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈپ بولغىچە كۆن چۈش بولاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇياقتىن ـ بۇياققا تولا قاتراپ يۈرۈپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان توختىگۈلنىڭ زادىلا ماڭغۇدەك ماجالى قالمىدى.

— بىمارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ، — دېدى دوختۇر خاسىيەتنى ئۆز يېنىغا ئايرىم چاقىرىپ.

— گەپنى ئېنىقراق دېسىڭىز بوپتىكەن دوختۇر، — دېدى خاسىيەت جىددىيلىشىپ.

— ئۇنىڭ ئاشقازىنىنى راك ئۆسمىسى قاپلاپ كېتىپتۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، ئوپېراتسىيە قىلغان تەقدىردىمۇ ساقىيىپ كېتەلىشىدە ئىشەنچ يوق.

— باشقىچە داۋالاش ئۇسۇلى يوقمىدۇ؟

— سىزمۇ بىلىسىز خانىم! ھازىرغىچە بۇ كېسەلنى داۋالايدىغان ئۈنۈملۈك دورا ـ ئوكۇللار دۆلىتىمىزدىلا ئەمەس خەلقئارادىمۇ تېخى كەشىپ قىلىنغىنى يوق، بىمارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا بالىنىستىتا ياتقۇزۇپ خىمىيەلىك داۋالاش ئېلىپ بارغان بىلەنمۇ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

— بالىنىستىتا يېتىپ داۋالىنىشىغا قانچىلىك پۇل كېتەر؟

— مېنىڭچە ئاز دېگەندىمۇ بىر باسقۇچلۇق داۋالاش ھەققى ئوتتۇز مىڭ سومدىن كەم بولمايدۇ، ناۋادا ئۇ خىمىيەلىك داۋالاشقا بەرداشلىق بېرەلىسە، بولمىدى دېگەندىمۇ ئالتە قېتىمدىن سەككىز قېتىمغىچە داۋالاش ئېلىپ بارىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايالنىڭ خىزمىتى يوق ئىكەن، مېنىڭچە مۇنچىۋالا كۆپ پۇلنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشى ناتايىن.

دوختۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان خاسىيەت نېمە دېيىشىنى

بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. شۇ تاپتا توختىگۈل ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئوتتۇز مىڭ سوم ئەمەس، ئۈچ يۈز سوممۇ خېلىلا چوڭ پۇل بولۇپ، خاسىيەتنىڭمۇ مۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ ئۇنى داۋالىتالىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.
— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز دوختۇر؟
— مېنىڭچە بىمارغا ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېنىق دېيىش كېرەك.
— ئۇنداق قىلساق ئۇ تېخىمۇ تۈگىشىپ كېتىدۇ، دوختۇر، مېنىڭچە ئۇنىڭ بىلمىگىنى ياخشىمىكىن؟!
— ئەمىسە مەن ئۇنىڭغا ئازراق دورا يېزىپ بېرەي، ئاپىرىپ شۇنى ئىچكەچ ئوبدانراق كۈتۈنسۇن.
— ئەھۋالىدىن قارىغاندا شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئوخشايدۇ، — دېدى خاسىيەت مەيۈسلەنگەن هالدا، — بۇ بىچارىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك تۇزۇكرەكمۇ ئادىمى يوق ئىدى.
— بالىلىرىچۇ؟ — سورىدى دوختۇر هەيران بولۇپ.
خاسىيەت ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن ئاز كەم يىگىرمە يىلدىن بۇيان بېرىش - كېلىش قىلمىغانلىقى، مۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا دوختۇرغا چۈشەنچە بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئېغىزىدىن قانداق چىقىرىشنى بىلەلمەي جىم بولۇپ قالدى.
نېغمەت ئۆيدىن شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىدى. خاسىيەت «بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇڭ دوستۇم، هالىڭىزدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالاي» دەپ شۇنچە يېلىنىپ - يالۋۇرسىمۇ، توختىگۈل: «بولدى، رەھمەت دوستۇم! سىزنىڭمۇ ئېرىڭىز بار ئادەم، چوپچوڭلا بىر خوتۇن كىشى تۇرۇپ ئۆيىڭىزگە بېرىپ يېتىۋالسام قانداق بولىدۇ، يەنىلا ئۆيۈمگە قايتىپ كېتەي، هەرنېمە بولسام ئۆيۈمدە بولغىنىم ياخشى» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. خاسىيەت ئامالسىز ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويغاندىن كېيىن

نىغمەتكە تېلېفون قىلدى، لېكىن نىغمەتنىڭ تېلېفونى يەنىلا ئېتىك تۇراتتى.

— نىغمەت دېگەن لاتا غىلاپ ھەزىلەكنىڭ تېلېفونى يەنە ئېتىك تۇرىدۇ، — دېدى توختىگۈلگە ئورۇن راسلاۋاتقان خاسىيەت كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرغان توختىگۈلگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — سىزگە نىپىز يېيىپ خولۇپئاشتىن بىر چىنە ئېتىپ بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ باقسام بولغۇدەك.

— بولدىلا دوستۇم، — دېدى توختىگۈل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — كەلگۈسى بولسا ئۆزى يېنىپ كېلەر، كەلگۈسى بولمىسا باغلاپ ئەكەلگەن بىلەنمۇ بەربىر تۇرمايدۇ.

— ساق چېغىڭىزدا خوتۇن قىلىپ، ئاغرىپ قالغان چېغىڭىزدا تاشلىۋەتسە قانداق بولىدۇ؟

توختىگۈل يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچىدى، لېكىن دېمى كېسىلىپ گەپ قىلالمىدى، ئۇنى ئۇزۇلدۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن خاسىيەت ئۇنى دەرھاللا ياتقۇزۇپ مەيدىسىنى بوشقىنا سىلىدى.

يۇگۇرۇپ يۇرۇپ بىردەمدىلا بىر چىنە خولۇپئاشنى تەييار قىلغان خاسىيەت توختىگۈلنىڭ «تاماقتا زادىلا كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ، دوستۇم، ھازىرچە ھېچنېمە يېگۈم يوق» دېگىنىگە ئۇنىماي، ئۆز قولى بىلەن بىر چىنە ئاشنى ئۇنىڭغا زورلاپ ئىچۈرۈۋېتىپ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

— سىز بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋېلىڭ، دوستۇم، — دېدى خاسىيەت ئۇنىڭغا قاراپ تاتلىق كۈلۈپ، — مەن بېرىپ ئاۋۇ بوۋاينىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇۋېتىپ كېلەي، ھېلى كەلگەندە ئىشىك ئۇرۇپ سىزنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى مەن ئېلىپ كېتەي.

توختىگۈل بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى - دە، كارىۋاتنىڭ بېشىغا قويۇپ قويغان قول سومكىسىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ خاسىيەتكە بەردى، خاسىيەت «ياخشى راق ئارام ئېلىڭ»

دەپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

توختىگۈلنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىنى، كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى خاسىيەتتىن ئاڭلىغان سەلەيئاخۇننىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

— تۇۋا! تېخى ياپياشلا چوكان تۇرسا ئۇ، قانداقلارچە بۇ مەرەز كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندۇ؟ — دېدى سەلەيئاخۇن ئىچ ئاغرىتىپ.

— بىچارىنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنگىدەكمۇ پۇلى يوق ئىكەن، ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئەتراپلىق تەكشۈرتتىم، تەكشۈرۈش ھەققىنىڭ ئۆزىگىلا مىڭ سومدىن ئارتۇقراق پۇل كەتتى.

— پۇل دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق، خوتۇن، — دېدى سەلەيئاخۇن كەسكىن تەلەپپۇزدا، بىراۋغا قىلغان ياخشىلىق بەندىدىن يانمىسىمۇ خۇدايىمدىن ياندۇ، كېسەل ئادەم مۇشۇنداق ۋاقىتتا غەمخورلۇققا، ھەمراھقا موھتاج بولىدۇ.

— تۇۋا! — دېدى خاسىيەت ئارىدىكى بىردەملىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ھېلىقى نېغمەت دېگەن بىرنېمە ئەتىگەن بىچارە دوستۇم ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي «ئازراق پۇل قويۇپ كەتسىڭىز بوپتىكەن، دوختۇرخانىغا بېرىپ كېلەي دېگەنىدىم» دېسە، «مىجەزىڭ بولمىسا مەن ئاپىرىپ كېلەي» دېيىش يوق، بىر تالاي سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەپ ئىككى يۈز سومنى يۈزىگە ئېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقىمدا راسا بىر تىللاپ ئەدىپىنى بېرىپ قوياي دەپ تېلېفون قىلسام تېلېفوننى ئېتىۋاپتۇ ئۇ ماز!

— ئۇنىڭدەك كېلىشى ئېنىق بولمىغان كىشىدىن ياخشىلىق كۈتۈشنىڭ ئۆزىلا بىر ئەخمەقلىق، رەھمەتلىك قارىھاجىكام ھايات بولغان بولسا بۇ بىچارىمۇ مۇشۇ كۈنگە قالمىغان بولاتتى.

— دېگەنلىرىغۇ راست ! رەھمەتلىك قارىھاجىكامنىڭ بېشىغا ئاشۇ بالىلىرى چىقتى، ئاڭلىسام ھازىر ئۇ بالىلار «تولىمۇ نادانلىق قىلىپتىكەنمىز، دادىمىز ئۇ ئايالنى ياخشى كۆرۈپ ئۆي تۇتۇۋاتقان بولغاندىكەن نېمىمۇ قىلار بولغىيدۇق چات كېرىۋېلىپ، دادىمىز نادانلىقىمىز تۈپەيلىدىن بىئەجەل كېتىپ قالدى» دەپ، پۇشايمان قىلىپ يۈرۈشۈپتۇ.

— ھەممىنى ئۆلاردىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، ئاللادىن كەلسە بەندىنىڭ ئامالى يوق، خوتۇن ! يەيدىغان رىزقى تۈگىسە ئاللا جاننى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئالىدۇ، قارىھاجىكامنىڭ ئۆلۈشىگە ئاشۇ بالىلارنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزى سەۋەب بولۇپ قالدى، خالاس.

— مەنمۇ ئۇ گەپلەرنى ئۆلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىم يوق، خەقنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ، ئاڭلىماي دېسىمۇ قۇلاققا كىرىپ قالىدىكەن مۇنداق گەپلەر.

— دېگەنلىرىڭىزغۇ راست، — دېدى سەلەيئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ، — مەن كىرىپ بىردەم يېتىۋالاي، سىزمۇ ئۆيدە بىكار ئولتۇرسىڭىزمۇ ئولتۇرىسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە توختىگۇلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ، بەلكىم ئۇ يالغۇز ئۆيدە قىينىلىپ قالىدۇ !

ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيدىن چىققان خاسىيەت تاكسىدىن بىرنى توسۇدى.

— نەگە بارىسىز؟ — دېدى تاكسى شوپۇرى كەينىگە ئۆرۈلۈپ.

توختىگۇلنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولغان خاسىيەتنىڭ خىيالىغا نېغمەت كېلىپ، «ئالدى بىلەن سەن لاتىنى بىر تاپايچۇ، ئۆزۈڭچە ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم يوق دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايسەن» دېگەنلەرنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتكۈزدى.

— توپ تارقىتىش بازىرىنىڭ كەينى ئىشىكىگە.
خاسىيەت ئىلگىرى توختىگۈل بىلەن نېغمەتنىڭ دۇكىنىغا بىر قېتىم كەلگەن بولۇپ، دۇكاننىڭ ئورنىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. خاسىيەت دۇكانغا كەلگەندە دۇكان تاقاق بولۇپ، ئەتراپتىكى دۇكاندىكىلەر ئۆز سودىلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى.
— نېغمەت دۇكاننى بالدۇرلا تاقىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى خاسىيەت قوشنا دۇكاندا قۇرۇق يېمىش سودىسى قىلىدىغان ياشراق يىگىتتىن.
— ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا نېغمەتكامنىڭ ئايالى «دادىڭىزنىڭ مىجەزى سەل بوش تۇرىدۇ، تېزرەك قايتىپ كەلسىڭىز بوپتىكەن» دەپ يۇرتتىن تېلېفون قىپتىكەن، شۇڭا تۈنۈگۈن دۇكانلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۈگۈنكى كۈندە يۇرتىغا قايتماقچى بولغان، ئەتىگەن يولغا چىققان بولسا ھازىرغىچە بارىدىغان يېرىگە بېرىپ بولغاندۇ؟ !
— ئۇنىڭ يۇرتىدا خوتۇن - بالىلىرى بارمىكەنتۇق؟
— شۇنداق، بىر ئوغۇل، ئىككى قىزى بار ئىكەن.
— قايتىپ كېلىش - كەلمەسلىكى توغرىسىدا بىر نېمە دېمىدىمۇ؟
— مۇشۇ يەردىكىلەر بىلەن بولغان ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىنى تۈگىتىپ، نېسى ساتقان گۆشلىرىنىڭ پۇللىرىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي يىغىپ ماڭدىغۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا يەنە كېلىدىغان ئويى يوق ئوخشايدۇ.
نېغمەتتىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن خاسىيەت توپ تارقىتىش بازىرىدىن پاقلان گۆشىدىن ئىككى كىلو سېتىۋالدى - دە، روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ توختىگۈلنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ چىپ - چىپ تەرگە چۆمۈلگىنىچە ئۇخلاۋاتقان بولۇپ، چىرايىغا خېلىلا قان يۈگۈرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن خاسىيەت ئىشىك تۇۋىگىلا ئايىغىنى سېلىپ، پۇتىغا ساپما

كەشنى كىيدى ـ دە، قولىدىكى گۆشنى ئاشخانا ئۆيگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپلا سافاغا قىيسايدى. دېمىسىمۇ، ئەتىگەن بامدات مەزگىلى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن خاسىيەت ئىككى تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ خېلىلا چارچىغانىدى.

توختىگۈلنىڭ قېقىلىپ يۆتىلىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن خاسىيەت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى يېرىم كۆتۈرگىنىچە قېقىلىپ يۆتىلىۋاتقان توختىگۈلنىڭ يېنىغا يۈگۈرگەندەك كىرىپ كەلدى.

— نېمە بولدىڭىز جېنىم دوستۇم؟ — توختىگۈلنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزغان خاسىيەت ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بوشقىنا شاپىلاقلىدى، — ئازراق قايناق سۇ قايىنىتىپ بېرەي، دورىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ !

— ئارام ئالماي كېلىۋاپسىزغۇ؟ — دېدى توختىگۈل ھاسىراپ تۇرۇپ.

— مەن كەلگىلىمۇ بىرەر سائەتچە بولدى، دوستۇم، كەلسەم سىز تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەنسىز، ئويغىتىۋەتمەي دەپ سافادا يېتىپ كۆزۈمنى بىردەم يۇمۇۋالدىم.

— سىزگە ئېغىرىمنى سېلىپ قويىدىغان بولدۇم.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، بىز ئىككىمىز دېگەن دوست، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق تەكەللۇپ سۆزىنى قىلىدىغان بولسىڭىز رەنجىپ قالىمەن جۇمۇ !

توختىگۈل چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى، خاسىيەت «بۇ ئىشىڭىز بولدى دوستۇم» دېگىنىچە، خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ ئەركىلىتىپ قويغاندىن كېيىن، قايناق سۇ قايىنىتىپ كىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

خاسىيەت ئۆزىنىڭ نېغمەتنى ئىزدەپ توپ تارقىتىش بازىرىغا بارغانلىقىنى، لېكىن نېغمەتنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندە يۇرتىغا

كېتىپ قالغانلىقىنى توختىگۈلگە دېيىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تىلىنىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قالغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

خاسىيەتنىڭ بىر ئايدىن ئوشۇقراق پايپېتەك بولۇپ كۈتۈشى بىلەن خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغان توختىگۈل يەرگە چۈشۈپ ماڭالايدىغان، ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى بىمالال چىقالايدىغان بولۇپ قالدى.

— يېنىڭىزغا بىر مەزگىلگىچە كېلىپ بولالمايدىغان ئوخشايمەن، دوستۇم، — دېدى ئۆيگە ئالدىراپ - تېنەپ كىرىپ كەلگەن خاسىيەت توختىگۈلنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئاۋۇ ئادەمنىڭ كىچىك سىڭلىسىنىڭ يولدىشى يۇرتتا قاتناش ھادىسىسىدە تۈگەپ كېتىپتۇ، شۇ سەۋەب بىلەن ئەتە ئەتىگەندە يۇرتقا ماڭىدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ ئادەمنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقىنى كۆرمەمسىز، ماڭا گەپ قىلمايلا بېرىپ ئەتە ئەتىگەننىڭ ئاپتوبۇس بېلىتىنى ئېلىپ كەپتۇ، ئاچچىقىم كېلىپ «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ھەرقانچە ئالدىرايدىغان ئىش بولسىمۇ ئالدى - كەينىمىزنى ئويلىشاپ، ئاز - تولا سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋېلىپ ماڭساق بولماسمىدى؟» دېسەم، نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ «ھەي، خوتۇن! يانچۇقتا پۇل بولسىلا بولدى ئەمەسمۇ، نېمە ئىش قىلىمىز ئېغىر ئارتۇق قىلىپ بىرمۇنچە لاتا - پاتىنى يۆك قىلىپ كۆتۈرۈۋېلىپ» دەيدۇ.

— ئەر كىشى دېگەن ھەممە ئىشنى بىز ئويلىغاندەك ئەتراپلىق ئويلاپ بولالمايدۇ، دوستۇم، بەلكىم مېيىت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىسەممۇ ئۈچ نەزىرىگە بولسىمۇ ئۈلگۈرۈپ باراي دەپ ئويلىغاندۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ ئالدىنئالا ئېيتىپ قويۇشى كېرەك - تە!

— بۇ ئۇنچە چېچىلىپ كەتكۈدەكمۇ ئىش ئەمەس ئىكەنغۇ، ماڭايلى دېگەندىكىن ماقۇل دەپ مېڭىڭ، دوستۇم، بىر ھېسابتا

ئەر كىشى دېگەن ماڭىمەن دېسە ماڭىدىغان، قىلىمەن دېگەننى قىلالايدىغان بولغىنىمۇ ياخشى، نۇرغۇن باش قېتىنچىلىقىدىن خالاس بولۇپ قالىسىز.

— مەن كەتسەم ئۆزىڭىز يالغۇز قالارسىزمۇ دوستۇم؟

— كېرەك يوق، يالغۇزلۇققا كۆنۈپ قالغان ئادەمغۇ مەن.

— باللارغا خەۋەر قىلىپ قويايمۇ يا؟

— ياق، ئۇلار ھەرگىز مېنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىمنى ئۇقمىسۇن، ئۇققان تەقدىردىمۇ كەلمەيدۇ، كەلگەن بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ قالىمەن، دوستۇم. ھېلىمۇ ئۇلارغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قەرز بولۇپ كەتتىم، ئۇلار مېنىڭدەك بىر لاياقەتسىز ئانىسىنى كەچۈرگەن تەقدىردىمۇ مەن ئۆزۈمنى ھەرگىز كەچۈرۈپ بولالمايمەن. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئۆمرۈم ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا ئۇلارغا ئېغىرلىقىمنى ئارتىۋالغۇم يوق. مەن ھازىر ئۇلار مېنىڭدەك بىر تاش يۈرەك ئاپىسىنى كەچۈرۈۋېتەرمۇ دېگەنلەرنى ئويلىمايدىغان بولدۇم، ھازىر ئويلايدىغىنىم پەقەتلا باقىي دۇنياغا بارغاندا پانىيدا ئۆتكۈزگەن مۇشۇ گۇناھلىرىمنىڭ جاۋابىنى قانداق بېرەرمەن؟ ئاللا بالىلىرىم كەچۈرمىگەن مۇشۇ گۇناھىمدىن ئۆتەرمۇ؟ دېگەننىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

— جاھاندا ئازمايدىغان بەندە يوق، پەقەت خۇدادىن باشقىسى ئازىدۇ، جېنىم دوستۇم، — دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ پۇشايمان، ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى بالقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — ھازىرچە سىز بۇ ئىشلارنى ئويلىماي سالامەتلىكىڭىزنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى ئويلاڭ، مەن يۇرتتىن يېنىپ كەلگۈچە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىققۇدەك بولۇڭ !

— مېنىڭغۇ شۇنداق قىلغۇم بار، لېكىن سىز ئۈمىد قىلغان ئاشۇ ئىشنى بېجىرىش بۇ دۇنيالىقتا قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

توختىگۈل بىلەن خاسىيەت خېلى بىر چاغقىچە مۇڭداشتى،

بىردەم كۆلۈشۈپ، بىردەم يىغلاشتى. ئۇلار ئايرىلىدىغان چاغدا خاسىيەت ئۇنىڭغا دورىلىرىنى ۋاقتى - قەرەلىدە ئىچىشنى، مۇھىم ئىشى بولمىسا سىرتلارغا كۆپ چىقماسلىقنى، زۆكام تېگىپ كېسىلى قايتا قوزغىلىپ قالسا چاتاق بولىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا تاپىلىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا توختىگۈلنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ تال - تال قورۇقلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان پېشانىسىگە يىنىش - يىنىشلاپ بىرقانچىنى سۆيدى - دە، تارام - تارام ياش تۆككىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

خاسىيەت كېتىپ نەق ئون كۈن بولدى دېگەندە، خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا ئۆيدە تۇيۇقسىز نېغمەت پەيدا بولۇپ قالدى.

— قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن خوتۇن؟ — دېدى چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن نېغمەت ئاغرىق ئازابىدىن بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغىلى تۇرغان توختىگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

نېغمەتنى كۆرۈپ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلىگەن توختىگۈل ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرگىنىچە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ تۈكۈرگىدەكمۇ ھالى يوقلۇقىنى بىلىپ، كۆزىنى چىڭ يۇمغىنىچە گەپ قىلماي جىممىدە يېتىۋالدى.

شۇ تاپتا توختىگۈلنىڭ كارىۋاتتىن چۈشكۈدەكمۇ ماجالى يوق ياتقىنىغا بىر يېرىم كۈن بولغان بولۇپ، ئېغىزىغا سۇ چاغلىق نەرسە ئېلىپ باقمىغانىدى.

— ئالدىڭدا تولىمۇ خىجىلمەن، خوتۇن، — دېدى نېغمەت كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئەسلىدە ھەرقانداق جىددىي ئىش بولغان تەقدىردىمۇ ئۆيگە كېلىپ ساڭا ئېيتىپ قويۇپ مېڭىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن يۇرتتىن كەلگەن تېلېفون بەكلا جىددىي بولغاچقا ئۆيگە كېلىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي كېتىپ قالدىم. ساڭا راستىنى ئېيتسام دادام قازا قىلىپ كەتتى،

گەرچە قايتىپ كېلىشكە ئالدىرىغان بولساممۇ، لېكىن دادامنىڭ قىرىق نەزىرىنى بەرمەي تۇرۇپلا قايتىپ كېلىدىغانغا كۆڭلۈم زادىلا ئۇنىمىدى.

توختىگۈل نېغمەتنىڭ دېگەنلىرىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا سەل ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— رەنجىمىسىڭىز ماڭا ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئەكېلىپ بېرەلەمسىز؟

— ماقۇل، — نېغمەت لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، — چاي دەملەپ بېرەيمۇ ياكى قايناق سۇ ئىچەمسەن؟

— قايناق سۇ ئىچەي.

توختىگۈلنىڭ ئاۋازى شۇقەدەر زەئىپ بولۇپ، قايناق سۇ قايىنىتىشقا تەمشىلىۋاتقان نېغمەت ئۇنىڭ ئۇنىنى ئارانلا ئاڭلىيالىدى.

— سەن بۇ قايناق سۇنى ئىچىپ تۇر، خوتۇن، مەن دىككىدە بازارغا بېرىپ پاقلان گۆشى، چامغۇر، سەۋزە ئەكېلىپ شورپا سېلىپ بېرەي، مۇنداق يېتىۋەرسەڭ ئاجىزلاپ كېتىسەن.

— باشتا مۇنچىغا چۈشۈپ، چاچ - ساقاللىرىڭىزنى ياسىتىۋېلىڭ، — دېدى توختىگۈل بوش ئاۋازدا.

— ئەتىگىچە ياسىتارمەن، خوتۇن، سەن جىندەك يېتىپ تۇر، بىردەمدىلا يېنىپ كېلىمەن.

نېغمەت شۇنداق دېدى - دە، ئۆيدىن ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ كەتتى.

بىر ھەپتىدىن بۇيان نېغمەتنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغان توختىگۈل نېغمەت سېلىپ بەرگەن شورپىنىڭ گۆشىنى يېيەلمىسىمۇ سۈيىنى ئىچىپ پۈت - قولىغا جان كىرگەندەك بولۇپ قالدى. ئۇ تاماق سىڭدۈرمەكچى بولۇپ ئۆي ئىچىدە تامنى يۆلەپ ئۇيان - بۇيان بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، نېغمەتنىڭ ياردىمىدە كارىۋاتقا چىقىپ

كەينىگە ياستۇقتىن ئىككىنى قويۇپ يۆلىنىپ ئولتۇردى.
— ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، — دېدى نېغمەت بىر هازاغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — كېسىلىڭ ياخشىلىنىپ ماڭالىغۇدەك بولغان ۋاقتىڭدا سېنى يۇرتقا ئېلىپ كېتەيمىكىن دەيمەن، بۇ يەردە قىلىغان تىجارەتنى ئۇ يەردە قىلساقمۇ جېنىمىزنى گۈلدەك بېقىپ كېتىمىز. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، دادام رەھمەتلىك ئۆلۈپ كېتىپ ئانام بىچارە يالغۇز قالدى، ئانامنى ئۇ يەرگە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ بۇ يەردە خاتىرجەم يۈرەلمىگۇدەكمەن.
— مەن بارالمايمەن، — دېدى توختىگۈل كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ.
— مەن ئانامغا سېنى ئېلىپ كېلىدىغانلىغا ۋەدە بېرىپ كەلگەن، شۇ تاپتا ئانام يولىمىزغا قاراپلا ئولتۇرىدۇ، سېنى ئېلىپ بارمىسام ئۇ قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟
— شۇ تاپتا مېنىڭ كاربۋاتتىن چۈشكۈدەكمۇ هالىم بولمىسا قانداقمۇ ئۇزاق يول ماڭالايمەن، نېغمەت؟ — دېدى توختىگۈل كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، — مېنى دەپ ئانىڭىزنى تاشلاپ قويۇپ كەلگىنىڭىزگە كۆپ مىننەتدارمەن، ئەسلىدە سىز دېمىسىڭىزمۇ ئۆزۈم بېرىپ ئۇنى يوقلاپ كېلىشىم يوللۇق ئىدى، لېكىن ...
توختىگۈلنىڭ دېمى كېسىلىپ، سۆزىنىڭ كەينىنى داۋاملاشتۇرالماي يۆتىلىپ كەتتى.
— بولدى، گەپ قىلما، — دېدى نېغمەت ئۇنىڭ دۈمبىسىنى ئالىقانلىرى بىلەن بوشقىنا سىلاپ تۇرۇپ، — ئانامغا «مەن بىلەن كېتىڭ ئانا، توختىگۈل ئىككىمىز هالىڭىزدىن چوقۇم ئوبدان خەۋەر ئالىمىز» دەپ شۇنچە يېلىنغان بولسامۇ، ئۇ «مەن بۇ يەردىن كېتىپ قالسام داداڭنىڭ ئەللىك نەچچە يىل ياندۇرغان چىرىغى ئۆچۈپ قالامدۇ؟ بۇ ئۆينى تاشلاپ هېچ يەرگە بارالمايمەن» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى.

توختىگۈل كارىۋاتقا يۆلىنىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ياتاتتى، ئۇنىڭ چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ مەيدىسىگە چۈشۈۋاتاتتى. شۇ تاپتا توختىگۈلنىڭ خىيالىغا كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەن دادىسى بىلەن ئاپىسى كېلىپ قالغان بولۇپ، توختىگۈلنىڭ ئىككىنچى ئوغلى غۇلامجان ئون بىر ئايلىق بولغاندا دادىسى، شاراپەتنى يەڭگىپ ياتقان مەزگىلدە ئاپىسى زۇكام تەگكەن باھانە بىلەن تۇيۇقسىز تۈگەپ كەتتى. تۇغۇتتىن يېڭىلا تۇرغان توختىگۈل چوڭ ئوغلى تۇرغانجان بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلى غۇلامجاننى قېيىنئاپىسى زورىخانغا قالدۇرۇپ قويۇپ، مەرھۇم ئېرى يارى ياۋاش بىلەن شاراپەتنى ئېلىپ يۇرتىغا باردى. ئۇ يۇرتىدا يېرىم ئايچە تۇرۇپ ئاپىسىنىڭ قىرىق نەزىرىنى ئۆز قولى بىلەن بەرگەندىن كېيىن، يارى ياۋاشنىڭ رۇخسەت ۋاقتى توشۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ئالدىراپ ـ تېنەپ قايتىپ كەلدى. ئاشۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگىمۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يىگىرمە يىلدىن ئېشىپ كەتتى. توختىگۈل شۇ قايتىپ كەلگەنچە تا ھازىرغىچە يۇرتىغا بېرىپ مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنى يوقلاپ كېلىشكە، بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەسرارلىشىش پۇرسىتىگە زادىلا مۇيەسسەر بولالمىدى.

ــ نېمىگە يىغلايسەن، دىلىڭنى رەنجىتىپ قويمىغاندىمەن؟

ــ ياق، ــ دېدى توختىگۈل بېشىنى يېنىك چايقاپ.

ــ بولدى، سەنمۇ بالدۇرراق ئارام ئالغىن! قالغان گەپلەرنى ئەتىگىچە دېيىشەيلى.

نېغمەت شۇنداق دېدى ـ دە، توختىگۈلنى ئوڭشاپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ سافادا يانپاشلاپ ياتقىنىچە تېلېۋىزورنى ئاچتى.

كېچىچە ئاغرىق ئازابىدىن تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغان توختىگۈل تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. ئەتىگەندە ئورنىدىن

تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۇرۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر چامادانغا لىق قاچىلاپ تەييار قىلىپ قويغان نېغمەت ئورۇقلاپ ئىسكىلىتكىلا ئوخشاپ قالغان توختىگۈلگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن ئاخشام يېزىپ تەييارلاپ قويغان بىر پارچە خەت بىلەن مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ كارىۋاتنىڭ بېشىغا جايلاشتۇرۇلغان تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى ـ دە، چامادانني كۆتۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئىشىك قۇلۇپىنىڭ «تاراق» قىلىپ تاقالغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن توختىگۈل جەينىكىگە تىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تومپۇچكا ئۈستىدىكى پۇلنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك «قارت» قىلىپ كەتتى. ئۇ پۇلنى نېرىغىراق ئىتتىرىپ قويۇپ، ئاستىدىكى خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، خەت تولىمۇ ئاددىي ھەم قىسقا يېزىلغانىدى.

*«مېنى كەچۈرگىن توختىگۈل! ئەسلىدە سېنى ئالدىمىسام بولاتتى، خۇددى ‹ئاتقان ئوقنى ياندۇرۇپ بولماس› دېگەندەك، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆزنى قايتۇرۇۋېلىش ئادەمگە بەكمۇ تەس كېلىدىكەن. ئەسلىدە سەن بىلەن دەسلەپتە تونۇشقان ۋاقتىمدىلا يۇرتۇمدا ئايالىم بىلەن ئۈچ بالامنىڭ بارلىقىنى ئېنىق ئېيتقان بولسام بوپتىكەن، شۇنداق قىلغان بولسام ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت بۇ دەرىجىدە مۇرەككەپلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى، سەنمۇ مەندىن باشقا بىرەرسىنى تېپىپ تۇرمۇشىڭنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن بولاتتىڭ! ساڭا ئېنىقىنى ئېيتسام، بۇ قېتىم قايتىپ كېلىشىمدىكى مەقسەت سەن بىلەن چىرايلىقچە پاراڭلىشىپ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىش ئىدى، قارىسام ھالىڭ بەكلا بوش تۇرىدۇ، شۇڭا ‹سېنى ئالغىلى كەلدىم، ئاپام بىچارە ئىككىمىزنىڭ يولىغا قاراپ قالدى› دەپ، يەنە بىر قېتىم يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم، چۈنكى، سېنىڭ ئاشۇ*

*ھالىڭدا مەن بىلەن بىللە كېتەلمەيدىغانلىقىڭغا كۆزۈم يەتكەندى. ئويلىغىنىمدەك سەنمۇ مېنىڭ تەكلىپىمنى ئويلىنىپ تۇرمايلا رەت قىلدىڭ، بۇنىڭ بىلەن «ماقۇل دەپ قالسا قانداق قىلارمەن» دېگەن ئەندىشەممۇ يوققا چىقتى. ئويلاپ باقسام ھېلىمۇ نەچچە يىللاردىن بېرى ئاتا ـ ئانامنى، خوتۇن ـ بالىلىرىمنى تاشلىۋېتىپ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ ئۇزۇن يۈرۈپ كېتىپتىمەن. ئىلگىرى دادام ھايات بولغاچقا مەن ئۇلاردىن تولىمۇ خاتىرجەم ئىدىم، لېكىن دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ماڭا بەكمۇ موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بولدىلا، مۇشۇ يەرگىچە سۆزلەي، شۇ تاپتا قانچە سۆزلىگىنىم بىلەنمۇ سېنىڭ سۆزلىرىمگە ئىشەنمەيدىغىنىڭنى، مېنى «قىزىل كۆز» دەپ تىللايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. ئەسلىدە ساڭا بۇ گەپلەرنى سەن بىلەن يۈزتۇرا ئولتۇرۇپ دېگەن بولسام، سەنمۇ يۈزۈمگە بىرەر تەستەك سېلىپ ئاچچىقىڭنى چىقىرىۋالغان بولساڭ ياخشى بولاتتى، لېكىن ئۇ ھالەتتە كېسەل ياتقان ئادەمگە بۇ گەپلەرنى يۈزتۇرا دەيدىغانغا زادىلا تىلىم بارمىدى. گەپ قىلمايلا كېتىپ قالايمۇ دېدىم، لېكىن مۇنداق قىلسام نامەردلىك بولۇپ قالغۇدەك، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ مۇشۇ خەتنى يېزىپ قالدۇرۇشنى لايىق تاپتىم. توختىگۈل، سېنىڭ مېنى كەچۈرمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ سېنىڭدىن يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سورايمەن، مېنى كەچۈرگىن!*

*ۋاپاسىز ئېرىڭ نىغمەتتىن.»*

چىشىنى چىشلەپ خەتنى ئاران دېگەندە ئوقۇپ بولغان توختىگۈلنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغاندەك بولدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كەينىگە تىرىڭگىدە ئۈچۈپ كەتتى ...

بىر چاغلاردا ئېسىگە كەلگەن توختىگۈل كۆزىنى ئاران دېگەندە ئېچىپ ئەتراپقا تىكىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيدە ئەمەس، بەلكى دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىنى كۆردى. كېسەل

كاربۇتىنىڭ ئىككى بېشىدا تۇرغانجان بىلەن شاراپەت ئۆزىگە تىكىلگىنىچە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۆزىنىڭ قانداقلارچە دوختۇرخانىغا كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن توختىگۈل ياشاڭغىراپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قاراپ ئولتۇرغان باللىرىغا لەپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى ـ دە، ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىدىن سىغماي لۆمشىپ چىقىۋاتقان ھەسرەت، پۇشايمان، خىجىللىق ياشلىرى ياستۇقنى بىردەمدىلا چىلىققىدە ھۆل قىلىۋەتتى.

— نېمىگە يىغلايسىز؟ بولدى يىغلىماڭ ئاپا! — دېدى تۇرغانجان كاربۇاتنىڭ باش تەرىپىگە ئېسىپ قويۇلغان لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، ئاپا، يەنە يىغلىسىڭىز ئۇزۇلۇپ قالىسىز، — دېدى شاراپەت ئۇنىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قولىنى ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ.

ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ قايتا ـ قايتا بەزلىشى بىلەن يىغىدىن ئاران دېگەندە توختىغان توختىگۈل ئېغىر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلدى.

— ئىككى كۈندىن بېرى دادام بىلەن ئاپامىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى، — دەپ سۆز باشلىدى شاراپەت پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، — تېخى بىرەر سائەتنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي يولغا سېلىۋەتتۇق. ئۇلار «ئاپاڭلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار، ناۋادا ئۇ ھوشىغا كېلىپ قالسا بىزگە دەرھال خەۋەر بېرىۋېتىڭلار!» دەپ كېتىپ قالدى.

— ئۇلار ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ — سورىدى توختىگۈل تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، ئاپا، — دېدى تۇرغانجان دەرھاللا

ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ، — ھاۋاگۈل ئاپام بىزنى دەپ بالدۇرلا پېنسىيەگە چىقىۋالغانىدى، ئوغلۇمنى بېقىپ بېرىۋاتىدۇ.

— نېمىسىنى دەيسىز ئاپا، — دېدى شاراپەت پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاكامنىڭ ئۇ ئوغلىنىڭ قاش - كۆز، بۇرۇنلىرى خۇددى سويۇپ چاپلاپ قويغاندەكلا سىزگە ئوخشايدۇ دەڭا، ئۇنى ھەر قېتىم كۆرسەك خۇددى سىزنى كۆرگەندەكلا بولۇپ قالىمىز.

شاراپەتنىڭ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ ئويلاشمايلا قىلغان گېپى توختىگۈلنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى. تولىمۇ ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان توختىگۈل يا يىغلىشىنى يا كۈلۈشىنى بىلەلمەي، ياش پەردىلىرى توسۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى. ئاپىسىنىڭ كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى دەماللىققا سەزگەن تۇرغانجان سىڭلىسىغا نارازى بولغان ھالدا لەپپىدە قاراپ قويدى. ئۆزىنىڭ بالىلىق قىلىپ ئويلاشمايلا گەپ قىلىپ قويغىنىنى بىلگەن شاراپەتمۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئاپىسىنىڭ پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتكەچ ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن سارغىيىپ كەتكەن ياداڭغۇ يۈزىگە سۆيۈپ قويدى.

— مېنىڭ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالغىنىمنى سىلەر قانداق بىلدىڭلار؟

— ئەتىگەن ئىشقا ماڭاي دەپ تۇرسام تۇيۇقسىز يانفونۇم سايراپ كەتتى، — دەپ سۆز باشلىدى شاراپەت، — ئالدىراپ - تېنەپ تېلېفوننى ئالسام ناتونۇش بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىسام ئۇ ئۆزىنى مەن نېغمەت بولىمەن دەپ تونۇشتۇردى. مەن «سىز قايسى نېغمەت؟ مەن سىزنى تونۇمايدىكەنمەن» دېسەم، ئۇ ماڭا «مەن سىزنىڭ ئاپىڭىزنىڭ يولدىشى بولىمەن، ئاپىڭىز ئېغىر بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالدى، ئەسلىدە ئۇنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىتاي

دېگەنىدىم، لېكىن دادام قازا قىلىپ كېتىپ يۇرتتا ئانام يالغۇز قالغاچقا ئالدىراپ يۇرتقا قايتىدىغان بولۇپ قالدىم، شۇڭا ئاپىڭىزنىڭ ھالىدىن مەن كەلگۈچە خەۋەر ئېلىپ تۇرامدىكىن دەپ سىزگە تېلېفون قىلىشىم. ئاپىڭىزنىڭ ھازىر سىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بەرگۈدەكمۇ ماجالى يوق، شۇڭا ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ئاياغ سۆرتكۈچنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدۇم، ئاپىڭىز ھازىر سىزگە تولىمۇ موھتاج» دېدى. ئۇ شۇنداق دەپلا تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى. بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئاكام ۋە دادام، ئاپاملارغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى ئېيتتىم. بىز كەلگەندە سىز كارىۋاتتا ھوشسىز ھالەتتە يېتىپسىز، شۇنىڭ بىلەن ئاكام دەرھاللا 120 جىددىي قۇتقۇزۇش تېلېفونىغا تېلېفون قىلدى.

توختىگۈلنىڭ ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلىغان تۇرغانجان دەسلىپىدە بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، ھەتتا ئۇنداق ـ مۇنداق باھانىنى كۆرسىتىپ ئاپىسىنىڭ يېنىغا بارماسلىقنىڭ قازىنىنى ئېسىۋىدى، بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان بەختىيار «بۇ سەندەك بىر ئەركەكنىڭ قىلىدىغان ئىشمۇ؟ بىزدە ياتِ بىر ئادەم قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسىمۇ ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ئىش بارغۇ؟ ھېلىمۇ ئۇ يات ئادەم ئەمەس، بەلكى سېنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورسىقىدا كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاپ يەپ تۇغقان، مېھىر ئوچىقىدا پىشقان ئوغۇز سۈتى بىلەن سېنى تويۇندۇرغان ئاناڭغۇ؟ ساڭا بەرگەن ئاشۇ ھالال سۈتىنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالساڭ يامان بولامدىكەن؟ مۇشۇ ئەلپازىڭغا قاراپ سېنى قانداقمۇ ۋاپادار ئوغۇل دېگىلى بولىدۇ! ئۆز ئانىسىغا ۋاپا قىلمىغان بالىدىن بىزگە قانچىلىك ۋاپا كېلەتتى؟» دەپ قاتتىق كايىدى. دادىسىنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئېيتقۇسىز خىجالەتچىلىكتە قالغان تۇرغانجان دادىسىغا ئەگىشىپ ئۆز ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان ھالەتتە

هوشسىز ياتقىنىنى كۆرۈپ ئىچى زەھەر يەۋالغاندەك ئاچچىق بولدى. ئۇ كۆزلىرىدىن بىئىختىيار ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالدى.

— ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتكەن دەيۇز، — دېدى توختىگۈل نېغمەتكە بولغان غەزەپتە غال - غال تىترەپ تۇرۇپ، — ماڭا قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭ ئۇچۇن قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرەرسەن؟ قىلغان ئاشۇ ئەسكىلىكلىرىڭ ئۇچۇن كۆرىدىغىنىڭ بارغۇ سېنىڭ!

— بولدى ئاپا! ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات، ئەرزىمەس ئادەملەر ئۇچۇن بىھۇدە ئاچچىقلىنىش سالامەتلىكىڭىزگە زىيانلىق، — دېدى تۇرغانجان ئاپىسىغا تەسەللى بېرىپ.

بۇ ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، يازنىڭ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان تومۇز ئىسسىقى بارا - بارا پەسىيىشكە باشلىغانىدى. كىشىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، چىرايلىرىدىن كۈلكە - تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تومۇز ئىسسىقتا دان تېرىپ يېيىشمۇ خۇشياقماي، دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىشىپ يوپۇرماقلارنى دالدا قىلغان ھالدا شۈمشىيىپ ئولتۇرىشىدىغان قۇشقاچلارمۇ باشقىچىلا جانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بەس - بەستە چاڭقىلداپ سايراشلىرى بۇ كىچىككىنە زامانىۋى شەھەرگە ئۆزگىچە بايرام خۇشاللىقى ئاتا قىلغانىدى. دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى، باللىرىنىڭ «ئاپام دېسە ئاپام» دەپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشى بىلەن توختىگۈلنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، بەدىنىگە خېلىلا ئەت قونۇپ قالدى. ئۇ دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە باللارنىڭ بىرسى كەتسە، بىرسى كېلىپ، ئۇنى بىر كۈنمۇ يالغۇز تاشلاپ قويمىدى. بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل كۈندە دېگۈدەك كېلەلمىسىمۇ، لېكىن ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ يوقلاپ تۇردى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل «سالامەتلىكىڭىز سەللىمازا

ئەسلىگە كەلگۈچە بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇڭ، يالغۇز ئۆيدە ئاش ـ تاماقتىن قىينىلىپ قالىسىز، بالىلار خىزمەتتە بولغاچقا كۈندە دېگۈدەك سىزگە ھەمراھ بولالمايدۇ» دەپ شۇنچە زورلىغان بولسىمۇ، توختىگۈل «ھېلىمۇ بىر ئايدىن بېرى سىلەرنى تولىمۇ بىسەرەمجان قىلىۋەتتىم، يەنىلا ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇراي، سىلەرنىڭ مېنىڭدەك بىر ئەرزىمەس ئايال ئۈچۈن كۆرسەتكەن شاپائەتىڭلارنى ھەر ئىككى دۇنيالىقتا ياندۇرۇپ بولالمايمەن، مېنى خىجالەتتە قالمىسۇن دېسەڭلار ئىختىيارىمغا قويۇڭلار» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. شۇنچە گەپ قىلىپمۇ توختىگۈلنى سۆزىگە كىرگۈزەلمىگەن بەختىيار بىلەن ھاۋاگۈل ئاخىرى ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇشنى لايىق تاپتى.

بالىلارنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشكەن توختىگۈل ئۆزىنى شۇ قەدەر يېنىك ھەم ئەركىن ھېس قىلاتتىكى، قانىتى تولۇق يېتىلگەن بالاپانلاردەك تېتىكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ تۇرغانجان ئايالى ئايگۈزەل بىلەن ئەمدىلا يەتتە ئايلىق بولغان ئوماق ئوغلىنى، شاراپەت يولدىشى ئىلدارنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات كېلىدىغان بولدى، ئۇلار ھەر قېتىم كەلگەندە ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى تازىلاپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى، تاماقىنى ئېتىپ، ماي، گۈرۈچ، گۆش دېگەندەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تولۇقلاپ بېرەتتى. بەزىدە ئۇلار شۇنداق قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتىكى، يېرىم كېچە بولۇپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قېلىشاتتى. بەزىدە توختىگۈل «بالىلار مېنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزلىرىگە قارىماي تاشلىۋەتكىنىمنى سوراپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ ئۇلارغا شەرمەندىچىلىك بىلەن ئۆتكەن يىگىرمە نەچچە يىللىق ھايات تارىخىمنى سۆزلەپ بەرگەندىن ئۆلۈپلا تۈگەشكىنىم ياخشى ئەمەسمۇ» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ۋۇجۇدى قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك ئازابلىق تولغىناتتى. ئاپىسىنىڭ چىرايىدىكى جىددىيچىلىكنى دەماللىققا سەزگەن بالىلار «نېمە

بولدىڭىز ئاپا، چىرايىڭىز بىردىنلا تاتىرىپ كەتتىغۇ، مىجەزىڭىز بولمىسا دوختۇرغا ئاپىرايلىمۇ يا؟» دەپ سورىغىنىدا ئۇ «ھېچنېمە بولمىدىم، مېنىڭدىن ئەنسىرىمەڭلار» دەپ قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى. ئىشقىلىپ، توختىگۈلنىڭ تەلىيىگە باللار ئۇ ئەندىشە قىلغان ئىش توغرىسىدا زادىلا ئېغىز ئاچمىدى.

— ھەممىمىز بىر يەرگە جەم بولغان بۈگۈنكىدەك كۈندە غۇلامجان بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟ — دېدى باللىرى ۋە كېلىن - كۈيئوغۇللىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان توختىگۈل تىترەڭگۈ ئاۋازدا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ.

— غۇلامجان ئاكامنىڭ چەت ئەلدىكى ئوقۇشى يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن پۈتىدىكەن، ئۇ ئوقۇشى پۈتسىلا قايتىپ كېلىدۇ، ئاپا، ئۇ قايتىپ كەلسە بىز ئىككى ئائىلە كىشىلىرى مۇشۇ ئۆيگە يىغىلىپ ئاكامنى كۈتۈۋالايلى، — دېدى شاراپەت ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتامسىلەر؟

— شۇنداق، بەزىدە ئۇ بىزگە تېلېفون قىلىدۇ، يەنە بەزىدە ئۇندىداردا پاراڭلىشىمىز، تېخى تۈنۈگۈن ئاكام ئۇندىداردىن ماڭا ئۆزىنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا چۈشكەن سۈرىتىنى ئەۋەتىپتۇ، قېنى بۇنى كۆرۈپ بېقىڭا ئاپا، — دېدى شاراپەت قولىدىكى يانفوننى ئاپىسىغا تەڭلەپ.

ئۇچىسىغا كانۋا كۆڭلەك، بېشىغا يارىشىملىق بادام دوپپا كىيگەن، ئىنچىكە قىلىپ قويۇۋالغان بۇرۇتى ئات يۈزىگە خويمۇ ياراشقان، ئېگىز بوي، كۆزلىرىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سۈرىتىنى كۆرگەن توختىگۈل ئۆزىنى دەماللىققا كونترول قىلالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى، كۆزلىرىدىن توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى بىردەمدىلا ئېتەكلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— بولدى، يىغلىماڭ ئاپا، — دېدى تۇرغانجان ئاپىسىنىڭ

ۋاقىتسىز ئاق سانجىلغان چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئىككى يىل دېگەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئۆتۇپ كېتىدۇ، ناۋادا ئارىلىقىمىز يېقىن بولغان بولسا ئۇكام بۇ كەمگىچە سىزنى يوقلاپ بىرقانچە قېتىم كېلىپ كەتكەن بولاتتى. ئارىلىق يىراق بولغاچقا كېلەلمەي ئۇنىڭمۇ ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى شاراپەت ئاپىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ ئاكىسىنىڭ سۆزىنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا، — سىزنىڭ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالغىنىڭىزنى ئاڭلاپ ئۇ بەكمۇ قايغۇرغان ھەمدە ئاكا ـ سىڭىل ئىككىمىزنىڭ ھالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشىمىزنى قايتا ـ قايتا جېكىلىگەنىدى، سىزنىڭ دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ يېنىپ چىققىنىڭىزنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى، سىزگە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىمنى تاپىلىدى.

— سالامەت بولسۇن جېنىم بالام، — دېدى توختىگۈل ئېسەدەپ تۇرۇپ، — بۇرنۇمغا ئۆلۈمنىڭ پۇرىقى پۇراپلا تۇرىدۇ، ئۇ يېنىپ كەلگۈچە بۇ جان بارمۇ ـ يوق، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، ئاپا، — دېدى تۇرغانجان سەل تېرىكىپ، — بىر ئوبدانلا تۇرۇۋاتامسىز مانا!

— سىلەر ماڭا يوشۇرۇپ دېمىگىنىڭلار بىلەن ئۆزۈمنىڭ كېسىلىنى ئۆزۈم ئوبدان بىلىمەن، باللىرىم، مېنىڭ بۇ كېسىلىم پىشىپ قالغان كېسەل، ھاياتىم قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىلا قالدى.

تۇرغانجان يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، شاراپەت «بولدى، گەپ قىلما ئاكا» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىلدى، سىڭلىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن تۇرغانجان تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇلار بىر ھازا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئىلدار سائىتىگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— سائەتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، بىزمۇ بېرىپ ماكانىمىزنى تېپىۋالايلى، ئاپامۇ بالدۇرراق ئارام ئالسۇن.

— ئىلدار راست دەيدۇ، — دېدى ئايگۈزەل ئولتۇرغانلارغا تەكشى قارىۋېتىپ، — دېمىسىمۇ ئاپام يېڭىلا بالنىستتىن چىققان ئادەم، بەك چارچاپ كەتسىمۇ ياخشى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاراپەتمۇ ئىغىر ئاياغ، ئۇمۇ بالدۇرراق قايتىپ ئارام ئېلىشى كېرەك.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق قىلايلى، — دېدى تۇرغانجان ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

بالىلىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا كەتمەكچى بولۇشقىنىنى ئاڭلىغان توختىگۈلنىڭ يۈركى نېمىشقىدۇر ئەنسىز سوقۇپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىدە بۇنداق قىيماسلىق سېزىمىنىڭ تۇنجى قېتىم غەلىيان كۆتۈرگىنىنى ھېس قىلىۋاتاتتى، ئۇلار مۇشۇ بوسۇغىدىن چىقىپ كەتسىلا ئىككىنچىلەپ يېنىپ كەلمەيدىغاندەك، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى يەنىلا يېگانىلىك، غېرىبلىق، مەھكۇملۇقتا ئۆتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ بىسەرەمجان بولۇشقا باشلىدى، پۈتۈن يۈركىنى بىر خىل قورقۇنچ ئەسىرگە ئېلىۋېلىپ، ئاجىز تېنى بىلىنەرلىك تىترىمەكتە ئىدى.

— يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ ماڭساڭلار بولماسمىدى، — دېدى توختىگۈل ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولغان بالىلىرىغا قىيماسلىق نەزىرىدە تىكىپ.

— سىزمۇ بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ، ئاپا، — دېدى تۇرغانجان كەينىگە ئۆرۈلۈپ، — بىرەر جىددىي ئىش چىقىپ قالمىسىلا ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە يەنە كېلىمىز، ناۋادا مەن كېلەلمىگۈدەك بولۇپ قالسامۇ ئايگۈزەل كېلىپ سىزگە ھەمراھ بولىدۇ.

— دورىلىرىڭىزنى ۋاقتىدا ئىچىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئاپا، — دېدى شاراپەت ئاپىسىنىڭ تال ـ تال قورۇق باسقان پېشانىسىگە «چوككىدە» بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، — دادام بىلەن ئاپامۇ سىزنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ناۋادا ئەتە ئۇلارنىڭ باشقا

ئىشى بولمىسا بىللە ئېلىپ كېلىمەن.

— بولدى، ئۇلارنى ئاۋارە قىلماڭ، قىزىم، ھېلىمۇ ئۇلارغا قارىغۇدەك يۈزۈم يوق مېنىڭ، — دېدى توختىگۈل ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— ئەمدى مۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، ئاپا، — دېدى شاراپەت سەل نارازى بولغان قىياپەتتە، — ئەگەر ئۇلار سىزنىڭ بۇ سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ قالسا چوقۇم رەنجىيدۇ.

توختىگۈل بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. ئاشۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىمۇ بىلىپ بولالمايدىغان بىر خىل ئىللىق سېزىمنىڭ ۋۇجۇدىغا تارىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ باللىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ كەينىدىن قىيماسلىق نەزىرى بىلەن خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۆي ئىچىنى قايتىدىن سۈكۈت، جىمجىتلىق ھەم غېرىبلىق ئەسىرگە ئالغان بولۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بىر ھازا تېڭىرقاپ قالغان توختىگۈل ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋالدى - دە، ئۇخلىماقچى بولۇپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. نېمىشقىكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى، ئۇ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلگەندە كارىۋاتتىن چىقىدىغان غىچىرلىغان يېقىمسىز ئاۋاز تىمتاس ئۆي ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاسانلا يىغلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كۆزلەر ھازىر ئىلگىرىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، مانا مەن دېگەن ئەرلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان جەزىبىدارلىقىنى، جەلپكارلىقىنى تامامەن يوقاتقانىدى. ئېنىقىنى دېگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىلگىرىكىدەك نازلىق كۈلۈپ، سۆيسۈزۈك بۇلاق سۇلىرىدەك ئويناقلاپ تۇرمايتتى. قاشلىرىمۇ خۇددى قول بىلەن سىزىپ قويغاندەك بىر جايدا قېتىپ قالغان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى شوخلۇقلىرىنى مەڭگۈلۈككە ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ئۇ كۈندىن - كۈنگە نۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى

تورۇسقا تىكتى، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن قىرىق نەچچە يىللىق
ھايات كارتىنىلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. تۇنجى
ئاشىقى دولقۇنىنىڭ ئۆزىگە زارىقىش، ئىنتىزارلىق، تەلمۈرۈش
ئىلكىدە تىكىلىپ تۇرغان خۇش پىچىم چىرايى كۆز ئالدىدا پەيدا
بولغاندا ۋۇجۇدى يېنىك تەۋرەپ، يۈرىكى ئەنسىز سىيلىپ كەتتى.
دولقۇنىنىڭ يىرىك ھەم كۈچلۈك ئالىقانلىرى توختىگۈلىنىڭ
خىجىللىقتىن ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان يۈزلىرىنى مېھرى بىلەن
سىلاپ، ئوتلۇق تىنىقلىرى كېچىنىڭ سەلكىن شامىلىدا يېنىك
يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىنى ھىدلىغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدى
لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەش ئۈستىگە تاشلاپ قويغان مۇز
پارچىسىدەك غۇژژىدە ئېرىپ كەتتى - دە، ئۆزىنىڭ بىلىپ -
بىلمەيلا «ئەسكى» دەپ، تاشلىغىنىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇ مەرھۇم
يارى ياۋاش بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن سەككىز يىللىق ھاياتىنى
ئەسلىدى. گەرچە بۇ سەككىز يىل ئۇنىڭ ئۈچۈن سېغىنىپ
ئەسلىگۈدەك شېرىن ئەسلىمىلەرنى قالدۇرالمىغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى كۈنلىرى تولىمۇ خاتىرجەم، غەمسىز
ئىدى. بىر - بىرىدىن ئوماق ئۈچ بالىسى گاھىدا شوخلۇق قىلىپ
قاقشاتسا، گاھىدا چۈچۈك ھەم تاتلىق تىللىرى بىلەن ئەتراپىدا
ئايلىنىپ يۈرۈپ ھاردۇقىنى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. ئۇ
مۇختەرجان بىلەن تۇنجى قېتىم بىللە بولغان ۋەھىمىلىك، ئەمما
شېرىن تۈيغۇلارغا تويۇنغان ھېلىقى كېچىنى ئەسلىگىنىدە،
ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان سېغىنىش ئوتى يۈرىكىنىڭ ئەڭ
چوڭقۇر قاتلاملىرىدا قايتىدىن يېلىنجاشقا باشلىدى، لېكىن
ھايال ئۆتمەيلا ئۇ سېغىنىشلىرى ئۆچمەنلىككە، نەپرەتكە
ئايلانغىلى تۇردى. مۇختەرجاننىڭ «دەتتىكام» دەپ ئاتقان بىر
قېتىملىق ئوشۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ جۇماخۇن دېگەن نىجىس
ئەبلەخكە بىر ئايلىق خوتۇن بولۇش جەريانىدا ئىت - ئېشەكتەك
خورلىنىپ، ئايالLIق غۇرۇرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىغانلىقى،
نەجمىدىننىڭ «خۇسۇسىي تۇرمىسى»گە ئۈچ يىل سولىنىپ، بالا

تۇغۇپ بېرىش ماشىنىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئاشۇ چاغلىرى كۆز ئالدىدا نامايان بولغىنىدا، پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ، چىشلىرى بىلىنەرلىك غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، كۆز چاناقلىرى شۇنداق كىرىلدىكى، كۆزلىرىدىن چاچراپ چىققان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى تورۇسنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئابدۇللا قارىھاجىنىڭ نۇر يېغىپ تۇرىدىغان گۈلگۈن چىرايى نامايان بولدى. ئۇ كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ياداڭغۇ قوللىرىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ «قارىھاجىم، سىلى مېنى ۋاقىتسىز تاشلاپ كەتمىگەن بولسىلا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە قالمىغان بولاتتىم، تونلىرىنىڭ پەشلىرىدە بەش ۋاخ نامىزىمنى ئوقۇپ ھىدايەت يولىنى تۇتقان، سىلىگە بىر ئۆمۈر ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ، ئىلگىرى ئاللا ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى يۇغان بولاتتىم. ئەپسۇس، سىلىمۇ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ چىدىغۇسىز رىياللىرىنى مېنىڭدەك بىر ئاجىز مەزلۇمەلىرىگە تاشلاپ قويۇپ ۋاقىتسىز كېتىۋالدىلا. سىلى مېنى ئاشۇنداق تاشلاپ قويۇپ كەتمىگەن بولسىلا كېيىنكى كۈنلىرىم ھازىرقىدەك خورلۇق ئىچىدە ئۆتمىگەن بولاتتى» دەپ، ئاچچىق نىدا قىلدى.

ئەيتاۋۇر، توختىگۈل يالغۇز ئۆيدە تورۇسقا قاراپ يېتىپ غۇبارسىز باللىق چاغلىرىدىكى شېرىن ـ تاتلىق مىنۇتلىرىنى، لاي سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن يىرگىنچلىك ھايات قىسمەتلىرىنى خىيال قىلىپ ئۆزىنىڭ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشى بىلەنلا چۈش كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان كونا بىر قەبرىستاندا كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ يۈرگەندەك قىلاتتى. قەبرىستان شۇ قەدەر سۈرلۈك ھەم ۋەھىمىلىك بولۇپ، بىر قىسىم قەبرىلەر گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەچكە قەبرە ئىچىدە قۇرۇپ

كەتكەن ئاپپاق سۆگەكلەر مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، سۈپسۈزۈك ئاسماننى ئۇشتۇمتۇتلا قاپقارا بۇلۇتلار قاپلاپ، چاڭ ـ توزانلارنى ئۇچۇرتۇپ شامال چىقىشقا باشلىدى، ھارارەتلىك نۇرلىرىنى چېچىپ كۈمۈش تاۋاقتەك يالتىراپ تۇرغان قۇياش ھەش ـ پەش دېگۈچىلا بۇلۇتلارغا ئەسىر بولۇپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى. چاڭ ـ توزانلار ئىچىدە ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىغان توختىگۈل نىشاننى ئىلغا قىلالماي گاڭگىراپلا قالدى. قورققىنىدىن روھى تېنىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان توختىگۈل ئالاقزەدىلىك ئىچىدە تۇرغىنىدا ئۇدۇلىدىكى ئاق چاقچۇقلار بىلەن ئالاھىدە بېزەلگەن گۈمبەزلىك قەبرە ئىچىدىن كۆكۈچ بىر نۇر «يالت» قىلىپلا ئۇچۇپ چىقتى ـ دە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇچىسىغا زەر بېسىلغان تون كىيىپ، بېشىغا سەللە ئورىغان، قوڭۇر رەڭ كۆزلىرى بىلەن چىلاندەك قىزارغان يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، مەيدىسىگىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئاپپاق ساقىلى مەرۋايىتتەك يالتىراپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان مويسىپىت بىر بوۋاي كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى. ئۇ ئوڭ قولتۇقىغا تېشىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر پارچە قېلىن كىتابنى قىستۇرۇۋالغان بولۇپ، سول قولىدا قاشتاشتىن ياسالغان تەسۋىسىنى سىيرىگىنىچە بىر نېمىلەر دەپ پىچىرلايتتى. توختىگۈل بوۋاينى كۆرۈپ دەرھاللا يەرگە قارىۋالدى ـ دە، ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بوۋا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قىزىم! بۇ يەرگە قانداق بىر مۇددىئا سەۋەبىدىن كېلىپ قالدىڭىز؟

بوۋاينىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى دەماللىققا بىلەلمەي قالغان توختىگۈل يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بوۋاينىڭ تەبەسسۇم نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزىگە لەپپىدە بىر قارىۋالدى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، توختىگۈلنىڭ

ئۆزىمۇ بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالغىنىنى، بۇ يەردىن زادى كىمنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى.

— بولدى قىزىم، — دېدى بوۋاي سالماق تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، گەرچە سىز ماڭا ئېيتمىسىڭىزمۇ سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى، كىمنىڭ پۇشتىدىن ئىكەنلىكىڭىزنى، قانداق قىسمەتلەرنى بېشىڭىزدىن كەچۈرگەنلىكىڭىزنى، قانداق ئوي ۋە قانداق مۇددىئا بىلەن بۇ قەدىمكى قەبرىستانغا كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى ياخشى بىلىمەن.

— بۇ ... بۇ، مەن ... مەن... — توختىگۈل ئۆزىنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى.

— بولدى قىزىم! جاھاندا ئازمايدىغان بەندە يوق، ھەممىگە قادىر مېھرىبان ئاللادىن باشقا ھەرقانداق بەندە ئازىدۇ، ئازغۇن بەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى تونۇپ توۋا قىلسىلا ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەخپىرەت قىلىدۇ.

بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان توختىگۈلنىڭ ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىپ، پېشانىسى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇشقا، پۇت ھەم قوللىرى بىلىنەرلىك تىترەشكە باشلىدى. بوۋاي قولىدىكى تەسۋىسىنى سىيرىگىنىچە كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ بىر ھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۆزگە ئېغىز ئاچتى.

— سىزنىڭ ئىچ - ئىچىڭىزدىن ئازابلىنىۋاتقىنىڭىزنى، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭىزغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقىنىڭىزنى، ئاشۇ گۇناھلاردىن ئۆزىڭىزنى خالاس قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. گۇناھىغا توۋا قىلىش بىلەن گۇناھىنى يۇيۇش باشقا - باشقا گەپ، مەن سىزگە گۇناھىڭىزنى يۇيىدىغان ياخشى بىر يولنى كۆرسىتەي، سىز مەن دېگەندەك قىلسىڭىزلا گۇناھىڭىزنى تەلتۆكۈس يۇيۇپ دىلىڭىزنى، ۋۇجۇدىڭىزنى، روھىيىتىڭىزنى پاكلىيالايسىز.

ناۋادا، مېنىڭ دېگەنلىرىمگە تولۇق ئەمەل قىلماي يېرىم يولدا توختاپ قالسىڭىز ھەر ئىككى دۇنيالىقتا قارا يۈز بولۇپ كېتىسىز.

بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان توختىگۇلنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى ئوراپ تۇرغان قارا تۇمانلار بىردىنلا تارقىلىپ، كۆز ئالدى يورۇغاندەك بولدى ـ دە، باشقىچە جانلىنىپ كەتتى.

ـــ ئاشۇ يولنى ماڭا كۆرسىتىپ بەرسىلىرى بوپتىكەن ھۆرمەتلىك بوۋا! مېنى پۇشايمان ئوتلىرىدا كۆيدۈرۈپ يۈرىكىمنى لەختە ـ لەختە قان قىلىۋاتقان، ئۇستۇمدىن قارا تاغ بولۇپ بېسىپ، ئەقىل كۆزلىرىمدىن قان ھەم يىرىڭلارنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ گۇناھلاردىن تەلتۆكۈس قۇتۇلىدىغان ئىش بولسىلا سىلى كۆرسەتكەن ئاشۇ نۇرانە يولدىن ھەرگىز يانمايمەن.

ـــ يارايسىز قىزىم! ـــ دېدى بوۋاي ئۇچىدەك ئاقارغان ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ، ـــ سىز ياشاۋاتقان مۇشۇ شەھەرنىڭ شەرقىدە چەكسىز كەتكەن بىر بىپايان قۇملۇق بار، ئاشۇ قۇملۇقنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا چېكىگە كۆز يەتكۈسىز غايەت چوڭ بىر كۆل بار، كۆل سۈيى جەننەتنىڭ ئابىھايات زەمزەم سۇلىرىدەك سۈزۈك ھەم خاسىيەتلىك، سىز ئاشۇ سۇغا بويىڭىزنى سېلىپ توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇسىڭىز بۇ دۇنيادا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭىز مەخپىرەت بولىدۇ، روھىيىتىڭىز پاكلىنىدۇ، دىلىڭىز يورۇپ كۆزلىرىڭىز روشەنلىشىدۇ، لېكىن بۇ يول تولىمۇ خەتەرلىك يولدۇر. سىزدە يىمىرىلمەس ئەقىدە، تەۋرەنمەس ئىرادە بولمىغىنىدا ئۇ يەردىن ھەرگىزمۇ تىرىك قايتىپ كېلەلمەيسىز.

ـــ سىزدىن كۆپتىن ـ كۆپ مىننەتدارمەن بوۋا! ئېغىر گۇناھلارغا پاتقان بۇ ئەرزىمەس تېنىم چۆللەردە قېلىپ قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كېتىدىغان، ئىچ ـ ئىچىدىن قارىداپ كەتكەن ئۇستىخانلىرىم قۇم بارخانلىرى ئاستىدا چىرىپ

كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، سىز كۆرسىتىپ بەرگەن ئاشۇ خاسىيەتلىك كۆلگە بېرىپ گۇناھلىرىمنى يۇيۇپ كېلىش نىيىتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن ! — دېدى توختىگۈل كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ.

بوۋاي توختىگۈلگە قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم ئەيلىگەندىن كېيىن، يېنىك باش لىڭشىتتى - دە، كۆك نۇرغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى. «ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئىمان تەلەپ قىلمىغاندىمەن» دېگەننى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن توختىگۈل ئۇنىنىڭ بارىچە «بوۋا، بوۋا !» دەپ توۋلاپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن بولۇپ، يۈرىكى ھازىرلا ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز سوقۇۋاتاتتى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، ئەتراپ يورۇشقا باشلىغان بولۇپ، قىپقىزىل شەپەق نۇرىدا بارلىق مەۋجۇدات ئالتۇن رەڭگە كىرگەنىدى. توختىگۈل ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك چۈش كۆرگەنلىكىنى، چۈشىدە ئەجدادلارنىڭ روھى ئۇنى يۆلەپ ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەردىلەرنى تولۇق قايرىپ دېرىزىلەرنى كەڭرى ئېچىۋەتتى. ئۆكتەبىرنىڭ سەلكىن سەھەر شامىلى ئۇنىڭ تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان ياداڭغۇ يۈزلىرىگە سۆيۈپ، تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز ئارامبەخشلىك ئاتا قىلدى.

توختىگۈل شەرقتىن چوغدەك قىزىرىپ چىقىۋاتقان قۇياشقا قاراپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىگە «چۈشۈمدە خىزىر ئايان بولۇپ ئۆزۈمنى پاكلاشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئەمدى مەن قىلغان ئەھدىمگە ئەمەل قىلىپ ئاشۇ بىپايان قۇملۇق ئىچىدىكى خاسىيەتلىك كۆلنى جەزمەن ئىزدەپ تېپىشىم، ئۇنىڭ سۈزۈك سۇلىرىدا تېنىمنى، روھىمنى پاك - پاكىز يۇيۇپ، بۇ دۇنيالىقتا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمدىن پاكلىنىشىم كېرەك. مەن شۇنداق قىلالىسىملا جەمئىيەتنىڭ

هۆرمىتىگە، ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيمەن، ئانىلىق مېھرىگە قانمىغان ئوماق باللىرىمنى ئالماستەك سۈزۈك ھەم غۇبارسىز باغرىمغا مەھكەم بېسىپ، ئۇلارغا چەكسىز ئانىلىق مېھرىنى قايتىدىن ھېس قىلدۇرالايمەن» دەپ پىچىرلىدى ـ دە، ئاشۇ خاسىيەتلىك كۆلنى قەتئىي ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدى.

ئۆز قارارىدىن باشقىچە جانلىنىپ ساق ئادەمدەكلا بولۇپ قالغان توختىگۇل بىر چەينەك چاي قاينىتىپ بىر بۇردا نان بىلەن ناشتا قىلىۋالدى ـ دە، مۇنچىغا كىرىپ بويىنى سۇغا سالدى. ئۇ چىرايلىق تارىنىپ، ئۇچىسىغا رەھمەتلىك قارىھاجى تىكتۇرۇپ بەرگەن ئۇزۇن يەڭلىك بادام گۈلى بار ئاچ قىزىل رەڭلىك ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيدى، پۇتىغا پاكار پاشنىلىق مېغىز رەڭ توپلىيىنى سېپىپ، بېشىغا ھال رەڭ يىپەك ياغلىقىنى چىگدى، ئاندىن كىچىككىنە سومكىسىغا يولدا يەيدىغانغا نان، ئىچىدىغانغا ئىككى بوتۇلكا سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ ۋە يولدا يېپىنچا قىلىدىغانغا زەڭگەر رەڭلىك ئۇزۇن يەڭ چاپىنىنى چىرايلىق قاتلاپ سالدى.

سەپەر تەييارلىقىنى تەلتۆكۈس پۇتكۈزۈپ بولغان توختىگۈل دېرىزىلەرنى مەھكەم ئېتىپ پەردىلەرنى چۈشۈردى. ئاندىن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ سۇ تۇرۇبىسى ۋە گاز تۇرۇبىسىنىڭ كىلاپىنىنىڭ ياخشى تاقالغان ـ تاقالمىغانلىقىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن، ئۆينىڭ يېنىپ قالغان چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ، سومكىسىنى كوتۇرگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيدىن چىققۇچە «باللارغا ئېيتىپ قويۇپ ماڭمىسام نەگە كەتكىنىمنى بىلەلمەي پاراكەندە بولۇپ كېتەرمۇ؟ ‹ئاپام يەنىلا بەڭباشلىق قىلىپتۇ؟› دەپ، مېنىڭدىن يەنە نارازى بولارمۇ؟ ناۋادا ئۇلارغا دېسەم، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەي يولدىن قويسا قانداق قىلارمەن؟ ياخشىسى، ئۇلارغا دېمەيلا ماڭاي، مېنىڭ ئۇ باللىرىم ئۇنچە بىغەرەز باللار بولمىغاندىكىن قايتىپ كەلگەندە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويسام

بولمىدىمۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، ئۇلارغا دېمەيلا مېڭىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئىشىكنى تاقاپ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئىشىك ئالدىدىكى ئاياغ سۈرتكۈچنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ، چەبدەس قەدەملەر بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشتى. توختىگۇل تالاغا چىققاندا قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولۇپ، ئادەملەر بىر ـ بىرىدىن ئالدىراش ئىشقا مېڭىشقانىدى. ئۇ ئەتراپقا تەكشى بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، بىرنەچچە قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالدى ـ دە، چۈشىدە خىزىر سۈپەت بوۋاي ئېيتىپ بەرگەن ھېلىقى بىپايان قۇملۇقنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى ...

2012 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر، قاراماي

# يىراقتىكى كۆل (رومان)

**ئاپتورى:** ئەركىن مۇھەممەت كامالىي
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** بارىجان زەپەر
**مەسئۇل كوررېكتورى:** رەناگۇل ئابلىمىت
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 12
**نەشرى:** 2016 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 6000 — 3001
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 – 7 – 228 – 19089 – 8
**باھاسى:** 35.00 يۈەن